ئەركن سدىق يازملرى

# - كشلك تەرەققيات هەققدكى يازملار

## 1- قسم

مۇۋەپپەقيەتنڭ ييڭى تەگلمسى




tedbir
yayınları

# ئەركىن سىدىق يازمىلىرى

## ـ كىشىلىك تەرەققىيات ھەققىدىكى يازمىلار ـ

## (1 ـ قىسىم)

tedbir
yayınları

# ئەركىن سىدىق يازمىلىرى

## - كىشىلىك تەرەققىيات ھەققىدىكى يازمىلار

### 1-قىسىم

**يازغۇچى:**
ئەركىن سىدىق ( ئامېرىكا / NASA JPL )
**ئېلخەت:** erkinsidiq@gmail.com

**مەسئۇل مۇھەررىر:** ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق
**مۇقاۋا:** كامال يولداش
**بەتچىك:** پىداكار
**مەتبەئە ۋە نەشرىيات:** مۇرات يالچىنكايا Murat Yalçınkaya
Davutpaşa Cad. Güven Sanayi Sitesi. B/Blok 313-314-315 / Zeytinburnu / İstanbul

**ISBN:** 978-605-9078-63-4
**بىرىنچى نەشرى:** 2015-يىل ئۆكتەبىر

**تەدبىر تاشقى سودا مەسلىھەتچىلىك تەرجىمە مائارىپ خىزمەتلىرى ۋە ساياھەتچىلىك چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى**

**ئادرېسى:**
**Mecidiyeköy, Kervangeçmez sk.2,Kuzuoğlu iş merkezi, 8.kat, Ofis #70, Şişli, İstanbul, Türkiye Web: www.tedbirltd.com Tel/Fax: +90 212 347 5039 GSM: +90 537 811 2235 Email: tedbirltd@gmail.com Skype: tedbirltd**

tedbir
**تەدبىر نەشرىياتى**



ئاپتورنىڭ 2013 ـ يىلى چۈشكەن بىر سۈرىتى



ئاپتور JPL نىڭ ئالدىدا (2015 ـ يىلى 15 ـ سېنتەبىر كۈنى تارتىلغان)


ئاپتور ئايالى بىلەن JPL نىڭ ئىچىدىكى ئالەم ئۈچقۇلىرىنى قۇراشتۇرۇش زالىدا



**ئاپتورنىڭ 2015 ـ يىلى 5 ـ ماي دوپپا مەدەنىيەت بايرىمىدا چۈشكەن بىر سۈرىتى**



**ئاپتورنىڭ 2015 ـ يىلى 13 ـ سېنتەبىر چۈشكەن بىر سۈرىتى**



**ئاپتور جېيمز ۋەب ئالەم تېلېسكوپى (James Webb Space Telescope) نىڭ مودېلى ئالدىدا**




**ئاپتور 2016-يىلى 3-ئايدا مارسقا چىقىرىلىدىغان بىر يېڭى تىپلىق مارسنى تەكشۈرۈش ماشىنىسىنىڭ مودېلى ئالدىدا**

# ئاپتورنىڭ ھايات تەجرىبىلىرىدىن ئېرىشكەن مۇھىم سۆزلىرى

(1)

ھەر بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى پۈتۈن مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. مىللەت گۈللەنمىسە، سىز ـ بىزنىڭ ياخشى ياشىيالىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ماددىي جەھەتتە ھەممە نەرسىمىز تەل بولۇپ، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتمىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر مىللەتنىڭ كۈنى ياخشى بولمايدىكەن، بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ روھىي جەھەتتە خاتىرجەم ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس.

(2)

باشقىلار قىلالىغان ئىشلارنى ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايدۇ. ئۇيغۇرلار باشقىلار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنىمۇ قىلالايدۇ.

(3)

مۇۋەپپەقىيەت = تالانت + تىرىشچانلىق + پۇرسەت.

(4)

ئارزۇ ئىقتىدارغا تەڭ ئەمەس. چوڭ ئىشقا يۈرۈش قىلىشنى ئۆزىڭىز قىلالايدىغان كىچىك ئىشتىن باشلاڭ.

(5)

ئادەم ھاياتلا بولسا، ئۆگىنىشنى توختاتماسلىقى كېرەك. بىلىم ئارقىلىق يېڭى پۇرسەت ياراتقىلى بولىدۇ، ھەمدە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتكىلىمۇ بولىدۇ.

(6)

باشقىلار قىلالمىغان ئىشنى قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم باشقىلاردىن بەكرەك تىرىشىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق.

# باشقىلار قىلالىغان ئىشنى ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايدۇ

## ــ ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى

مەن 1960 ـ يىللىرى باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، دادام ئىشلەيدىغان ئىدارىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، بىر قارا قۇشقاچ ئۇۋىسىدىن تۇخۇمدىن چىققىلى بىر قانچە كۈن بولغان، ئەمما كۆزلىرى تېخى ئېچىلمىغان قۇشقاچ بالىلىرىدىن تۆتنى ئېلىپ چۈشتۈم. ئۇلارنىڭ ئۈچىنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئوينايدىغان دوستلىرىمغا بېرىپ، بىرىنى ئۆزۈم باقتىم. قۇشقاچنىڭ كۆزى تېخى ئېچىلمىغان بولغاچقا، مەن بىر قولۇمدا ئۇنىڭ تۇمشۇقىنى قارىپ ئېچىپ، يەنە بىر قولۇمدا ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزدۈم. سۇنىمۇ ئاشۇنداق ئىچكۈزدۈم. دوستلىرىم باققان قۇشقاچ بالىلىرى بىر قانچە كۈنگە بارمايلا ئۆلۈپ قالدى. مەن بولسام ھېلىقى قۇشقاچنى ئاشۇنداق بېقىپ چوڭ قىلدىم. ئۇ ئۇچۇرۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇچۇپ ئۇ يەر بۇ يەرلەرگە قونۇپ، مەن تاماق يەۋاتقاندا ياكى بولمىسا مەكتەپكە مېڭىپ كېتىۋاتقاندا ئۇچۇپ كېلىپ مېنىڭ مۈرەمگە قونۇپ يۈردى. بۇ مەن بالىلىق دەۋرىمدە قولغا كەلتۈرگەن بىر زور مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ، شۇ چاغدا ھەر قېتىم قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ مۈرەمگە قونغاندىكى خۇشاللىق ھېسسىياتىمنى مەن سۆز بىلەن ئىپادىلىيەلمەيمەن. مېنىڭ ئۇ قۇشقاچتىن قانداق ئايرىلغانلىقىم ئېسىمدە قالماپتۇ. ئەمما شۇ چاغدا مېنىڭ كۆڭلۈمدە «ئەگەر مەن تىرىشسام، ھەر قانداق ئىشنى قىلالايمەن»، دېگەن ئىدىيە شەكىللەنگەن ئىدى.

مەن 1970 ـ يىللىرى تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، ئاكام بىلەن بىللە رادىئو قۇراشتۇرۇشنى ئۆگەندىم. ئۇ چاغدا رادىئولار ئىنتايىن قىس بولۇپ، پەقەتلا باي ۋە ئابرۇيلۇق ئائىلىلەرنىڭلا رادىئوسى بار ئىدى. ئائىلە ئىقتىسادىمىز ياخشى بولمىغاچقا، ئاكام بىلەن ئىككىمىز ئەخلەتخانىلاردىن كونا تۆمۈر ـ تەسەككە ئوخشاش پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى تېرىپ يىغىپ، شۇلارنى سېتىپ، قولىمىزغا كىرگەن پۇلغا رادىئو زاپچاسلىرى ئالدۇق. ئۇ چاغدا رادىئوغا ئائىت ئۇيغۇرچە كىتابلار قەتئىيلا بولمىغاچقا، ئاكام بىلەن

ئىككىمىز بىر پارچە خەنزۇچە كىتابنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىكى رادىئو توك يولى خەرىتىسىنى كۆرۈپ چۈشىنەلەيدىغان، زاپچاسلارنىڭ نومۇرلىرىنى ئايرىيالايدىغان بولدۇق. كېچە-كېچىلەپ ئۇخلىماي ھەپىلىشىپ، بىر يۈز سوپۇنى قاچىلايدىغان پىلاستىك قۇتىنىڭ ئىچىگە پەقەت بىرلا باتارېيىسى بار، پەقەت قۇلاققا تىقىپ قويىدىغان تىڭشىغۇچ بىلەنلا ئاڭلىغىلى بولىدىغان رادىئودىن بىرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتۇق. مەن بىزنىڭ بىرىنچى پروجېكتىمىز (تەتقىقات تۈرىمىز) نى تاماملانغان ۋاقىتتىكى خۇشاللىق ۋە ھاياجان ھېسسىياتىمنىمۇ سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. شۇ چاغدا ئاكام بىلەن ئىككىمىز بىر مەزگىل ھېلىقى رادىئونى نۆۋەتلىشىپ مەكتەپكە ئاپىرىپ، ئاڭلاپ يۈردۇق. شۇنداقلا مەن شۇ چاغدا بىلىمنىڭ قانداق كۈچ-قۇدرەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بىلىمنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە «بىلىمنىڭ كېرىكى يوق»، «سېسىق توققۇزىنچى» دېگەندەك سەپسەتىلەر ھەممە يەرنى قاپلىغان بولسىمۇ، مەن ئۇ سەپسەتىلەرگە ئىچىمدە ئازراقمۇ ئىشەنمىدىم. شۇنىڭ بىلەن دەرسلەرنى داۋاملىق ياخشى ئوقۇپ ماڭدىم. ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ ناھايىتى ھۆرمەتلەپ، ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتتۇم. بەزى مەۋسۇمدا بىزنىڭ سىنىپتا مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئاڭلايدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن يالغۇز مەنلا قالغان ئىدىم. بىر قېتىم بىزنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىمىز بىزدىن يىللىق ئىمتىھاننى ئوچۇق ئېلىپ، سوئاللارنى تارقىتىپ بېرىپ، ئەتىسى يىغماقچى بولغاندا، بىزنىڭ سىنىپتىكى ھەممە ئوقۇغۇچىلار كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، سوئاللارنىڭ جاۋابىنى مەندىن كۆچۈردى. شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىم ماڭا 100 نومۇر بېرىپ، قالغان بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا 50 تىن نومۇر بەردى. قىسقىسى، مەن بىلىمنىڭ قەدرىنى شۇ چاغدا، بىلىملەر ۋە بىلىملىكلەر تەنقىد ۋە كۈرەش قىلىنىۋاتقان بىر دەۋردە تونۇپ يەتكەن ئىدىم.

مەن شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۆزۈم ئۇچراتقان ئەھۋال ۋە ھادىسىلەرنى، ۋە ئۆز ھاياتىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئىلمىي ئاساس بىلەن چۈشىنىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشنى ئۆزۈمگە بىر ئادەت قىلىۋالدىم. مەن ئۇچۇن چۈشەنمەي تۇرۇپ بىر ئىشنى قىلىش، ياكى چۈشەنمىگەن بىر ئىشنى قىلىش خۇددى كۆزنى يۇمۇۋېلىپ يول ماڭغانلىق بىلەن ئوخشاش تۇيۇلىدىغان بولدى. ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا، ئالدى بىلەن «ئۇنى

نېمىشقا قىلىمەن، قانداق قىلىمەن، قاچان قىلىمەن؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئىزدىنىشنى، ھەمدە تاپالىغان ماتېرىياللار ۋە توپلىغان ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشنى، قىلماقچى بولغان ئىش ئۈستىدە ئۆزۈمنىڭ ئىمكانىيىتى يار بېرىدىغان دائىرە ئىچىدە تولۇق مەلۇماتلىق بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئىش باشلاشنى ئۆزۈمگە بىر ئادەت قىلىۋالدىم.

ئۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن چىقىرىلغان كىتابلار ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، مەندە بىر ئىشنى قىلىشنىڭ توغرا ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى كىتاب ياكى باشقىلار ئارقىلىق ئۆگىنىش شارائىتىمۇ بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم بىر يېڭى ئىشنى قىلماقچى بولغاندا، ئۆزۈم ئويلاپ يېتەلىگەن بارلىق يېڭى ئۇسۇللارنى سىناپ بېقىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك بىرسىنى تاللاشنىمۇ ئۆزۈمگە بىر ئادەت قىلىۋالدىم. يەنى، مەن ئۈچۈن ئۆزۈم قىلماقچى بولغان ھەممە يېڭى ئىشلار بىر پەننىي تەجرىبىخانىدىكى ئىش بىلەن ئوخشاش بولۇپ، مەن ھەر بىر ئىشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى تەجرىبە ئارقىلىق يەكۈنلەپ چىقىدىغان بولدۇم. يۇقىرىدىكى ئىككى ئادەت ماڭا ناھايىتى زور پايدا ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ماڭا ھازىرمۇ ھەمراھ بولۇۋاتىدۇ.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە مەن مۇنداق ئىككى ئىشنى بايقىدىم: (1) بىزنىڭ ياشلىرىمىزدا قۇللۇق ئىدىيىسى، ئۆز-ئۆزىنى باشقا ئىرقتىكىلەردىن تۆۋەن كۆرۈش ئىدىيىسى، ۋە ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ئىدىيىسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن. (2) «مىڭ ئېغىز سۆزدىن بىر ئەمەل ئەلا»، دەيدىغان بىر ھەقىقەت بار بولۇپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئەمەلىي مىسال بىلەن، ئۆزى بىر ئۈلگە بولۇپ تۇرۇپ يېتەكلىگەندە، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ زور بولىدىكەن. مەن ئالىي مەكتەپتىكى ھاياتىمدا ئۆزۈمنىڭ ئوقۇشى، چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىش، ۋە سىنىپ، فاكۇلتېت، مەكتەپ، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتلىرىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەش جەھەتتە بىر قىسىم كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتىم. مېنىڭ ئاشۇ نەتىجىلىرىم ناھايىتى كۆپ ياشلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە كۈچلۈك ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىغا، ئۆز ھاياتى ھەققىدە باشقىدىن پىلان تۈزۈشىگە، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن يېڭىدىن غايە تۇرغۇزۇشىغا، ھەمدە ئاشۇنداق غايىلىرى ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىشىغا مەلۇم دەرىجىدە تۈرتكە

بولدى. مېنىڭ قىلغانلىرىم كۆپلىگەن ياشلاردا ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. مەن پۈتۈن جەمئىيەتكە «ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن ھېچ قانداق ئىش كەلمەيدۇ» دەيدىغان بىر ئىدىيە سىڭىپ كەتكەن مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ، ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزۈمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرى ھەققىدە بىر ئاز ھەقىقىي چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن پۈتۈن مىللەت مىقياسىدا «باشقىلار قىلالىغاننى ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايدۇ» دېگەن ئىدىيىنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم، ھەمدە ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ يولدىكى تىرىشچانلىقىنى بىر ئۆمۈر داۋاملاشتۇرۇش قارارىغا كەلدىم. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان ۋاقىتتا رەھبەرلەر ماڭا مەمۇرى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، باشلىق بولۇش بىلەن، ئۆز كەسپىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، مىللىتىمىز ئىچىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى تاللاشنى بەرگەندە، مەن ئانچە كۆپ ئىككىلەنمەيلا كېيىنكىسىنى تاللىدىم. شۇنداقلا ئۆز كەسپىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش يولىدا شاڭخەيدە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان، ياپوندا ئىككى يېرىم يىل بىلىم ئاشۇرغان، ئامېرىكىدا ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرى ئۈچۈن ئوقۇغان، دوكتور-ئاشتى بولغان، ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركەتلىرىدە ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىمنىڭ ھەممىسىدە ئۆزۈمنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، قاتتىق تىرىشتىم. ھەممە يەردە ئۆزۈمنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا ئىنتىلدىم. مەن ئۈچۈن «ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت» دەيدىغان بىر چەك مەۋجۇت بولمىدى. بارغانلا يېرىمدە ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدىم. مەسىلەن، ئادەتتىكى ئەھۋالدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىغا بىر پارچە ماقالە چىقارسا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالالايدىغان بولۇپ، مەن دوكتورلۇق ئوقۇشۇم جەريانىدا ئۆزۈم 1-ئاپتور بولغان ئىلمىي ماقالىدىن 9 پارچىنى چىقاردىم. يەنە كىتابقا كىرگۈزۈلگەن 3 پارچە ئىلمىي ماقالىگە قوشۇمچە ئاپتور بولدۇم.

ئامېرىكىغا كېلىپ، نەچچە يىل ياشىغاندىن كېيىن، مەن يەنە بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتىم: ھەر بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى پۈتۈن مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. مىللەت گۈللەنمىسە، سىز-بىزنىڭ ياخشى ياشىيالىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ماددىي جەھەتتە ھەممە نەرسىمىز تەل بولۇپ، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتمىغان تەقدىردىمۇ،

ئەگەر مىللەتنىڭ كۆنى ياخشى بولمايدىكەن، بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ روھى جەھەتتە خاتىرجەم ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆز يۇرتىمىز ۋە ئۆز خەلقىمىزگە قولۇمدىن كېلىشىچە خالىسانە خىزمەت قىلىشنى ئۆزۈمنىڭ ئەڭ مۇھىم غايىلىرىنىڭ بىرى قىلدىم. ھەمدە ئۆز-ئۆزۈمدىن داۋاملىق «مەن قانداق قىلغاندا ئۆزۈمنىڭ مىللەت ئۈچۈن قوشىدىغان تۆھپەمنى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك قىلالايمەن؟» دېگەن سوئالنى سوراپ تۇردۇم. ئۆزۈم ھەققىدىكى مۇھىم قارارلارنىمۇ يۇرتىمىزغا ۋە خەلقىمىزگە بولغان تۆھپەمنى ئەڭ زور دەرىجىدە كۆپەيتىش پرىنسىپى بويىچە ئالدىم. چەت ئەلدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تەنقىدلىرىگە ھەتتا زەربىلىرىگە ئۇچرىغان ۋاقىتلاردىمۇ بۇ پرىنسىپتىن قىلچە تەۋرەنمىدىم. 1990-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنى تەشكىللەپ، ئۆز-ئارا ئالاقە ۋە ياردەمنى كۈچەيتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەتەندىكى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئىرادىسىدىكى ياشلارغا پوچتا ئارقىلىق ماڭدۇرۇلىدىغان سالام خەت ئارقىلىق مەسلىھەت بېرىش، يول كۆرسىتىش، ۋە باشقا ياردەملەردە بولۇش ئىشلىرىنى قىلدىم. 2004-يىلى ئۆزۈمنىڭ بىر تور بېتىنى قۇرۇپ، ۋەتەندىكى ياشلارغا شۇ ئارقىلىق ياردەم قىلىشنى باشلىدىم. گەرچە ھازىر ۋەتەندە ئېچىلمىسىمۇ، «www.meripet.com» دەپ ئاتىلىدىغان ھېلىقى تور بەت ھازىرمۇ مەۋجۇت، ھەمدە ئۇ جۇڭگونىڭ سىرتىدا نورمال ئېچىلىدۇ. مەن چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر ياش ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەش، ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ كېلىۋاتىمەن. 2006-يىلىدىن باشلاپ، مەن تۈركىيەدىكى ئابدۇلھەمىد قاراخان ئۇكىمىز بىلەن بىرلىكتە، ۋەتەندىكى ئۇيغۇر ياشلىرىغا تۈركىيەدىن ھەقسىز ئوقۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش ئىشىنى قىلدىم. بۇ ئىشتا ئاساسلىق ئەجىر سىڭدۈرگۈچى ئابدۇلھەمىد ئۇكىمىز بولۇپ، مەن ئاساسەن مەسلىھەت بەرگۈچى ۋە نامزات تويلاپ بەرگۈچى رولىنى ئوينىدىم. شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز بىللە تىرىشىپ، 2009-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 54 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىغا تۈركىيەدىن ھەقسىز ئوقۇش پۇرسىتى ھەل قىلىپ بەردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىشلىرىغا داۋاملىق قولۇمدىن كېلىشىچە ھەمدەمدە بولۇپ كېلىۋاتىمەن. ئۇيغۇر

ئاكادېمىيىسىمۇ بىر قانچە يۈز ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ تۈركىيەدىكى ھەقسىز ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

مەن «ئىجتىمائىي پەن بىلەن شۇغۇللانسام، يۇرتۇم ۋە خەلقىم ئۈچۈن كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرەلەيدىكەنمەن»، دەپ ئويلاپ، ھازىرغىچە بولغان ھاياتىمدا ئۆز كەسپىمنى ئۈچ قېتىم تەبىئىي پەندىن ئىجتىمائىي پەنگە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپ، كېيىن ئۇنداق قارارلىرىمدىن ۋاز كېچىپ باقتىم.

بىرىنچى قېتىم 1980-يىللىرى يۈز بەرگەن بولۇپ، مەن ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ رادىئو-ئېلېكترونىكا كەسپىدە باكلاۋۇر ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان ئىدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا خۇ ياۋباڭ ئەپەندى مەملىكەتلىك پارتىيە باش سېكرېتارى بولۇپ، ئۇرۇمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق «ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى» ئېچىلىپ، ئەمدىلا تاماملانغان مەزگىللەر ئىدى. ئاشۇ قېتىملىق يىغىندا ئۈچىنى 60 پىرسەنت قىلىش، يەنى ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن قىلىش، ئىشچىلارنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن قىلىش ۋە كادىرلارنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن قىلىش قارار قىلىنغان ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئاشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇرۇمچىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رەئىسلىرىنى يىغىپ، يۇقىرىدىكى قارارغا نىسبەتەن ئۆز ئوي-پىكىرلىرىنى سۆزلەپ بېقىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بىر سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. مەن ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، بۇ يىغىنغا قاتناشقان بىردىن-بىر ئۇيغۇر ئىدىم. مەن بۇ يىغىندا ئوتتۇرىغا چۈشكەن ناھەق پىكىرلەرگە چىداپ تۇرالماي، تىترەپ كەتتىم. شۇنداقلا مەن (1) ئۇيغۇر تىلى مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان بىرى بولغانلىقىم، (2) يىغىندا خەنزۇ تىلىدا سۆزلەشكە مەجبۇرى بولغانلىقىم، (3) مېنىڭ كەسپىم تەبىئىي-پەن بولغانلىقى، ۋە (4) مەن مەزكۇر يىغىنغا قاتناشقان بىردىن-بىر ئۇيغۇر بولغانلىقىم ئۈچۈن (قالغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رەئىسلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇ مىللىتىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپىمۇ ئاساسەن ئىجتىمائىي پەن ئىدى)، مەن ئۆز پىكىرلىرىمنى ئىپادىلەشتە ناھايىتى پايدىسىز ئورۇندا تۇرۇپ قالدىم. بۇ ئىشتىن كېيىن مەن بىر قانچە ھەپتە ئويلىنىپ، مىللەت ئۈچۈن

ياخشىراق خىزمەت قىلىمەن، دەيدىكەنمەن، مەن چوقۇم ئۆز كەسپىمنى «سىياسەت ئىلمى» (political science) كەسپىگە ئۆزگەرتىشىم كېرەككەن، دېگەن تونۇشقا كەلدىم. ھەمدە كەسپىمنى ئېلېكتىر كەسپىدىن سىياسەت كەسپىگە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپ، قارارىمنى شۇ چاغدىكى فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇلتان مۇئەللىمگە ئېيتتىم. ئەمما سۇلتان مۇئەللىم ماڭا «سىز ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالدىڭىز. ئۇنداق بولۇشىڭىزدىكى بىر مۇھىم سەۋەب، ھازىرغىچە تەبىئىي ـ پەن كەسپىدە ئوقۇغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە سىزدەك ئوقۇغان بىرەرى چىقىپ باقمىدى، ئەگەر كەسىپ ئۆزگەرتسىڭىز، سىزنىڭ بۇنداق ۋەكىللىك خاراكتېرىڭىز يوقاپ كېتىدۇ» دېگەن مەزمۇندا چۈشەنچە بېرىپ، مېنىڭ قارارىمغا قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆز كەسپىمنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇرى بولدۇم.

ئىككىنچى قېتىملىقى مەن ئامېرىكىدا ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىقى كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن بولۇپ، مەن بىر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى خىزمەت ئورنىغا بېرىپ، بىر ھەپتە ئىشلىگەندىن كېيىن، ئەھۋالنىڭ مەن بۇرۇن ئويلىغىنىمدەك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇ خىزمەتتىن ۋاز كەچتىم. مەن بۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى كېيىنچە بىر مۇۋاپىق شارائىت ھازىرلانغاندا تەپسىلىي بايان قىلىمەن.

ئۈچىنچى قېتىملىقى بۇنىڭدىن 4 ـ 5 يىللار بۇرۇن يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ قېتىمقىسى كەسىپ ئالماشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى «سىياسەت ئىلمى» كەسپىدە يەنە بىر ئۇنۋان ئېلىش ئىشى بولدى. مەن ئۆزۈم كىچىكىمدىنلا ئىجتىمائىي پەنلەرگىمۇ ئىنتايىن قىزىقىدىغان بولۇپ، ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى كۆرۈشنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن «سىياسەت ئىلمى» ۋە «خەلقئارا مۇناسىۋەت» دېگەندەك كەسىپلەرگىمۇ ناھايىتى قىزىقىپ ياشىدىم. ئامېرىكىدا ئىشتىن سىرت ياكى ئاخشىمى ئوقۇپمۇ باكلاۋۇرلۇق، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرىنى ئالغىلى بولىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭدىن 4 ـ 5 يىل بۇرۇن مەن بىزنىڭ ئۆيگە 35 كىلومېتىر كېلىدىغان كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشتىن سىرت ئوقۇپ، «خەلقئارا مۇناسىۋەت» كەسپى بويىچە بىر ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىشقا نىيەت قىلدىم. ئەمما ئۇ مەكتەپنىڭ

دەرسلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەم، مەن تاللىماقچى بولغان دەرسلەر ئاخشاملىرى ئەمەس، ساپلا كۈندۈزلىرى ئۆتۈلىدىكەن. مەن ئۇ چاغدا NASA مەركىزى دە بىر ئالىي دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بولۇپ، كۈندۈزدىكى خىزمىتىمنى تاشلاپ، ئۆز كەسپىم بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق بىر ساھەدە دەرس تاللىسام بولمايدىغان بولغاچقا، بۇ ئارزۇيۇمدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرى بولدۇم.

ئەمما ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئۆگىنىشنى توختاتمىدىم. بولۇپمۇ ۋەتەندىكى ياشلار ئاسانلىقچە تاپالمايدىغان، ئەمما ئۇلارنىڭ كىشىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن، ئۆز ئۆمۈرلىرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، ھەمدە كۆڭۈللىگە پۈككەن غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھازىرقى زامان بىلىملىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق ئىزدەندىم.

2005 - ۋە 2006 - يىلى ئامېرىكىدا بىز بىلەن بىر يەردە ياشايدىغان ئىنىمىز قۇربانجان روزىنىڭ تەكلىپ قىلىشى، ھەمدە ۋەتەندىكى بىر قانچە ئوت يۈرەك ئۇكىلارنىڭ يېقىندىن قوللىشى ۋە ياردەمدە بولۇشى بىلەن، قۇربانجان روزى ئۇكىمىز قۇرغان «www.biliwal.com» تور بېتى (بۇ تور بەت ھازىر ۋەتەندە ئېچىلمايدۇ) بىلەن ئىككى قېتىم كۆپ بۆلۈملۈك يازما سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. ئۇ سۆھبەتلەرنىڭ مەزمۇنلىرى «بىلىۋال» تور بېتى ۋە شۇ چاغدا ئۇيغۇر دىيارىدا ئەڭ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولغان «بىلىك» تور بېتىدە ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىغاندا، ئۇ ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىدى. 2006 - يىلىدىكى بىر ۋاقىتتا ئۇ سۆھبەت مەزمۇنىنىڭ «بىلىك» مۇنبىرىدىكى چېكىلىش قېتىم سانى 1.3 مىليونغا يېقىنلاشتى. ئىككى قېتىملىق سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەنى، 2006 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ۋەتەندىكى ئىككى تور بەتنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى بىلەن بىز «ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» نى تەييارلاپ چىقتۇق، ئۇنى تورلاردا ئېلان قىلدۇق. ئۇمۇ ئۇيغۇرچە تورلاردا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 2007 - يىلىدىن باشلاپ، مەن يېقىن دوستلىرىم تەۋسىيە قىلغان ۋە ئوقۇرمەنلەر تەلەپ قىلغان تېمىلاردا مەخسۇس يازما تەييارلاپ، ئۇيغۇرچە تورلاردا ئېلان قىلىشنى باشلىدىم. ماقالىگە مەزمۇن قىلىدىغان بىلىملەر ئۆزۈمدە بار بولسا، شۇنى يازدىم. ئەگەر ئۆزۈمدە يوق بولسا، مەن ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىدىكى كەسىپ ئەھلىلىرى، مۇتەخەسسىسلەر ۋە

تونۇلغان زىيالىي زاتلارنىڭ بىلىملىرىنى «ئارىيەتكە ئېلىپ»، شۇلارنىڭ بىلىملىرىنى ئىنگلىزچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، ۋەتەندىكىلەرگە شۇلارنى سۇندۇم. ماڭا شۇ ۋاقىتتىقىچە ماقالىنى ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى (ULY) دىن ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقى (UEY) غا ئايلاندۇرۇش ۋە تەھرىرلەش جەھەتتە ياردەمدە بولۇپ كەلگەن ۋەتەن ئىچىدىكى بىر قىسىم ئوت يۈرەك ئۇكىلار تاكى 2009 ـ يىلى تومۇزدىكى ۋەقەگىچە ماڭا ياردەم قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. مەن 2009 ـ يىلى تومۇزدىن كېيىن ماقالە تەييارلاش ئىشىدا ۋەتەندىكىلەردىن ماقالە تەھرىرلەشتە ياردەم سوراشنى توختىتىپ، بىرەر يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە تۈركىيەدىكى «www.meripet.org» تورىنىڭ قۇرغۇچىسى ئۇكىمىزنىڭ ياردىمىدە ئىش ئېلىپ باردىم. ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى 2014 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە ماقالىلەرنى باشقىلارغا تەھرىرلەتمەي، ھەممىنى ئۆزۈم تەييارلاپ تورلارغا يوللاپ تۇردۇم. 2014 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، ماقالىلەرنى تەھرىرلەش ۋە ULY دىن UEY غا ئۆزگەرتىش ئىشلىرىنى تور ئىسمى «پىداكار» بولغان، ھازىرچە نامىسىز تۇرۇشنى ئىستەيدىغان بىر ئۇكىمىز بىر قوللۇق قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ماڭا ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەكلا ياردەم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىنىمىز چەت ئەلدە ئۆزى بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، ئوقۇش ۋە تۇرمۇش چىقىمىغا كېتىدىغان ئىقتىسادنى ئۆزى ھەل قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئۆز تۇرمۇشى ۋە ئوقۇشىنىڭ ئاجايىپ جاپالىق بولۇشىغا قارىماي، ھازىرغىچە ئۈن ـ تىنسىز ماڭا ياردەم قىلىپ كەلدى. مەن ھەر قانداق سۆزلەرنى ئىشلەتسەممۇ، ئۆزۈمنىڭ بۇ ئۇكىمىزغا بولغان رەھمىتى ۋە مىننەتدارلىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. 2015 ـ يىلىنىڭ بېشىدا «پىداكار» ئۇكىمىز ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىنى تاماملاش ۋە دوكتورلۇق ئوقۇشىغا ئىمتىھان بېرىش يۈزىسىدىن ئىنتايىن قاتتىق ۋاقىت قىسچىلىقىدا قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا قاتتىق يالۋۇرۇپ، ئۇنى مېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن «بىر قانچە ئايلىق تەتىل» نى قوبۇل قىلىشقا قىستىدىم. «پىداكار» ئۇكىمىز بۇنىڭغا ناھايىتى تەستە ماقۇل بولدى. ئاشۇ بىر قانچە ئاي ۋاقىت ئىچىدە مېنىڭ ماقالىلىرىمنى تەھرىرلەش ئىشىغا دىلبەر خەمىت ۋە ئالىمىرە مۇھەممەت سىڭلىمىز ۋە تۇرسۇن ئەرتۇنا ئىنىمىز قاتارلىق بىر قانچە ئۇكىلار ياردەم قىلدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاشۇ ئۇكىلارغىمۇ چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ھازىر مەن تەييارلىغان ماقالىلەرنى

تەھرىرلەش ئىشلىرىنى يەنە «پىداكار» ئۈكىمىز قايتىدىن ئۆز قولىغا ئالدى. ئۈچ پارچە كىتاب بولىدىغان (تۆۋەندىكى 1-، 2- ۋە 3-كىتاب) ماقالىلەرنى قايتىدىن بىر قېتىم يۇقىرى سۈپەتلىك قىلىپ تەھرىرلەش ۋە ئۇلارنىڭ نەشرگە ئىشلىتىلىدىغان كومپيۇتېر ھۆججىتىنى تەييارلاپ چىقىش ئىشىنىمۇ ئاشۇ «پىداكار» ئۈكىمىز تاماملىدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «پىداكار» ئۈكىمىزغىمۇ چەكسىز رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

ئەگەر بىز مەن 2005-يىلىدىن باشلاپ تورلاردا ئېلان قىلغان مەزمۇنلارنى تولۇق رەتلەپ چىقساق، ئۇلارنى تۆۋەندىكى كاتېگورىيە بويىچە ئايرىم-ئايرىم كىتاب قىلىپ چىقارغىلى بولىدۇ:

1. ئۆزۈمنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە بىلىۋال تورى بىلەن ئۆتكۈزگەن يازما سۆھبەت
2. كىشىلىك تەرەققىيات
3. بالا تەربىيىسى
4. ئانا تىل ۋە مائارىپ
5. نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار
6. يەھۇدىيلار، ياپونلار، گېرمانلار، ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار
7. دىنىمىزغا ئائىت بىر قىسىم بىلىملەر

ھازىر مەن «كىشىلىك تەرەققىيات» ۋە «بالا تەربىيىسى» كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان مەزمۇنلاردا ماقالە تەييارلاشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، زۆرۈر بولغاندا باشقا مەزمۇنلاردىمۇ ماقالە تەييارلىشىم مۇمكىن. پىداكار ئۈكىمىز بۇ قېتىم يۇقىرىدىكى 1-، 2- ۋە 3-كىتابنىڭ ئېلېكتىرونلۇق ھۆججىتىنى پۈتتۈرۈپ بولدى. مەن بۇ يىل سىناق تەرىقىسىدە 2-كىتابنى، يەنى «كىشىلىك تەرەققىيات (1-قىسىم)» نى تۈركىيەدە باستۇرۇپ بېقىشنى قارار قىلدىم. ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۈكىلار ماڭا ئۆزۈمنىڭ يازمىلىرىنى كىتاب قىلىپ چىقىرىش تەكلىپىنى بىرىۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. ۋەتەندىكى بىر قىسىم قېرىنداشلار مەن تەييارلىغان يازمىلارنى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ژۇرناللارغا چىقىرىش ۋە كىتاب قىلىپ ئىشلەش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى باشلىغىلىمۇ ھازىر 10 يىلدەك

ۋاقىت بولدى. لېكىن ئۇ ئىش تېخى مۇمكىن بولمىدى. كىتابنى چەت ئەلدە باستۇرغاندا ئۇنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى قانداق بولىدۇ، بۇ ھەقتە مېنىڭ كۆڭلۈمدە ھازىرچە بىرەر سان يوق. ئەگەر ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن مەزكۇر كىتابنى بېسىپ تارقىتىش ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالسا، مەن يۇقىرىدىكى قالغان كىتابلارنىمۇ باستۇرۇپ تارقىتىش ئۈچۈن تىرىشىمەن. مەن بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بىلىم ئارقىلىق، مائارىپ ئارقىلىق، پۈتۈن مىللەتنىڭ تەبىئىي ـ پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنىمەن. ھەمدە مەن ھازىرغىچە ئۇيغۇرچە ماقالە قىلىپ يېزىپ چىققان بىلىملەردىن كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېتتىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى يوق قېرىنداشلارنىڭمۇ پايدىلىنىۋېلىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئارزۇ قىلىمەن. مېنىڭ ماقالىلىرىمنى كىتاب قىلىپ باستۇرۇشنى قارار قىلىشىمدىكى مەقسىتىم ئەنە شۇ.

يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بىر قانچە قېرىنداشلاردىن باشقا، 2005 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر دىيارىدىكى كۆپلىگەن ئوت يۈرەك ئۆكىلار مېنىڭ ماقالىلىرىمگە تېما چىقىرىپ بېرىش، ئۇلارنى تەھرىرلەش، لاتىنچە ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان ماقالىنى ئۆز يېزىقىمىزغا ئايلاندۇرۇش، ھەمدە ماقالىلەرنى تورلارغا يوللاش، تەستىقلاش ۋە ئۇلارنى تورلاردا ساغلام ساقلاش جەھەتتە ناھايىتى كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. يەنە مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئوقۇرمەنلەر مېنىڭ ماقالەمگە سەمىمىي ۋە ئىلمىي ئىنكاسلارنى يېزىپ، بىر تەرەپتىن ماقالىنىڭ مەزمۇنلىرىنى بېيىتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ماڭا ناھايىتى كۆپ مەدەت ۋە كۈچ ئاتا قىلدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاشۇ قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ماڭا 2009 ـ يىلىدىن بۇرۇن ياردەم قىلغان بىر قىسىم تور بەتلەر ھازىر مەۋجۇت ئەمەس، ۋە بىر قانچە ئۆكىلار ھازىر ئەركىن ئەمەس. مەن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇلالمايمەن.

مېنىڭ ھازىرقىدەك ياشاپ مېڭىشىمنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەڭ زور بەدەل تۆلەۋاتقان كىشى مېنىڭ ئايالىم ئامانگۈل بولىدۇ. ئۇ مېنى ئىزچىل تۈردە قوللاپ ۋە ماڭا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ كەلدى. ئىككى بالىمىزمۇ ئىزچىل تۈردە مېنى قوللاپ ۋە ماڭا مەدەت بېرىپ تۇردى. مەن ئۇلارغىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاخىرىدا مەن بۇ كىتابنى مىللەتنىڭ غېمىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىدا پاك يۈرەك بىلەن توختاۋسىز، ئۈن ـ تىنسىز ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.

ئەركىن سىدىق

ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى

2015 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىر

# تەھرىرنىڭ سۆزى

ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ تور دۇنياسىدىكى يازمىلىرىنى يىغىپ، بىر كىتاب قىلىپ چىقىش ئۇچۇن، ئۆزۈمنىڭ كىچىككىنە ياردەمدە بولالىغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى ئىنتايىن مەمنۇن ۋە يەڭگىل ھېس قىلىمەن.

بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇنقى مۇشۇ ۋاقىتتا، يەنى 2005-يىلى 9-ئاي چاغلىرىدا بىر ئوقۇتقۇچىمىنىڭ ئاغزىدىن «ئەركىن سىدىق» دېگەن ئىسىمنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان ئىدىم. كېيىن ئالىي مەكتەپكە چىقىپ، بىر قىشلىق تەتىلدە بىلىك مۇنبىرىدە «ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» نى ئىنتايىن ھاياجان ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. ئەركىن سىدىق ئاكىمىزدىن ئىنتايىن پەخىرلەندىم، ئىچ-ئىچىمدىن ئىنتايىن قايىل بولدۇم. شۇ چاغدىكى ھاياجىنىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن.

ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ، ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ يازمىلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئوقۇپ تۇردۇم. ئۇ يازمىلارنى ئوقۇپ، ئۆز ھاياتىم ھەققىدە قايتىدىن ئويلاندىم، غايە تىكلەش، دۇنيا قاراش، ئۇنۇملۇك ئىش قىلىش ھەققىدە نۇرغۇن بىلىملەرگە ئېرىشتىم. ھەر ۋاقىت ئىچىمدە، «ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ يازمىلىرى يۇرتىمىزدا كىتاب قىلىپ بېسىلغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!» دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. 2014-يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ مەن تەھرىرلىك ئىشىنى باشلىدىم. ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ يازمىلىرى تورلارغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، كۆپ تورداشلار ئىنكاسلىرىدا ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ تور دۇنياسىدىكى بارلىق يازمىلىرىنى يىغىپ، بىر كىتاب قىلىپ چىقىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. مەن بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم، ھەمدە ئەركىن ئاكام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يازمىلارنى يىغىپ كىتاب قىلىپ چىقىشنى قارار قىلدۇق.

بۇ كىتاب ناھايىتى ئالدىراشچىلىق ۋە جىددىيچىلىك ئىچىدە تۈزۈپ چىقىلغان بولغاچقا، تەھرىرلەشتە بەزى خاتالىقلار، يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن تەكلىپ، تەنقىد بېرىشنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن، **پىداكار**

# مۇندەرىجە


مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېڭى تەگلىمىسى .................. 1

ئۆمۈرلۈك كەسپنى قانداق تاللاش كېرەك ................ 16

مەكتەپ ھاياتىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش توغرىسىدا قىسقىچە تەۋسىيە ... 42

ئاپتورنىڭ ۋەتەندىكى ياشلارغا يازغان خېتى ............... 50

ئەندىشە، چۈشكۈنلۈك، ۋە ئوڭۇشسىزلىقتىن تېز ئەسلىگە قايتىش ئىقتىدارى ................................ 54

ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتى ............... 73

ۋاقىتنى مۇۋاپىق باشقۇرۇش ........................ 91

غەربلىكلەرنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى .................. 111

شىركەت قۇرۇشقا قانداق ئىقتىدار كېرەك؟.................. 126

شىركەتنى ئوڭۇشلۇق ماڭدۇرۇش ئىقتىدارى ............... 146

ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس، ئەقىللىق!........................ 164

ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭە ............................ 185

زىيالىي، يېتەكلىگۈچى ۋە باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ............ 212

ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقى.............................. 236

داھىي ۋە لىدېرلىق نەزەرىيىسى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە ...... 259

ھونلارنىڭ داھىيسى ئاتتىلا ۋە ئاتتىلائىزم................ 273

# مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېڭى تەڭلىمىسى

2007 ـ يىلى 26 ـ ئۆكتەبىر

يېقىندىن بۇيان ۋەتەندىن ماڭا ئېلخەت يېزىپ، مەندىن مەسلىھەت سورايدىغان ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ياكى ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس ئوقۇۋاتقان بىلىم قۇرۇلۇشىنى چۈشەندۈرۈپ، شۇ ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى ئۈچۈن نېمە كەسىپنى تاللىسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى سورايدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ مېڭىۋاتىدۇ. ئۆمۈرلۈك كەسىپنى قانداق تاللاش مەسىلىسى بىر ئىنتايىن مۇرەككەپ مەسىلىدۇر. مەسىلەن، مەندىن مەسلىھەت سورىغان ياشلار تىلغا ئالغان كەسىپلەرنى تىزىپ چىقىدىغان بولساق، ئۇلارنى كەم دېگەندە تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن:

- ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كەسىپ
- ئاتا ـ ئانىسى ياخشى كۆرىدىغان كەسىپ
- ھازىر ئوقۇۋاتقان كەسىپ
- ئالماشماقچى بولغان كەسىپ
- تەبىئىي پەندىكى كەسىپ
- ئىجتىمائىي پەندىكى كەسىپ
- ۋەتەندە ئاسان ئىشقا ئورۇنلاشقىلى بولىدىغان كەسىپ
- چەت ئەلدە ئاسانراق جان باققىلى بولىدىغان كەسىپ
- باي بولغىلى بولىدىغان كەسىپ
- ۋە باشقىلار

مەن ھازىرغىچە ئۆزۈمدىن بۇ ھەقتە مەسلىھەت سورىغان ياشلارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەي كەلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم. مېنىڭ ئۇنداق قىلالماسلىقىمدا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سەۋەب بار. بىرسى، مەندىكى ۋاقىت جەھەتتىكى قىيىنچىلىق. بۇ يىل يازدىن باشلاپ

مېنىڭ ئىدارىدىكى خىزمەت ۋەزىپەم يەنىمۇ ئېغىرلاشتى. يەنە بىرسى بولسا، ئۆمۈرلۈك كەسپىنى قانداق تاللاش مەسىلىسى بىر ئادەمنىڭ قانداق قىلغاندا ئۆز ئۆمرىنى خۇشال، بەختلىك، مەنىلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىغا دائىر بىر چوڭ مەسىلىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، كەسپنى قانداق تاللاشتىن ئىبارەت بۇ تارماق مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن بىر ئادەم ئۆز ھاياتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھايات، ئۆزى رازى بولغۇدەك ھايات قىلىپ ئۆتكۈزەلىشى ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەكلىكى مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. مېنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەر بىر ياشقا ئايرىم-ئايرىم چۈشەندۈرۈپ جاۋاب خەت يېزىش ئىمكانىيىتىم يوق. شۇڭلاشقا، ئۇشبۇ يازمىنى تەييارلاش قارارىغا كەلدىم. بۇ يازما جەمئىي ئىككى بۆلۈم بولۇپ، ھازىرقىسى ئۇنىڭ 1-بۆلۈمىدىن ئىبارەت. تۆۋەندە بۇ بۆلۈمنىڭ ئەسلى مەزمۇنىنى باشلايمەن.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 25 يىل بۇرۇن، يەنى 1982-يىلى، مەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇنداق بىر تەڭلىمىسىنى تۈزۈپ چىققان ئىدىم:

$$\text{مۇۋەپپەقىيەت} = \text{تالانت} + \text{تىرىشچانلىق} + \text{پۇرسەت}$$

### 1) پۇرسەت

«بىلىۋال» تور بېتىنىڭ مەن بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىككى قېتىملىق يازما سۆھبىتىنى ۋە مېنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىمنى ئوقۇپ باققان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى تەڭلىمىنى بۇرۇن كۆرۈپ باققان. مەن يۇقىرىقى تەڭلىمىنى ئۆزۈمنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىغا كىرگەندىن كېيىنكى بىر قانچە يىللىق سەرگۈزەشتىلىرىم ئاساسىدا تۈزۈپ چىققان ئىدىم. بالىلىق دەۋرىمدە مەن ئۆزۈمنى يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ بالىلىرى بىلەن كۆپ سېلىشتۇراتتىم. بەزى ئىشلاردا مەن ئۇلاردىن سەل ئەقىللىقراق بولسامۇ، يەنە بەزى ئىشلاردا ئۇلار ماڭا قارىغاندا كۆپ ئەقىللىق ئىدى. بولۇپمۇ ئېتىزلىق ئىشلىرىدا ۋە بۇزۇلۇپ قالغان يېزا سايمانلىرىنى ياساش قاتارلىق ئىشلاردا ئۇلار ماڭا قارىغاندا خېلى ئەقىللىق، چاققان ۋە قولى ئەپلىك ئىدى. مەن ئۇلارغا ئىنتايىن قايىل ئىدىم. مەن ئۆز-ئۆزۈمدىن مۇنداق سوئالنى داۋاملىق سوراپ تۇراتتىم: «دېھقان بالىلىرى بىلەن مەندەك شەھەر بالىلىرىنىڭ تۈپ پەرقى

نەدە؟» بارا-بارا مەن بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ پەرقلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتى، مەكتەپ سۈپىتى، باللىق دەۋرىدىن تارتىپ ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان، ۋە قىلىدىغان ئىشلاردىكى پەرقلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، يەنى پۇرسەت جەھەتتىكى پەرق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقاندا، بىر يەردە ئېيىغا 20 سومدىن كۆپرەك مائاش ئالىدىغان بىر ئىشچى ياكى خىزمەتچى بولۇشنى ئۆزۈم ئۈچۈن غايە قىلىپ تىكلىگەن ئىدىم. ئۇ چاغدا بىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىن چوڭراق ئىشلارنى كۆزلەشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، ئالدىمىزدا بىز تاللايدىغانغا ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى. دېڭ شياۋپىڭ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلغاندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن بىز بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بىر پەۋقۇلئاددە پۇرسەت بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ۋىلايەتتە ياكى ناھىيىدە ئىشلەيدىغان ئىشچى ياكى خىزمەتچى ئەمەس، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولالىدىم. بۇ يەردە پۇرسەت مەن ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىدى. مەن ھازىرمۇ بەزىدە ئۆز-ئۆزۈمدىن: «ئەگەر شۇ قېتىملىق ئىسلاھات يۈز بەرمىگەن بولسا، مەن ھازىر نەدە نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەن بولاتتىم-ھە؟» دەپ سوراپ قويىمەن. ئۇيغۇر دىيارىدىكى شەھەر ۋە يېزىلاردا ئەقىللىق ۋە ناھايىتى تىرىشچان ياش-ئۆسمۈرلەر ئىنتايىن كۆپ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ كىشىلەر ئۆز يۇرتىنىڭ سىرتىغا چىقالمايدۇ. يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇيالمايدۇ. ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە باشقا يوشۇرۇن كۈچىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى جارى قىلدۇرالماي بۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇلار ئۈچۈن مۇۋاپىق پۇرسەتنىڭ بولمىغانلىقىدىندۇر.

### 2) تالانت

يۇقىرىقى تەڭلىمىدىكى «تالانت» تۇغما تالانت بىلەن تۇغما ئەقىللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئوخشاش بىر سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردا كۆرۈلىدىغان ئوقۇش نەتىجىسىدىكى زور پەرقلەرنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ تالانت ۋە تىرىشچانلىقتىكى پەرقتىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بەزى

ئوقۇغۇچىلار «مەن چوقۇم قاتتىق تىرىشىپ، ياخشى ئوقۇيمەن» دەپ ئىرادە تىكلەپ، كۈنىگە 15-16 سائەت ئۆگىنىش قىلىپمۇ يەنە بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدىغانلىقى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ سىنىپنىڭ ئارقىسىدا قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، كىشىلەردە تۇغما تالانت ۋە تۇغما ئەقىل جەھەتتە پەرق بارلىقىنى، ھەمدە تىرىشچانلىق ئەقىلنى تولۇق ئىشقا سېلىپ يەكۈنلەپ چىققان توغرا ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلمىسا، ئانچە ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

دېمەك، يۇقىرىقىدەك كۆزىتىشكە ئاساسلانغاندا، مەن تۈزۈپ چىققان يۇقىرىقى تەڭلىمە خېلى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇپ، 24 ياشلارغا كىرگەن ۋاقتىمدا تۈزۈپ چىققان بۇ بىر تەڭلىمە ئۈچۈن مەن تاكى يېقىنغىچە ئۆز-ئۆزۈمدىن پەخىرلىنىپ كەلدىم.

## 3) ئىقتىدار

لېكىن، كىشىلەر تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى يېڭى تالانت، يېڭى بىلىم، يېڭى ماھارەت ۋە يېڭى ئىقتىدارلارغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىمۇ بىر خىل ئىقتىدار بولۇپ، بۇ ئىقتىدار ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئورتاق ئەمەس. مەن بۇ يەردە يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىنچاقلاپ «ئىقتىدار» (ئىنگلىزچە skills) دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

يەنى «ئىقتىدار» تۇغۇلغاندىن كېيىن يېتىلدۈرگەن تالانت، بىلىم، ماھارەت، ئىقتىدار ۋە ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقى 1-تەڭلىمە «ئىقتىدار» نى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان. بۇ مېنى يۇقىرىقى «مۇۋەپپەقىيەت» تەڭلىمىسىنى قايتا يېزىپ چىقىشىمغا مەجبۇرلىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرسىدۇر.

## 4) يۈكسەك قىزىقىش

4-ئۆكتەبىر كۈنى (يەنى 2007-يىلى 4-ئۆكتەبىر كۈنى) مەن ئايالىم ئامانگۈل بىلەن بىللە ئۆيىمىزگە 30km دەك كېلىدىغان ھوللىۋۇد (Hollywood) شەھىرىدىكى كوداك تىياتىرخانىسىغا بىر كونسېرت كۆرگىلى

باردىم. بۇ تىياتىرخانا دۇنيادا كىنو ساھەسى بويىچە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇكاپات بولغان «ئوسكار مۇكاپاتى» نى تارقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تىياتىرخانىلارنىڭ بىرسى بولۇپ، كونسېرتتا ئويۇن كۆرسەتكۈچىلەر دۇنياغا تونۇلغان تۈركىيىلىك ناخشىچى سەرتاب ئەرەنەر (Sertab Erener) بىلەن كومپوزىتور ۋە پىئانىنوچى فاھىر ئاتاكوگلۇ (Fahir Atakoglu) لار ئىدى. تۈركىيىلىك ئايال ناخشىچى سەرتاب ئەرەنەر 2003-يىللىق ياۋروپا «Eurovision» ناخشا مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ، دۇنياغا داڭق چىقارغان. بىز ئەسلىدە لوس ئانژېلىس رايونىدا تۈركلەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، «بۇ كونسېرتقا ئېھتىمال بىر قانچە يۈز تاماشىبىن كېلەر» ، دەپ پەرەز قىلغان ئىدۇق. ئەگەر راست شۇنداق بولسا، بۇ زالنىڭ بىر ئاخشاملىق ئىجارىسى بەك قىممەت بولماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇڭا، كەلگۈسىدە بۇ يەرگە ئۇيغۇر ئارتىسلارنىمۇ تەكلىپ قىلىپ ئويۇن قويدۇرۇش ئارزۇسىدا، مەن بۇ تىياتىرخانىنى بىر ئاخشام ئىجارىگە ئېلىش ئۈچۈن قانچىلىك پۇل كېتىدىغانلىقىنى سوراپ باقماقچىمۇ بولدۇم. لېكىن، ئۇ تىياتىرخانىغا كىرگەندىن كېيىن ھەيران قالدىم. بۇ تىياتىرخانا 3 قەۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا جەمئىي 3600 ئەتراپىدا ئادەم سىغىدىكەن. بىز ئولتۇرغان يەردىن ئۈستۈنكى 2 قەۋەتنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئويۇن باشلانغۇچە تىياتىرخانىنىڭ 1-قەۋەتى تۈركىيىلىك تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولدى. پەرىزىمچە 1-قەۋەتتە ئولتۇرغان تاماشىبىنلارنىڭ ئۆزىلا 2000 كىشىدىن ئېشىشى مۇمكىن. مەن بۇ ئويۇننى كۆرۈۋېتىپ، مۇنداق خىيالغا چوڭقۇر پېتىپ كەتتىم: ئۇنىڭ بىرسى، پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى نوپۇسى 10 مىليون ئەتراپىدا بولغان ئۇيغۇرلاردىن ئاران 600-700 گە يېقىن ئادەم بار. بۇ كونسېرتقىمۇ ئاران 6 ئۇيغۇر كەلدۇق. لوس ئانژېلىستىن ئىبارەت بىر شەھەردىلا بىر كونسېرتنى كۆرۈش ئۈچۈن يىغىلغان تۈرك تاماشىبىنلارنىڭ سانى 2000 دىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىز بۇرۇن ئارىلىشىپ باققان 30-40 تۈركىيىلىكلەردىن بىرەرسىمۇ كۆرۈنمىدى. تۈركىيىدىكى نوپۇسنىڭ ئومۇمى سانى 70 مىليون ئەتراپىدا بولغاچقا، ئەگەر بۇ كونسېرتقا كەلگەن تۈرك تاماشىبىنلار بىلەن ئۇيغۇر تاماشىبىنلارنىڭ نوپۇسقا سۇندۇرغان نىسبىتىنى سېلىشتۇرساق، لوس ئانژېلىس شەھىرىدىكى 2000 دىن ئارتۇق تۈرككە ئاران 42 ئۇيغۇر توغرا كەلدى، دېگەن سۆز. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئەھۋالىغا ناھايىتى ئېچىندىم. «ئۇيغۇر ئارتىسلارنى تەكلىپ

قىلىپ ئەكېلىپ، مۇشۇ تىياتىرخانىدا ئويۇن قويدۇرۇش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەسكەن» ، دەپ ئويلىدىم. ئەگەر راستتىنلا چاقىرتساق، ئۇنىڭغا قانچىلىك تاماشىبىنلار كېلەر؟ ئۇنىڭ يەنە بىرسى، فاھىر ئاتاكوگلۇنىڭ پىئانىنو چېلىۋاتقان ۋاقىتتىكى قىياپىتى ئىدى. ئۇ مېڭىپ، سەھنە ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە بىر ناھايىتى گەۋدىلىك، تېتىك ۋە ھەيۋەتلىك قىياپەتتە كۆرۈنەتتى. لېكىن، پىئانىنو چالغاندا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ھەرىكەتكە كېلىپ، بېلى 90 گرادۇسقا يېقىن ئېگىلىپ، خۇددى پىئانىنونىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتىدىن، پىئانىنودا بۈگۈنكىدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا، ئۇنىڭ پىئانىنوغا بولغان يۈكسەك قىزىقىشى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغانلىقى، پىئانىنونىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرغاندا، ھازىرمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى پىئانىنودىن ئىبارەت بىرلا نەرسە قاپلايدىغانلىقى، ئۇنىڭ پىئانىنو چېلىشنى ئىچ-ئىچىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. دۇنياغا داڭلىق پىئانىنوچى بېتخوۋېنمۇ فاھىر بىلەن ئوخشاش خىلدىكى ئادەم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆز-ئۆزۈمدىن يەنە بىر نەچچە يېڭى سوئاللارنى سوراشقا باشلىدىم:

-- يۈكسەك قىزىقىش بىر كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا قانداق رول ئوينايدۇ؟

-- يۈكسەك قىزىقىش نەدىن كېلىدۇ؟

--«يۈكسەك قىزىقىش» نى يۇقىرىقى تەڭلىمىگە كىرگۈزۈش كېرەكمۇ-يوق؟ئەگەر كىرگۈزۈش كېرەك بولسا، قايسى تەرىقىدە كىرگۈزۈش كېرەك؟

مېنىڭ بۈگۈنكى ھالەتكە كېلەلىشىمدىمۇ ئۆزۈمنىڭ مەكتەپ ۋە بىلىمگە بولغان پەۋقۇلئاددە قىزىقىشىم ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. مەن باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، ئۆزۈمنىڭ مەكتەپكە ئىنتايىن ئامراقلىقىم ئاساسەن تۇغما ئىش ئىدى. كېيىنچە مەندە ھەرقانداق بىلىمگە، ھەر قانداق يېڭى نەرسىگە قىزىقىدىغان بىر مىجەز پەيدا بولدى. مېنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا رادىئو تېخنىكىسىغا قىزىقىشىم ئاكامنىڭ تەسىرى ئارقىلىق بولغان ئىدى: ئاكام رادىئو قۇراشتۇرۇشنى باشلىغاندىن كېيىن، مەن داۋاملىق ئۇنىڭ يېنىدا قاراپ ئولتۇراتتىم. بەزىدە ئۇنىڭغا ئانچە-مۇنچە ياردەم قىلاتتىم. شۇ جەرياندا ئۆزۈممۇ تەدرىجي ھالدا رادىئوغا قىزىقىدىغان بولۇپ قالغان

ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇشى ئۈچۈن رادىئو ئېلېكترونىكا كەسپىنى تاللىدىم. دوكتورلۇق ئۇنۋانىنىمۇ ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى كەسپىدىن ئالدىم. شۇنىڭدىن تارتىپ ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى كەسپىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئوپتىكا ساھەسىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. دۇنيادا بۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئامېرىكىدا داڭلىق ۋاسكېتبولچىنىڭ ئوغلىمۇ داڭلىق ۋاسكېتبولچى بولىدىغان، داڭلىق كىنو ئارتىسىنىڭ بالىسىمۇ داڭلىق كىنو ئارتىسى بولىدىغان، مەبلەغ سېلىپ مىليونېر ۋە مىلياردېر بولغانلارنىڭ بالىسىمۇ ئوخشاش كەسىپتە، ھەتتا دادىسىنىڭ شىركىتىدە ئىشلەپ، ئۆزلىرىمۇ ئىنتايىن باي بولغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. بىزنىڭ بۇرۇن بىر قوشنىمىز بار بولۇپ، ئۇ ئۆيدىكى ئەر موتىسكلىت مىنىشكە ئىنتايىن ئامراق ئىدى. ئۆزىنىڭ ئېسىل موتىسكلىتلىرىدىن بىر قانچىسى بار ئىدى. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ بىزنىڭ باللىرىمىز بىلەن قۇرداش 3 ئوغلىنىڭ ھەممىسىگە موتىسكلىت ئېلىپ بەردى. ھەر شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى ئائىلە بويىچە بىر يىراق جاڭگالغا بېرىپ، موتىسكلىت مىنىپ كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئائىلىدىكى ھەممە باللار موتىسكلىتقا قىزىقىدىغان بولۇپ چوڭ بولدى.

دېمەك، بەزى كىشىلەرنىڭ بىر ئىشقا بولغان قىزىقىشى تۇغما بولىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ بىر ئىشقا بولغان يۈكسەك قىزىقىشى بولسا، ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا باشقا كىشىلەرنىڭ ۋە مۇھىتنىڭ تەسىرى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.

## 5) تىرىشچانلىق

مېنىڭچە، تىرىشچانلىق مۇنداق تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

تىرىشچانلىق = قەتئىي نىيەتكە كېلىش + باتۇرلۇق + قاتتىق ئىشلەش + ئاداققىچە بوشاشماسلىق

دۇنياغا داڭلىق ئامېرىكىلىق مىلياردېر دونالد ترۇمپ (Donald Trump) 2007-يىلى 16-ئۆكتەبىردە بىر كىتاب چىقاردى. بۇ كىتاب ئۇ ھازىرغىچە يېزىپ چىققان 5 تىن ئارتۇق كىتابىنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭ ماۋزۇسى: «چوڭ-چوڭ ئىشلارنى كۆزلەپ، سۆڭگىچىگە تەپ» (ئىنگلىزچە

«Think Big and Kick Ass»). مېنىڭچە بۇ يەردىكى «سۆڭگىچىگە تەپ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى قەتئىي نىيەتكە كەل، باتۇر بول، قاتتىق ئىشلە ۋە ئاداققىچە بوشاشما دېگەنلەردىن ئىبارەتتۇر. يېقىندا ئامېرىكىنىڭ بىر مەملىكەتلىك چوڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇنىڭ بىلەن «مىلياردېر بىلەن سىردىشىش» دېگەن بىر پروگراممىدا ئىشلەپ تارقاتقان بولۇپ، ئۇ پروگراممىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا پروگرامما رىياسەتچىسى ئۇنىڭدىن «ئەگەر تاماشىبىنلار بۇكۈنكى پروگراممىدىن پەقەت بىرلا سۆزنى ئەستە قالدۇرۇپ قايتىشقا توغرا كەلسە، سېنىڭچە ئۇ سۆز نېمە بولۇشى كېرەك؟» دەپ سورىۋىدى، دونالد ترۇمپ ئۇنىڭغا: «ھەرگىز يېرىم يولدا توختاپ قالما؛ ھەرگىز قىلىۋاتقان ئىشىڭدىن يېرىم يولدا ۋاز كەچمە»، دەپ جاۋاب بەردى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى يۇقىرىقى «ئاداققىچە بوشاشما» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاشتۇر. بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يۇقىرىقى «تىرىشچانلىق» نىڭ 4 تەركىبىنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بىر يۈكسەك غايىنى كۆزلەپ تىرىشىۋاتقان كىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىرەرسى كەم بولسا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ نۇقتىنى ئىنگلىز تىلى ياكى باشقا بىرەر چەت ئەل تىلى ئۆگىنىپ باققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئەگەر سىزدە يۇقىرىقى 4 سۈپەتنىڭ ھەممىسى تەل بولسا، سىز تىل ئۆگىنىشنى چوقۇم بىر باشقا ئېلىپ چىقالىدىغىز ياكى ئېلىپ چىقالايسىز. ئەگەر سىزدە ئۇلاردىن بىرەرسى كەم بولسا، سىز چوقۇم ئۇ يولدىن ئاللىقاچان قايتىتىڭىز ياكى بۇنىڭدىن كېيىن قايتىسىز. ئۇنىڭدىن باشقا، تىرىشچانلىق توغرا ئۇسۇل ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلمىسا، كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم بەرمەيدۇ. توغرا ئۇسۇل بولسا، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرى، قايتا-قايتا ۋە ئۈزلۈكسىز سىناق قىلىپ، ئەمەلىيەتتىن تەجرىبە-ساۋاق يەكۈنلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئۈنۈم بېرىدىغان بىر ئۇنىۋېرسال ئۇسۇل مەۋجۇد ئەمەس. ھەر بىر ئادەم ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسۇلنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئاساسىدا ئۆزىگە تايىنىپ تېپىپ چىقىشى كېرەك.

ماڭا خەت يازغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە، ئاتا-ئانىسى ئىنتايىن چوڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئوقۇشىنى ئىقتىساد بىلەن تەمىنلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ تىرىشىپ ياخشى ئوقۇشى كېرەكلىكىنى، بىراق، ئوقۇۋاتقان كەسپىگە قىلچە قىزىقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئوقۇشىغا زادىلا زېھنىنى يىغالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتقانلارمۇ خېلى كۆپ. دېمەك، سىز ئەگەر

بىر ئىشقا قىزىقمىسىڭىز، سىز ئۇ ئىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتەلمەيسىز؛ يۇقىرىقىدەك تىرىشچانلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى، سىز قىلماقچى بولغان ئىشىڭىزغا يۈكسەك دەرىجىدە قىزىقىشىڭىزدىن ئىبارەت. ئەگەر سىز قىلىۋاتقان ئىشىڭىزغا پەۋقۇلئاددە قىزىقسىڭىز، سىز ھەر كۈنى قىلىۋاتقان خىزمەت سىز ئۈچۈن بىر بەختلىك ئىش، سىزگە خۇشاللىق ۋە ھۇزۇرلۇق ئېلىپ كېلىدىغان ئىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ. سىز ئۇنى قانچىلىك قىلسىڭىزمۇ ئۇنىڭدىن ھەرگىز زېرىكمەيسىز. سىز ئۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتىڭىزدا ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەي قالىسىز. پات-پات «ئەگەر ئادەم بىر كۈن ئىچىدە ئۇخلىماي، تاماق يېمەي، 24 سائەت ئىشلىيەلىگەن بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە؟» دەپ ئويلاپ قالىسىز. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر سىز ئۆزىڭىز شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشقا ياكى كەسىپكە ئازراقمۇ قىزىقمىسىڭىز، ئۇنى قىلىش سىز ئۈچۈن بىر زۇلۇم بولىدۇ. ھەر كۈنى شۇ ئىشنى قىلىپ ئۆتكۈزگەن ھاياتىڭىز سىز ئۈچۈن ئازاب ۋە ھەسرەت بىلەن تولغان ئېچىنىشلىق ھايات بولىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى ئانالىز ئارقىلىقمۇ بىز «يۈكسەك قىزىقىش» نىمۇ «مۇۋەپپەقىيەت تەڭلىمىسى» گە كىرگۈزۈش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

### 6) تەلەي

«پۇرسەت» نىڭمۇ ئىككى تەركىبىي قىسمى بار. ئۇنىڭ بىرسى كىشىنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە باغلىق بولغان، بىر ئادەم تىرىشىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرەلەيدىغان پۇرسەت. يەنە بىرسى بولسا كىشىنىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، پۈتۈنلەي تاشقى ئامىللار ئارقىلىق بېكىتىلىدىكەن پۇرسەت. مەن بۇ 2-پۇرسەتنى «تەلەي» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بەزىلەر مېنىڭ پۇرسەتنى مۇنداق ئىككىگە بۆلۈشۈمگە بىر ئاز ھەيران قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇنداق ئايرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مەن مۇنداق بىر مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرەي.

1984-يىلى ئۇيغۇر دىيارىدىن 1-تۈركۈم ياپونىيىگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارنى تاللايدىغاندا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى يەرلىك مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 50 تەك ئادەمنى تاللاپ، ئۇلاردىن 3 پەن بويىچە ئىمتىھان ئالدى. مەن بۇ

ئىمتىھانىدا بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ تاللاندىم. يېرىم يىللىق ياپون تىلى ئۆگىنىش كۇرسىدا، مەن ياپون تىلىدا بۇرۇن بەلگىلىك ئاساس سېلىۋالغان بولغاچقا، سىنىپتىكى باشقا ساۋاقداشلارغا ئوپچە دەرس چۈشەندۈرۈپ يۈردۈم. ھەمدە سىنىپ باشلىقلىق رولىنىمۇ ئوينىدىم. لېكىن، ياپونىيىگە بېرىپ قارىسام، مەن بارغان مەكتەپتە ھېچقانداق ئاسپىرانتلىق پروگراممىسى يوق ئىكەن. ئۇلار ماگىستېرلىق ئۇنۋانىنىمۇ ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنىمۇ بېرەلمەيدىكەن. ئىچكى ئەھۋالدىن خەۋىرى بار كىشىلەردىن بەزىلىرى ماڭا «بۇ بىر سۇيىقەست» دېگەن ئۇچۇرنى بەردى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئاشۇ قېتىم مەن بىلەن 1-تۈركۈمدە ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان 15 تەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ 10 دىن تولىسى ماگىستېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. لېكىن مەن بىلىم ئاشۇرۇش بىلەنلا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇرى بولدۇم. گەرچە ئۆزۈم قاتتىق تىرىشىپ پۇرسەت ياراتقان بولسامۇ، تەلىيىمنىڭ يوقلۇقىدىن ماگىستېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىر ئىشتا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر يۇقىرى ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن باشلىغان سەپىرىمنى ياپونىيىدە ئاخىرلاشتۇرمىدىم. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ياپونىيىدىكى ئوقۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئاز قالغاندا، يەنە بىر يېڭى سەپەر باشلىدىم.

مەن يەنە بىر مىسال كۆرسىتەي. ئائىلىم ئامانگۈلنىڭ باشلانغۇچ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۇيغۇر تىلىدا پۈتتۈرگەن بىر تۇغقىنى بار بولۇپ، ئۇ 1990-يىللىرىنىڭ بىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئۇيغۇر تىلى سىستېمىسى بويىچە پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدا ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. بىر يىللىق تەييارلىق ئوقۇشىنى تۈگەتكەندە بولسا، ئېلىنغان ئىمتىھانلاردىكى نەتىجىسى بىرىنچى بولدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بۇ ئوقۇغۇچىلارغا دەسلەپتە ئۇقتۇرۇشچە، بۇنداق ئوقۇشى ياخشى بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى تاللىغان مەكتەپ ۋە ئۆزى تاللىغان كەسپكە بارالىشى يۈزدە يۈز پىرسەنت كاپالەتكە ئىگە ئىكەن. لېكىن، بۇ سىڭلىمىز بېيجىڭدىكى بىر داڭلىق مەكتەپنىڭ «خەلقئارا ئىقتىساد» دېگەن كەسپىنى تاللىغان بولسىمۇ، كېيىن چاقىرىق قولىغا تەگكەندە قارىسا، ئۇ ۋۇخەندىكى بىر ئالىي مەكتەپكە تەقسىم بولۇپ قاپتۇ. كېيىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇ سىڭلىمىز ئۆزى تاللىغان مەكتەپ ۋە كەسپكە ئارقا ئىشىكى ناھايىتى چوڭ بىرسىنىڭ بالىسى بارغانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سىڭلىمىزنىڭ كەسپىمۇ «مالىيە كاتىپى» بولۇپ قالدى. بۇ مىسالدىكى سىڭلىمىزمۇ ئۆزى قاتتىق تىرىشىش

ئارقىلىق ئۆزىگە ناھايىتى ياخشى پۇرسەت ياراتقان بولسىمۇ، ئۆز ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ياكى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تەلەيسىزلىكىدىن ئۆزى ئارزۇ قىلغان مەكتەپ ۋە كەسىپكە كىرەلمىدى. كۆڭۈلدىكى مەكتەپ ۋە كەسىپكە كىرىشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىر ئىشتا بۇ سىڭلىمىز پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى.

دېمەك، «تەلەي»نىمۇ «مۇۋەپپەقىيەت تەڭلىمىسى» گە كىرگۈزۈش كېرەك.

### 7) يېڭى تەڭلىمە

شۇنداق قىلىپ، مەن يۇقىرىدا ئۆزۈم بۇ قېتىمقى يېڭى «مۇۋەپپەقىيەت تەڭلىمىسى»گە كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك ئامىللارنى بىرەر قۇر چۈشەندۈرۈپ بولدۇم. ئەمدى بىز بۇ يېڭى تەڭلىمىنى يېزىشقا تەييار بولدۇق. مەن ئۇنى مۇنداق تۈزدۇم:

مۇۋەپپەقىيەت = (پۇرسەت + تەلەي) × (ئىقتىدار + تىرىشچانلىق) + تالانت + يۈكسەك قىزىقىش

بۇ يەردىكى «پۇرسەت» 0 بىلەن 1+ نىڭ ئارىلىقىدىكى بىر قىممەتنى ئالىدۇ. «تەلەي» بولسا 1- بىلەن 1+ نىڭ ئارىلىقىدىكى بىر قىممەتنى ئالىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بەزىدە «پۇرسەت + تەلەي = 0» بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئىقتىدار بىلەن تىرىشچانلىق ھېچقانداق مېۋە بەرمەي، ئادەم مەغلۇپ بولىدۇ. «پۇرسەت + تەلەي = 0» بولسىمۇ، ئۇ بىر ئادەمنىڭ تالانتى بىلەن يۈكسەك قىزىقىشىغا ئاساسەن تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى تەڭلىمىدىكى «تالانت + يۈكسەك قىزىقىش» قا «پۇرسەت + تەلەي» كۆپەيتىلمىدى. مەن بۇ تەڭلىمىدىكى قالغان تەركىپلەرگە سانلىق قىممەت بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «مۇۋەپپەقىيەت» نىڭ مەنىسى نىسپىي بولىدۇ. بىر ئادەم «مۇۋەپپەقىيەت» دەپ قارىغان نەرسە، يەنە بىر ئادەم ئۈچۈن «مەغلۇبىيەت» بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، نۇرغۇن ياشلار ئۈچۈن ئىمتىھانلاردىن ئۆتۈپ، بىر ئالىي مەكتەپكە كىرىۋېلىشنىڭ ئۆزىلا «مۇۋەپپەقىيەت» بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، يۇقىرىدا

تىلغا ئالغان سىگنىلىمىزنىڭ ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بىر ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشى ئۈنىڭ ئۈچۈن «مەغلۇبىيەت» بولۇپ تۇيۇلدى. ئەگەر ھەممە ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاق مۇۋەپپەقىيەت ياكى «ئۈنىۋېرسال مۇۋەپپەقىيەت» تىن بىرسى مەۋجۇد، دەپ قارالسا، ئۈنىڭغا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىش مۇمكىن:

ئۈنىۋېرسال مۇۋەپپەقىيەت = ئۆز ئائىلىسى، دوستلىرى، مىللىتى ۋە خىزمىتى دائىرىسى ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلەر.

مەن بۇ قېتىم بۇ «ئۈنىۋېرسال مۇۋەپپەقىيەت» توغرىسىدا بۇنىڭدىن كۆپ توختالمايمەن.

## 8) ئاخىرقى سۆز

مەن بۇ يىل 50 ياشقا قاراپ ماڭدىم. كەسىپ جەھەتتە بۇ يىل مەن ئۈچۈن ئۆمرۈمدىكى ئەڭ ئۇتۇقلۇق بىر يىل بولدى. بۇ نەتىجىلەرگە كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى ئىنتايىن خوشال بولسا، يەنە بىر يېرى ئىنتايىن يېرىم بولۇپ كېلىۋاتىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى، مەن ئامېرىكىدا تۇرۇپ مۇشۇنداق ياشاپ يۈرگىنىم بىلەن، كۆڭلۈمدىن زادىلا چىقىرالمايدىغان بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان تەقدىر. مەن ئۆتكەن يىل ۋە بۇ يىل يازدا يۇرتقا تۇققان يوقلاپ بارغاندا كۆرگەن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ياشاشقا ياكى يۈقۇرى ئۆرلەشكە ئامالسىز قالغان بىچارە چىرايلىرى مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئۆز ئىقتىدارلىرىنى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە جارىي قىلدۇرۇپ، بىر پارلاق ئىستىقبالغا، گۈزەل كېلىچەككە ۋە بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۈچۈن ھازىر قانداق يول بار؟ قانداق پۇرسەت بار؟

بۇ يىل (2007 ـ يىلى) ئائىلەم بىلەن ئۈرۈمچىدىكى «ۋىسال» رېستورانىغا ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، مەن ئەسلىدە 10 ـ 20 ئوقۇغۇچى كېلەر، دەپ پەرەز قىلغان ئىدىم. لېكىن ئۇ يەرگە بىر نەچچە يۈز ئۇيغۇر ياشلىرى كېلىپتۇ. بۇ مەن ئۈچۈن ۋە ئائىلەمدىكى باشقا ھەممەيلەن ئۈچۈن بىر ئۇنتۇلماس ۋەقە بولدى. مەن ئۇنىڭدىن قاتتىق ھاياجانلاندىم. چوڭقۇر

تەسرلەندىم. «ئۇيغۇر روھى ھازىرمۇ ئۆز پېتىچە ساقلىنىۋېتىپتۇ» ، دەپ چەكسىز خۇشال بولدۇم. ئۇنىڭدىن ئۆمرۈمنىڭ قالغان قىسمى ئۈچۈن بىر تۈگىمەس روھىي ئوزۇق ئالدىم. ئۇ سورۇندا مېنىڭ كەلگەن ھەر بىر ياشلار بىلەن كەڭ-كۇشادە مۇڭدىشىش پۇرسىتىم بولمىدى. ھەر بىر ياشنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش پۇرسىتىمۇ بولمىدى. لېكىن، شۇ سورۇندا ۋە باشقا جايلاردا كۆرۈشكەن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ماڭا قارىغان ۋاقىتتىكى كۆز نۇرلىرى ۋە چىرايىدىكى ھېسسىياتلىرىدىن مەن ئۇلارنىڭ ئۆزۈمگە نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك بولدۇم. ئۇلار ماڭا: «بىزدىمۇ تالانت بار. بىزدىمۇ بىلىم ۋە ئىقتىدار بار. بىزمۇ قاتتىق تىرىشىشنى خالايمىز ۋە تىرىشالايمىز. بىزمۇ جاپا چېكىشتىن ئازراقمۇ قورقمايمىز. لېكىن، بىز نېمە قىلساق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدۇق. بىزگە قانداق يول بارلىقىنى بىلەلمىدۇق. قانداق قىلساق ئاتا-ئانىمىزغا يۆلەنمەي جان باقالايدىغانلىقىمىزنى بىلەلمىدۇق. بۇ جەھەتتە بىزگە ياردەم قىلسىڭىز» ، دېگەندەك قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئىزچىل تۈردە ئويلاندىم. «بۇ ئىنى-سىڭىللارغا مەن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەرمەن؟» دەپ ئۆز-ئۆزۈمدىن داۋاملىق سوراپ تۇردۇم. ھازىرمۇ ھەم شۇنداق. ئويلاپ باقسام مەن ئۇلار ئۈچۈن ھازىرقى ۋاقىتتا ھېچقانداق چوڭ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدىكەنمەن. قىلىپ بېرەلەيدىغان بىر ئىشىم مۇشۇ نەرسىنى يېزىش ئىكەن. مەن مۇشۇ يازمىنى ئوقۇغان ھەر بىر ياشنىڭ يۇقىرىقى 2-تەڭلىمە ئاساسىدا ئۆز-ئۆزىدىن مۇنداق سوئاللارنى سوراپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن: «مەندە نېمىلەر بار ئىكەن؟ نېمىلەر كەم ئىكەن؟ كەم نەرسىلەرنى تولدۇرۇش ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك؟»

چوڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ۋە ماڭىدىغانغا يول تاپالماي قالغاندا روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىش ھەممە ئىنساننىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى. بۇ يەردىكى گەپ بۇنداق چۈشكۈنلۈكنى قانچىلىك ۋاقىت داۋاملاشتۇرۇشتا. بۇنداق چۈشكۈنلۈك ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشسا، ئۇ بىر ئادەمگە چوڭ زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەقىللىق كىشى ئۆزىدە يوق نەرسىلەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىدە بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە پايدىلىنىشقا تىرىشىدۇ. ئادەم ئۆز كونتروللۇقى ئاستىدا بولمىغان ئىشلار ئۈچۈن قىلچە ئاھ ئۇرماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇنداق ئاھ ئۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ئەمەلىي قىممىتى يوق. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تېپىپ چىقىپ،

ئۇلارنى ئەڭ مۇھىمدىن باشلاپ بىر-بىرلەپ قىلىشى كېرەك. يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگەندەك «سۆڭگىچىگە تېپىش» كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن تەتۈر كەلگەن بىر شارائىتتىمۇ مەلۇم دەرىجىدە نەتىجە قازىنالايدۇ. ۋاقىت ياكى ئۆمۈر ئىسراپچىلىقىدىن ساقلىنالايدۇ. ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ يازمىسىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قانچە جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ قايسى يۆنىلىشكە مېڭىشىنى بىلەلمەي قالغان ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن بىر ئاز پايدىسى بولۇشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا مېنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە قارىتا ئىككى ئۈمىدىم بار. ئۇنىڭ بىرسى، ئەگەر سىز بىرەر تور بېتىنى باشقۇرۇۋاتقان بولسىڭىز، بۇ يازمىنى ئاشۇ تور بېتىگىمۇ چىقىرىپ قويسىڭىز. بۇنىڭ ئۈچۈن مەندىن ياكى باشقىلاردىن رۇخسەت ئالمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن، چوقۇم ماقالىنىڭ ئاخىرىدا مەنبەنى ئەسكەرتىپ قويسىڭىز. مېنىڭ بۇنداق ئۈمىدتە بولۇشۇمنىڭ مۇنداق سەۋەبى بار. ئادەم ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشنى تولۇق چۈشەنمىسە، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بەسىش، كېيىنكى قەدەمدە قايسى ئىشلارنى قىلىش توغرىسىدا توغرا قارار چىقىرالمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ھەمدە شۇ يولدا تۆلىمىسە بولمايدىغان بەدەللەرنى تۆلەشكە چىدايدىغان ھەر بىر ياش چوقۇم يۇقىرىقى تەڭلىمىنى تولۇق چۈشىنىشى كېرەك. ئۇنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىش قىلسىڭىز، خۇددى «ئەگەر سىز نەگە مېڭىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمىسىڭىز، قايسى يولدا ماڭسىڭىز بولىۋېرىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش بىر ئىش بولىدۇ. قىسقىسى، مەن بۇ يازمىنى ئىمكان قەدەر كۆپرەك ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئوقۇپ بېقىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. مېنىڭ 2-ئۈمىدىم، بۇنى ئوقۇغان ھەر بىر ياش ئىمكان قەدەر يۇقىرىقى تەڭلىمە ئۈستىدە بىر ئاز ئويلىنىپ، بۇ تەڭلىمىنىڭ مۇكەممەل ياكى توغرا بولمىغان يەرلىرىنى بايقىسا، ئۇنى تور بەتلىرىدە ئىنكاس شەكلىدە يېزىپ قويسا. ئەگەر سىز بۇ يازمىنى چىقارغان تور بېتىنىڭ ئادرىسىنى ماڭا ئېلخەت (E-mail) ئارقىلىق (مېنىڭ ئېلخەت ئادرىسىم: erkinsidiq@gmail.com) دەپ بەرسىڭىز، مەن ئۇ تور بېتىگە چۈشكەن ئىنكاسلارنى پات-پات كۆرۈپ تۇرىمەن. دۇنيادا خاتالاشمايدىغان ئىنسان يوق. مېنىڭ يازغان نەرسەمدە ۋە قىلغان ئىشىمدا خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭ بۇنىڭدىن 25 يىل بۇرۇن تۈزگەن «مۇۋەپپەقىيەت تەڭلىمىسى» ئاران 3 تەركىبنى، ۋە يالغۇز قوشۇش بەلگىسىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ قېتىم مەن ئۇلارنى كۆپەيتىپ، 6

تەركىبنى، ھەمدە قوشۇش، ئېلىش ۋە كۆپەيتىش ھېسابلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلدىم. بۇ بىر ئىلگىرىلەشتۇر. بىز ئۆز-ئارا مۇزاكىرە ۋە مۇنازىرە قىلىش، ۋە ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق يۇقىرىقى تەڭلىمىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان، تېخىمۇ مۇكەممەل تەڭلىمە قىلىپ راۋاجلاندۇرالايمىز.مەن ھەممىڭلارنىڭ مۇشۇ جەھەتتە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن. رەھمەت.

# ئۆمۈرلۈك كەسىپنى قانداق تاللاش كېرەك

2007 - يىلى 28 - نويابىر

مەن ئۆزۈمنىڭ «مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېڭى تەڭلىمىسى» دېگەن تېمىدىكى يازمامدا، يەنى مۇشۇ يازمىنىڭ 1 - بۆلۈمىدە، بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنى تىزىپ ۋە چۈشەندۈرۈپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «تالانت»، «ئىقتىدار»، «قىزىقىش»، «ئۆز - ئۆزىنى توغرا تونۇش» دېگەنگە ئوخشاش بىر قىسىم مۇھىم تەركىپلەر بار. تۆۋەندە كۆرىدىغىنىمىزدەك، بۇ تەركىپلەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز كەسىپنى توغرا تاللىشىدا، ھەمدە شۇ ئاساستا ئۆز كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىچىدە بۇ يازمىنىڭ 1 - بۆلۈمىنى تېخى ئوقۇپ باقمىغانلار بولسا، مەن ئۇلارنىڭ ئالدى بىلەن 1 - بۆلۈمنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشىنى سەممىيلىك بىلەن تەشەببۇس قىلىمەن.

http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=14578

ۋەتەندىكى نۇرغۇن قېرىنداشلارنىڭ «مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېڭى تەڭلىمىسى» دىكى ھەممە شەرتلەرنى تولۇق ئورۇنلاش ئىمكانىيىتى يوق. بىر قىسىم كىشىلىرىمىز، مەسىلەن، يېزىدىكى بىر قىسىم ياشلىرىمىز، ئۇ شەرتلەرنى ھازىرلاشتىن مەڭگۈ مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ھەرگىز ئاشۇ كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالماسلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مەن بۇرۇنمۇ ئېيتىپ ئۆتكەندەك، «مۇۋەپپەقىيەت» بىر نىسبىي ئۇقۇم بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا سىزنىڭ بەزى ئىشلاردىكى بىر مۇۋەپپەقىيەتكە قايسى دەرىجىدە ئېرىشكەنلىكىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ باھالىشىغا باغلىق. ئەگەر سىز مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەممە شەرتلىرىنى ھازىرلىيالمىغان بولسىڭىز، كۆزلىگەن نىشانىڭىزغا تولۇق يېتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئۆزىڭىزگە چۇشلۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيسىز. ئەگەر سىز بىر ئىشنى قىلىپ سىناپ باقمىسىڭىز، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئېھتىماللىق نۆل بولىدۇ. شۇڭا،

ئەگەر سىز ئۆز ئۆمرىڭىزنى مەنىلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزمەكچى بولىدىكەنسىز، چوقۇم باشتىن - ئاخىر ئۆز ئىقتىدارىڭىزنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىشقا سېلىپ تىرىشىشىڭىز كېرەك. مەن بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەت تەڭلىمىسىدە ئىشلەتكەن قوشۇش، ئېلىش ۋە كۆپەيتىش بەلگىلىرى مەلۇم دەرىجىدىكى ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە، لېكىن ئۇ ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش بەلگىلىرى ئۇ تەڭلىمىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى «مۇۋەپپەقىيەت = كۆزلىگەن بىر نىشانغا يېتىش» دېگەندىن ئىبارەت ئېنىقلىما، ھەمدە مۇۋەپپەقىيەت تەڭلىمىسىدىكى تەركىپلەر، شۇنداقلا ئاشۇ تەركىپلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان چۈشەندۈرۈشلەردىن ئىبارەت. سىزدە نېمە باركەن، نېمە كەم ئىكەن، شۇنى بىر ئېنىقلاپ بېقىش، ھەمدە شۇ ئاساستا ئۆزىڭىز بۇنىڭدىن كېيىن قايسى جەھەتلەردە تىرىشسىڭىز بولىدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىش ھەممىدىن مۇھىم. مېنىڭچە ئۇ تەڭلىمىنىڭ ئەڭ چوڭ قىممىتى مۇشۇ جەھەتتە بولۇشى مۇمكىن.

مەن بۇ يازمامنىڭ بېشىدا ئەسكەرتىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرگەن يەنە بىر ئىش بار. تورداشلارنىڭمۇ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، مەن ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان بىر ئىنژېنېر بولۇپ، بىرەر ئىجتىمائىي پەننىڭ مۇتەخەسسىسى ئەمەس. مېنىڭ ماقالىلىرىمنىڭ ھېچ قايسىسى ئۆزۈم ئېلىپ بارغان بىرەر ئىلمىي تەتقىقات ئاساسىدا يېزىلغان ئەمەس. مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشىنىشىنى، مېنىڭ يازمىلىرىمغا پەقەت بىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى ياكى تەكلىپ قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭدىن جانلىق پايدىلىنىشىنى سورايمەن. مېنىڭ يازغانلىرىم ھەممە ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا، ياكى بىر ئادەمنىڭ ھەممە ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن مەن ئۇنىڭ نۇرغۇن ياشلارغا بەلگىلىك پايدىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن تۆۋەندە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئۆز كەسپىنى قانداق تاللىشى كېرەكلىكى ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. بۇنداق قىلىشىمدىكى مەقسەت، ئوقۇرمەنلەردە كېيىنكى مەزمۇنلارنى ئەسلى مەنىسى بويىچە توغرا چۈشىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ئاساس يارىتىشتۇر.

## ئامېرىكىنىڭ كەسىپ ۋە كەسىپ تاللاش جەھەتتىكى ئەھۋالى

ھايات باسقۇچىغا قاراپ تۇرۇپ، كەسىپنى مۇنداق 2 تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرسى مەكتەپتىكى كەسىپ. يەنە بىرسى خىزمەتتىكى كەسىپ. گەرچە ئۇيغۇرچىدا بۇ نەرسىنىڭ ھەر ئىككىلىسى «كەسىپ» دەپ ئاتىلىدىغان بولسىمۇ، ئىنگلىزچىدا ئۇلارنىڭ ئاتالغۇسى بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. يەنى، مەكتەپتىكى كەسىپ «major» دەپ ئاتىلىدۇ. خىزمەتتىكى كەسىپ ئۈچۈن بولسا « career, profession, occupation, vocation» دېگەن ئاتالغۇلار ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە بىر خىزمەت كەسپىنىڭ ئىچىدە بىر قانچە خىزمەت ساھەلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، داۋالاش كەسپىنىڭ ئىچىدە كېسەل كۆرىدىغان دوختۇر، چىش دوختۇرى، سېسترا، جىسمانىي جەھەتتە چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق ئادەم داۋالاش (ئىنگلىزچە « physical therapist») كەسپى، دوختۇرخانا تەجرىبىخانىسىدىكى تېخنىك، مال دوختۇرى، ۋە دورىگەرچىلىك دېگەنگە ئوخشاش كەسپىي ساھەلەر بار.

مەن تا ھازىرغىچە بىر ئادەم ئۆزى ئۈمىد قىلغان كەسىپنى ئوقۇش، ئاشۇ كەسىپتە خىزمەت تېپىش، ۋە بىر كەسىپتىن يەنە بىر كەسىپكە يۆتكىلىش جەھەتتە جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. بۇ قېتىم مۇشۇ يازمىنى تەييارلاش ئۈچۈن بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىر ئاز ئويلىنىپ ۋە ئىزدىنىپ، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭلۇقىغا ھەيران قالدىم. ئوقۇرمەنلەر جۇڭگونىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىدۇ. شۇڭا مەن بۇ يەردە پەقەت ئامېرىكىنىڭ ئەھۋالىنىلا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

ئامېرىكىدا ھەر بىر ياش - ئۆسمۈرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىر كەسىپ تاللاش ئىشىغا ياردەم قىلىدىغان بىر مۇنتىزىم قۇرۇلما بار. تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەت تاپماقچى بولغانلارغا، ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماقچى بولغانلارغا كەسىپ تاللاش جەھەتتە مەسلىھەت بېرىدىغان «كەسىپ مەسلىھەتچىسى» بار. بۇ كىشىلەر كەم دېگەندە ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن، پسىخولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ژۇرنالىزم ياكى جەمئىيەت ئىلمى دېگەندەك كەسىپلەردە ئوقۇغان بولىدۇ. كۆپىنچىلىرى خىزمەتكە چۈشكەندىن

كېيىن ياش ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان مەسلىھەتچىلىك كەسپى توغرىسىدا باشقىدىن مەخسۇس تەربىيىلەنگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار مەسلىھەتچىلىك ساھەسىدىكى كەسىپ ئەھلىلىرىدۇر. ئۇلار ئىنگلىزچە «career counselor» ياكى «career advisor» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە بىرەر يىل قالغان ۋاقىتتىن باشلاپ، ئوقۇغۇچىلار بۇ «كەسىپ مەسلىھەتچىسى» بىلەن بىر قانچە قېتىم كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ كەسىپ نىشانىسى ۋە كەسپىي قىزىقىشىنى ئۇ كىشى بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا خىزمەتكە چىقماقچى بولغانلار ئۆزىگە لايىق كەسىپنى بېكىتىدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماقچى بولغانلار كەلگۈسىدە خىزمەت كەسپى ئۈچۈن قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلالىشى ئۈچۈن قايسى كەسىپتە ئوقۇسا بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ، شۇ ئارقىلىق ئوقۇماقچى بولغان ئالىي مەكتەپ كەسپىنى بېكىتىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، بۇ ئىشلار مۇتلەق ئەمەس. كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئۆز ئالدىغا ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بېكىتىپ بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن قىلچىمۇ تەۋرىمەيدىغان ياشلارمۇ كۆپ.

كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن بىر كەسىپنى تاللاپ بولغان بولىدۇ. ھەمدە ئۆزى تاللىغان كەسىپكە ئوقۇشقا كىرىدۇ. لېكىن، ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەر بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسىپ تاللىماي تۇرۇپلا بىر ئالىي مەكتەپكە كىرىشىگە يول قويىدۇ. بۇنداق ئوقۇغۇچىلار «كەسىپنى بېكىتمىگەن ئوقۇغۇچىلار» (ئىنگلىزچە «undecided students») دەپ ئاتىلىدۇ. ئېلان قىلىنغان بەزى مۆلچەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدىكى يېڭى مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى مۇشۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى 20 پىرسەنتتىن 50 پىرسەنتكىچە ئىكەن. بۇ ئوقۇغۇچىلار دەسلەپكى بىر يىل ئىچىدە ئۆزى قىزىقىدىغان 4ـ5 تەك كەسىپلەرنىڭ ھەر بىرسىدىن بىردىن دەرس تاللاپ ئوقۇپ بېقىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قايسىسىغا ئەڭ قىزىقىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ، ئاندىن بىر كەسىپنى تاللايدۇ.

مەن يۇقىرىدا تەسۋىرلىگەن «مەكتەپ كەسپى» نىڭ ئىنگلىزچە سۆزى «major» نىڭ ئەسلى مەنىسى «ئاساسىي كەسىپ» بولۇپ، ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە يەنە «قوشۇمچە كەسىپ» مۇ بار. بۇنى ئىنگلىزچىدا «minor» دەپ ئاتايدۇ. يەنى، سىز بىر ئالىي مەكتەپتە بىر كەسىپنى ئاساسىي

كەسىپ، يەنە بىر كەسىپنى قوشۇمچە كەسىپ قىلىپ ئوقۇپ، ئىككى كەسىپتىن تەڭلا باكالاۋر ئۇنۋانى ئالىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنى ئامېرىكىدا «قوش كەسىپلىك» (ئىنگلىزچە «double - majored») ئوقۇغۇچىلار دەپ ئاتايدۇ. ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىل ئىچىدە ئوقۇيدىغىنى ئاساسەن ئومۇمىي كەسىپ بولۇپ، ئوخشىمىغان كەسىپلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 2 يىللىق دەرسلا ئوخشىمايدۇ. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار 5 يىل ئىچىدە 2 كەسىپتىن باكالاۋر ئۇنۋانى ئېلىپ بولالايدۇ. بۇ 2 كەسىپ بىر - بىرىگە يېقىن كەلمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. يەنى سىز ئاساسلىق كەسىپ ئۈچۈن فىزىكا ئوقۇپ، قوشۇمچە كەسىپ ئۈچۈن تارىخ ئوقۇسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، سىز بىر ئالىي مەكتەپكە كەسىپ تاللاپ بولۇپ كىرىپ، بىرەر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇرۇن تاللىغان كەسىپىڭىزنى ياخشى كۆرمەي، باشقا بىر كەسىپكە ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز، ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەر بۇنىڭغىمۇ پۈتۈنلەي يول قويىدۇ. ئېلان قىلىنغان بەزى مۆلچەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدا بىر ئالىي مەكتەپكە كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئەڭ كامىدا بىر قېتىم كەسىپ ئۆزگەرتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى 50 پىرسەنتتىن 70 پىرسەنتكىچە بولغان ئارىلىقتا ئىكەن.

ھەر بىر ئالىي مەكتەپتىمۇ بىردىن «كەسىپ مەركىزى» (ئىنگلىزچە «career center») بار بولۇپ، ئۇ يەردە ئىشلەيدىغان مەخسۇس خادىم بار. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى كەسىپ تاللاش ياكى ئۆزگەرتىش ئىشىدا مەسلىگە يولۇققانلارغا مەسلىھەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ بېرىش. شۇنداقلا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا خىزمەت تېپىش جەھەتتە ياردەمدە بولۇش. يېڭى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئېھتىياجى بار شىركەت ۋە ئىدارىلەر ئۆزلىرىگە قانداق ئادەم كېرەكلىكى توغرىسىدا مەخسۇس ئۇچۇر تەييارلاپ، ئاشۇ ئۇچۇرلارنى مۇشۇنداق «كەسىپ مەركىزى» گە ماڭدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ مەركەزلەر بولسا بۇنداق خىزمەتلەرنى تورگە ئايرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن رەتلىك ساقلايدۇ. ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەتكە ئىلتىماس قىلغاندىكى ئىلتىماس جەدۋىلىنى تولدۇرۇش ئىشىغا، ھەمدە ئۆز - ئۆزىنى تونۇشتۇرىدىغان «قىسقىچە تەرجىمىھالى» (ئىنگلىزچە «Resume») نى تەييارلاشقىمۇ ياردەملىشىپ بېرىدۇ.

ئامېرىكىدا «ئۆمۈرلۈك كەسىپ» دېگەن نەرسە ئاساسەن مەۋجۇد ئەمەس. پۈتۈن ئۆمرىنى پەقەت بىرلا ئىدارە ياكى بىرلا شىركەتتە ئىشلەپ ئۆتكۈزىدىغانلار ئىنتايىن ئاز سانلىق ئىگىلەيدۇ. يېقىنقى بىر ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدا ھازىر ھەر بىر ئادەم پۈتۈن ھاياتى جەريانىدا ئۆز كەسپىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5-6 قېتىم ئۆزگەرتىدىكەن. ئايالىمنىڭ شىركىتىدە ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ كەسپىنى پۈتتۈرگەن، بۇ شىركەتتە بولسا يۇمشاق دېتال بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر كىشى بار ئىدى. دېمەك، ئامېرىكىدا مۇشۇنداق ئوقۇغان كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپى بىر - بىرىگە يېقىن كەلمەيدىغان ئىشلارمۇ خېلى كۆپ بار.

يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز مۇنداق بىر قانچە نەرسىنى چۈشىنىۋالالايمىز: 1) كەسىپ تاللاش بىر ئىنتايىن مۇرەككەپ جەريان بولۇپ، ئۇنى ياخشى ئېلىپ بېرىش بىر ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە نۇرغۇن ۋاقىت بىلەن نۇرغۇن ئەمگەك تەلەپ قىلىدۇ. 2) كەسپنى توغرا تاللاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆز - ئۆزىنى توغرا بايقاش كېرەك. تۆۋەندە مەن ئەمدى ئەسلى مەزمۇننى باشلايمەن.

مېنىڭ بۇ يازمىنى تەييارلاشتىكى مەقسىتىم، ھەر بىر ياشقا ئۆزىگە لايىق بىردىن كەسىپ تاللاپ بېرىش ئەمەس. مېنىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتىم، ھەر بىر ياشنى ئۆزى ئۈچۈن بىر مۇۋاپىق كەسىپ تاللاش ئۈچۈن نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى، قايسى قەدەم - باسقۇچلارنى بېسىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى زۆرۈر بىلىملەر بىلەن تەمىنلەش. مەن گەپنى ئەمدى كەسىپلەرنى بىر قانچە كاتېگورىيىگە ئايرىشتىن باشلايمەن. سىز بۇ كاتېگورىيىلەرنى ئوبدان چۈشەنسىڭىز، ئۆزىڭىز ئۈچۈن قايسىسى ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز. ئاندىن ئاشۇ سىز مۇھىم دەپ قارىغان كەسىپلەر ئىچىدىن بىرنى تاللىيالايسىز. مەن ھازىر تەسۋىرلىمەكچى بولغان كەسىپ «مەكتەپ كەسپى» بولۇشىمۇ مۇمكىن، «خىزمەت كەسپى» بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنى ئۇلارنى ھەر 2 خىل كەسىپكە تەتبىقلاشقا بولىدۇ.

### 1. سىز ئەڭ قىزىقىدىغان كەسىپ

ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ئەڭ قىزىقىدىغان كەسىپىدىن بىر ياكى بىر

قانچىسى بولىدۇ. سىز مەلۇم بىر كەسىپنىڭ سىز چەكسىز قىزىقىدىغان كەسىپ ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، مۇنداق ئويلاپ بېقىڭ: سىز ئاشۇ كەسىپ بىلەن كىرىمسىز شۇغۇللىنىشنى خالامسىز؟ ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ ئېغىر مەسىلە ئۆزلىرى ئۈچۈن كىرىم قىلىپ جان باقىدىغان بىر خىزمەتنىڭ يوقلۇقى. شۇڭا مۇتلەق كۆپ ياشلارنىڭ ھەقسىز قىلىشنى خالايدىغان كەسپى بولماسلىقى ئېنىق. لېكىن، بۇ يەردىكى سىناقنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنى باي، باشقا كىرىمگە ئېھتىياجلىق ئەمەس، دەپ ئويلىشىڭىز كېرەك. سىز ئاشۇ دەرىجىدە قىزىقىدىغان كەسىپتىن قايسىلىرى بار ئىكەن؟ بۇنى بىر تىزىپ بېقىڭ. بولسا ئاشۇنداق كەسىپتىن 10 نى تېپىپ، بىر قەغەزگە تىزىپ چىقىڭ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىز ئىنتايىن ھۇزۇرلىنىدىغان بىر خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، خىزمەت جەھەتتە ئۆمۈر بويى خۇشال ئۆتەي دېسىڭىز، مۇشۇ كاتېگورىيىدىكى بىر كەسىپكە كىرىشكە پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن تىرىشىڭ.

## 2. سىز ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان كەسىپ

ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس تالانتى ۋە ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان ئىشلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر دەرسنى ئىنتايىن ياخشى ئۆتەلەيدۇ. بەزىلەر باللارنى ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەيدۇ. بەزىلەر باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىغا باي بولىدۇ. بەزىلەر ناخشىنى ياخشى ئېيتالايدۇ. يەنە بەزىلەر سازنى ياخشى چالالايدۇ. مانا بۇلار ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان كەسپلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەمنىڭ بەزى ئىقتىدارى تۇغما بولىدۇ. مەن بۇنى ئالدىنقى يازمامدا «تالانت»، دەپ ئاتىدىم. ئادەمنىڭ بەزى ئىقتىدارلىرى بولسا كېيىن يېتىلدۈرۈلگەن بولىدۇ. ھازىرقى مەزمۇنغا تەتبىقلىغاندا، بۇنداق ئىقتىدار بىر ئادەمنىڭ نورمال مەنىدىكى ئۆزىگە خاس ئىقتىدارى، ھۈنىرى، ۋە بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز، سىزمۇ ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان كەسىپتىن 10 نى تېپىپ، ئۇلارنى يۇقىرىقى قەغەزگە تىزىپ بېقىڭ. ئەگەر سىز تۇغما تالانتىڭىز، بارلىق ئىقتىدارىڭىز ۋە يوشۇرۇن كۈچىڭىزنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، شۇ ئاساستا ئوقۇش ۋە

خىزمەت جەھەتتە ئادەتتىن تاشقىرى نەتىجىلەرنى يارىتاي دېسىڭىز، مۇشۇ كاتېگورىيىدىكى بىر كەسىپكە كىرىشكە پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن تىرىشىڭ.

## 3. سىز ئۈچۈن ئەڭ قىممىتى بار كەسىپ

ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىممىتى ئەڭ يۇقىرى كەسىپتىن بىرسى ياكى بىر قانچىسى بولىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگودىكى داڭلىق ئەرباب لۇشۈننى ئالساق، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى قىزىقىدىغان كەسپى دوختۇرلۇق بولۇپ، ياپونىيىگە ئاشۇ كەسپىنى ئوقۇش ئۈچۈن بارغان. كېيىن، ئەينى ۋاقىتتىكى قىممىتى ئەڭ چوڭ ئىش قەلەم ئارقىلىق جۇڭگولۇقلارنى ئويغىتىشتىن ئىبارەت ئىكەن، دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى كەسپىنى تاشلاپ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مەشھۇر ئۇستازىمىز ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى خىمىيە كەسپىنى تاشلاپ، ئۇيغۇر پەلسەپە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ خىمىيىگە قارىغاندا پەلسەپىنىڭ قىممىتى يۇقىرى، دەپ قارىغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ تونۇشلىرىم ئىچىدە، پەقەت قىممەت نۇقتىسىدا تۇرۇپلا ئۇيغۇر تارىخى كەسپىنى تاللىغان، گۈزەللىك ئىلمى كەسپىنى تاللىغان، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى تاللىغان، تېببي پەن كەسپىنى تاللىغان، ئەدەبىيات كەسپىنى تاللىغان ۋە خەلقئارا سىياسەت، ژۇرنالىزم ياكى ئادۋوكاتلىق كەسپىنى تاللىغانلار بار. مەن تېخى بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر تونۇشۇم بىلەن توردا پاراڭلىشىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يادرو فىزىكىسى كەسپىنى تاللىغىنىنى سورىسام، ئۇنىڭ بۇ قارارى پۈتۈنلەي ئاشۇ كەسپىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدىكى قىممىتى ئاساسىدا بولغانلىقىنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويدى. تاكى ھازىرغىچە مېنىڭ بىر قىسىم يېقىنلىرىم «ئەگەر سەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەمۇرىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش يولىنى تاللىغان بولساڭ، ھازىر سەن خېلى يۇقىرىغا ئۆسۈپ كەتكەن بولاتتىڭ» ، دەيدۇ. مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇن بىر يىلدىن ئارتۇق ئويلانغان ئىدىم. مەندە ئادالەتسىزلىككە، ھەققانىيەتسىزلىككە، تەڭسىزلىككە ۋە كەمسىتىشكە دەھشەت ئۆچ بىر مىجەز بار. مەن ئۇنداق ئىشلارغا ئازراقمۇ چىداپ تۇرالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلۈمدە ئويلىغاننى ۋە ھېسسىياتىمنى يوشۇرالماي، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى

چىرايىم ئارقىلىق نامايان قىلىپ تۇرىدىغان خاراكتېرىممۇ بار. ئەگەر مەن ئۆز پرىنسىپىم ۋە ئۆز مىجەز - خاراكتېرىم بويىچە «ياخشى باشلىق» بولغان بولسام، مېنىڭ باشلىقلىقىمنىڭ ئۆمرى ئانچە ئۇزۇنغا بارمايتتى. ئۆز پرىنسىپى ۋە ۋىجدانى بويىچە ئىش قىلالمايدىغان باشلىق بولۇپ، ھوقۇقىنى ئۆز لايىقىدا ئىشلىتەلمەي ياشىغان ھاياتنىڭ مەن ئۈچۈن ھېچ بىر قىممىتى يوق بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىغاندا مېنىڭ ئۆز كەسپىم جىق قەدىرلىك ئىدى. شۇڭا مەن مەمۇرى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش يولىدىن شۇ ۋاقىتتىلا ۋاز كەچكەن ئىدىم.

ماڭا ھازىر خەت يازىدىغان ياشلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇپ، كەلگۈسىدە ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن بىر قىممىتى بار ئادەم بولۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئىزھار قىلىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ. دېمەك، بەزى كىشىلەر ئۈچۈن پۇل - بايلىق، بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىزىقىشى، يەنە بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تالانتى ئەڭ مۇھىم بولغىنىغا ئوخشاش، بەزى كىشىلەر ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ قىممىتى ئەڭ مۇھىم. شۇڭلاشقا «قىممەت» مۇ بىر كەسىپ تاللاشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرسى بولۇشى كېرەك. بۇنداق كەسىپنىڭ قىممىتى ئۆز ئائىلىسى، ئۆز يۇرتى، ئۆز مىللىتى ياكى ئۆز ۋەتىنى قاتارلىق ئوخشىمىغان دائىرە ئىچىدە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قىممىتى يۇقىرى كەسىپ ئىنتايىن كۆپ. ھازىر بىزدە كەم كەسىپلەرنىڭ ھەممىسى ۋە ھازىر بىزدىكى بوش ئورۇننىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك كەسىپ بولالايدۇ. بۇنداق كەسىپنى ئۆگىنىۋېلىپ تېپىش ۋە توغرا تاللاشنىڭ بىردىن - بىر ئالدىنقى شەرتى، ئۆز مىللىتىنىڭ پۈتۈن تارىخىدىن خەۋەردار بولۇش، ھەمدە ئۆزىنىڭ بۈگۈنىنى مۇكەممەل چۈشىنىدىغان بولۇشتۇر. ئەگەر سىزگە نىسبەتەن مىللەت ئۈچۈن قىممىتى يۇقىرى كەسىپ ئەڭ مۇھىم بولسا، سىز ئۆز - ئۆزىڭىزدىن: «مەن قايسى ساھەدە مىللەتنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشتا بەلگىلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايمەن؟» دەپ قايتا - قايتا سوراڭ. ھەمدە ئاشۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن بىر مەزگىل ئىزدىنىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، سىز چوقۇم ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلىدىغان كەسپىڭىز بىرنى تاپالايسىز.

ئەگەر خالىسىڭىز، ئۆزىڭىز قىممىتى ئەڭ يۇقىرى دەپ قارىغان كەسپىڭىز 10 نى تېپىپ، ئۇلارنى يۇقىرىقى قەغەزگە تىزىپ بېقىڭ. ئەگەر سىز ئۆز ئۆمرىڭىزنى باشقىلار ئۈچۈن قىممىتى يۇقىرى بولغان بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكۈزۈپ، شۇ ئاساستا تارىخقا يېزىلاي دېسىڭىز، مۇشۇ

كاتېگورىيىدىكى بىر كەسىپكە كىرىشكە پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن تىرىشىڭ.

## 4. چوقۇم باي بولغىلى بولىدىغان كەسىپ

ئامېرىكىدا «ئادۋوكاتلىق» بىلەن «(كېسەل داۋالايدىغان) دوختۇرلۇق» تىن ئىبارەت 2 كەسىپ چوقۇم باي بولغىلى بولىدىغان كەسىپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكا دۇنيا بويىچە ئادۋوكات سانىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى نىسبىتى ئەڭ كۆپ بولغان بىر دۆلەت بولۇپ، ئادۋوكاتلار بىلەن دوختۇرلارنىڭ يىللىق كىرىمى باشقا مائاشلىق كەسپلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بۇ ئىككى كەسىپكە كىرىشتىكى شەرتى باشقا كەسىپنىڭكىدىن يۇقىرى، ئوقۇش بەدەل پۇلىمۇ باشقا كەسپلەردىن يۇقىرى بولىدۇ. بۇ 2 كەسىپتە ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ۋاقىت ئەڭ ئۇزۇن كېتىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى، بالىلىرى ئەقىللىق بولغان نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا مۇشۇ 2 كەسىپنىڭ بىرسىدە ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، شۇ كەسىپكە قىزىقىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. مەن ئامېرىكىغا كەلگەن دەسلەپكى 2 يىل ئىچىدە، ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلارغا قوشۇمچە دەرس چۈشەندۈرىدىغان ئىش بىلەن شۇغۇللاندىم. شۇ ئارقىلىق سائىتىگە 12 دوللاردىن پۇل تاپتىم. شۇ چاغدا مەن دەرس چۈشەندۈرگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار پات ئارىدا ئالىي مەكتەپكە كىرمەكچى بولغان، دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئامېرىكىدا ئادۋوكاتلىق بىلەن دوختۇرلۇقتىن قالسا ئەڭ باي بولغىلى بولىدىغان يەنە بىر كەسىپ شىركەت قۇرۇشتىن ئىبارەت. لېكىن، شىركەت قۇرغاندا، بىر ئادەمنىڭ باي بولۇشى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. ئەگەر سىزنىڭ شىركىتىڭىز ئوبدان ماڭسا، سىز ئىنتايىن باي بولۇپ كېتىسىز. ئەگەر شىركىتىڭىز ئوبدان ماڭمىسا، سىز ۋەيران بولىسىز. مەن بۇرۇن ئوقۇغان بىر دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، كالىفورنىيىنىڭ كرېمنىي جىلغىسىدىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلەرنىڭ 1 - قول باشلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مائاشى 280 مىڭ دوللار ئەتراپىدا ئىكەن.

جۇڭگودىكى ھازىر ئەڭ باي بولغىلى بولىدىغان كەسپلەر نېمە؟ مېنىڭ چۈشىنىشىمچە ھازىرقى شارائىتتا باشلىق بولغانلار چوقۇم باي بولالىشى

مۇمكىن. مەن ھازىرچە ئۇنىڭدىن باشقىسىنى بىلمەيدىكەنمەن. باشلىق بولۇشنىمۇ بىر كەسىپ، دەپ ئاتىغىلى بولامدۇ؟ ئۇ توغرىسىدىمۇ بۇ يەردە بىر نەرسە دېگۈم يوق. بۇ يەردىكى قالغان بوشلۇقنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تولدۇرۇۋېلىشىنى سورايمەن.

ئامېرىكىدا بىر ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئادۋوكاتلىق ياكى دوختۇرلۇققا ئوخشاش چوقۇم باي بولغىلى بولىدىغان بىرەر كەسىپتىكى ئوقۇشنى تاماملاپ، بىر رەسمىي كىرىمگە ئېرىشكۈچە 7 يىلدىن 10 يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ ئارىلىقتىكى ھايات ئىنتايىن مۇشەققەتلىك بولۇپ، چىقىمىمۇ بەكلا يۇقىرى. شۇڭا بۇنداق يولنى تاللىغان كىشى چوقۇم ئىدىيە جەھەتتىن تولۇق تەييارلىقى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، مەيلى ئامېرىكا بولسۇن ياكى جۇڭگو بولسۇن، ئەگەر سىز يۇقىرىقى 1-، 2- ياكى 3- كاتېگورىيىدىكى كەسىپتىن بىرنى تاللاپ، ئاشۇ كەسىپنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقالىسىڭىز، يەنى ئۆز كەسپىڭىزدە ئەڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان كىشىلەر قاتارىدا ئورۇن ئالالىسىڭىز، سىز تەبىئىي ھالدا بايمۇ بولالايسىز.

## 5. جەمئىيەت ئېھتىياجى ئەڭ يۇقىرى كەسىپ

بۇنداق كەسىپنى «ئاسان خىزمەت تاپقىلى بولىدىغان كەسىپ» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپ خەت يازغان ياشلار ئىچىدە، مەندىن مۇشۇنداق كەسىپنى سورىغانلارمۇ خېلى كۆپ. 1998- يىلىدىن باشلاپ، ئامېرىكىدا يۇمشاق دېتال شىركىتى قۇرۇش دولقۇنى باشلاندى. ئۇ چاغدا كومپيۇتېر ئىلمى كەسپىدە ئوقۇغان ئادەملەر يېتىشمەي، نۇرغۇن شىركەتلەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان كەسپى كومپيۇتېرغا يېقىنمۇ كەلمەيدىغان، ئەمما كومپيۇتېردىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرى بار كىشىلەرنى ئۆز شىركىتىگە ئىشقا ئېلىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر كەسىپ ئۆزگەرتتى. ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەرمۇ جەمئىيەتنىڭ بۇ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، كومپيۇتېر كەسپىگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى ئۆز ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۆپەيتتى. لېكىن، 2002- يىللىرىغا كەلگەندە، يۇمشاق دېتالنىڭ كەلگۈسىدىكى رولى توغرىسىدىكى نۇرغۇن پەرەزلەر خاتا چىقىپ قېلىپ، يۇمشاق دېتال ياكى «dot-com» شىركەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن

تاقىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن يۇمشاق دېتال كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ۋە مۇشۇ كەسپتە يېڭىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر بىراقلا پاخاللىشىپ، بىر قانچە يىل خىزمەت تېپىشتا ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. 1999 ـ يىلىدىن باشلاپ نۇرلۇق ـ تالا خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى ساھەسىدىكى شىركەتلەر دولقۇنى باشلانغان بولۇپ، ئۇ شىركەتلەرمۇ 2003 ـ يىلىغا كەلگەندە ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. 1999 ـ يىلىدىن تارتىپ يېڭىدىن قۇرۇلغان 3000 دىن ئارتۇق شىركەتلەرنىڭ سانى، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بىر نەچچە يۈزگىلا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە كرېمنىي جىلغىسى ئىچىدىكى شىركەتلەرنىڭ تارتقان ئىقتىسادىي زىيىنى 2.3 تىرىليوندىن ئېشىپ كەتتى. ئۇپتىكا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئىشسىز قېلىپ، خىزمىتىنى ساقلاپ قالغانلارنىڭ يىللىق مائاشىمۇ كەم دېگەندە 20 پىرسەنت چۈشۈرۈلدى. مېنىڭ پەرىزىمچە، ئامېرىكىدا جەمئىيەت ئېھتىياجىغا قاراپ كەسىپ تاللايدىغانلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن.

مېنىڭ يۇقىرىقى نەرسىلەرنى يېزىشىمدىكى مەقسىتىم، «ھازىر ئەڭ ئېھتىياجلىق كەسىپ» بىر دەۋر، بىر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي شەرت ـ شارائىتى، تېخنولوگىيىلىك يۈكسىلىشى ۋە ئەمگەك كۈچى مەنبەسى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر كەسىپ بۈگۈن «ھازىر ئەڭ ئېھتىياجلىق كەسىپ» بولالىغىنى بىلەن، ئەتە ئۇنداق بولالماسلىقى، سىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولغۇچە «ھازىر ئەڭ ئېھتىياجلىق كەسىپ»لىك سالاھىيىتىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا مەن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئۆز كەسپىنى «ھازىر ئەڭ ئېھتىياجلىق كەسىپ» ئىچىدىن تاللىشىنى تەشەببۇس قىلمايمەن. ئەگەر سىز مەن يۇقىرىدا تىزغان 1 ـ ، 2 ـ ۋە 3 ـ كاتېگورىيىدىكى خىزمەتلەردىن بىرنى ياكى ئاشۇلارنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان بىر كەسىپنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، ئاشۇ كەسىپنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەپ چىقالىسىڭىز، سىزنىڭ خىزمەت تاپالىشىڭىز ھەرگىزمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالمايدۇ. سىز ھەر ۋاقىت ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپالايسىز. ئۇنداق قىلماي، جەمئىيەت ئېھتىياجى بويىچە كەسىپ ئۆزگەرتىپلا يۈرسىڭىز، سىزنىڭ ئۆمرىڭىز ئىنتايىن جاپالىق، ئىنتايىن ھارغىنلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.

## 6. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن پايدىلىق كەسىپ

مەن ئەسلىدە بۇ كەسىپنى ئايرىم بىر كاتېگورىيە قىلماسلىقنى ئويلىغان ئىدىم. لېكىن، ماڭا خەت يېزىپ مەسلىھەت سورايدىغانلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق كەسىپ توغرىسىدا سوئال سورايدىغانلار خېلى كۆپ بار. شۇڭا ئۇنى بۇ يەرگە ئايرىم تىزىپ قويدۇم.

چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ياشلار ئىنتايىن كۆپ. ئۇلار دۇچ كېلىدىغان ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقتىن ئىككىسى بار. ئۇنىڭ بىرسى ئىقتىساد. يەنە بىرسى تىل ۋە ۋەتەندىكى تولۇق كۇرستا ئوقۇغان ۋاقتىدىكى ئوقۇش نەتىجىسى. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى يازمىلىرىدا، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى بولغان ھەر بىر ياشنىڭ ۋەتەندىكى تولۇق كۇرس ئوقۇشى جەريانىدا تىل ۋە كەسپىي ئوقۇشتىن ئىبارەت ھەر ئىككى ئىشتا قانداق قىلىپ پۇختا تەييارلىق قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا خېلى كۆپ توختالغان ئىدىم. بۇ يەردە ئۇلارنى تەكرارلىمايمەن. ئۇ مەزمۇنلار تۆۋەندىكى تور بەتلىرىدە بار بولۇپ، مەن چەت ئەلدە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەر بىر ياشنىڭ ئۇلارنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىمەن:

http://www.meripet.com/Sohbet/Erkina11.htm

http://www.meripet.com/Main/QAUyghur2.htm

http://www.Meripet.com/Oqush/Bölüm1.htm

مېنىڭ بۇ يەردە مۇنداق ئىككى ئىشنى تەكىتلەپ قويغۇم بار:

1) ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە تەييارلىقنى پۇختا قىلغان ھەر بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىغا پۇلسىز ئوقۇش پۇرسىتى بار. ئىنگلىزچىدا چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا قاراتقان ئوقۇش ياردەم پۇلىنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى «scholarship» ، يەنى «ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» . يەنە بىرسى «financial aid» ، يەنى ئىقتىسادىي ياردەم پۇلى. ئەگەر سىز تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىسىڭىز، تېخى چەت ئەلگە چىقماي تۇرۇپلا ئاشۇنداق ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشەلەيسىز، ھەمدە 1 ـ يىلىدىن باشلاپلا ئۆيىڭىزدىكىلەردىن ھېچقانداق پۇل سورىماي ئوقۇيالايسىز: (1) ۋەتەندىكى تولۇق كۇرستىكى مەكتەپ كەسپىڭىز توغرا تاللانغان بولۇش. بۇ ھەقتە يۇقىرىقى تور بەتلىرىدە تەپسىلىي ئۈچۈرلار بار. (2) ۋەتەندىكى تولۇق

كۇرستىكى ئوقۇش نەتىجىڭىز ياخشى بولۇش. (3) ئىنگلىز تىلىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن بولۇپ، خەلقئارالىق ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانى بولغان TOEFL دىن 550 تىن يۇقىرى، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئىمتىھانلاردا لاياقەتلىك بولغان بولۇش. بۇ يول ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوچۇق بولۇپ، سىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئاشۇنداق بىر پۇرسەتكە ئېرىشىش ياكى ئېرىشەلمەسلىكىڭىز پۈتۈنلەي ئۆزىڭىزگە باغلىق. يەنى، بۇ ئۆز ئىقتىدارىڭىز ۋە تىرىشچانلىقىڭىزغا تايىنىپ ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر يېڭى پۇرسەت يارىتىش جەريانى. بۇنداق پۇرسەت يارىتىش يولى ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوچۇق. ئاخىرى قانداق بولۇشى پۈتۈنلەي ئۆزىڭىزگە باغلىق. مەسىلەن، مەن تېخى يېقىندا www.meripet.com تور بېتىگە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن شۋېتسىيىگە بېرىپ پۇلسىز ئوقۇش پۇرستى توغرىسىدا بىر ئۇچۇر چىقىرىپ قويدۇم. ئەگەر سىزنىڭ تولۇق كۇرستىكى كەسپىڭىز بىئولوگىيە، فىزىكا ياكى ماتېماتىكا بولۇپ، ئىنگلىز تىلىدىكى كەسپىي كىتابلارنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، ھەمدە ئىنگلىز تىلىدا ئۆتۈلگەن كەسپىي دەرسلەرنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان بولسىڭىز، كېلەر يىلى 9- ئايدىن باشلاپ سىز شۋېتسىيىدە پۇلسىز ماگىستىرلىقتا ئوقۇيالايسىز. بۇ يولنى ئاشۇ دۆلەتكە بېرىپ، ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئاچتى. مەن ئاشۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلماقچى بولغان پروفېسسور بىلەن ئېلخەت ئارقىلىق كۆرۈشتۈم. ھازىر ئۇ پروفېسسور شەرتى توشىدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

2) ئۆزىڭىز مۇستەقىل ئىش كۆرۈش مەسىلىسى. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئىشىدا ھازىر نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار مەندىن ۋە چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان باشقا بىر قانچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن مەسلىھەت سوراۋاتىدۇ. بىزمۇ قولىمىزدىن كېلىشىچە مەسلىھەت بېرىۋاتىمىز. لېكىن، بىزنىڭمۇ پۈتۈن كۈنلۈك خىزمىتىمىز ياكى ئوقۇشىمىز، ھەمدە خەۋەر ئالمىساق بولمايدىغان ئائىلىمىز ۋە پەرزەنتلىرىمىز بار بولغاچقا، بەزىدە يېتىشەلمەي قېلىۋاتىمىز. ھازىر ئىنتېرنېت بەك تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا ئائىت ھەممە ئۇچۇرلارنى ئىنتېرنېتتىن تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مەن www.meripet.com غا چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا ئائىت نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى چىقىرىپ قويدۇم. ئۇنىڭدا بىر خەنزۇچە قوللانمىمۇ بار. بۇ قوللانما ئىنتايىن مۇكەممەل بولۇپ، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى بولغان ھەر بىر ياش ئاشۇ قوللانمىنى ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرلىكتە بىر قېتىم ئوقۇپ باقسا،

ئۇنىڭ زور پايدىسى بولىدۇ. ئاڭلىسام بېيجىڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى كىتابخانىلاردا كىتاب قىلىپ سېتىلىۋاتقان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش قوللانمىسىدىنمۇ بىر قانچىسى بار ئىكەن. بۇ كىتابلاردا نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاقلار خۇلاسىلەنگەن بولۇپ، ئەگەر سىزنىڭ چەتكە چىقىپ ئوقۇش ئىستىكىڭىز راست بولسا، سىزدە مۇشۇنداق كىتابتىن كەم دېگەندە بىرسى بولۇشى كېرەك. ئەگەر سىزدە ئۇنداق كىتابنى تېپىپ سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىڭىز بولمىسا، www.meripet.com دىكى قوللانمىنى بېسىپ چىقىرىۋېلىپ ئوقۇسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەرىپەت تور بېتىدە ياۋروپادىكى ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىش ئېھتىماللىقى بار مەكتەپلەرنىڭ تىزىملىكى ۋە تور بەت ئادرېسى بار. ئامېرىكىدىكى مەكتەپلەرنى قانداق ئىزدەش ئۇسۇلى بار. ئۇيغۇرلار ئالالايدىغان بەزى ئوقۇش ياردەم پۇلىنىڭ ئۇچۇرلىرى بار. ھەمدە نۇرغۇن سوئال - جاۋابلار بار. مەن ئۇ تور بېتىگە يېڭى ئۇچۇر بولسىلا دەرھال چىقىرىپ تۇرىمەن. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتىن ئىبارەت بىر غايىگە ھەقىقىي تۇردە يەتمەكچى بولغان ھەر بىر ئۇيغۇر ياش ئالدى بىلەن ئىنتېرنېتتىن ئۆزى تولۇق پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. بۇنىڭغا ئاتا - ئانىلارمۇ يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى كېرەك. بۇ سىزگە قويۇلغان ئەڭ ئاددىي بىر تەلەپ. ئەگەر سىز ئىنتېرنېتتىن ئۆزىڭىزگە لازىم ئۇچۇرلارنى تېپىشقا ئېرىنسىپ، ياكى ئۇنداق قىلىش خۇشياقماي، ھەر بىر ئىش توغرىسىدا بىزگە ئېلخەت يازسىڭىز، ياخشى بولمايدۇ. سىز باشقىلارنىمۇ ئويلاپ قويسىڭىز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزنىڭ ئىشىڭىزغا ھەممىدىن بەك كۆيۈنىدىغان كىشى سىز ئۆزىڭىز. شۇڭا سىز ئىمكان قەدەر ھەممە ئىشنى ئۆزىڭىز قىلىشقا تىرىشىشىڭىز كېرەك. بۇ خىل ئىقتىدار چەت ئەلدە پۈت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر ئۆزىڭىز تىرىشىپ بېقىپ، پەقەت ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەر بولسا، بىزگە ئېلخەت يازسىڭىز، بىز قولىمىزدىن كېلىشىچە مەسلىھەتتە بولىمىز.

بەزى ياشلار كەلگۈسىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئاسانراق قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ كەسپى ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى ياكى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ تىلىدىن بىرنى تاللاپ ئوقۇيدۇ. چەت ئەل تىلى ئۇيغۇر دىيارى ياكى جۇڭگودا بىر كەسىپ بولالايدۇ. لېكىن ئۇنى ئاشۇ تىلنى ئىشلىتىدىغان دۆلەتنىڭ ئۆزىدە بىر كەسىپ قىلىپ جان بېقىش ئانچە ئاسان ئەمەس. مەن بىلىدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن يېڭىۋاشتىن باشقا بىر كەسىپنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرى بولدى. شۇڭا ئەگەر سىز كەلگۈسىدە

چەت ئەلدە تۇرۇپ قالماقچى بولسىڭىز، ۋەتەندە ئەڭ ياخشىسى بىر مەخسۇس كەسىپنى ئوقۇڭ. چەت ئەلدە ياشايدىغانلار ئۈچۈن چەت ئەل تىلى بىر قورال بولۇپ، ئۇنى كەسىپ قىلىش ئۈچۈن يەرلىك مىللەتتىن كېلىپ چىققان كىشىلەر بىلەن رىقابەتلىشىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تىل ئوقۇشىدا ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىش ئىنتايىن قىيىن.

## مۇۋاپىق كەسىپ تاللاشنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى

مەن يۇقىرىدىمۇ ئېيتىپ ئۆتكەنىدەك، ئۆزىڭىز رازى بولغۇدەك بىر كەسىپنى تاللاپ چىقىش بىر ئىنتايىن مۇرەككەپ جەريان بولۇپ، ئۇ سىزدىن بىر قانچە يىللىق، ھازىرقى رىياللىققا ماسلاشقان ئىزدىنىش ۋە تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن سىزگە تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى بىر تەكلىپ تەرىقىسىدە سۇنماقچىمەن:

(1) يۇقىرىقى 5 كاتېگورىيىدىن سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ئۈچىنى تاللاڭ. كۆپىنچە كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 1 - ، 2- ۋە 3- نى تاللايدۇ.

(2) ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئاستىغا سىز ئەڭ مۇھىم دەپ ئويلىغان كەسىپلەرنى تىزىپ چىقىڭ. ھەر بىر كاتېگورىيىدىكى كەسىپتىن ئەڭ كۆپ بولغاندا 10، ئەڭ ئاز بولغاندا بەشى بولسۇن.

(3) ھەر بىر كاتېگورىيىدىكى كەسىپ ئىچىدىن، سىز ئەڭ ياقتۇرمايدىغانلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۆچۈرۈپ مېڭىڭ. يەنى، 1 - دىن بىرنى، 2- دىن بىرنى، ئاندىن 3- دىن بىرنى ئۆچۈرۈڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەرياننى يەنە تەكرارلاڭ. مۇشۇنداق قىلىپ ئەڭ ئاخىرىدا ھەر كاتېگورىيىدىن پەقەت بىرلا كەسىپ قالسۇن. شۇنداقتا ئەڭ ئاخىرىدا قولىڭىزدا 3 لا كەسىپ قالغان بولىدۇ.

(4) ئەگەر يۇقىرىقى ئەڭ ئاخىرىغىچە ساقلىنىپ قالغان 3 كەسىپ ئوخشاش بىر كەسىپ بولسا، سىزنىڭ تاللايدىغىنىڭىز ئاشۇ بولسۇن. ئەگەر ئۇ ئۈچى باشقا - باشقا كەسىپ بولسا، سىز ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى بىر كەسىپ تۈزۈپ چىقىڭ. مەسىلەن، سىزنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغان (1- كاتېگورىيىدىكى) كەسىپ ماتېماتىكا، سىز ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان (2- كاتېگورىيىدىكى) كەسىپ باشقىلارغا دەرس ئۆتۈش، سىز ئۈچۈن مىللەتكە ئەڭ قىممىتى بار (3- كاتېگورىيىدىكى) كەسىپ ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئوبدان

تەربىيىلەش بولسۇن. ئۇنداقتا سىز بىر باشلانغۇچ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇڭ. يەنە بىر مىسال: سىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كەسىپ ناخشا ئېيتىش، سىز ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان كەسىپ تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش، سىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مىللەت ئۈچۈن ئەڭ قىممىتى بار ئىش ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا، ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىلىرىنى سىرتقى دۇنياغا تېخىمۇ ياخشى تونۇتۇش بولسۇن. ئەمما سىزنىڭ ئاۋازىڭىز ياخشى ئەمەس بولغاچقا، بىر ناخشىچى بولالمايدىكەنسىز. ئۇنداقتا سىز بىر سەنئەت ئۆمىكىگە خىزمەتكە كىرىپ، سەھنە لايىھىلەش، سەھنە تەييارلاش ۋە سەھنە باشقۇرۇشقا مەسئۇل خادىم بولۇپ ئىشلەڭ. ھەمدە كەلگۈسىدە ئاشۇ ئۆمەككە چوڭ باشلىق بولۇش ئۈچۈن تىرىشىڭ.

نۇرغۇن كىشىلەر ياش ۋاقتىدا 1- ۋە 2- كاتېگورىيىدىكى كەسىپنى بەكرەك ئويلىشىدۇ. يېشىنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ، 3- كاتېگورىيىدىكى كەسىپكە بەكرەك بېرىلىدۇ. ئۇيغۇر دىيارىدا ئۆز ھاياتىنى مۇشۇنداق كەسىپى باسقۇچلار بىلەن ئۆتكۈزگەنلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، مەن ئۇلارنى بىرمۇ - بىر تىزىپ ئولتۇرمايمەن. ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتسام، مېنىڭ JPL دە ھازىر شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىم مەن ئۈچۈن ئەڭ قىزىقارلىق ۋە مەن ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان كەسىپ. مەن ھازىر قوشۇمچە قىلىۋاتقان، ۋەتەندىكى ياشلارغا مەسلىھەت بېرىش، ئۇلارنى مۇشۇنداق يازمىلىرىم ئارقىلىق بىر قىسىم يېڭى ئۇچۇرلار ۋە يېڭى بىلىملەر بىلەن تەمىنلەش، ھەمدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى بولغانلارغا ئازراق ياردەمدە بولۇش بولسا مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممىتى بار، ئۆزۈم ئىنتايىن قىزىقىدىغان ھەمدە ئۇ جەھەتتە مەن ئازراق قابىلىيەتكىمۇ ئىگە بىر ئىش. يەنى، مەن ئۆزۈمنىڭ JPL دىكى خىزمىتى ئارقىلىق تولدۇرالمىغان «مىللەتكە بولغان قىممەت»نى يۇقىرىقىدەك قوشۇمچە ئىشلار بىلەن تولدۇرۇۋاتىمەن.

## ئاتا - ئانىلارنىڭ رولى

مەن يۇقىرىقى كەسىپنىڭ 6 كاتېگورىيىسى ئىچىگە «ئاتا - ئانىڭىز ياخشى كۆرىدىغان كەسىپ» دېگەننى كىرگۈزمىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى، بەزى چاغلاردا ئاتا - ئانا ياكى دوستلار تاللاپ بەرگەن كەسىپكە سىز قىزىقىدىغان

ۋە ئۇنىڭدا سىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغان بولسىمۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنداق تاللىغان كەسىپ سىزنى بەختسىز قىلىپ قويىدۇ. ئادەم ئۆزى تاللىغان يول بىلەن مېڭىپ، بەزى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىمۇ، ئۇ ئۆزى تاللىغان يول بولغاچقا، يامان ئاقىۋەتكە چىداپ، يەنە مەلۇم دەرىجىدە خۇشال ياشاپ كېتىۋېرىدۇ. لېكىن، باشقىلار تاللاپ بەرگەن يول بىلەن مېڭىپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، باشقىلاردىنمۇ قاتتىق رەنجىپ، ئۆز ئىچىدىمۇ قاتتىق ئازابلىنىپ كېتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئېيتقاندا، ئەگەر بىر ئاتا - ئانا بالىسىنى مەلۇم بىر كەسىپنى تاللاشقا مەجبۇرلىسا، ئۇ كەسىپنى بالىسى ئۈچۈن ئۆزى قىلىپ بېرىشى كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە قىممەت قارىشى باشقا مىللەتنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا يۇقىرىقىدەك ئۆلچەمنى ئۇيغۇرلارغا ئەينەن ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن، بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، ھەرگىز ئاتا - ئانىغا پايدىلىق بولۇش - بولماسلىقى بىر كەسىپنى تاللاشنىڭ ئۆلچىمى بولماسلىقى كېرەك. ئۇ كەسىپنى قىلىدىغان كىشى بالا بولغاندىكىن، ئۇ كەسىپ چوقۇم بالىغا پايدىلىق بولۇشى كېرەك. غەربنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئېيتقاندا، بالىنى ساغلام ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىقتىدارلىق قىلىپ چوڭ قىلىش ئاتا - ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن بالا ئاتا - ئانىنىڭ بىر مۈلكىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ. بالا 18 ياشقا كىرگەندىن كېيىن جەمئىيەتنىڭ بىر مۇستەقىل ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئاتا - ئانىنىڭ بالىسى ئۈچۈن چىقىرىلىدىغان ھەممە قارارلارنى ئۆز قولىغا ئېلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشى غەربنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا مېنىڭ بۇنىڭدىن كۆپ بىر نەرسە دېگۈم يوق. لېكىن، مېنىڭ ھەر بىر ئاتا - ئانىدىن ئۈمىد قىلىدىغىنىم، سىز بالىڭىزغا ئۆمۈر - بويى باقىۋەندى بولالمايسىز. كۆپىنچە ۋاقىتتا سىز بالىڭىزدىن بۇرۇن كېتىپ قالىسىز. ئۇنىڭدىن كېيىن بالىڭىز ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالمىسا بولمايدۇ. شۇڭا چوڭ - چوڭ ئىشلارنى (كەسىپ تاللاشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قارار قىلغاندا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ بەختىنى ئەمەس، بالىڭىزنىڭ بەختىنى ئويلاڭ. ئەگەر سىز بالىڭىزنى چوڭ قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن ئېغىر بەدەللەرنى، ياكى ئادەتتىن تاشقىرى بەدەللەرنى تۆلىگەن بولسىڭىز، ئۇ سىز ئۆزىڭىز تاللىغان يول. سىزنى ئۇنداق قىلىشقا بالىڭىز مەجبۇرلىغان ئەمەس. ئەگەر سىز ئۆزىڭىز تۆلىگەن بەدەلنى دەسمايە قىلىپ، ھەممە ئىشتا بالىڭىزدىن سىزنىڭ ئۆز ئىرادىڭىز

بويىچە ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئۇ بىر ئادالەتسىزلىك بولىدۇ.

بىر ئۆسمۈرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا ئاتا - ئانا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايدۇ. بىر قىسىم ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاتا - ئانىسى يېقىندىن ياردەم بېرىدىغان ۋە يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان ئائىلىدە چوڭ بولغان بالىنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇش نەتىجىسىمۇ ياخشى ۋە ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە «كەسىپ مەسلىھەتچىسى» يوق. ئالىي مەكتەپلەردە بولسا «كەسىپ مەركىزى» يوق. شۇنداق بولغاچقا، بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپىلەرنى كۆپىنچە ئەھۋالدا ئاتا - ئانىلار ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ باش تارتسا بولمايدىغان بىر بۇرچى، كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا بالىسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى، نېمە تالانتى ۋە ئالاھىدە ئىقتىدارى بارلىقىنى ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكە تۇردە كۆزىتىش ۋە بايقاش. ھەمدە شۇ ئاساستا بالىسىنى ئۆز ئىقتىدارلىرى ۋە تالانتىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، شۇ ساھەدىكى بىرەر كەسىپكە بولغان قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەش.

بىر خىزمەت كەسىپگە بىر قانچە ئالىي مەكتەپ كەسپى ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنداقلا ئالىي مەكتەپتە ئوخشىمىغان كەسىپتە ئوقۇغان بىر قانچە كىشىلەرمۇ ئوخشاش بىر خىزمەت كەسپىدە ئىشلىيەلەيدۇ. ئەگەر سىزنىڭ بالىڭىز مەلۇم بىر خىزمەت كەسپىگە قىزىقىدىغان بولۇپ، كەلگۈسىدە ئاشۇ كەسىپتە خىزمەت تېپىش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ كەسپىدىن قايسىسىنى تاللىشىنى بىلەلمەي قالسا، سىز ئاشۇ خىزمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەملەردىن بىر - ئىككىنى تېپىپ، بالىڭىزنى شۇلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭ. شۇ ئارقىلىق بالىڭىزغا ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالىي مەكتەپتە قايسى كەسىپتە ئوقۇغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىڭ. ئۇيغۇر دىيارىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك قىلىش ئىمكانىيىتى يوق. مېنىڭ بۇ يەردە تەكلىپ تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويغىنىم پەقەت شۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتى بارلارغا قارىتىلغان.

## بىز قانداق قىلدۇق

مېنىڭ قىزىم دىلنارە باشلانغۇچ 1- سىنىپتا ئوقۇۋاتقاندا، ھېسابقا

ئىنتايىن ئۇستا بولۇپ، ئايالىم جۇڭگونىڭ دەرسلىك كىتابلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ، بۇ 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسىغا 2 ـ ۋە 3 ـ يىللىقنىڭ ھېسابلىرىنى ئىشلىگۈزدى. شۇڭا دىلنارە باشلانغۇچنىڭ دەسلەپكى بىر قانچە يىللىرىنى ھېسابقا ناھايىتى ئۇستا ئوقۇغۇچى قاتارىدا ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ تالانتىنى بايقاش ئۈچۈن، دىلنارە باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقاندا، بىز ئۇنى گىمناستىكىغا بەردۇق. ئۆيگە كونا پىئانىنودىن بىرنى ئېلىپ، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىدىن بىرنى ياللاپ، 3 يىلدەك ۋاقىت پىئانىنو ئۆگەتتۇق. ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆز تەلىپى بويىچە، دىلنارەنى بىر 2 ئايلىق كىنو ئارتىسى يېتىشتۈرىدىغان مەخسۇس كۇرستا ئوقۇتتۇق. دىلنارە ئۆز مەكتىپىدە يەنە مەكتەپ ئۇسسۇل ئەترىتى ۋە مەكتەپ سۇ ئۈزۈش ئەترىتى قاتارلىقلارغىمۇ قاتنىشىپ باقتى. ئۇ 13 ياشقا كىرگەندە ئۆزى ئىزدەپ، مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بالا باقىدىغان ئىشتىن بىرنى تاپتى. شۇ ئىشلىگەنچە قۇشۇمچە ئىشلەشنى زادىلا توختاتماي، ئۆزىنىڭ پارچە ـ پۇرات خەجلەيدىغان پۇلنى ئۆزى ئىشلەپ تېپىپ ماڭدى. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە، ئۇ پۇل مۇئامىلىسىگە خېلى پۇختا بولۇپ قالدى. ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىقتىساد كەسپىگە قىزىقىدىغانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى تولۇق كۇرستا ئىقتىساد (ئىنگلىزچە «finance») نى ئاساسلىق كەسىپ، بوغالتىرلىق (ئىنگلىزچە «accounting») نى قوشۇمچە كەسىپ قىلىپ ئوقۇشنى قارار قىلدى. بىر مەزگىل ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بوغالتىرلىق كەسپىگە ئانچە قىزىقمايدىغانلىقىنى بايقاپ، پەقەت ئىقتىساد كەسپىنىلا ئوقۇش قارارىغا كەلدى. ھازىر ئۇ ئاشۇ كەسپىنى ئوقۇۋاتقان بولۇپ، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ.

مېنىڭ ئوغلۇم دىلشات 1 ـ سىنىپتىن تارتىپ ئالاھىدە ياخشى ئوقۇپ كەلدى. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، ئۇ تېببىي پەن، ئىجتىمائىي پەن، رەسىمچىلىك، تەنتەربىيە ۋە تەشكىللەش قاتارلىق ھەممە جەھەتلەردە تېخىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ دەسلەپتە مېنىڭ تەشەببۇسۇمغا ماقۇل بولۇپ، ئۆزىنى تېببىي پەن ۋە ئىنژېنېرلىق ساھەسىدە بەكرەك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەلگۈسىدە ئاشۇ كەسپىنىڭ بىرسىدە ئوقۇيدىغان بولدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بولسا، مەن ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان، ئامېرىكىدا يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركىتىدىن بىرنى قۇرۇش غايىسى ئۈچۈن تىرىشىدىغان بولدى. شۇڭا ئۇ ئۆزى 2800 دوللارلىق كومپيۇتېردىن بىرنى قۇراشتۇرۇپ، شۇنىڭدىن

كېيىنلا بىر كومپيۇتېر رېمونت قىلىدىغان ۋە كومپيۇتېر ساتىدىغان شىركەتتىن بىرسىگە كىرىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق ئىشلىدى. شۇ جەرياندا ئۇنىڭ بىر تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچى ئامېرىكىدىكى دۇنياغا مەشھۇر دىسنېي باغچىسىنىڭ بىر چوڭ مىلياردېر ئەمەلدارىنىڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسىنىڭ «ياخشى ئوقۇپ، ئادۋۇكات بول» دېگەن گېپىنى ئاڭلىماپتۇ. بالىلارغا ئامراق، ھەمدە بىر ئاددىي لېكىن خۇشال ھاياتنى ياقتۇرىدىغان بولغاچقا، ئوغلۇمنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇئەللىم بولغان ئىكەن. ئۇ كىشى ئىنتايىن ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ھە دېسىلا ئامېرىكا سىياسىتى ۋە خەلقئارا سىياسەت توغرىسىدا بىلىم بېرىپتۇ. ئوغلۇم ئاشۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ تەسىرى بىلەن بىراقلا خەلقئارا سىياسەتكە قىزىقىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر كۈنى مەن بىلەن ئوخشاش گېزىت ئوقۇيدىغان، ئىنتېرنېتتىكى مۇھىم خەۋەرلەرنى بىرنىمۇ قويماي ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدى. ھەمدە كەلگۈسىدە سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە بىر پارلامېنت ئەزاسى بولۇشقا تىرىشىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا ھەتتا: «دادا، ئەگەر مەن ئامېرىكىدا تۇغۇلغان بولسام، كەلگۈسىدە چوقۇم ئامېرىكىغا پرېزىدېنت بولۇشقا تىرىشىپ باقاتتىم»، دېدى (ئامېرىكىغا پرېزىدېنت بولۇش ئۈچۈن، ئۇ كىشى چوقۇم ئامېرىكىدا تۇغۇلغان بولۇشى كېرەك). بۇ يىل 1- ئايدىن باشلاپ ئۇ بىز ئولتۇرۇشلۇق شەھەرنىڭ باشلىقى ئىشخانىسىغا بىر ئوقۇغۇچى خىزمەتچى بولۇپ ئىشقا كىردى. ئۇ يەردە تېلېفون ئېلىش، ھۆججەت - ماتېرىياللارنى باشقۇرۇشتىن سىرت، ئۇ يەنە بەزى مۇھىم يىغىنلارغىمۇ قاتناشتى. ھەر كۈنى بىر خىل كىيىم كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، ئۆزىمۇ خۇددى بىر باشلىقتەك ئىشقا بېرىپ يۈردى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ قولىدا ئىشلەشنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، بىر گۇرۇپپا ئادەمنى باشقۇرۇپ ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايقىدى. قارارى پۈتۈنلەي پىشمىغان بولغاچقا، ئۇ ئالىي مەكتەپ كەسپىنى تاللىغاندا، دەسلەپتە پۈتۈنلەي كومپيۇتېر ئىنژېنېرلىقى كەسپىنى تاللىدى. كېيىن سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، پارلامېنت ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن، بىرەر ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇسا ياخشى بولىدىكەن، دەپ ئاڭلاپ، ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا داڭلىق بولغان «غەربىي نۇقتا» تىكى «ئامېرىكا ھەربىي ئىشلار ئاكادېمىيىسى» (ئىنگلىزچە « United States Military Academiy at West

Point») دېگەن مەكتەپكىمۇ ئىلتىماس قىلدى. (بۇ مەكتەپ ئامېرىكا ۋە دۇنيا بويىچىمۇ ئەڭ داڭلىق ھەربىي مەكتەپ بولۇپ، ئامېرىكا تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان مەشھۇر گېنېراللار ۋە پرېزىدېنتلار مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان) بۇ مەكتەپكە كىرىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، ئۇ مەكتەپتىن ئادەم كېلىپ، دىلشات بىلەن 3 قېتىم سۆزلەشتى. ئۇنىڭدىن 2 قېتىم تەنتەربىيە تۈرلىرى بويىچە ئىمتىھان ئالدى. دىلشات مەكتەپ يېنىك ئاتلېتىكا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، غەربىي نۇقتىنىڭ ئىمتىھانلىرىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈش ئۈچۈن ھەر كۈنى 19 كىلومېتىر يۈگۈرۈشنى داۋاملاشتۇرغىلى خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، بۇ مەكتەپكە كىرىدىغانلارنى شۇ ئوقۇغۇچى تۇرۇشلۇق رايوننىڭ پارلامېنت ئەزاسى بىۋاستە تاللاپ بەرمىسە بولمايدىكەن. بىزنىڭ رايوندىن ئۇ مەكتەپكە 15 تەك ئوقۇغۇچى ئىلتىماس قىلغان بولۇپ، بىزنىڭ پارلامېنت ئەزاسى ۋە ئۇنىڭ بىر گۇرۇپپا ئادەملىرىنىڭ قاتتىق تاللىشى نەتىجىسىدە، دىلشات ئەڭ ئاخىرى ئۇتۇپ چىقىپ، غەربىي نۇقتا ھەربىي مەكتىپىگىمۇ قوبۇل قىلىندى (تۆۋەندىكى ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش چاقىرىقىغا قاراڭ). 2007- يىلى 18- مارت كۈنى، غەربىي نۇقتىنىڭ لوس ئانژېلس رايونىدىكى مەكتەپداشلار جەمئىيىتىنىڭ بىر يىغىلىشى بولدى. ئۇنىڭغا تەكلىپ بويىچە دىلشات بىلەن ئىككىمىز 100 كىلومېتىر ئارىلىقتا ماشىنا ھەيدەپ باردۇق. بۇ پائالىيەتكە ئىراقتىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن بىر چوڭ گېنېرالمۇ قاتناشتى. بۇ جەمئىيەتنىڭ باشلىقى «سىلەر غەربىي نۇقتىدا ئوقۇساڭلار بىر يېڭى تارىخ يارىتىپلا قالماي، بەلكى ئاشۇ يېڭى تارىخنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالىسىلەر»، دېدى. بۇ پائالىيەت جەريانىدا بىز بۇرۇن ئاشۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ھەربىي ئىچىدە 5 يىل ئىشلەش بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئادەتتىكى كەسىپكە ئالماشقان كىشىلەر، ھازىر باللىرى ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئاتا - ئانىلار، ھازىر ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، ھەمدە دىلشات بىلەن بىر قاتاردا ئاشۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلاشتۇق. شۇ جەرياندا دىلشات ئۇ مەكتەپتە ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلىدىغىنى كەسىپ ئەمەس، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىر كەسىپتىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقىش ئارزۇسى بولغاچقا، بۇ مەكتەپتىن سەل سوۋۇپ قالدى. 2007- يىلى 4- ئايدا، دىلشاتنى قوبۇل قىلغان يەنە بىر مەكتەپ، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بېركېلىي شۆبىسى

لوس ئانژېلس رايونىدىن قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلارغا بىر يىغىلىش قىلدى. ئۇنىڭغا دىلشات، ئامانگۈل ۋە مەن ئۈچىمىز باردۇق. 5 ـ ئايدا شىمالىي كالىفورنىيىدىكى بۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىدە مەكتەپنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىدىن يەنە بىرسى بولدى. بىز ئۇنىڭغىمۇ 500 كىلومېتىر ئارىلىقتا ماشىنا ھەيدەپ باردۇق. شۇنىڭدىن كېيىن دىلشات غەربىي نۇقتىدىن پوتۇنلەي ۋاز كېچىپ، بېركېلىيدىكى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاللىدى. غەربىي نۇقتىدىكى ئوقۇش پوتۇنلەي ھەقسىز بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا دىلشاتقا ھەر ئايدا مىڭ دوللاردىن مائاش بېرەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، ئەگەر دىلشات غەربىي نۇقتىغا بارغان بولسا، ئۇنىڭغا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى يىلىغا 10 مىڭ دوللاردەك ئوقۇش مۇكاپات پۇلىمۇ بېرىدىغان بولغان ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىپ، يىلىغا بىزدىن 30 مىڭ دوللاردەك چىقىم بولىدىغان كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بېركېلىي شۆبىسىنى تاللىدى. ئۇ ھازىر كومپيۇتېر ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە ئوقۇۋاتىدۇ. لېكىن، بىر يىللىق ئوقۇشتىن كېيىن، ئۇ ئۆز كەسپىنى ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىگە ئۆزگەرتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا مىللەتكە بولغان قىممىتى جەھەتتىن غەربىي نۇقتا ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى خېلى كۆپ چۈشەندۈرگەن ئىدىم. لېكىن دىلشات ھازىر ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇسا تېخىمۇ چوڭ قىممەت يارىتالايدىغانلىقىغا ئۆزىنىڭ زور ئىشەنچى بار. بىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزى تاللىغان يولىنى قوللاپ كەلدۇق. دىلشات توغرىسىدا بىلىك تور بېتىدە بىر قىسىم قوشۇمچە ئۇچۇرلار بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئادرېسى:

http://www. Bilik. Cn/bbs/viewthread. Php?tid=13065&extra=page%3D2

## ئاخىرقى سۆز

يېقىنقى بىر قانچە ئاينىڭ مابەينىدە، مەن بىر قىسىم ياشلاردىن ئۆزى ئۈچۈن بىر مۇۋاپىق كەسىپ تاللاش ئىشىدا ياردەم سوراپ يازغان ئېلخەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. بەزىلىرىنىڭ خېتى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇلار خەتلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئارقا كۆرۈنۈشى جەھەتتە ئىمكان قەدەر تولۇق مەلۇمات بېرىشكە تىرىشقان. گەرچە مەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تولۇق چۈشەنسەممۇ، ئۇلارغا پەقەت كەسىپ تاللاشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنىلا دەپ، ئۇلار ئۈچۈن ھەرگىزمۇ كەسىپ تاللاپ بەرمىدىم. مەن ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە

مەسئۇل بولالمىسام، ئۇلارغا كەسىپ تاللاپ بەرسەم ھەرگىزمۇ بولمايتتى. ئاشۇنداق ياشلارغا بىر ئاز پايدىسى بولسۇن، دەپ ئۇشبۇ يازمىنى تەييارلىدىم. تولۇق ئوتتۇرىنى تېخى پۈتتۈرمىگەن بىر ياشقا نىسبەتەن ئۆزى ئۈچۈن بىر مۇۋاپىق كەسىپ تاللاش بىر ناھايىتى قىيىن ئىش. بۇ ئىشنى ياخشى قىلىشتا ئاتا - ئانىلار ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىيالايدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇ ئىشتا ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ھەر بىر ئاتا - ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن ھەر بىر قارارنى ئۆزلىرى چىقىرىپ بەرمەسلىكىنى سورايمەن. ئومۇمىيۈزلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مۇھىم ئىشلاردا ئۆزلىرى قارار چىقىرىش ئىقتىدارى ئىنتايىن تۆۋەن ئىكەن. مەن بۇ ئىشنى ۋەتەندىكى ياشلار بىلەن ئېلخەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىش جەريانىدا ئىنتايىن چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بۇنداق ئەھۋالنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەن بۇرۇنمۇ ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئەگەر سىز بالىڭىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قىلىپ بەرسىڭىز، ئۇ ھەرگىز بالىڭىزغا نىسبەتەن كۆيۈنۈش بولمايدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بالىڭىزغا قىلغان بىر زىيانكەشلىك بولىدۇ. بالىڭىزنى كەلگۈسىدە ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئوبدان ئالالايدىغان بولسۇن دېسىڭىز، بالىڭىز چوڭ بولۇش جەريانىدا ئۇنىڭدا ھەممە ئىشنى مۇستەقىل قىلالايدىغان بىر ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىڭ.




1 ـ رەسىم: ئوغلۇم دىلشات «غەربىي نۇقتىدىكى ئامېرىكا ھەربىي ئىشلار ئاكادېمىيىسى» دىن تاپشۇرۇپ ئالغان ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش چاقىرىقنامىسى.



2ـ رەسىم: ئوغلۇم دىلشاتنى «غەربىي نۇقتىدىكى ئامېرىكا ھەربىي ئىشلار ئاكادېمىيىسى» گە قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن 3 قېتىم كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشكەن ئامېرىكا ھەربىي ئەمەلدارى. بۇ رەسىم 2007ـ يىلى 18ـمارت كۈنى تارتىلغان



3ـ رەسىم: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بېركېلىي شۆبىسىنىڭ ئىچىدە. بۇ رەسىم 2007ـ يىلى 5ـ ئايدا تارتىلغان.

# مەكتەپ ھاياتىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش توغرىسىدا قىسقىچە تەۋسىيە

2008 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

ھۆرمەتلىك «ئۆتمۈشۈم، كەلگۈسىم ۋە كومپيۇتېر» نى يازغان ئۇكام،

مەن سىزنىڭ بۇ يازمىڭىزنى ئۆز ۋاقتىدىلا كۆرۈپ، سىز سورىغان سوئاللارغا ئازراق جاۋاب بېرىپ بېقىشنى ئويلىغان بولساممۇ، قانداق جاۋاب بېرىش ئۈستىدە ئويلىنىپ بولالماي، بۇ ئىشنى سەل ئۇزۇنغا سوزۇۋەتتىم. مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرەي. مېنىڭچە سىز سورىغان سوئاللارنى مۇنداق 3 تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

(1) قانداق قىلغاندا ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغان بولىدۇ؟

(2) ئوكۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بىر ئادەم قانداق قىلغاندا ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان روھىي چۈشكۈنلۈكتىن تېز ۋە ئۈنۈملۈك قۇتۇلۇپ چىقالايدۇ؟

(3) ئۇيغۇرنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

مەن ئۇشبۇ يازمامدا، 1 ـ سوئالغىلا بىر ئاز جاۋاب بېرىپ ئۆتەي. ئۈچىنچى سوئالدا بىر ئىنتايىن سەزگۈر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، مېنىڭچە ئۇنىڭ جاۋابىنى بىلىدىغانلار خېلى كۆپ. مەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى يازمىلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە توختالغان ئىدىم. بىر ئاز نۇقتىلىق توختالغان بىر يازمام http://www.meripet.com/Sohbet/Erkina8.htm دە بار. سىزگە ۋە سىزگە ئوخشاش باشقا ياشلارغا پەقەت مۇنداق بىر مەسلىھەتىم بار: «چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئۆزىڭىز قىلالايدىغان كىچىك ئىشلاردىن باشلاڭ.» (بۇ غەربتىكى بىر داڭلىق ئەربابنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ

ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ.) ئەمدى يۇقىرىقى 2- سوئالغا كەلسەك، مەن ئۇنىڭ جاۋابى توغرىسىدا ئايرىم توختىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. يەنى بىر-ئىككى ئاينىڭ ئىچىدە ئۇ توغرىسىدا بىر ئايرىم يازما تەييارلىشىم مۇمكىن. تۆۋەندە يۇقىرىقى 1- سوئالغا قىسقىچە جاۋاب بېرىپ ئۆتىمەن.

سىزنىڭ ئەمەلىيىتىڭىزدىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك، ئوتتۇرا ياكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ھەر بىر ياش مۇنداق ئىككى يولغا دۇچ كېلىدۇ: (1) ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىش. (2) ئۆزى ئەڭ قىزىقىدىغان ئىشلارنى قىلىش. بۇ يەردىكى «ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار» دېگىنىمىز مەكتەپ ھەر بىر ئوقۇغۇچىدىن تەلەپ قىلغان ئىشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى ئۆتۈلگەن بارلىق دەرسلەرنى پۇختا ئىگىلەپ مېڭىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمدى ئىككىنچى ئىشقا كەلسەك، ئۇنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ئانچە ھاجىتى يوق؛ سىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا كومپيۇتېر بىلىملىرىنى ئىگىلەش سىز ھەممىدىن بەك قىزىقىدىغان ئىشتۇر.
مەكتەپ ھاياتىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزگەن ياشلارنىڭ كىشىلىك خاراكتېرى جەھەتتە مۇنداق ئورتاق ئالاھىدىلىكى بار:

(1) ئۇلار ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا ئۆزلىرى قىلماقچى بولغان ئىشلارنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە توغرا تىزىپ چىقالايدۇ.
(2) ئۇلار ھەر ۋاقىت ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋاقتى بىلەن زېھنىنى ئالدى بىلەن «ئەڭ قىزىقارلىق ئىشلار» ئەمەس، بەلكى «ئەڭ مۇھىم ئىشلار» ئۈچۈن سەرپ قىلالايدۇ. ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ باشقا نۇرغۇن قىزىقىشلىرىدىن ۋاز كېچەلەيدۇ. «ئەڭ مۇھىم ئىشلار» نى قىلىپ ئېشىنغان ۋاقتى بىلەن زېھنىنىلا «ئەڭ قىزىقارلىق ئىشلار» غا سەرپ قىلىدۇ.
(3) ئۇلاردا داۋاملىق قىيىنچىلىققا جەڭ ئېلان قىلىدىغان پوزىتسىيە بولىدۇ. يېڭى شارائىتقا تېز ماسلىشالايدۇ. ھەممە ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىز بىر ئەھۋال ئىچىدىن ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق يېڭى پۇرسەتلەرنى تېپىپ چىقالايدۇ.
يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىم بىر مۇكەممەل تىزىم بولماستىن، ھازىر ئېسىمگە كەلگەن بىر قىسىم خاراكتېرىدىن ئىبارەتتۇر. بۇلاردىن باشقا، «مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېڭى تەگلىمىسى» مۇ ھەر بىر ياشنىڭ مەكتەپ ھاياتىغا

خېلى ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا مۇمكىن بولسا ئۇنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا تىرىشىپ بېقىڭ.

سىزنىڭ ھازىر كومپيۇتېرغا يۈكسەك دەرىجىدە قىزىقىشىڭىز خاتا ئىش ئەمەس. لېكىن، مېنىڭچە سىزنىڭ بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇرۇپ، كومپيۇتېر بىلىمىنى كۆپرەك ئىگىلەش ئۈچۈن قالغان دەرسلەرنى نورمال ئۆزلەشتۈرۈپ مېڭىشقا تەسىر يەتكۈزۈشىڭىز مۇۋاپىق ئەمەس. ئەگەر كەلگۈسىدە چوڭ ئىشلارنى قىلماقچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىزدە چوقۇم يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك ئىقتىدارلارنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىڭ. ئەگەر بىر ئوقۇغۇچى دەرسخانىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئىگىلەپ ماڭماي، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان باشقا بىلىملەرنىلا ئۆگەنسە، ئۇ ھالدا ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي مەكتەپتە تۇرۇشىنىڭ ھېچ بىر ھاجىتى ۋە قىممىتى بولمايدۇ. ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلار تەمىنلىگەن ئىقتىسادىي ياردەم، ھەمدە مەكتەپ ۋە جەمئىيەت ئاجراتقان مەبلەغلەرنىڭ ھەممىسىمۇ ئىسراپ بولىدۇ. ھەر بىر ئوقۇغۇچى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە چوقۇم شۇ مەكتەپتىكى بارلىق شارائىتتىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە پايدىلىنىپ، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى پۇختا ئىگىلەپ مېڭىشقا تىرىشىشى كېرەك. مەن ھازىرغىچە ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە «مەكتەپتە ئۆتۈلگەن دەرسلەر جەمئىيەتكە چىققاندا جانغا ئانچە ئەرز قاتمايدىكەن» دېگەن چۈشەنچىدىكى ياشلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. مېنىڭچە بۇ چۈشەنچە توغرا ئەمەس. مەيلى سىز باكالاۋر، ماگىستىرلىق ياكى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇڭ، مەكتەپ ھەرگىز سىزگە كېرەكسىز دەرسلەرنى ئۆتمەيدۇ. كېرەكلىك بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنىمۇ ئۆگىتىپ بولالمايدۇ. مەكتەپ پەقەت سىزگە بىر قىسىم ئاساسلىق بىلىملەرنى ئۆگىتىپ، شۇ ئارقىلىق سىزنى كەلگۈسىدە يېڭى بىلىملەرنى ئۆزىڭىزگە تايىنىپ ئۆگىنەلەيدىغان، شۇ ئارقىلىق سىز خىزمەت جەريانىدا دۇچ كەلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى ئۆز-ئۆزىڭىزگە تايىنىپ ھەل قىلىدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوقۇغۇچىلار ھەرگىز مەكتەپتە ئۆتۈلگەن ئاساسلىق دەرسلەرگە سەل قارىماسلىقى كېرەك.

مەن سىزنىڭ «بىزنىڭ مەيلى تارىخ جەھەتتە بولسۇن، مەدەنىيەت جەھەتتە بولسۇن، ئىقتىساد ۋە ياكى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن چىقىش يولىمىزنىڭ پەقەت ۋە پەقەت كومپيۇتېردا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم» دېگەن كۆز-قارىشىڭىزغا تولۇق قوشۇلۇپ كەتمەيمەن. ئۇيغۇرلارنىڭ

بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتنىڭ قانداق بولۇشىدا كومپيۇتېر مۇھىم رول ئوينايدىغان ئامىللارنىڭ بىرسى، لېكىن، بىردىن-بىر ئامىل ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ، ئىلىم-پەن، تېخنولوگىيە ۋە ئىگىلىك ئىشلىرى تەكشى تەرەققىي قىلمىسا، ئۇنىڭ كومپيۇتېر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، بەلگىلىك مەكتەپ تەربىيە ئاساسى بولمىغان بىر ئادەمنىڭ كومپيۇتېر ئۆگىنەلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا مىللەتنى تەرەققىي تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى كومپيۇتېرغا بولغان يۈكسەك قىزىقىشىڭىزدىن توغرا پايدىلانسىڭىز، كەلگۈسىدە ئاشۇ ساھەدە ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالايسىز. دۇنيادا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەرگىز بىر ئىشنى سىناپ باققان 1-قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئەمەس. كۆپىنچە ئەھۋالدا كىشىلەر نەچچە قېتىملاپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۆز مەغلۇبىيىتىدىن تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، يېڭى بىلىمگە ئېرىشىپ، قىلىۋاتقان ئىشنى قايتا سىناپ، مۇشۇنداق بىر جەرياننى نۇرغۇن قېتىملاپ تەكرارلاش ئارقىلىق ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. سىزنىڭ «قۇتبىلىك» دەپ كومپيۇتېر خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ باققىنىڭىز بىر ياخشى باشلىنىش بولۇپتۇ. ئەگەر ئىمكانىيىتىڭىز يار بەرسە، بۇ ئىشنى قايتىدىن باشلاڭ. ھەمدە ئۇنى ھەرگىز يېرىم يولدا توختىتىپ قويماڭ. شۇ ئارقىلىق سىز مۇشۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاساسىدا كەلگۈسىدە بىرەر شىركەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشىڭىزمۇ مۇمكىن. مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەكلىپىم مۇنداق:

(1) ئەتراپىڭىزغا ئىقتىدارلىق، ھەمدە ئىدىيىسى بىلەن مىجەز-خاراكتېرى سىزنىڭكى بىلەن ئوبدان ماسلىشالايدىغان ياشلاردىن 5-6 نى توپلاش. ئىدىيىسى بىلەن مىجەز-خاراكتېرى ئۆز-ئارا چىقىشالايدىغان ئادەملەرنى يىغىش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر 10 كىشىلىك بىر گۇرۇپپىنىڭ ئىچىدە مىجەزى قالغانلار بىلەن چىقىشالمايدىغان بىر ئادەم بولسا، ئۇ يالغۇز ئۆزى بۇ گۇرۇپپا ئۈچۈن ھېچ بىر قىممەت يارىتالمايلا قالماي، گۇرۇپپىدىكى قالغانلارنىڭ ئىش ئۈنۈمىگىمۇ زور دەرىجىدە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى بەزىدە ھەتتا پۈتۈن گۇرۇپپىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ.

(2) ئۆز گۇرۇپپىڭىزدىكى ياشلارنى تەشكىللەپ، ئۇيغۇر شىركەت-كارخانا ئىگىلىكلىرى ئۈستىدە بىر تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش. شۇ ئارقىلىق ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەڭ چوڭ كۆلەمگە ئېرىشكەن كەسىپ، شىركەت، كارخانا قاتارلىقلارنى تېپىپ چىقىش. ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ ئۇلارنى دەرىجىگە ئايرىپ چىقىش.

(3) يۇقىرىقى ئىگىلىك ئورگانلىرىدا كومپيۇتېرنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقىش. ھەمدە تېخىچە كومپيۇتېر ئىشلىتىلمىگەن، ئەمما كومپيۇتېر ئىشلىتىلسە ئىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگىلى بولىدىغان شىركەت، كارخانا، ئورگانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېچىدىكى كونكرېت خىزمەت تۈرلىرىنى تېپىپ چىقىش.

(4) گۇرۇپپىدىكى بارلىق ئەزالارنى ئىشقا سېلىپ، ئوخشىمىغان كەسىپ تۈرلىرىگە بىردىن «ئۇچۇر دەپتىرى» (ئىنگلىزچە «Information Booklet») تۈزۈپ چىقىش. بۇ ئۇچۇر دەپتىرىدە ئاشۇ بىر كەسىپ ياكى خىزمەت ئورنىدا قايسى خىلدىكى كومپيۇتېر ۋە يۇمشاق دېتاللاردىن پايدىلانسا بولىدىغانلىقى، ئەگەر شۇنداق قىلسا ئىش ئۈنۈمىنى قانچىلىك ئۆستۈرگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇر بولۇشى كېرەك.

(5) يۇقىرىقى شىركەت، كارخانا قاتارلىقلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ھېلىقى «ئۇچۇر دەپتىرى» نى بېرىپ، ئۇلارنى بۇ يېڭى ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار قىلىش. ئەگەر سىز بۇ گۇرۇپپا ئاساسىدا بىر شىركەت قۇرغان بولسىڭىز، يۇقىرىقى ئورۇنلارنى كومپيۇتېر ۋە يۇمشاق دېتال سېتىۋېلىش، يۇمشاق دېتاللارنى كومپيۇتېرغا قاچىلاش، ئۇلارنىڭ خادىملىرىنى كومپيۇتېرنى قانداق ئىشلىتىش جەھەتتە تەربىيىلەش قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرى بىلەن تەمىن ئەتسىڭىز بولىدۇ. ھەمدە بەزى ئالاھىدە يۇمشاق دېتاللارنى سىزنىڭ شىركىتىڭىز ئىشلەپ بەرسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن «MicroSoft Excel» دە كىچىك كۆلەملىك شىركەتلەرگە زور پايدا يەتكۈزىدىغان نۇرغۇن پروگراممىلارنى تۈزگىلى بولىدۇ. ئۇنداق پروگراممىلارنى ئىشلىتىشمۇ ناھايىتى ئاسان بولۇپ، ئۇلارنى تولۇقسىز ئوتتۇرا

مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەرمۇ ئىشلىتەلەيدۇ. «MicroSoft Excel» نى پۈختا بىلىدىغانلارغا بۇ بىر ئادەتتىكى ئىش. لېكىن ئۇنى بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى قىلىش مۇمكىن ئەمەس. يۇقىرىقى قەدەم-باسقۇچلار ئارقىلىق سىز ئۆز شىركىتىڭىزگە خېرىدارمۇ تاپالايسىز.

مەن ئەسلىدە بۇ جاۋابنى بۇنچىۋالا ئۇزۇن يېزىشنى پىلانلىمىغان ئىدىم. كاللامغا كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىشقا تىرىشىپ ئۇنى بىر ئاز ئۇزۇن قىلىۋەتتىم. ئاخىرىدا مەن ئوقۇرمەنلەرگە مىكروسوفت شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى «Bill Gates» ئامېرىكىدىكى بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سۆزلىگەندە ئوتتۇرىغا قويغان «ھاياتنىڭ 11 قائىدىسى» نى ئىنگلىزچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ سۇندۇم. ئەگەر مېنىڭ تەرجىمەمدە خاتالىق ياكى يېتەرسىزلىكلەر بولسا باشقا تورداشلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن.

## ھاياتنىڭ 11 قائىدىسى

Bill Gates

1. ھايات ئادالەتلىك ئەمەس. ئۇنىڭغا كۆنىگىن.

2. بۇ دۇنيا سىنىڭ ئۆز-ئۆزۈڭگە بولغان ھۆرمىتىڭگە (ياكى غۇرۇرۇڭغا) پەرۋا قىلمايدۇ. بۇ دۇنيا سەندىن ئۆزۈڭگە نىسبەتەن بىر ياخشى ھېسسىياتقا ئىگە بولۇشتىن بۇرۇن بەزى نەتىجىلەرنى يارىتىشىڭنى ئۈمىد قىلىدۇ.

3. سەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا يىلىغا 40 مىڭ دوللار پۇل تاپالمايسەن. سەن بىر شىركەتكە ماشىنىسىدا تېلېفونى بار مۇئاۋىن رەئىسمۇ بولالمايسەن. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەر ئىككىسىنى سەن ئۆزۈڭ قولغا كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك.

4. ئەگەر سەن «مۇئەللىمىم بەك قاتتىق تەلەپ قويىدىكەن» دېسەڭ، سەن بىر شىركەتنىڭ باشلىقىنىڭ قولىدا ئىشلەپ باق. ئۇ باشلىق ھېلىقى ئوقۇتقۇچى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن «سىناق مەزگىلى» نى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمەيدۇ.

5. «ئاشخانىدا ئىشلىسەم غۇرۇرۇمغا تەسىر يېتىدۇ» دېمە. سېنىڭ

بوۋا-مومىلىرىڭ بىر ئاشخانىدا ئىشلەشنى «پۇرسەت» دەپ ئاتايتتى.

6. ئەگەر سەن بىر ئىشنى بۇزۇپ قويساڭ گۇناھ ئاتا-ئاناڭدا ئەمەس. شۇڭا سەن ئۆزۈڭنىڭ خاتالىقلىرى ئۈچۈن غۇدۇرلىماي، ئۇلاردىن ساۋاق ئالغىن.

7. سەن تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئاتا-ئاناڭ سەندىن ھازىرقىدەك زېرىككەن ئەمەس. ئۇلار ھازىر سېنىڭ چىقىمىڭنى كۆتۈرۈپ، كىرلىرىڭنى يۇيۇپ، ھەمدە سېنىڭ ئۆزۈڭ توغرۇلۇق ئاتقان پولىرىڭنى ئاڭلاپ سەندىن ھازىرقىدەك زېرىككەن. شۇڭا سەن ئاتا-ئاناڭ ياشىغان دەۋرنى تەنقىد قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭنىڭ كىيىملىرىدىكى پىت-سىركىلەرنى تازىلىغىن.

8. مەكتىپىڭ غالىبىيەتچى ۋە مەغلۇبىيەتچىلەردىن قۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ھايات ئۇنداقلاردىن تېخى قۇتۇلمىدى. بەزى مەكتەپلەر ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەيدىغان ئىشلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولۇپ، سەن توغرا جاۋابنى قانچە قېتىم سورىساڭ ئۇلار ساڭا شۇنچە قېتىم دەپ بېرىدۇ. لېكىن بۇنداق ئىش رىيال تۇرمۇشتا ئازراقمۇ يوق.

9. ھاياتلىق مەۋسۇمغا بۆلۈنگەن ئەمەس. سېنىڭ يازلىق تەتىلىڭ بولمايدۇ. ساڭا ئۆز-ئۆزۈڭنى توغرا تونۇشقا ياردەملىشىدىغان شىركەتلەرمۇ ئاساسەن مەۋجۇد ئەمەس. بۇ ئىشلارنى ئۆزۈڭنىڭ ۋاقتىدا قىلمىساڭ بولمايدۇ.

10. تېلېۋىزوردىكىسى ھەقىقىي تۇرمۇش ئەمەس. ھەقىقىي تۇرمۇشتا كىشىلەر كافېخانىدىن ئايرىلىپ ئىشقا بارمىسا بولمايدۇ.

11. دۆت كىشىلەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلغىن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇنداقلارنىڭ بىرسىنىڭ قولىدا ئىشلەپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

## The Eleven Rules of Life

*By Bill Gates*

RULE 1: Life is not fair - get used to it.

RULE 2: The world won't care about your self-esteem. The world will expect you to accomplish something BEFORE you feel good about yourself.

RULE 3: You will NOT make 40 thousand dollars a year right out of high school. You won't be a vice president with car phone, until you earn both.
RULE 4: If you think your teacher is tough, wait till you get a boss. He doesn't have tenure.
RULE 5: Flipping burgers is not beneath your dignity. Your grandparents had a different word for burger flipping they called it Opportunity.
RULE 6: If you mess up, it’s not your parents' fault, so don't whine about your mistakes, learn from them.
RULE 7: Before you were born, your parents weren't as boring as they are now. They got that way from paying your bills, cleaning your clothes and listening to you talk about how cool you are. So before you save the rain forest from the parasites of your parent's generation, try delousing the closet in your own room.
RULE 8： Your school may have done away with winners and losers, but life has not. In some schools they have abolished failing grades and they'll give you as many times as you want to get the right answer. This doesn't bear the slightest resemblance to ANYTHING in real life.
RULE 9: Life is not divided into semesters. You don't get summers off and very few employers are interested in helping you find yourself. Do that on your own time.
RULE 10: Television is NOT real life. In real life people actually have to leave the coffee shop and go to jobs.
RULE 11: Be nice to nerds. Chances are you'll end up working for one.

**مەنبەسی:**

http://www.chuckbaldwinlive.com/read_billgates.html

# ئاپتورنىڭ ۋەتەندىكى ياشلارغا يازغان خېتى

قەدىرلىك ئۇيغۇر ئىنىم/سىڭلىم :

تور بېتىمنى زىيارەت قىلغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت. بۇ يەرنى زىيارەت قىلغىنىڭىز سىزنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇش ئارزۇيىڭىز بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پارلاق ئىستىقبالى بولۇشى ئۈچۈن، خەلقىمىز كۆپ ساندىكى سىزدەك شجائەتلىك ياشلارغا موھتاج. سىرتقى دۇنياغا ئۇيغۇر رايونى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىز نۇرغۇنلىغان ئالىي دەرىجىلىك تەربىيە كۆرگەن، خەلقئارادىكى ھەر خىل سەھنىلەردە رىقابەتلىشەلەيدىغان كىشىلەرگە موھتاج. مەن سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزغا يەتكۈچە توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرىمنى يەكۈنلەپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇنداق بىر فورمۇلىسىنى تۈزۈپ چىقتىم:

مۇۋەپپەقىيەت = تالانت + تىرىشچانلىق + پۇرسەت

**تالانت.** تالانتىڭىزنىڭ بىر قىسمى تۇغما بولىدۇ. قالغان قىسمى سىزنىڭ كېيىنكى ھاياتىڭىز جەريانىدا راۋاجلىنىپ يېتىلىدۇ. سىزنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇش ئارزۇيىڭىزنىڭ بارلىقى، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، ھەتتا ئالىي مەكتەپتىمۇ خېلى ياخشى ئوقۇغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭىزدا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالىغۇدەك تالانت بىلەن تۇغۇلغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمدى تالانتنىڭ قالغان قىسمىغا كەلسەك، ئۇنىڭ مۇنداق 3 قىسمى بولىدۇ: 1. يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئەقىل-پاراسەت، 2. بىلىم، 3. تاللىغان يولىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىچە بوشاشماي ماڭالايدىغان قابىلىيەت. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۇنى ئۆز ئىقتىدارىڭىز بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىغا قاراپ،

ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشىش نىشانىسىنى تۇرغۇزۇشىڭىز كېرەك. ھەقىقىي ۋە كەڭ دائىرىلىك بىلىم ئىگىلەپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئالاھىدە تالانتلىرىنى بايقاپ، ئاشۇ تالانتلىرىڭىزنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قىلچە بوشاشماستىن تىرىشىشىڭىز كېرەك.

**تىرىشچانلىق.** تىرىشچانلىق ھەر بىر مۇۋەپپەقىيەتتە كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە. ئەمما تىرىشچانلىقنى ئەمەلىيەتتە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بىلەن كۆرستىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس. بەزى كىشىلەر ھەر كۈنى 16 سائەتتىن كۆپرەك ۋاقتىنى ئىشلەشكە سەرپ قىلسىلا چوقۇم ئۆز نىشانىغا يېتەلەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، ۋاقىتنى مىنۇت بىلەن ھېسابلايدىغان كىشىلەرنىڭ ۋاقتى، ئۇنى سائەت بويىچە ھېسابلايدىغان كىشىلەرگە قارىغاندا 60 ھەسسە كۆپ بولىدۇ. گەرچە ھەر كۈنى ئۆگىنىش ياكى خىزمەت ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت سەرپ قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ ۋاقتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تىرىشچانلىقنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، بىراق ئۇ كۇپايە ئەمەس. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىرىشچانلىقتىن نەتىجە يارىتىش ئۇسۇلغا نىسبەتەن توغرا چۈشەنچە بولۇشنى، ئۆزىنىڭ شەخسىي پرىنسىپ ۋە تۈزۈمى بولۇشنى ۋە كۆپ ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىز خاتالىقىڭىز ۋە بېشىڭىزدىن كەچۈرگەن ئىسسىق-سوغۇقتىن تەجرىبە يەكۈنلەپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. ھەر كۈنى كەچ بولغاندا ئۆزىڭىزدىن: «مەن بۈگۈن نېمىنى قولغا كەلتۈردۈم، نېمىگە ئېرىشتىم؟» دەپ سوراشنى ئۆزىڭىزگە ئادەت قىلىۋېلىشىڭىز كېرەك. شۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىزگە نەتىجە بېرىدىغان ئۈنۈملۈك ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىشىڭىز كېرەك. تىرىشچانلىق توغرا ئۇسۇل بىلەن بىرىككەندىلا ئاندىن كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. ھەرگىز ياخشى ئىشلارنى ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ، دەپ ئويلىماڭ. راۋۇرۇس پىلاندىن بىرنى تۈزۈپ، پىلان تۈزۈلگەن كۈندىن باشلاپ پىلانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئىش باشلاڭ. پىلانىڭىز قانچىلىك ئەمگەك، قانچىلىك تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇ ئاشۇنچىلىك تىرىشچانلىققا ئەرزىمدۇ-يوق، بۇلارنى ئوبدان مۆلچەرلەڭ. ئەگەر ئەرزىسە، دەرھال ئىشقا كىرىشىڭ. بۇ يولدا ھەرگىز بىر كۈننىمۇ ئىسراپ قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ. بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ كۈندىلىك ئادىتى قىلىۋېلىڭ.

**پۇرسەت.** پۇرسەت تەلەيىنمۇ ئۈز ئىچىگە ئالىدۇ. كىشلەر پۇرسەت بىلەن تەلەيىنىڭ ئالدىدا باراۋەر بولمايدۇ. بولۇپمۇ مىللىي كەمستىشنى مەنئى قىلىش قانۇنى بولمىغان دۆلەتتە كىشلەر ئېرىشىدىغان پۇرسەتنىڭ دەرىجىسمۇ ئادەمگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەم پۇرسەتنى يارىتالايدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ تالانتى بىلەن تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئۆزىڭىز ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىشىڭىز كېرەك. بۇ يۇقىرىقىدەك بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقان كىشلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ پۇرسەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىڭىزنى سىياسىي سىستېمىغا ۋە باشقىلارغا دۆڭگىسىڭىز ئۇنىڭ سىز ئۈچۈن ھېچقانداق ئەمەلىي قىممىتى بولمايدۇ. باشقىغا دۆڭگەش مەسىلىڭىزنى ھەل قىلىپ بەرمەيدۇ. سىزدە بىر ئېگىز تاغقا ئۈچرىغاندا ئۇنى يۆتكىۋېتىدىغان، بىر چوڭقۇر ئازگالغا دۇچ كەلگەندە ئۇنى تىندۇرۇۋېتىدىغان غەيرەت ۋە شىجائەت بولۇشى كېرەك. پۇرسەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ۋە سىزنى نىشانىڭىزغا يەتكۈزىدىغان تۈپتۈز، ئاسان يول يوق. سىز ئۆزىڭىزگە پۇرسەت يارىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز نىشانىڭىزغا يېتىپ بارغىچە توختىماي تىرىشچانلىق كۆرستىشىڭىز كېرەك. مېنىڭ بىر تونۇشۇم بېيجىڭدىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا 2 يىلنىڭ ئىچىدە 8 قېتىم بېرىپ، ئاخىرى ئامېرىكىغا كېلىش ۋىزىسىنى ئالدى. ئەگەر سىز تىرىشىپ باقمىسىڭىز، ھەمدە داۋاملىق تىرىشمىسىڭىز، بىرەر مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئېھتىماللىقىڭىز نۆل بولىدۇ.

مەن بۇ تور بېتىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ سىزگە ياردىمى بولۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر سىز بىرەر كەسپتە ماگىستىرلىق ياكى دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرىش يولى بىلەن چەتئەلگە چىقماقچى بولۇپ، بۇ ئىشتا مەسلىھەتكە موھتاج بولسىڭىز، مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە سىزگە مەسلىھەت بېرىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئېلخەت ئادرېسى بويىچە مەن بىلەن ئالاقىلىشىڭ :

erkinsidiq@gmail.com

چەتئەلگە چىقىشتا، بىرەر كەسپىنىڭ ماگىستىرلىق ياكى دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرىشتىن باشقا، يەنە تىل ئۆگىنىش، ساياھەت قىلىش ۋە تۇغقان يوقلاش قاتارلىق يوللىرىمۇ بار. مېنىڭ خىزمەت ۋەزىپەمنىڭ ئېغىرلىقى، ھەر

كۈننى 10 نەچچە سائەت ئىشلىمىسەم بولمىغانلىقى، ۋاقتىمنىڭ ئىنتايىن قىسلىقى سەۋەبىدىن، مەن تىل ئۆگىنىش، ساياھەت قىلىش ۋە تۇغقان يوقلاش يوللىرى بىلەن چەتئەلگە چىقماقچى بولغان ۋەتەنداشلارغا ياردەم قىلالمايمەن. مۇشۇنداق يوللار بىلەن چەتئەلگە چىقماقچى بولۇپ، ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ۋەتەنداشلارنىڭ « ئۇيغۇر ياخۇ (Uyghur Yahoo) گۇرۇپپىسى» غا ئەزا بولۇپ كىرىپ، شۇ گۇرۇپپىدىكى ۋەتەنداشلارغا ئېلخەت يېزىپ، شۇ ئارقىلىق ياردەمگە ئېرىشىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ گۇرۇپپىنىڭ پۈتۈن دۇنيادا ئەزالىرى بار. ۋەتەندىنمۇ ھەم شۇنداق. ئۇنىڭ تور بەت ئادرېسى بىلەن ئېلخەت ئادرېسى تۆۋەندىكىدەك:

ئېلخەت ئادرېسى:

uygurlar@yahoogroups.com

تور بەت ئادرېسى:

http://groups.yahoo.com/group/uygurlar/

مۇشۇ تور بېتىنىڭ Uyghur Scholars Directory دېگەن سەھىپىسىدە چەت ئەلدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى، كەسپى، ۋە ئالاقىلىشىش E-mail ئادرېسى بار. بەزىلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالىمۇ بار. سىز بەزى ئىشلار توغرىسىدا ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىسىڭىزمۇ بولىدۇ .

سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا چىن كۆڭلۈمدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

ئەركىن سىدىق
ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدىن

# ئەندىشە، چۈشكۈنلۈك، ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن تېز ئەسلىگە قايتىش ئىقتىدارى

2008 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

1988 ـ يىلى، مىڭچېبى (موڭغۇل) ئەپەندى بىلەن لولۇلۇ خانىم ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالى ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» دېگەن ماۋزۇدىكى ئەدەبىي ئاخباراتىنى يېزىپ چىقتى. ئۇلار بۇ ماقالىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتى ئۈستىدە «قېيىداش روھىي» دېگەن، ئۇيغۇر پسىخىكىسى ئۈستىدە بولسا «يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى» دېگەن يەكۈننى چىقارغان ئىدى. بۇ ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنغىنىغا مانا ھازىر 20 يىل بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتى بىلەن پسىخىكىسى قانداق؟ ئۇلارنى نېمە دەپ ئاتاشقا بولىدۇ؟ مەن يېقىنقى يىللاردا بۇ ھەقتە يېزىلغان ماقالىدىن بىرەرىنى ئۇچراتمىدىم. ئۆزۈم بۇ ھەقتە يېتەرلىك تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مەلۇم قىممەتكە ئىگە بىر نەرسە يېزىپ چىقىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. شۇنداق بولسىمۇ، مەن بىر ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەن مۇتەخەسسىسى سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، پەقەت چەت ئەلدە ياشاۋاتقان بىر ئوپتىكا ئىنژېنېرى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن، يېقىنقى بىر قانچە يىل مابەينىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، مۇنداق بىر خۇلاسىگە كەلدىم: پۈتۈن مىللەت مىقياسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىنى «ئەنسىرەش روھىي» دەپ ئاتاش مۇمكىن. ئۇيغۇر ياشلىرى قاتلىمىدىكى زور بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى بولسا «چۈشكۈنلىشىش روھىي» دەپ ئاتاش مۇمكىن. بۇ يەردىكى «ئەنسىرەش روھىي» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، مەدەنىيىتى، تىلى، دىنى، ئەخلاقى، روھىي ۋە جىسمانىي سالامەتلىكى قاتارلىقلار ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان زور دەرىجىدىكى تەھدىتتىن، ھەممە ئۇيغۇرنىڭ ياشاش بوشلۇقى ۋە مىللىي

كىملىكى ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان خەۋپتىن كېلىپ چىققان. بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرىدىكى «چۈشكۈنلىشىش روھىي» بولسا خىزمەت پۇرسىتى بىلەن ئۆز ئىقتىدارىنى مۇۋاپىق جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىنىڭ يوقلۇقى، ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرى ۋە كىشىلىك ۋىجدانى بىلەن ياشاش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىدىن كېلىپ چىققان.

## 1. ئەنسىرەش روھى

مىللەتنىڭ ھازىرقى ئەنسىرەش روھىي ھالىتىنى تەپسىلىي تەھلىل ۋە بايان قىلىش كەم دېگەندە بىر مەخسۇس يېزىلغان ئۇزۇن ماقالىنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ مەسىلە مېنىڭ ئۇشبۇ يازمامدا توختالماقچى بولغان ئاساسىي مەزمۇن ئەمەس. شۇڭا مەن بۇ يەردە بۇ مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچىلا توختىلىپ ئۆتىمەن. يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇر تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان بەزى يازمىلار ۋە ماڭا كەلگەن ئېلخەتلەردە بەزىلەر «مەن بۇرۇن كىم ئىدىم؟ كەلگۈسىدە كىم بولىمەن؟ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەن نېمە ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك؟»، دېگەندەك سوئاللارنى سوراۋاتىدۇ. مېنىڭچە ئۇيغۇرنىڭ مىللىي كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم نەرسىلەرنىڭ ھازىرقىدەك تەھدىتكە ئۇچرىشىدا، بۇ يەردە تىلغا ئالغىلى بولىدىغان ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدە مۇنداق 3 تۈرلۈك سەۋەب بار. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدىكى ئاجىزلىق. ئىككىنچىسى، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى سىياسەت تۈزۈشكە ياكى ئۇنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولغان ھەر دەرىجىلىك ئەمەل ئەھلىلىرىنىڭ قانۇن كۆز-قارىشىنىڭ ئاجىز بولۇشى. ئۈچىنچىسى، پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تېخىچە «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت» ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن بىر باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقى (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ «ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتلىكتىكى ئۈچ خىل قىممەت» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ:

http://www.meripet.com/Academy/MAbduxuku.htm.

تۆۋەندە يۇقىرىقى 3 مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەي.

1. ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەل ئەھلىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزى

باشقۇرماقچى بولغان خەلقنىڭ سايلىمى ئارقىلىق ئۆز خىزمەت ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ. شۇڭا بىرەر يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئېرىشىش، ئېرىشكەن خىزمەت ئورنىنى ساقلاپ قېلىش، ياكى بۇرۇن ئېرىشكەن خىزمەت ئورنىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار ئاشۇ خىزمەتنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالىغۇدەك سۈپەتكە ئىگە بولۇشى، ھەمدە شۇ ئاساستا ئۆزىنى سايلايدىغان خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىسە، كېيىنكى سايلامدىكى رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقالمايدۇ. كۆزلىگەن خىزمەت ئورنىغا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار كېيىنكى سايلامدا ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالىدۇ. خەلقنىڭ تەلىپىنى ۋە ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. ھەممە ئىشتا خەلقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. بۇ دۆلەتلەردىكى سىياسەت ئەمەلىيەتتە «سايلام سىياسىتى» (ئىنگلىزچە «election politics») بولۇپ، دۆلەتنىڭ نۇرغۇن سىياسىي پائالىيەتلىرى سايلام ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولىدۇ. جۇڭگودا، جۈملىدىن ئۇيغۇر دىيارىدا بولسا، كۆپىنچە ئەھۋالدا، كىشىلەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەل ئەھلىلىرى تەرىپىدىن يېڭى خىزمەتكە تەيىنلىنىدۇ ياكى يېڭى، بۇرۇنقىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خىزمەت ئورنىغا ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بۇرۇنقى خىزمىتىدىن ياخشىراق خىزمەت ئورنىغا ئېرىشمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ قول ئاستىدىكى خەلققە مەسئۇل بولۇشىنىڭ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەلىپىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشىنىڭ ھېچ بىر ھاجىتى بولمايدۇ. پەقەت ئۆزىدىن بىر ياكى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى ئەمەل ئەھلىلىرىگە مەسئۇل بولسا، شۇلارغا ياخشى كۆرۈنسىلا كۇپايە. مانا بۇ ھازىر ئۇيغۇر ئەمەل ئەھلىلىرى قوشۇنىدا ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان، ئۆزىدىن يۇقىرىدىكىلەرگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خۇشامەتچىلىك ۋە تەخسىكەشلىك قىلىپ، خەلقنىڭ ساداسىغا، دەرد ـ پەريادىغا، ئەندىشىسىگە ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن قۇلاق سالماسلىق ئەھۋالىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. ئۇيغۇر خەلقى ھازىر گىرىپتار بولغان «ئەنسىرەش روھىي» ھالىتىدىن بۇ ئەمەل ئەھلىلىرىنىڭ ئانچە خەۋىرى يوق. خەۋىرى بولغاندىمۇ بۇ ئەھۋال بىلەن ئانچە كارى يوق. سىياسىي تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىلەرنى ئاشۇ تۈزۈمنى ياخشىلاش ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. بۇ يەردە بۇ مەسىلە توغرىسىدا بۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس.

2. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنى شۇ دۆلەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك، مەدەنىيەت، تىل ۋە دىنىي جەھەتتىكى مىللىي كىملىكىنى قوغدايدۇ. بىر مىللەت ئۆزىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ئالدى بىلەن قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگىنىشى، قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشنى بىلىشى كېرەك. جۇڭگودا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئېلان قىلىپ كۈچكە ئىگە بولغان قانۇن-بەلگىلىمىلەر خېلى كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىكلىرىدىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ھۆكۈمەت بەلگىلىمىلىرىمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى مىللىي مەنپەئەتلىرىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك ۋە پايدىلىق نەرسىلەرمۇ ئاز ئەمەس. لېكىن، ھازىر دۆلەتنىڭ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىشى دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس. مەلۇم بىر سىياسىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قانۇننى خالىغانچە بىر تەرەپكە قايرىپ قويىسمۇ، خالىغانچە ئاياق-ئاستى قىلىسمۇ بولۇۋېرىدىغان بىر خىل سىياسەت يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر ئەمەل ئەھلىلىرىنىڭ ئىچىدە قانۇندا چىڭ تۇرغانلار، قانۇن بويىچە ئىش كۆرمەكچى بولغانلار ھېچقانداق ھىمايىگە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ، يالغۇز قالدۇرۇلۇۋاتىدۇ، ھەتتا ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەمەل ئۈچۈن ئۆز ۋىجدانى ۋە ئىنسانىي غۇرۇرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەن، ياخشىچاقلىق، خۇشامەتچىلىك ۋە تەخسكەشلىكنى ئوبدان قاملاشتۇرىدىغان بەزى كىشىلەر يېڭىدىن ئەمەلگە ئولتۇرۇۋاتىدۇ ياكى خىزمەتتە ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھازىر ئۇيغۇرلاردىكى ئەمەل ئەھلىلىرىنىڭ ئىچىدە خەلقنىڭ ساداسىغا قىلچە قۇلاق سالمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىگە ئازراقمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى «قانداق قىلسام يەنە بىر بالداق ئۆسەلەيمەن» دېگەنگە ئاتا قىلىۋەتكەن، «شەپكىسىنى ئەكەل» دېسە بېشىنى كېسىپ كېلىدىغان، قانۇن-تۈزۈم بىلەن ئىلمىي يوسۇندا ئىش قىلىشنىڭ ئورنىغا خۇشامەتچىلىك بىلەن نادانلىقنى دەسسەتكەن ئېچىنىشلىق ئەھۋال شەكىللەنگىلى تۇرۇپتۇ. دوكتور ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانىي يازغان « ‹مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين› دىن ‹مەئارىفۇل لۇغەتەين› گىچە» دېگەن ماقالە (بىلىك:

http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php? tid=5359 ، مەرىپەت:
(http://www.meripet.com/Sohbet1/Erkinb2.htm ۋە بۇ ماقالە دۇچ كەلگەن ئېچىنىشلىق تەقدىر بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالىدۇر. مەن بۇ ماقالىنى دەسلەپتە ئوقۇغاندا ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ئۇ ئۇيغۇر دىيارىدا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ كەتتىم. لېكىن، بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن بىر قىسىم ئەھۋاللارنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ھال-ئەھۋالىنىڭ نەقەدەر ناچارلىقىغا ئىنتايىن ھەيران قالدىم. قاتتىق ئېچىندىم. ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇرلار ھازىر ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا ئىكەن. لېكىن ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ ھېچ ئىش قىلمىسا، خۇددى ئۆلمەي تۇرۇپ تەييار گۆرگە كىرىۋالغاندەك بىر ئىش بولىدۇ. «بالا يىغلىمىسا ئانا ئەمچەك سالمايدۇ». شۇڭا ئۇيغۇرلارنى ھازىرقى خەتەرلىك يولدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن چوقۇم كۆپ ساندىكى ئەمەل ئەھلىلىرى شەرتسىز ھالدا خۇشامەتچىلىك بىلەن بەند بولۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەمەل ئەھلىلىرىلا قانۇنغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، قانۇن بىلەن ئىش كۆرمەكچى بولغانلار يالغۇز قالدۇرۇلىدىغان يۈزلىنىشنى 180 گرادۇس بۇراپ، قانۇن بويىچە ئىش كۆرمەكچى بولغانلار ۋە ئىش كۆرگەنلەر ھىمايە قىلىنىدىغان ۋە مۇكاپاتلىنىدىغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار، تەخسكەشلىك يولى بىلەن يۇقىرىغا ياماشماقچى بولغانلار ئەيىبلىنىدىغان ۋە زەربە بېرىلىدىغان بىر خىل ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

3. ياپونلۇق، گېرمانىيىلىك ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ھازىر نەقەدەر تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. مەن ئۆز كۆڭلۈمدە ئۇيغۇرلارنى مۇشۇ 3 مىللەت بىلەن داۋاملىق سېلىشتۇرىمەن. بىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان پەرقىمىزنى توغرا ۋە تولۇق چۈشىنىشكە داۋاملىق تىرىشىمەن. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، بىر قانچە ئەسىردىن بۇرۇن مەدەنىي گۈللىنىش ۋە مەدەنىي تەرەققىيات جەھەتتە ئۇيغۇرلار ئۇلاردىن ئانچە قېلىشمايتتى. ياپونغا ئوقۇشقا بارغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەقىل جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ ياپونلۇقلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ۋە ئىسپاتلاپ كېلىۋاتىدۇ. باشقا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئوقۇۋاتقان ۋە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئەقىل جەھەتتىن ئۆزلىرىنىڭ باشقىلاردىن كېيىن تۇرمايدىغانلىقىنى، ھەتتا باشقا خېلى كۆپ مىللەتلەرنى بېسىپ

چۈشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋاتىدۇ. لېكىن، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، خۇددى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغاندەك، ياشاش رىقابەت كۈچى، تۇركۇم ئېڭى، مىللەتنىڭ قاتتىق ھەمدەملىكى (ياكى بىر-بىرىنى يۆلەش ۋە ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش جەھەتتىكى مىللەت ئېڭى)، ئۆز زېمىنىدىكى ۋە چەت ئەلدىكى ھەر بىر قەدىمى، ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر ھەرىكىتىگە مىللىي نومۇس-ئىپتىخارىنى ئۆلچەم قىلىش جەھەتتە ھازىر ئۇيغۇرلار يۇقىرىقى 3 مىللەتتىن جىق ئاجىز ۋە جىق ئارقىدا. يۇقىرىقى مىللەتلەر بىر ياكى بىر قانچە ئەسىر ۋاقىتنى مائارىپ ئارقىلىق مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە سەرپ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ھازىرقىدەك بىر «سىياسىي مىللەت» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلىدى. ئۇيغۇرلارچۇ؟ مەن تورداشلارنى «سالام دۇنيا» دېگەن ئىسملىك قېرىندىشىمىز يازغان «ھەقىقىي قۇدرەت تېپىش دېگەن نېمە؟» دېگەن ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشقا چاقىرىمەن. ئۇنىڭ بىلىكتىكى تور بەت ئادرېسى:

http://www.Bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=15389&extra=page%3D1

مەن بۇ يازمىدىكى ئىلغار مىللەتلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھازىرقىدەك پەرقنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى، ھەمدە نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر مەسىلىلىرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بايانلارنى خېلىلا ياقتۇردۇم. ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپى ۋە ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشىغا باشقىلار ھەقىقىي تۈردە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ساپاسى تۆۋەن بىرسى باشقىلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم قىلىمەن، دېسىمۇ بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ ئىشتا ئۇيغۇرلار پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىشى كېرەك. بىر مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىر قانچە ئەۋلادلارنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ جەھەتتە بىر قانچە ئەسىر ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ بولدى. بۇنداق ئىسراپچىلىق بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىشىۋەرمىسە بولاتتى.

يۇقىرىقىلار ھازىر ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان خەتەرلىك يۈزلىنىشنى توسۇشقا ئامالسىز قالدۇرۇۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردا «ئەنسىرەش روھىي» نى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىر قىسمى.

## 2. چۈشكۈنلۈك روھى

ھەممەيلەننىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ھازىر ئۇيغۇر ياشلىرى دۇچ كېلىۋاتقان 1-دەرىجىلىك ئېغىر مەسىلە خىزمەت پۇرسىتىنىڭ بولماسلىقى. ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، ھەمدە جەمئىيەتتە خىزمەت كۈتۈپ ياشاۋاتقان ياشلار ئىش پۇرسىتىنىڭ كەملىكى ۋە خىزمەت تېپىشنىڭ تەسلىكى تۈپەيلىدىن روھىي جەھەتتە ئىنتايىن چۈشكۈن ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۆز ئىرادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، تىرىشىشتىن ۋاز كەچكەنلەرمۇ بار. بۇ ياشلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بولسا بالىسىنىڭ خىزمىتىنىڭ غېمى بىلەن ئىنتايىن ئېغىر روھىي بېسىم ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. مەن ئاڭلىسام دەرد ۋە ئازاب ئىچىگە تۇغۇلىدىغان بالىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزىگە بېرىلگەن، ئىككى ياكى ئۈچ پەرزەنت كۆرسە بولىدىغان نورمىنىمۇ تولدۇرماي ئۆتۈپ كېتىدىغانلارنىڭ سانىمۇ بارغانسېرى كۆپەيگىلى تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنداقلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىمەن. ئۇلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىمەن. لېكىن ئۇلار تاللىغان بۇنداق يولنى ھەرگىزمۇ مۇۋاپىق كۆرمەيمەن. ئەگەر ھەممە ئۇيغۇرلار سىزدەك قىلغىلى تۇرسا، مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟

يۇقىرىقىلار ئۇيغۇرلار ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

## 3. ئوڭۇشسىزلىقتا باش ئەگمەي، تېز ئەسلىگە قايتىش ئىقتىدارى

مەن 2006- ۋە 2007-يىلى يازدا يۇرتقا ئىككى قېتىم بېرىپ، نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن ئۇچراشتىم. بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئېلخەت ئارقىلىقمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن سۆزلەشتىم. مۇشۇ جەرياندا ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن خىزمەت تېپىشنىڭ قىيىنلىقى ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن زور دەرىجىدە زەخىملەندۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئاتا-ئانىلارغىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك روھىي بېسىم پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى، زور بىر قىسىم ياشلار ئوقۇشقا قىزىقماي ۋە ئۆگىنىشكە تىرىشماي، ئۆز ۋاقتىنى روھىي چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. يېقىندا قۇتبىلىك ئۇكىمىز «ئۆتمۈشۈم، كەلگۈسىم ۋە كومپيۇتېر» (http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=15509&extra=page%3D1)

دېگەن يازمىسىدا «مەن كەلگۈسىنى قانداق بەلگىلەيمەن، مەن يەنە نېمىلەرنى ئۆگىنىمەن، مەن ھازىر كىم، بۇرۇن كىم ئىدىم، كىمنىڭ ئەۋلادى ئىدىم، بۇندىن كېيىن كىم بولىمەن، كىمنىڭ ئەۋلادى بولىمەن ،...، يەنە نېمىلەرنى ئۆگىنىمەن، كىملەرگە ئۆگىتىمەن (...)، قانداق ئۆگىنىمەن، قانداق ئۆگىتىمەن، ئانام ئۆگەتكەن دادام ئۆگەتكەن ئاشۇ ئېسىل خىسلەتلەرنى قانداق قىلىپ ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۇلايمەن، قانداق قىلسام ئانامغا دادامغا يۈز كېلەلەيدىغان بولىمەن؟» دېگەن ئەھمىيەتلىك ۋە چوڭقۇر مەنىلىك سوئاللارنى سوراپتۇ. مەن بۇ سوئاللارنى كۆرۈپ، ھەممە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنى ئويلاپ، ئۆز-ئۆزۈمدىن «مەن ئۇلار ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەرمەن؟» دەپ سوراپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرسىدە، يەنى 2008-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى، بىزنىڭ ئىدارە ئورۇنلاشتۇرغان، «يېڭى يىلدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇڭ» (ئىنگلىزچە «Thriving in the New Year») دېگەن تېمىدىكى بىر سائەتلىك لېكسىيىگە قاتناشتىم. بۇ لېكسىيە كىشىلەردە بولىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئىقتىدار توغرىسىدا بولۇپ، بۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە كىشىلەر بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ياكى بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندا ئاسانلىقچە روھىي چۈشكۈنلۈككە پېتىپ قالمايدىكەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاشۇنداق كېلىشمەسلىكتىن كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بولغان روھىي زەخىمدىن ئوڭۇشلۇق ساقلىنىپ، روھىي ھالىتىنى تېز سۈرئەتتە ئوڭشاپ، ئۆز ئىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ ماڭالايدىكەن. بۇ ئىقتىدار ئىنگلىز تىلىدا «Resilience» ۋە «Resiliency» دەپ ئاتىلىدىكەن. كۆپ ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە بىر كونا مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان بۇ ئىلىمنىڭ غەرب ئەللىرىدە بىر رەسمىي پەن بولۇپ شەكىللەنگىنىگە تېخى ئاران 25 يىل بولۇپتۇ. ئامېرىكىدا بۇ پەن توغرىسىدا يېزىلغان بىر قانچە كىتاب ۋە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەر بار ئىكەن. مەن بۇ پەننى بىر دەرس سۈپىتىدە رەسمىي ئوقۇمىدىم. بۇ پەن توغرىسىدىكى كىتابلاردىن بىرەرنىمۇ ئوقۇپ باقمىدىم. پەقەت قۇتبىلىك ئۇكىمىزدەك ھازىر جىددىي ئېھتىياجى بار ياشلىرىمىزغا بىر ئاز پايدىسى تېگىدىغان، باشقا ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن بىر دەسلەپكى تونۇشتۇرۇش بولۇپ قالىدىغان بىر نەرسە تەييارلاش ئۈچۈن، ئىنتېرنېتتىن بىر قىسىم ماقالىلەرنى تېپىپ ئوقۇدۇم. مېنىڭ بۇ يەردە يازىدىغىنىم مۇشۇ پەننىڭ خۇلاسە خاراكتېردىكى ئومۇمىي ئۇقۇمى بولۇپ، مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ چۈشىنىشى بويىچە تەرجىمە قىلىپ ۋە

رەتلەپ چىقتىم. مەن ئىنگلىز تىلىدىكى ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ بىر نەرسە يازغاندا، بىر قىسىم ئىنگلىزچە سۆزلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇيغۇرچە سۆزنى تېپىشتا بەزىدە ناھايىتى قىينىلىمەن. مەسىلەن، «Resiliency» دېگەن پەندە دۇنياغا ئەڭ تونۇلغان ئامېرىكىلىق دوكتور ۋە پروفېسسور Al Siebert ئەپەندىنىڭ ئىنگلىزچە «The Survivor Personality» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىتابى بار بولۇپ، ئۇ كىتاب ھازىر جەمئىي 15 قېتىم بېسىلىپتۇ. مەن ئىنتېرنېتتا كۆرگەن بەزى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ كىتاب خەنزۇچىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپتۇ (ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى جۇڭگو، تەيۋەن ياكى شاڭگاڭنىڭ بىرسىدىن چوقۇم تاپقىلى بولىدۇ). ئىنگلىزچىدا «survivor» دېگەن سۆز ھەر خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، بىرەر ئۇرۇشتا ئۆلمەي ساق قالغان كىشى «survivor» بولىدۇ. بىرەر تەبىئىي ئاپەتتە ئۆلمەي ساق قالغان كىشىمۇ بىر «survivor» بولىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر دىيارىدا پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتمەي، ئىنتايىن كەمچىل خىزمەت پۇرسەتلىرى ئىچىدىن بىر پۇرسەت تېپىپ، غايەت زور قىيىنچىلىق ئىچىدىن بىر خىزمەت تېپىپ، نورمال ياشاپ كېتىۋاتقان بىر ئادەممۇ بىر «survivor» بولىدۇ. يۇقىرىقى كىتاب مانا مۇشۇ ئەڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان «survivor» لەر توغرىسىدا بولۇپ، باشقا مۇۋاپىق سۆز تاپالمىغانلىقىم ئۈچۈن، مەن يۇقىرىقى كىتابنىڭ ئىسمىنى «يەڭگۈچىنىڭ مىجەز - خاراكتېرى» دەپ تەرجىمە قىلسا بولامدىكىن، دەپ ئويلىدىم. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەن يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە تەييارلىغان يازمىلىرىمدا بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىنگلىزچىسىنىمۇ ماقالەمگە كىرگۈزۈپ قويدۇم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق شۇنداق قىلىمەن.

ئەمدى گەپنى بۇ يېڭى پەنگە قايتۇرۇپ كېلەي. ئىنگلىزچە «resilience» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇنىڭ ئىنگلىزچىدىكى مەنىسى:

- «بۇگۈنكى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دۇنياغا ئەڭ ماسلىشالايدىغان كىشىلەر «resile» قىلالايدىغان كىشىلەردۇر».
- تەلەيسىزلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ روھىي جەھەتتىن تېز ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى.
- بىر نەرسە ئېگىلگەن، قىسىلغان ياكى سوزۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى شەكلىگە تېز قايتىپ كېلەلەيدىغان ئىقتىدارى.

● بىر ئىنسان بۇزۇش خاراكتېرىدىكى بىر ئۆزگىرىشكە ياكى تەلەيسىزلىككە يولۇققاندا، ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويماي، ياكى ئۆز ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ياكى ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھالەتتە ئىش ئېلىپ بارماي، نورمال روھىي ھالىتىگە تېز قايتىپ كېلىش ئىقتىدارى.

يۇلغۇن تور بېتىدىكى ئۇيغۇرچە-ئىنگلىزچە لۇغەت (http://dict.yulghun.com) تە «resilience» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى مۇنداق بېرىلگەن: «ئېلاستىكلىق، تەۋرەنمەسلىك، سوزۇلۇشچانلىق».

يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن ئالاھىدە ئىقتىدارنى ئۇيغۇرچە نېمە دەپ ئېلىش كېرەك؟ بۇ سوئالغا ئۇيغۇر دىيارىدىكى تىلشۇناس ۋە جەمئىيەتشۇناسلار جاۋاب بەرسۇن. مەن بۇ ماقالىنى يېزىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نېمە دەپ ماۋزۇ قويۇش توغرىسىدا كۆپ ئويلاندىم. «روھىي جەھەتتىن تېز ئەسلىگە كېلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟»، «چۈشكۈنلۈكتىن ئۈنۈملۈك قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟»، ۋە «چۈشكۈنلۈكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك» دېگەن كاندىداتلارنى تىزىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھازىرقى تېمىنى تاللىدىم. دېمەكچىمەنكى، مەن تۆۋەندە ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئاساسلىق نەرسە «روھىي زەخمىدىن تېز ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى»، «چۈشكۈنلۈكتىن ئۈنۈملۈك قۇتۇلۇپ چىقىش ئىقتىدارى»، «چۈشكۈنلۈكتىن ساقلىنىش ئىقتىدارى»، «ئوڭۇشسىزلىققا باش ئەگمەي، داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىش ئىقتىدارى» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ماس كېلىدىغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاشۇ بويىچە چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىز مەلۇم بىر تەلەيسىزلىك ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن قانچىلىك روھىي چۈشكۈنلۈك، روھىي ئازاب ۋە روھىي زەخىمگە ئۇچرايسىز؟ بۇ سىزنىڭ ئومۇمىي ئىقتىدارىڭىزغا، بىر ۋەقەگە بولغان ئۆز روھىي ئىنكاسىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىڭىزغا قانچىلىك كونترول قىلالىشىڭىزغا باغلىق. سىز مەلۇم بىر ئېغىر بېسىمغا ۋە بۇزۇش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشكە يولۇققاندا، سىزنىڭ پوزىتسىيىڭىز بىلەن ئادىتىڭىز سىز ئۈچۈن يا بىر توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، يا بىر ياخشىراق ئىستىقبالغا ئېلىپ بارىدىغان كۆۋرۈكنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. شۇڭا سىز تۆۋەندە ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ئۇقۇملارنى تولۇق چۈشەنسىڭىز، ھەمدە

ئۆزىڭىزدە تۆۋەندە تەسۋىرلىنىدىغان ئىقتىدارلارنى ئىمكان قەدەر كۆپرەك يېتىلدۈرسىڭىز، ئۆزىڭىز بۇنىڭدىن كېيىن يولۇقىدىغان يېڭى ئەھۋاللارنى ناھايىتى ئۇنۇملۇك بىر تەرەپ قىلالايسىز. يەنى، «resiliency» سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ روھىي سالامەتلىكى بىلەن خۇشاللىقىنى ساقلىغان ھالدا ھەر قانداق ئەھۋالدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش جەھەتتە سىزگە نۇرغۇن، باشقىلاردا يوق ئارتۇقچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى مۇنداق 3 تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

1) بالىنىڭ ئاتا-ئانىدىن، ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچىدىن، ۋە يېڭى باشلىغانلارنىڭ بىلىملىكلەردىن ئۆگىنىش ئۇسۇلى. بۇ ھازىر ئەڭ كەڭ قوللىنىلىۋاتقان، ئەنئەنىۋى ئۆگىنىش ئۇسۇلىدۇر.

2) ئىلغار شەخسلەرنى ئۈلگە قىلىپ تۇرۇپ ئۆگىنىش ئۇسۇلى.

3) ئۆز-ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ۋە ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇپ تۇرۇپ ئۆگىنىش ئۇسۇلى.

«resiliency» ئىقتىدارىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن پەقەت 3-ئۇسۇلدىنلا پايدىلىنىش كېرەك. يەنى، ئۇ ئىقتىدارلارنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ، لېكىن ئۆگەتكىلى بولمايدۇ. ئەنئەنىۋى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتقۇچى بىر دەرسنى ئۆتىدۇ. ئوقۇغۇچى بۇ دەرسنى ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار بىر ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ دەرسنى قانچىلىك سەۋىيىدە ئۆگەنگەنلىكىنى باھالايدۇ. «resiliency» ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش بولسا بىر مۇتەخەسسىس ۋە كەسىپ ئەھلى دەرىجىسىدىكى ئۆگىنىش بولۇپ، بۇ ئۆگىنىشنىڭ تەرتىپى يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. يەنى، ئالدى بىلەن «تۇرمۇش» دەپ ئاتىلىدىغان مەكتەپ سىزدىن بىر ئىمتىھان ئالىدۇ، ئاندىن سىز يېڭى بىلىم ۋە ئىقتىدارلارنى ئۆگىنىسىز.

تۆۋەندە يېزىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مەن بۇ ئالاھىدە ئىقتىدارنى «تەۋرەنمەس ئىقتىدارى» دەپ ئالىمەن.

## 4. «تەۋرەنمەس ئىقتىدارى» نى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلى

يۇقىرى دەرىجىلىك «تەۋرەنمەس ئىقتىدارى» گە ئىگە كىشىلەرنىڭ

ئىچكى خاراكتېرى ئۇستىدە نۇرغۇن يىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، مۇتەخەسسىسلەر بۇ خىل قابىلىيەتنىڭ كىشىلەردە قانداق يېتىلدۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا بىر مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. سىز ئۆزىڭىزدە ئاشۇنداق قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىڭىزدىكى تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنى كۈچەيتىڭ:

1) شوخ ۋە خۇشال-خۇرام، كىچىك بالىلاردەك ھەممە ئىشقا قىزىقىدىغان بولۇش. كۆپلەپ سوئال سوراش. ھەر ۋاقىت «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەش. يېڭى تەرەققىياتلار بىلەن ئۇچرىشىش. كىچىك بالىلاردەك ئۆز-ئۆزىدىن ھۇزۇر ئېلىشنى بىلىش. ھەر قانداق يەردە ھۇزۇرلىنىشنى بىلىش. ھەر خىل ئىشلارغا قىزىقىش، تەجرىبە قىلىش، خاتالىق ئۆتكۈزۈش، ياربىدارلىنىش، ۋە كۈلۈش. «بۇ قېتىم قايسى تەرەپلىرى ئوخشمايدۇ؟ بۇنى قىلسام نېمە بولىدۇ؟ سوئالىمغا كىم جاۋاب بېرەلەيدۇ؟ بۇنىڭ نېمىسى قىزىقارلىق؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى سوراپ تۇرۇش.

2) ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىدىن يېڭى بىلىم ئېگىلەپ تۇرۇش. يېڭى ياكى تاسادىپى كەچۈرمىشلەرنى تېز سۈرئەتتە ھەزىم قىلىش، ھەمدە شۇلار ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزگەرتىش. «بۇ ئىشتىكى تەجرىبە-ساۋاق نېمە؟ مەن دەسلەپكى ئىشارەتلەردىن قايسىلىرىنى نەزەرگە ئالمىدىم؟ ئەگەر بۇ ئىش يەنە يۈز بېرىپ قالسا، مەن چوقۇم نېمە قىلىشىم كېرەك؟» دېگەن سوئاللارنى سوراپ تۇرۇش.

3) يېڭى ۋەزىيەتكە تېز ماسلىشىش. روھىي جەھەتتە ماسلىشىشچان بولۇش. بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشى مىجەز-خۇلق بىلەنمۇ چىقىشالايدىغان بولۇش. كۈچلۈك ھەم مويىسىپىت، نازۇك ھەم چىدامىلىق، لوگىكىلىق ھەم ھېسسىي تۇيغۇسى بويىچە ئىش قىلىدىغان («intuitive»)، ئېغىر بېسىق ھەم ھېسسىياتچان، كەسكىن ھەم خۇشال-خۇرام بولۇش. بۇنداق ئىقتىدارلارغا قانچە باي بولسا شۇنچە ياخشى. بىر ئىشنىڭ سەلبىي تەرىپىنى ئويلاپ تۇرۇپ ئىجابىي نەتىجە چىقىرالايدىغان بولۇش. «بۇ ئىشنى قىلسام قانداق يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ؟ ئۇنداقتا مەن نېمىلەردىن ساقلىنىشىم كېرەك؟» دەپ سوراپ تۇرۇش.

4) ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى («self-esteem») نى ساقلاش ۋە ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىش. ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىززەت-ھۆرمەت ياكى غۇرۇر دېگەن ئۆزىگە بولغان ھېسسىياتتىن ئىبارەت. بىرەر ئوڭۇشسىزلىق يۈز بەرگەندە سىز ئۇنىڭدىن قانچىلىك نەرسە ئۆگىنىدىغانلىقىڭىزنى ئاشۇ غۇرۇر

بەلگىلەيدۇ. غۇرۇر سىزنىڭ ماختاش ۋە مەدھىيىنى توغرا قوبۇل قىلىشىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇ سىزنى يامان سۆز-باھالارنىڭ زىيىنىدىن ساقلاپ قالىدۇ، شۇنداقلا سىزنى پايدىلىق تەنقىدنى توغرا قوبۇل قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ سىزگە «مەن ئۆز-ئۆزۈمنى ياخشى كۆرىمەن، ئۆز-ئۆزۈمنى قەدىرلەيمەن، ۋە ئۆز-ئۆزۈمنى سۆيىمەن» دېگەن تۇيغۇلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

5) ئۆز-ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچ ئۆز-ئۆزىڭىزگە بولغان ھۆرمىتىڭىزدۇر. ئۇ سىزنىڭ باشقىلارنىڭ تەستىقى ياكى كاپالىتىگە ساقلاپ تۇرمايلا تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا («take risks») ئۈندەيدۇ. سىزدە بۇرۇن قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، «يېڭى ئەھۋاللارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالايمەن» دەپ ئويلىيالايسىز. «مېنىڭ ئىشەنچلىك ئارتۇقچىلىقلىرىم ... »

6) باشقىلار بىلەن ياخشى دوستلۇق ۋە بىر-بىرىگە كۆيۈنىدىغان مۇناسىۋەت ئورنىتىش. بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بىر خىل زەھەرلىك مۇھىتتا ئىشلەيدىغان كىشىلەرمۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ناھايىتى كۆيۈمچان ئائىلىسى بولسا ۋە بىرگە ئىشلەيدىغانلار بىلەن بولغان دوستلۇقى ياخشى بولسا، ئۇلار روھىي بېسىمغا ياخشىراق بەرداشلىق بېرەلەيدىكەن، ھەمدە ئازراق كېسەل بولىدىكەن. يالغۇزچىلىق ئىچىدە ياشايدىغان كىشىلەر روھىي بېسىمغا ئاسانلىقچە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. دوستلىرى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆپ پاراڭلىشىش قىيىنچىلىقنىڭ روھىي تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ھەمدە ئۆز قىممىتى ۋە ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇيغۇرلار باشقىلار بىلەن كۆپ ئارىلىشىدىغان، مېھماندوست، ناخشا-ئۇسۇل، مۇزىكا ۋە پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر مىللەت بولۇپ، بۇ جەھەتتە باشقا نۇرغۇن مىللەتلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

7) ئۆز كۆڭلىدىكى ئىشلارنى باشقىلارغا سەمىمىي ھالدا ئىپادىلەش. غەزەپ، مۇھەببەت، ياخشى كۆرمەسلىك، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، ۋە قاتتىق ئېچىنىش قاتارلىق ئىنسانلىق ھېسسىياتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇلارنى باشقىلارغا سەمىمىيلىك بىلەن ھەم شۇ پېتىچە ئىپادىلەش. شۇنداق قىلسا ئەڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، ئۆز ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىشقىمۇ قادىر بولۇش.

8) «بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن ئۈمىدتە بولۇش. ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى قىممەت ۋە ئۆلچەم يېتەكچىلىكىدىكى ھەممە ئىشلارنى

ياخشى تەرەپكە ئويلايدىغان («optimism») ئىقتىدار بولۇش. قاراڭغۇ ۋە چۈشىنىكسىز ئىشلارغا نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىلىك سەۋرچانلىقى بولۇش. خىزمەت چۈشەندۈرۈلۈشى بولمىسىمۇ ئۆز ئىشىنى تېپىپ قىلالايدىغان بولۇش. كەسىپ ئەھلىلىكى جەھەتتە باشقىلارغا بىر ياخشى ئۈلگە بولۇش. ھەممە ئىشلارنى يۈرۈشتۈرەلەيدىغان ۋە ھەممە ئادەملەرنى ياراشتۇرالايدىغان («synergistic») تەسىرگە ئىگە بولۇش، كرىزىس ۋە قالايمىقانچىلىققا نىسبەتەن مۇقىملىق ئېلىپ كېلەلەيدىغان بولۇش. «بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلسام ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھەممەيلەن ئۈچۈن ياخشى بولۇپ چىقىدۇ؟» دەپ سوراش.

9) ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلاش. ئىشلارغا مۇئامىلە قىلىشتا باشقىلارنىڭ ئۇ ئىشلار توغرىسىدا قانداق ئويلايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە تىرىشىش. توقۇنۇش بولغاندا چوقۇم ئۇتۇپ چىقىش پوزىتسىيىسىدە بولۇش. «بۇ ئىشقا قارىتا باشقىلار قانداق ئويلايدۇ ۋە قانداق ھېسسىياتتا بولىدۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولسام قانداق قىلاتتىم؟ مەن ئۇلارغا نىسبەتەن قانداق تۇيۇلىمەن؟ ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى، سۆزى ۋە ھەرىكىتىنىڭ قايسىلىرى ئورۇنلۇق؟» دېگەن سوئاللارنى سوراش.

10) كۆڭۈلدىكى توغرا تۇيغۇغا ئەگىشىش («use intuition»)، پايدىلىق ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش. «بەدىنىم ماڭا نېمە دەۋاتىدۇ؟ ھېلىقى كۆڭۈلدىكى كۆرگەن چۈشۈمنىڭ بىرەر ئەھمىيىتى بارمۇ؟ باشقىلار ماڭا دېگەن سۆزگە مەن نېمە ئۈچۈن ئىشەنمەيمەن؟ ئەگەر مەن بۇ ئىشنى قىلسام نېمە بولىدۇ؟» دېگەن سوئاللارنى سوراش.

11) ئۆز-ئۆزىنى ئوبدان قوغداش. ھۇجۇمدىن ساقلىنىش ۋە ھۇجۇمنى توسۇش، ھەمدە قايتۇرۇپ زەربە بېرىش. باشقىلار ئۆزىگە ئېلىپ كەلمەكچى بولغان پايدىسىز ئىشلارنى، ئويۇنلارنى ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن پايدىلانماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرالايدىغان بولۇش. ئۆزىگە دوست، ياردەم ۋە پايدىلىنىش مەنبەلىرى تېپىش.

12) بىر ئىشنى قوغلىشىش جەريانىدا يەنە بىر ئىشقا ئېرىشەلەيدىغان تالانتقا ئىگە بولۇش. «تۇرمۇش» دەپ ئاتىلىدىغان مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملەر باشقىلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەڭ ياخشى قورالدۇر. ئۇ بىلىملەر باشقىلار ئۈچۈن روھىي جەھەتتىكى زەھەرگە

ئوخشاش بىر ئەھۋالنى ئۆزى ئۇچۇن روھىي ئوزۇق بولالايدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ئاشۇنداق بىلىمگە ئىگە كىشىلەر ناچار سەرگۈزەشتىلەردىن ياخشى تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئېرىشكەن بولغاچقا، باشقىلار ئۇچۇن كۈچلۈك روھىي بېسىم بولۇپ تۇيۇلغان ئەھۋاللار ئىچىدىمۇ ئۆز ئىشلىرىنى يەنىلا ياخشى يۈرۈشتۈرۈپ كېتەلەيدۇ. ئۇلار بىتەلەيلىكنى بىر ياخشى تەلەيگە ئايلاندۇرالايدۇ، ھەمدە ناچار ئەھۋال ئىچىدىن يېڭى كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

13) ئادەتتىن تاشقىرى روھىي ساغلاملىقنىڭ بىر ئىپادىسى، بىر ئادەم ئۆزى يولۇققان بىر ناچار ئەھۋال ئۈستىدە توختالغاندا، «مەن بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئەھۋالنى ھەرگىزمۇ ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن قايتا سادىر قىلمايمەن. لېكىن بۇ قېتىم يۈز بەرگەن ئەھۋال مېنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئۆمرۈمدە ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ئەڭ ياخشى ئىشلارنىڭ بىرسى بولدى»، دەپ ئويلاش. ئۆز-ئۆزىدىن: «قانداق قىلسام بۇ ئەھۋالنى ئۆزۈمگە پايدىلىق ئەھۋالغا ئۆزگەرتەلەيمەن؟»، «بۇ ئىش يۈز بەرگەنلىكىنىڭ ياخشى تەرىپى نېمە؟»، «بۇ ئىشتىن ماڭا كەلگەن سوۋغات نېمە؟» دەپ سوراش.

14) يىلمۇ-يىل ياخشىلىنىشقا قاراپ مېڭىش. تۇرمۇشتىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى، ئوڭۇشسىزلىققا تەن بەرمەسلىك مىجەزىنى، چىداملىقىنى، شوخ ۋە خۇشال-خۇراملىقنى، ۋە روھىي ئەركىنلىكىنى يىلمۇ-يىل كۈچەيتىپ مېڭىش. تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىش دەرىجىسىنىمۇ يىلمۇ-يىل ئۆستۈرۈپ مېڭىش.

## 5. «تەۋرەنمەس ئىقتىدارى» ئۈستىدە بىر سىناق

مەن ئىدارىمىزدە قاتناشقان «تەۋرەنمەس ئىقتىدارى» توغرىسىدىكى بىر سائەتلىك لېكسىيە جەريانىدا ئوقۇتقۇچى بۇ لېكسىيىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىدىن بىر سىناق ئالدى. بىز بۇ سىناقتا تۆۋەندىكى 20 جەھەتتە ئۆز-ئۆزىمىزگە نومۇر قويۇپ، ئاخىرىدا ئۆز نومۇرىمىزنى قوشۇپ چىقتۇق. ھەر بىر ئىقتىدارغا قويۇلىدىغان نومۇرنىڭ دائىرىسى 1 دىن 5 گىچە بولۇپ، ئەگەر سىزنىڭ مەلۇم بىر ئىقتىدارىڭىز ئىنتايىن ياخشى بولسا، سىز ئۇنىڭغا 5 نومۇر بېرىدىكەنسىز. ئەگەر سىزنىڭ مەلۇم بىر ئىقتىدارىڭىز ئىنتايىن ناچار بولسا، سىز ئۇنىڭغا 1 نومۇر بېرىدىكەنسىز. ئىنتايىن ياخشىمۇ ئەمەس ئىنتايىن

ناچارمۇ ئەمەسلىرىگە 2 بىلەن 4 نىڭ ئارىلىقىدىكى بىر نومۇرنى بېرىدىكەنسىز. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىڭىزنىڭ ھەممە نومۇرنى قوشۇپ چىقىدىكەنسىز. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر سىزنىڭ جەمئىي نومۇرىڭىز 85 تىن يۇقىرى بولسا، سىزنىڭ «تەۋرەنمەس ئىقتىدارى» ڭىز ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىكەن. ئەگەر سىزنىڭ نومۇرىڭىز 45 تىن تۆۋەن بولسا، سىزنىڭ بۇ ئىقتىدارىڭىز بەك ئاجىز ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىكەن. مەن بۇ سىناقتا «ئەلا» نومۇر ئالدىم. ئەگەر خالىسىڭىز، سىزمۇ تۆۋەندىكى سىناق بويىچە ئۆزىڭىزنى باھالاپ، ئۆزىڭىزگە نومۇر قويۇپ بېقىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، سىز ئۆزىڭىزنىڭ قايسى جەھەتتە كۈچلۈك، قايسى جەھەتلەردە ئاجىزلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز. شۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىز ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىنكى تىرىشىش نىشانىسىنى تېپىپ چىقالايسىز.

[1]. بىرەر كىرىزىس ياكى جىددىي ئەھۋال يۈز بەرگەندە، مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، ئۆز زېھنىمنى بۇ ئەھۋالنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا مەركەزلەشتۈرەلەيمەن.

[2]. مەن ئادەتتە ھەممە ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلايمەن. «دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق بىر ۋاقىتلىق ھادىسە» دەپ ئويلايمەن، ھەمدە ئۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ كېتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

[3]. مەن يۇقىرى دەرىجىدىكى مۇجمەللىككىمۇ چىداپ تۇرالايمەن.

[4]. مەن يېڭى ئەھۋاللارغا تېز ماسلىشالايمەن. ھەمدە قىيىن ئەھۋال ئىچىدىن تېز ئەسلىگە قايتالايمەن.

[5]. مەن شوخ ۋە خۇشال-خۇرام ياشايمەن. قىيىن ئەھۋاللار ئىچىدىمۇ ئۆزۈمگە خۇشاللىق تاپالايمەن، ھەمدە ئۆزۈم قىلغان ئىشقا ئۆزۈم كۈلەلەيمەن.

[6]. مەن بىر مەغلۇبىيەتكە ۋە پېشكەللىككە دۇچ كەلگەندە، روھىي جەھەتتىن ئۆز ئەسلىگە كېلەلەيمەن. مېنىڭ سىرداش دوستلىرىم بار. مەن كۆڭلۈمدىكى سۆزلەرنى باشقىلارغا ئېيتالايمەن ھەمدە ئۇلاردىن ياردەم سورىيالايمەن. مەن خاپا بولۇپ قالسام ۋە بىرەر ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلىدىن چۈشكۈنلىشىپ قالسام، مېنىڭ ئۇنداق روھىي ھالىتىم ئانچە ئۇزۇنغا داۋاملاشمايدۇ.

[7]. مەن ئۆز-ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن، ئۆزۈمنى قەدىرلەيمەن، ھەمدە ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر ساغلام چۈشەنچەم بار.

[8]. مەن ھەممە ئىشلارغا قىزىقىمەن، ھەمدە داۋاملىق باشقىلاردىن سوئال سورايمەن. ھەر بىر نەرسىنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا قىزىقىمەن. بىر ئىشنى قىلىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى سىناپ بېقىشنى ياخشى كۆرىمەن.
[9]. مەن ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن ۋە باشقىلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىشلاردىن قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئېرىشىپ تۇرىمەن.
[10]. مەن ھەر خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر. لوگىكىلىق پىكىر قىلىش، ئىجادكارلىق بىلەن ئىش قىلىش، ياكى بۇرۇن ئىسپاتلانغان چارىدىن پايدىلىنىش («use practical common sense») قا ماھىر.
[11]. مەن ئىشلارنى يۇرۇشتۇرۇشكە ماھىر. باشقىلار داۋاملىق مەندىن بىر گۇرۇپپا كىشلەرگە ۋە بىر پروجەكتقا يېتەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ.
[12]. مەن ناھايىتى ماسلىشىشچان. مەن ئۆزۈمنىڭ غەلىتە مۇرەككەپلىكى بىلەن چىقىشالايمەن. مەن بەزىدە ئۈمىدۋار بەزىدە ئۈمىدسىز بولىمەن، بەزىدە باشقىلارغا ئاسان ئىشىنىمەن بەزىدە باشقىلاردىن ئېھتىيات قىلىمەن، بەزىدە شەخسىيەتچىلىك قىلىمەن بەزىدە ئۈنداق ئەمەس.
[13]. مەن ھەر ۋاقىت ئۆزۈمگە خاس ياشايمەن، لېكىن ئوخشىمىغان ئەھۋالدا مەنمۇ ئۆزگىرىمەن.
[14]. مەن يازما خىزمەت تەلىپى يوق ھالدا ئىشلەشنى ياخشى كۆرىمەن. مەن بىر ئىشنى ئۆزۈم «ئەڭ ياخشى» دەپ تاللىغان ئۇسۇل بىلەن قىلسام ياخشىراق ئۈنۈمگە ئېرىشىمەن.
[15]. مەن باشقىلارنى ياخشى چۈشىنەلەيمەن، ھەمدە ئۆزۈمنىڭ ھېسسىي تۇيغۇسىغا ئىشىنىمەن.
[16]. مەن بىر ياخشى تىڭشىغۇچى. مەندە باشقىلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ تېگىگە يېتەلەيدىغان قابىلىيەت («empathy skills») بار.
[17]. مەن باشقىلارغا باھا بېرىشكە ئامراق ئەمەس، ھەمدە باشقىلارنىڭ ھەر خىل مىجەز ـ خاراكتېرىگە ئاسان ماسلىشىمەن.
[18]. مەن ناھايىتى چىدامىلىق. قىيىن ئەھۋالغا ياخشى بەرداشلىق بېرىمەن. مەن ھەم باشقىلار بىلەن ياخشى ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلەيمەن، ھەم بىر مۇستەقىل روھ ۋە مۇستەقىل خىسلەت ساقلايمەن.
[19]. مەن قىيىن ئەھۋاللارنىڭ تاۋلىشى بىلەن تېخىمۇ قابىلىيەتلىك ۋە

تېخىمۇ ياخشى بولغان.

[20]. مەن يامان ئىشلارنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرۇپ باققان، ھەمدە يامان سەرگۈزەشتىلەردىن پايدىلىق نەرسىلەرگە ئېرىشىپ باققان.

## 6. ئاخىرقى سۆز

ساقلانغان بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇ مەسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ھەمدە ئۇ مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى توغرا تونۇپ يېتىش كېرەك. مەن يۇقىرىدا ئۇيغۇرلاردا ھازىر ساقلىنىۋاتقان «ئەنسىرەش» ۋە «چۈشكۈنلۈك» روھىي ھالىتى ۋە ئۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر توغرىسىدىكى ئۆز پەرىزىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. ئوگۇشسىزلىققا تىز پۈكمەي، داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىش روھىي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «تەۋرەنمە ئىقتىدارى» توغرىسىدىكى ھازىرقى زامان يېڭى ئىلمىدىن بىرنىمۇ قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. مېنىڭ مۇشۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم ھازىر «مەن قانداق قىلىمەن؟ بىز قانداق قىلىمىز» دېگەن سوئاللارنى سوراۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ ئۆز سوئاللىرىغا مۇۋاپىق جاۋاب تېپىۋېلىشىغا بىر ئاز ياردەمدە بولۇشتۇر. مېنىڭ ھەر بىر كىشىگە بېرىدىغان تەكلىپىم، سىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان يېڭى ئىلىم ئاساسىدا ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى كىشىلىك مىجەزى ۋە روھىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى بىر باھالاپ كۆرۈپ، ئىنگلىزچە «resilience» ۋە «resiliency» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئىقتىداردىكى كەم ئورۇنلارنى تولدۇرۇشقا تىرىشىڭ. ھەرگىز ئۇيغۇرلاردىكى مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالماڭ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلاردىكى مەسىلىلەرنى ئازايتىۋاتقان ياكى ھەل قىلىۋاتقانلارنىڭ بىرسى بولۇشقا تىرىشىڭ. يېقىندا بىر قېرىندىشىمىز مۇشۇ تور بېتىدە ئۆزىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى سىنىپتا دەرس سۆزلىگەندە، ئۆز پەرزەنتىنىڭ تىلى پۈتۈنلەي خەنزۇچە چىققانلىقىدىن پەخىرلىنىپ كەتكەنلىكىنى تىلغا ئالدى. ئامېرىكىدا بىزنىڭ بىر ئەر-ئايال تۇغقىنىمىز بار. ئۇلارنىڭ بىر 4 ياشلىق قىزى ۋە بىر 2 ياشلىق ئوغلى بار. ئۇلار بالىلىرىنىڭ تىلىنى ئۇيغۇرچە چىقىرىش ئۈچۈن ئۆيىگە سىملىق تېلېۋىزور ئورناتماي، بالىلىرىغا ئۇيغۇر دىيارىدىن ئۇيغۇرچە VCD لارنى ئەكېلىپ قويۇپ بېرىپ، ھەمدە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ

بالىلىرىغا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بېرىپ تەربىيىلىدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ تىلى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە چىقتى. ئۇيغۇرچە تىلى چىققاندىمۇ خېلى چىرايلىق ۋە خېلى تولۇق چىقتى. بىز بۇ ئىككى بالىدىن ئىنتايىن سۆيۈنىمىز. ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمىز. سىز ئۇيغۇر دىيارىدا ياشاپ تۇرۇپ، بالىڭىزنىڭ تىلى ئازراقمۇ ئۇيغۇرچە چىقمىسا، سىز ئۇنىڭغا پەخىرلىنەمسىز؟ سىز كىمۇ؟ مەن بۇ يەردە بۇنىڭدىن باشقا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

ئاخىرىدا مېنىڭ ھەممە تورداشلارغا مۇنداق بىر ئۈمىدىم بار. ئۇ بولسىمۇ مەن تەھلىل يۈرگۈزگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە يالغۇز مەن ئۆزۈملا ئەمەس، ئىمكان قەدەر ئۇيغۇر دىيارى ۋە چەت ئەلدىكى قېرىنداشلاردىن كۆپرەكى ماڭا قوشۇلۇپ بىرلىكتە ئىزدىنىش. مەن ئۇيغۇر دىيارىدىن ئايرىلغىلى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇ يەردىكى ئەھۋالنى تولۇق ۋە ھەقىقىي يوسۇندا چۈشىنىشتە ۋەتەندىكىلەردىن جىق ئاجىزلىق قىلىمەن. شۇڭلاشقا مەن تەييارلىغان ئۇشبۇ يازما، ھەمدە مەن بۇنىڭدىن كېيىن تەييارلايدىغان يازمىلارنىڭ ھەممىسىگە ئوقۇرمەنلەر ئۆزى بىلىدىغان ۋە ھېس قىلغان نەرسىلىرىنى قوشۇمچە قىلسا، شۇ ئارقىلىق بۇ تېمىلارنى يەنىمۇ بېيىتساق. ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئوت يۈرەك قېرىنداشلارنىڭ بۇ كۆڭلۈمنى يەردە قويماسلىقىنى سەمىمىيلىك بىلەن سورايمەن. رەھمەت.

# ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتى

2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا، يەنى 2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، مەن بىزنىڭ ئىدارىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر سېمىنار (ياكى ئىلمىي يىغىن) كە قاتناشتىم. بۇ سېمىنارنىڭ تېمىسى «بىرىنچى ئىشنى ئالدى بىلەن قىل» (ئىنگلىزچە «First things first») بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر خىل شىركەتلەر ئۈچۈن مەخسۇس كىشىلىك تەرەققىيات توغرىسىدا سېمىنار ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بىر شىركەتنىڭ خادىمى بىر سائەت دەرس ئۆتتى. بۇ سېمىناردا سۆزلەنگەن مەزمۇن ئەسلىدە ستىۋېن كوۋېي («Stephen Covey») ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتى» دېگەن بىر كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان 7 ئادەتنىڭ ئىچىدىكى 3 ـ ئادەت ئىدى. بۇ كىتاب ئىسمىنىڭ ئىنگلىزچىسى « The 7 habits of highly effective people» بولۇپ، بۇ يەردىكى « highly effective people » دېگەن سۆزنىڭ ئوتتۇر مەنىسى «يۇقىرى ئۈنۈملۈك كىشىلەر» دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر بۇ سۆزنى ئۇيغۇرچىغا مەنە بويىچە تەرجىمە قىلماقچى بولسا، ئۇنى «ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەر» دەپ ئېلىشقا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاشۇنداق مەنە بويىچە چۈشىنىشىنى سورايمەن. مەن ھازىرغىچە بولغان ئۆمرۈمدە ئاڭلىق ھالدا ئۆزۈم تاللىسام بولىدىغان يوللارنى تولۇق بايقاش، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسىنى تاللاش، ھەر خىل ئىشلارنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ مېڭىشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى تېپىش، ھەمدە ئۇ ئۇسۇللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەھەتتە ئىزچىل تۈردە ئىزدىنىپ ۋە تەجرىبە قىلىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، بۇ مەزمۇننى خېلى ياخشى چۈشەندىم. ھەمدە ئۇنىڭ ماڭا، شۇنداقلا ئۆزۈمگە ئوخشاش باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە، بولۇپمۇ بۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەتكە قەدەم قويىدىغان ئۇيغۇر ياشلىرىغا ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇشبۇ يازمىنى تەييارلاش قارارىغا كەلدىم.

مەن رەسمىي مەزمۇننى باشلاشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن كوۋېي ئەپەندىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم، ئوقۇرمەنلەرگە بۇ يازمىدا ئوتتۇرىغا قويىدىغان مەزمۇننىڭ نېمە ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىر ئاز ئەسكەرتىپ قويۇشتىن ئىبارەت. كوۋېي ئەپەندى 1932-يىلى تۇغۇلغان. ئامېرىكىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئامېرىكىنىڭ ئۇتاھ شتاتىدىكى «Brigham Young Univesity» دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي مەكتەپتە پروفېسسورلۇق قىلىپ ئۆتكۈزگەن. ھەمدە ئاشۇ مەكتەپتە ئىشلەۋېتىپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە باشقىمۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 4 پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1989-يىلى ئۇ «ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتى» دېگەن كىتابنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ كىتاب ھازىرغىچە پۈتۈن دۇنيا بويىچە جەمئىي 12 مىليون نۇسخىدىن ئارتۇق سېتىلغان. ئۇ مۇشۇ كىتاب ھەمدە ئۆزىنىڭ لىدېرلىق ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىلمى جەھەتتىكى بىلىمى بويىچە دۇنياغا تونۇلغان بولۇپ، ھازىر دۇنيادىكى نەچچە مىڭلىغان شىركەتلەر ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان لىدېرلىق ۋە باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى قوللانماقتا. كوۋېي ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ 7 ئادەتنى ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان ئەمەسكەن. ئۇ 150 يىلنىڭ مابەينىدە غەرب ئەللىرىدە نەشر قىلىنغان مۇۋەپپەقىيەتكە ئائىت كىتابلار ھەمدە نۇرغۇن داڭلىق كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالىدىن نەچچە يۈزنى ئوقۇپ چىقىپ، شۇ ئاساستا بۇ ئادەتلەرنى بايقاپتۇ، ھەمدە ئۇنى ئاددىي ۋە توغرا تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇ 7 ئادەتنى دۇنيادىكى ئاساسلىق دىنلارنىڭ ھەممىسىدە تاپقىلى بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى، شۇنداقلا ئۇزۇن مۇددەت ئۈنۈملۈك باشقۇرۇلغان شىركەتلەرنىڭ ھەممىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاشۇ 7 ئادەتتىن ئازدۇر - كۆپتۇر پايدىلانغان ئىكەن. كوۋېي ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، بۇ 7 ئادەت كىشىلەرگە پۈتۈنلەي يېڭى نەرسىدەك تۇيۇلمىسىمۇ، ئۇلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە شەكلىدە تونۇپ يەتمىگەن بولغاچقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنىڭدىن دائىم پايدىلىنىپ كەتمەيدىكەن.

بۇ ماقالىنىڭ تېمىسىنىلا كۆرگەن بەزى ئوقۇرمەنلەر ئېھتىمال «ھازىر كۆپ

ساندىكى ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ مەسىلە قانداق قىلىپ قورساقنى تويغۇزۇش تۇرسا، بۇنداق نەرسىگە كىم قىزىقىدۇ؟» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا «ئالدىرىغان يولدا قالار» دېگەن بىر ماقال بار. ئەگەر سىز بۇ يازمىنى ۋە مېنىڭ كېيىنكى يازمامنى تولۇق ئوقۇپ چىقسىڭىز، يۇقىرىقى ماقالىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلەيسىز. ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ 150 يىلنىڭ مابەينىدىكى مۇۋەپپەقىيەت توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇپ چىقىش ئىمكانىيىتى يوق. گەرچە مەن كوۋېي ئەپەندىنىڭ كىتابىنى تولۇق ئوقۇپ چىقمىغان بولسامۇ، يۇقىرىقى سېمىنار جەريانىدا ئۇ كىشى ئۆزى كىنو قىلىپ ئىشلىگەن بىر قىسىم ماتېرىياللارنى كۆردۈم. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىقى دەرسنىڭ خاتىرىسى ئاساسىدا، بىر قانچە كىشىلەر كوۋېي ئەپەندىنىڭ «ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتى» دېگەن كىتابىنى تەھلىل قىلىپ يازغان ماقالىلەرنى ئوقۇپ چىقتىم. مەن تۆۋەندە ئۆز چۈشەنچەم ئاساسىدا ئاشۇ 7 ئادەتنى تونۇشتۇرۇپ ياكى «ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ» ئۆتىمەن.

ئىنسانلار بىر ئالاھىدە تىپتىكى مەخلۇق بولۇپ، ئۇ خۇددى باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاش پەقەت ئۆزى دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋالغا قارىتا ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش ئاساسىدا ئىش كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ باشقا مەخلۇقلار بىلەن بولغان پەرقى، ئىنسانلار شەيئىلەر ئۈستىدە ناھايىتى چوڭقۇر ئويلىنىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھەرىكەت ئېلىپ بارالايدۇ. ئەگەر سىز تىرىشىپ ئاشۇ 7 ئادەتنى ئۆزىڭىزگە سىڭدۈرۈۋالسىڭىز، پەقەت پاسسىپ ھالدا ئۆزىڭىز دۇچ كەلگەن ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇپ ياشايدىغان ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، شۇنىڭغا ئاساسەن ئاكتىپ ئىش كۆرىدىغان ھالەتتە ياشىيالايسىز. شۇ ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىڭىزنى ئۆزىڭىز بەلگىلىيەلەيسىز، ھەمدە باشقىلارغىمۇ، پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە پايدىلىق بولغان ئىجابىي تەسىرمۇ كۆرسىتەلەيسىز.

ئەمدى ھېلىقى 7 ئادەتنى تونۇشتۇرۇشنى باشلايمەن.

### 1. تەشەببۇسكار بولۇش

بۇنى «ئۆز-ئۆزىگە مەسئۇلىيەتچان، ئىزدىنىشچان ۋە ئىجادكار بولۇش»

دەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى شۇ ئادەمنىڭ قارارىنىڭ فۇنكسىيىسى بولىدۇ. مەسىلەن، مەن ئەگەر ئەتە تاپشۇرىدىغان بىر مەكتەپ تاپشۇرۇقىنى ياكى بىر خىزمەت ۋەزىپىسىنى بۇرۇن ئىشلىمەي، بۈگۈن كەچتە ئىشلىمەكچى بولسام، مەن چوقۇم ئۆز-ئۆزۈمگە خاپا بولۇپ، باشقىلارغىمۇ ئاسان تېرىككەك بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. سەۋەبى مەن بۈگۈن كەچتە تېلېۋىزور كۆرەلمەيمەن ياكى دوستلىرىم بىلەن بىرگە بولالمايمەن. ئەگەر مەن ئۆز-ئۆزۈمگە مەسئۇل بولۇپ، ئۇ ۋەزىپىنى بۈگۈندىن بۇرۇن پۈتتۈرۈۋەتكەن بولسام، بۈگۈن كەچتە ناھايىتى خۇشال بولغان بولاتتىم. ئوقۇرمەنلەر «مەسئۇلىيەتچانلىق» دېگەن سۆزنى كۆپ ئاڭلىغان. بۇ سۆز ئەسلىدە بىر كىشىنىڭ مەلۇم بىر شەيئىگە بولغان ئۆز ئىنكاسىنى ئۆزى تاللاش ئىقتىدارىغا قارىتىلغان. مەسئۇلىيەتچانلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا كىشىلەرنى مۇنداق 2 تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچى خىلدىكى كىشىلەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۆز-ئۆزىگە مەسئۇل بولىدىغان، ئىشنى ئۆزلۈكىدىن قىلىدىغان كىشىلەر. ئىككىنچى خىلدىكى كىشىلەر بولسا پەقەت باشقا ئادەم ياكى تاشقى دۇنيانىڭ تەلپىگە قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇش تەرىقىسىدىلا ئىش كۆرىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنى «رېئاكسىيىلىك كىشىلەر» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. بىرىنچى خىلدىكى كىشىلەر ئىنگلىزچىدا «proactive people»، 2-خىلدىكىسى «reactive people» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، مەن تاپالىغان ئىنتېرنېتتىكى ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە لۇغەتلەردە بۇ سۆزلەرنىڭ بۇ يەردىكى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئۇيغۇرچىسى يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆزلەرنى مەن يۇقىرىقىدەك چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. 2-خىلدىكى كىشىلەر ھاۋارايى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھاۋارايى ياخشى كۈنلەردە بىر خىل، ھاۋارايى ناچار كۈنلەردە بىر خىل بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ تەسىرىگىمۇ بەك ئاسان ئۇچرايدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. بىرىنچى خىلدىكى كىشىلەر بولسا قىممەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەمدە قىلماقچى بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭ قىممىتىگە قاراپ تۇرۇپ ئۆزلۈكىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن تاللىغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ قىممىتى بەلگىلەيدۇ. ئۆز-ئۆزىگە مەسئۇل بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپىنىڭ بىرسى، قىلماقچى بولغان ئىشقا قاتتىق ئىرادە باغلاش ھەمدە بۇ ئىرادىسىنى باشتىن-ئاخىرغىچە ساقلاش. بۇنى خىزمەت ئورنىغا

تەتبىقلىساق، بۇ دېگىنىمىز تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلاش دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر سىز خىزمەت ۋەزىپىسىنى داۋاملىق بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلاپ ماڭسىڭىز، سىز خىزمەتداشلىرىڭىزغا قاتتىق مەسئۇلىيەتچان كىشى بولۇپ تونۇلىسىز، شۇنىڭ بىلەن سىزگە تېخىمۇ كۆپ ياكى تېخىمۇ يۇقىرى خىزمەت ۋەزىپىسى بېرىلىدۇ.

كوۋېي ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ 1-ئادەت ھازىر ئامېرىكا باشقۇرۇش پسىخىكىسىغا ئىنتايىن چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، بۇ يەردىكى ئىجادكارلىق، ئۆز-ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ياكى ئىزدىنىشچانلىق ئادىتى كەڭ مەنىدىن قارىغاندا كۆپچىمىز بىلەن زېھنىمىزنى بىر ئىشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا ۋە قىلغان ئىشىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك نەتىجىسىگە مەركەزلەشتۈرۈش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. ئىزدىنىشچان كىشىلەر ھەرگىزمۇ «ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس»، دەپ قاراپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلار «ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا بىرەر ئامال تېپىلىدۇ»، دەپ قارايدۇ ھەمدە توختىماي ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرى چىقارغان قارار، باشقا كىشىلەر، باشقا ئىشلار ۋە باشقا ئەھۋاللارغا قوللانغان ئۆز ئىنكاسى ئارقىلىق كەلگۈسىگە تەسىر كۆرستەلەيدۇ. شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بىز ئۆز ھاياتىمىزدا قانداق ئەھۋاللارغا يولۇقىدىغانلىقىمىزنى ئۆزىمىز كونترول قىلالمىغان بىلەن، ئۇ يولۇققان ئەھۋاللارغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئۆزىمىز كونترول قىلالايمىز.

بىز بۇ ئادەتنى ئۆزىمىزگە تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك: 1) ئۆز ھاياتىمىز بىلەن باغلىنىشلىق ھەر خىل تەسىرلەرگە نىسبەتەن تولۇق مەسئۇلىيەتنى قوبۇل قىلىش. 2) خاتالىق ئۆتكۈزگەندە ئۇنى ئېتىراپ قىلىدىغان جۈرئەت بولۇش. 3) ھەر بىر ئەھۋالدا ئۆز يولىمىزنى ئۆزىمىز تاللايدىغان ئەركىنلىك بولۇش. قالغان 6 ئادەت بىزدىن ئالدى بىلەن باشقىلارغا يۈلىنىۋالماي ئۆزىمىز ئىزدىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشىمىزنى ھەمدە شۇ ئاساستا ئېسىل خىسلەتكە ئىگە بىر مۇكەممەل كىشى بولۇپ چىقىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ياش-ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارغا قانداق قىلىش، قانداق كىيىنىش، قانداق سۆزلەش، قانداق ھېسسىياتتا بولۇش ۋە قانداق ئويلاشنى دەپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنى شۇ

بويىچە ئىش تۇتۇشقا مەجبۇرلاش ئىدى. لېكىن، بۇ ئۇسۇل ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدى. ئۇ دۆلەتلەر ھازىر ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئۆز-ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلدىغان، ئوگۇشسىزلىققا يولۇققاندا روھىي جەھەتتىن تېز ئەسلىگە كېلىدىغان، كېسىپ ئەھلىگە لايىق پوزىتسىيىگە ئىگە ھەمدە ئىشنى ئۆزى تېپىپ قىلىدىغان كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە يۈزلەندى. لېكىن، ئۇيغۇر دىيارىدا بولسا ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى كونا ئەنئەنىدە تېخىچە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. ھەتتا چېكىنىش بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بوغۇلۇشى ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىنسان بولۇپ چوڭ بولۇشىغىمۇ تەسىر يەتكۈزمەكتە. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار باللىرىنى «باشقىلار يولسىزلىق قىلسىمۇ يول قويغىن» دەپ تەربىيىلىمەكتە. بۇنىڭ «باشقىلارغا قۇل بولۇپ چوڭ بولغىن» دېگەندىن نېمە پەرقى بار؟ مەن ئۇنى بىلەلمىدىم.

ئىنگلىزچىدا «مەدەنىيەت»كە ئائىت سۆزلەردىن ئىككىسى بار. ئۇنىڭ بىرى «culture» بولۇپ، ئۇ «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» دېگەن سۆزدىكى «مەدەنىيەت» نىڭ مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىرى «civilized people» دىكى «civilized» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «مەدەنىيەتلىك خەلق» (ئويغار خەلق) تىكى «مەدەنىيەتلىك» (ئويغار) دېگەن سۆزدۇر. بۇ سۆز ئادەتتە «ياۋايى ئادەملەر» دېگەنگە قارمۇ-قارشى مەنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئويغار خەلق ھەرگىزمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنى «باشقىلار يولسىزلىق قىلسىمۇ يول قويغىن» دەپ تەربىيىلىمەسلىكى كېرەك. ئۇنىڭ ئورنىغا «ئالدى بىلەن باشقىلارغا ئىلمىي ئاساستا ئادالەتلىك بولغىن. ئەگەر باشقىلار ساڭا ياۋايى ئادەملەر ئويغار ئادەملەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلسا، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭنى تارت، ھەمدە ئۇلارنىڭ قىلمىشى ئۈستىدە ئويدان ئويلان» ، دەپ تەربىيىلەش كېرەك.

## 2. ئۆز كۆڭلىدە ئىشنى ئۇنىڭ ئاخىرىسدىن باشلاش

بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى، سىز بىر پروجېكتنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۇ پروجېكت تاماملانغاندىكى ئەھۋالنى ئۆز كۆڭلىڭىزدە تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، دېگەنلىكتۇر. كوۋېي ئەپەندىنىڭ قارىشىچە ھەم بىر پروجېكت

2 قېتىم بەرپا قىلىنغان بولىدۇ. بىر قېتىم مەنىۋى جەھەتتىن، يەنە بىر قېتىم بولسا ماددىي جەھەتتىن. مەنىۋى جەھەتتىن دېگىنىمىز، سىز ئالدى بىلەن ئاشۇ پروجېكت توغرىسىدا بىر ئىدىيە ئويلاپ چىقىسىز ھەمدە ئۇ پروجېكتنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلىسىز. ئاندىن سىز ئۇنى ماددىي جەھەتتىن ئىشلەپ پۈتتۈرۈپ، ئۆزىڭىز ئويلىغان نەرسىنى ياساپ چىقىسىز. ئادەتتە كىشىلەر بىر پروجېكتنى ئۆز كۆڭلىدە باشلاپ، ياساپ چىقماقچى بولغان نەرسىسى توغرىسىدا بىر مۇكەممەل لايىھىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى ماددىي جەھەتتىن ياساشنى باشلايدۇ. مەن بۇنىڭغا بىر مىسال كۆرسىتەي. مەن ھەر قېتىم مۇشۇنداق يازمىدىن بىرنى تەييارلىغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنى قانداق باشلاشنى، ئۇنىڭ قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئۇ مەزمۇنلارنىڭ قانچە قىسمغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى، ھەمدە ئۇنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى تەپسىلىي ئويلايمەن. ئاندىن كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇنى يېزىشقا باشلايمەن. مېنىڭ ئۇنداق بىر يازمىنى بىر ئولتۇرۇپلا پۈتتۈرىۋېتىدىغان ۋاقتىم بولمىغاچقا، ئۇنى نەچچە ھەپتە، بەزىدە ھەتتا بىر-ئىككى ئايدا ئاران يېزىپ بولىمەن. لېكىن، ئۇ ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسىنى كاللامدا تەپسىلىي ئويلاپ قويغان بولغاچقا، ئۇنى پارچە-پۇرات ۋاقىتلاردا يازسامۇ ئۇنىڭ باغلىنىشىغا ۋە بىر پۈتۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلالايمەن.

نۇرغۇن كىشىلەر پىلانلىغان ياكى نىشان قىلغان بىر ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئويلاپ، قىلغان ئىشىغا ھەقىقىي تۇردە رازى بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار ئالدى بىلەن كۆڭلىدە ئىشنى ئاخىرىسىدىن باشلىمىغان. بەزىلىرى ھەتتا قىلماقچى بولغان ئىشنى قايسى دەرىجىگە ئاپارسا ئۇ ئىش تاماملانغان بولىدىغانلىقىنى ئالدىن ئويلاپ قويمىغان. بەزىدە «ئىشنىڭ ئاخىرى» دېگىنىمىز ھاياتىمىزنىڭ مەقسىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر سىز ئۆز ھاياتىڭىزنىڭ مەقسىتىنى ئالدىن ئالا ئېنىق تاللىمىسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز ھاياتىڭىزنى ئۆزىڭىز تولۇق رازى بولىدىغان بىر يۆنىلىشكە باشلاپ ماڭالمايسىز.

بۇ ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، سىز چوقۇم ئۆزىڭىزگە بىر غايە تىكلىشىڭىز، ئۇ غايىنى تىكلەشتىكى مەقسەتكە روشەن ئېنىقلىما بېرىشىڭىز، ھەمدە سىزنى يۇقىرىقى غايىگە يېتىشكە قاراپ باھالىغىلى بولىدىغان تەرىقىدە ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان كىچىك نىشانلارنى تىكلىشىڭىز كېرەك. نۇرغۇن

كىشىلەر غايە بىلەن نىشاننىڭ پەرقىنى ئانچە پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. لېكىن بۇ ئىككى ئۇقۇم بىر- بىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان بولۇپ، يۇقىرىقى بىر جۈملىدە بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر ئاز چۈشەندۈرۈلگەن. بىر ئادەم ئۆز ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، چوقۇم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان نىشان تىكلەپ مېڭىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋېلىشى كېرەك. بۇ مەسىلە ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، مەن بۇ يىل ئىچىدە بۇ تېما توغرىسىدا بىر مەخسۇس يازما تەييارلاشنى ئويلاۋاتىمەن. سىز پەقەت ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر غايە تىكلىگەندىن كېيىنلا، كېيىنكى قىسىمدا تەسۋىرلىنىدىغان 3-ئادەتنى پايدىلىنىپ، ئۆز تىرىشچانلىقىڭىزنى كۆڭلىڭىزدىكى ئارزۇغا يېتىشكە قاراپ توغرىيالايسىز.

## 3. مۇھىم ئىشنى ئالدىدا قىلىش

مۇھىم ئىشنى ئالدىدا قىلالىشىڭىز ئۈچۈن، سىز ئالدى بىلەن تەشەببۇسكار بولۇشىڭىز (يەنى 1-ئادەتتە چۈشەندۈرۈلگەن 1-خىلدىكى ئادەم بولۇشىڭىز)، ئاندىن ئۆزىڭىز باشلىماقچى بولغان پروجېكتنى مەنىۋى جەھەتتىن بەرپا قىلىپ چىقىشىڭىز كېرەك. مۇھىم ئىشنى ئالدىدا باشلاشنىڭ بىر ئۇسۇلى، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىز توغرىسىدا مۇنداق بىر 4كۋادراتلىق ماترىتسانى تۈزۈپ چىقىش:

1-كۋادرات: مۇھىم ۋە جىددىي ئىشلار
2-كۋادرات: مۇھىم ئەمما جىددىي ئەمەس ئىشلار
3-كۋادرات: مۇھىم ئەمەس، لېكىن جىددىي ئىشلار
4-كۋادرات: مۇھىم ئەمەس ھەمدە جىددىي ئەمەس ئىشلار

خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا سىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. بەزىدە ئوخشاش بىر ۋاقىتتا قىلىپ پۈتتۈرمىسە بولمايدىغان ئىشلاردىنمۇ بىر قانچىسى بولىدۇ. يۇقىرىقى ماترىتسادىن پايدىلىنىپ، سىز قايسى ئىشنى ئالدىدا باشلاش كېرەكلىكى توغرىسىدا توغرا قارار چىقىرالايسىز. نۇرغۇن كىشىلەر قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر كۋادراتقا كىرگۈزۈۋېلىپ قويىدۇ. ئەگەر سىز ھەممە ئىشلارنى 1-كۋادراتقا كىرگۈزۈپ قويسىڭىز، سىز چوڭقۇر بېسىم ھېس قىلىپ، قاتتىق چارچاپ كېتىسىز. بۇنداق

كىشىلەر يۇقىرىدىكى 1 ـ ئادەتتە چۈشەندۈرۈلگەن «رېئاكسىيلىك كىشىلەر» بولۇپ، «تەشەببۇسكار كىشىلەر» ئەمەس. قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى 3 ـ ياكى 4 ـ كۋادراتقا كىرگۈزۈپ قويىدىغان كىشىلەر دېگەندەك مەسئۇلىيەتچان بولالمايدۇ. ئادەتتە ھەم مۇھىم ئەمەس ھەم جىددىي ئەمەس ئىشلار ئانچە مەۋجۇد ئەمەس. سىز ئۆز ۋاقتىڭىزنىڭ كۆپ قىسمىنى سەرپ قىلىشقا تېگىشلىكى 2 ـ كۋادراتتۇر. بۇ كۋادراتقا كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىدىغان كىشىلەر بىر پروجېكتنى بەرپا قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ۋاقىت چىقىرىپ ياخشى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. شۇڭا 2 ـ كۋادرات ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ۋاقىت سەرپ قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ياخشى كۋادرات بولۇپ، ئىشنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك قىلىدىغان كىشىلەر ئاشۇ كۋادراتنى ھەممىدىن كۆپ ئىشلىتىدۇ. كوۋېي ئەپەندى مۇشۇ قىسىمدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 3 ـ ئادەت: «مۇھىم ئىشنى ئالدىدا قىلىش» (ئىنگلىزچە «Put first things first») دېگەن تېمىدا بىر مەخسۇس كىتاب يازغان بولۇپ، بۇ كىتاب ھەمدە ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە ھازىر ئامېرىكىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك شىركەتلەرنىڭ ۋاقىتنى مۇۋاپىق باشقۇرۇشتىكى قوللانمىسى بولۇپ قالغان. شۇڭا مەن بۇ مەزمۇن توغرىسىدا يەنە بىر مەخسۇس يازما تەييارلايدىغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر بۇ 3 ـ ئادەت توغرىسىدىكى تېخىمۇ تەپسىلىي ئۇچۇرنى ئاشۇ يازمىدىن كۆرۈۋېلىشىنى سورايمەن.

## 4. ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ ئۇتۇشنى كۆزلەش

بۇ ئادەتنى كوۋېي ئەپەندى ئىنگلىزچە «Think win win» دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇ كۆڭۈلدىكى پوزىتسىيىگە قارىتىلغان. ئۇ زىددىيەتلىك ئىككى ئادەم بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا دۇچ كەلگەندە، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى ئادەم تۇتىدىغان بىر پوزىتسىيىگە قارىتىلغان. يەنى ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى ئادەم ھەر دائىم زىددىيەتلىك ھەر ئىككى تەرەپكە ھەقىقىي تۈردە پايدا ئېلىپ كېلىدىغان چارىنى تېپىشقا تىرىشىدۇ. بۇنداق چارە ئۆزلۈكىدىن مەۋجۇد بولمايدۇ. ئۇنى بىر كىم ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى كېرەك. مەلۇم بىر مەسىلە توغرىسىدا بىز بىرەر چارىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتەلمىسەك، ئۇ ھەرگىز ئاشۇنداق بىر چارىنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. «ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ ئۇتۇش» ئىدىيىسى ھەرگىز مۇرەسسە قىلىشنى كۆزدە تۇتقان ئەمەس.

سىز بۇ ئادەتنى قانچە كۆپ قوللانسىڭىز، ھەر ئىككى تەرەپكە ھەقىقىي تۈردە تەڭ پايدا يەتكۈزىدىغان بىر چارىنى تېپىشقا شۇنچە بەكرەك ئىنتىلىدىغان بولىسىز. شۇ ئارقىلىق ئەسلىدە ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنگەن ئىشلارنىمۇ ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىۋېتەلەيسىز. بۇ خىل پوزىتسىيىنىڭ ئۈنۈم بېرىشىدىكى سەۋەب، ئۇ ھەرگىز قارشى تەرەپتىن مۇرەسسە قىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ ھەر بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئەمەسلىكىنى، شۇڭا ياخشىراق چارىنى تېپىپ چىقىش ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق نىشانى بولۇشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىشكە ئۈندەيدۇ. پەقەت ئۆز-ئارا ھەمكارلاشقاندىلا ھەمدە مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ھەقىقىي تۈردە ئىرادە باغلىغاندىلا ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ پايدا كۆرىدۇ.

## 5. ئالدى بىلەن باشقىلارنى چۈشىنىشنى، ئاندىن باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشنى ئويلاش

بۇ ئادەتنى كوۋېي ئەپەندى ئىنگلىزچە « Think first to understand, then to be understood» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ ئادەتنىڭ ھالقىلىق تەرىپى ئۆزئارا ياخشى ئالاقىلىشىشتۇر. نۇرغۇن كىشىلەر مۇزاكىرە، يىغىن ۋە سۆزلىشىش جەريانىدا داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، ھېچ كىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ. كوۋېي ئەپەندى بۇ خىل ئەھۋالنى «گاسلارنىڭ مۇنازىرىلىشىشى» دەپ ئاتىغان. «ئالدى بىلەن باشقىلارنى چۈشىنىش» ئادىتى سىزدىن «باشقىلارنىڭ ئالدىدا سۆز قىلىشىغا يول قويۇڭ» دېگەننى تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇ سىزدىن قاتتىق تىرىشىپ، باشقىلار نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەملەرنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى باشقىلارنى خاتا چۈشىنىش. شۇڭا كىشىلەر باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەندە، باشقىلارنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشتە داۋاملىق خاتالىشىدۇ. باشقىلار دېگەن گەپكە ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتى ۋە تۇرمۇش چۈشەنچىسى ئاساسىدا مەنە بېرىدۇ. ھەمدە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلارغا خاتا مەنە بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەگەر سىز قارشى

تەرەپنىڭ ئورنىنى مۇكەممەل چۈشىنىشكە تەييار تۇرسىڭىز، ھەمدە سۆزلىشىش-مۇزاكىرىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا يېتەرلىك ۋاقىت ۋە كۈچ چىقىرىپ قارشى تەرەپنى چۈشىنىشنى ئۆز ئادىتىڭىزگە ئايلاندۇرسىڭىز، قارشى تەرەپمۇ سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلىپ، ئىككىڭلار ئوتتۇرىسىدىكى كەيپىيات باشقىچە ياخشىلىنىدۇ. قارشى تەرەپمۇ تېخىمۇ ئېچىلىپ، سىزنىڭ گېپىڭىزگە تېخىمۇ قىزىقىدىغان ۋە تېخىمۇ كىرىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇزاكىرىدىن باشقىچە ياخشى نەتىجە چىقىدۇ.

ئەگەر سىز بىر باشلىق بولسىڭىز، باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنى تولۇق چۈشىنىش سىز ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان قورال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىزگە ئىشلەيدىغان كىشىلەر سىزدىن ئۆزلىرىنىڭ ھال ئەھۋالىغا ئوبدان يېتىشىڭىزنى ھەمدە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ ئادەت سىزنىڭ باشقىلار بىلەن ساغلام مۇناسىۋەت ئورنىتىشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ.

## 6. ياخشى ھەمكارلىشىش

بۇ ئادەتنىڭ ئىنگلىزچىسى «Synergize» بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، مەسىلە ھەل قىلىش» دېگەنگە يېقىن كېلىدۇ. بۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان يەنە بىر ئىنگلىزچە سۆز «synergy» بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «پۈتۈن گەۋدە ئۇنىڭ بۆلەكلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن چوڭ بولىدۇ» دېگەندىن، ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، پۈتكەن نەرسە ئۇنىڭ پارچىلىرىدىن چوڭ بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. «ياخشى ھەمكارلىشىش» دېگەن ئادەت سىزدىن باشقىلار بىلەن ئورتاق باش قاتۇرۇپ، ھەممەيلەننىڭ ئىجادكارلىقىنى ئىشقا سېلىپ، بىر مەسىلە ئۈستىدە سىزمۇ پايدا كۆرىدىغان، باشقىلارمۇ پايدا كۆرىدىغان توغرا چارىنى تېپىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «ھەمكارلىق ئارقىلىق ئېرىشكەن چارە» تېپىش دېگەنلىك ئىككى تەرەپ ئۆز ئالدىغا ئوتتۇرىغا قويغان چارىدىن ياخشىراق چارىنى تېپىش دېمەكتۇر. شۇڭلاشقا بۇ ئادەتنى تولۇق ئۆنۈمگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم ئالدى بىلەن 4- ۋە 5-ئادەتلەردىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. يەنى، ئالدى بىلەن ھەر تەرەپ ئوخشاش پايدا كۆرىدىغان بىر چارىنى تاپقىلى بولىدۇ، دېگەن ئىدىيىگە تولۇق ئىشىنىش كېرەك. ئاندىن يېتەرلىك ۋاقىت ۋە كۈچ سەرپ قىلىپ، يەنە بىر تەرەپنى تولۇق چۈشىنىش كېرەك. ئەڭ ئاخىرىدا

ھەممەيلەن بىرلىكتە كاللا ئىشلىتىپ، بىر ئورتاق چارە تېپىپ چىقىش كېرەك. مانا بۇ ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئۆز-ئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئېرىشكەن بىر تەبىئىي چارە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 7. ھەرىنى بىلەپ تۇرۇش

بۇ يەردىكى «ھەرە» سىز ئۆزىڭىز بولۇپ، «ھەرىنى بىلەپ تۇرۇش» دېگەننىڭ مەنىسى ئۆزىڭىزنى ياخشىراق، ئەقىللىقراق ھەمدە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلىپ تۇرۇش، دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈملۈك كىشىلەر داۋاملىق ۋاقىت چىقىرىپ، ھەرىنى بىلەپ تۇرىدۇ. يەنى، ئىزچىل تۇردە بەدەن، كۆڭۈل ۋە روھىيەتتىن ئىبارەت ئىنسان ھاياتىنىڭ 3 ئۆلچىمىنىڭ ھەممىسىنى چېنىقتۇرۇپ تۇرىدۇ. كوۋېي ئەپەندى يۇقىرىقى 3 ئۆلچەمگە «كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەت» دېگەندىن ئىبارەت 4-ئاملىنى قوشقان.

### 7.1 روھىي چېنىقىش

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى ھاياتىنىكى مەقسەت ۋە يۆنىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر سىز دىندار ئادەم بولسىڭىز، سىزنىڭ خۇسۇسىي ئېتىقادىڭىزنىڭ ئۆزى روھىي چېنىقىش بولىدۇ. ئەگەر سىز دىن مۇخلىسى بولمىسىڭىز، ھاياتلىقنىڭ سىز ئۈچۈن بىر ئالاھىدە مەقسىتى بارلىقىنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سىز مۇددەتلىك ھالدا ھېچ ئىش قىلماي، ئۆزىڭىزنى پۈتۈنلەي قويۇۋېتىپ، 10-15 مىنۇت ئويلانسىڭىز، شۇ بىر خىل روھىي چېنىقىش بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. كىشىلەر ئادەم ئۇخلىغاندا ئادەمنىڭ كۆڭلى يېتەرلىك ئارام ئالىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق ئەمەس. ئادەم ئۇخلىغاندا ئۇنىڭ مېڭىسى يەنىلا ناھايىتى ئاكتىپ بولىدۇ. ئۇ توختىماي ھەر خىل ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا كۆڭۈلنى مۇددەتلىك ئارام ئالدۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلەر ئۆزىنى ساغلاملاشتۇرالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆز غايىسى، ئۆزىنىڭ رولى، ئۆز نىشانى ۋە ئۆز ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشلار ئۈستىدە مۇددەتلىك ھالدا ئويلىنىپ تۇرۇشمۇ روھىي چېنىقىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن ئەتىياز ۋە ياز كۈنلىرى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىرەر سائەت ۋاقىت ھويلامغا گۈل ۋە كۆكتات تىكىش ھەمدە ئۇلارنى پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق روھىي چېنىقىش

مەقسىتىمگە يېتىمەن. يەنى مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم زېھنىمنى ئەتىگەندىن كەچكىچە يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ، مېڭە ئىشلىتىش ئىشى بولغاچقا، مەن ئۇچۇن هويلىدا ئىش قىلىش بىر روهىي چېنىقىش بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

مەن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ «ئۇچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتلىكتىكى ئۇچ خىل قىممەت» دېگەن ماقالىسىدىكى تۆۋەندىكى مەزمۇننى ئوقۇغاندا، بەش ئەسىرنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇرلاردا نېمە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى دېگەندەك چۇشىنەلمىگەن ئىدىم:

نەقىل:

يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە «ئەۋلىيا چەتتىن، مۇرىت بىزدىن» بولۇپ، ئىچكى نىزا ۋە تەپرىقىچىلىكتە ئېرىشكىنىمىز زادى نېمە بولدى؟ يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيان دىنىي مەزھەپچىلىك بىلەن مۇرت-مۇخلىسلىق پىرقىۋازلىقى، يۇرتۋازلىق-مەھەللىۋازلىق، موللام ياكى ئەپەندىلىرىمىزدىكى كىچىك گۇرۇھۋازلىق، ئەل غېمىنى مۇز دەرياغا پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتكەن مەنسەپ-بالداق ھېرىسمەنلىكى، تۇركۇم ئېڭى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقىنىڭ تەلۋە دەبدەبىلىرى بىلەن دەل-دەرەخسىز جەزىرىدىكى قۇيۇنتازدەك مەسئۇلىيەتسىز پىتنە-ئىغۋا تۆھمەتخورلۇقى قاتارلىق ئالتە زەھەر تۇپەيلىدىن «ئوغۇز سۇتىدەك ئۇيۇماق» دېگەن مەنىدىكى «ئۇيغۇرلار» ئۇيۇشۇش كۇچىنى «ئىچىغان سۇت»كە ئايلاندۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە «ئىسمىمىز ئۇيغۇر، ئىشىمىز ئۇرغۇي» بولۇپ چىقتى.

يېقىندا يۇسۇپجان ياسىن ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ ئاساسلىرى» دېگەن ماقالىسىدىكى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇدۇم:

نەقىل:

ئىنسانىيەتنىڭ بۇگۇنگىچە بولغان تارىخىدىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ياكى چېكىنىشى، نام-شۆھرەت قازىنىشى ياكى ئۇنتۇلۇشى ئومۇمەن شۇ مىللەتنىڭ مىللىي روھىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ

مىلادى 13 ـ ، 14 ـ ئەسىرلەرگىچە بولغان تارىخىدا سىياسىي ھوقۇق چۇشەنچىسىنىڭ كۆچىيىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە تەرەققىي قىلىپ، تەسىرى ۋە نام ـ ئابرۇيىنىڭ ئاسىيادىن ھالقىپ ھەتتا ياۋروپا ۋە ئافرىقىغىمۇ تارىلىشى ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ ھەرقانداق ساھەسىدە مىللىي روھنى يېتەكچى قىلغانلىقىدىن بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى چېكىنىش ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىشىدە نۇرغۇن سەۋەبلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى بەزى كىشىلەر جار سېلىۋاتقىنىدەك قانداقتۇر «يىپەك يولى» نىڭ ئۈزۈلۈپ، «دېڭىز يولى» نىڭ ئېچىلىشىغا باغلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى مۇشۇ مەزگىللەرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى دەۋرلەردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا مىللىي روھنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇن بولىدىغان ئامىللارنىڭ كۆرۈلۈشكە ۋە كۈچىيىشكە باشلىغانلىقىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. بۇ توسقۇنلۇقمۇ دەل سىرتقى مۇھىتتىن قوبۇل قىلغان تۈرلۈك ئېتىقاد شەكىللىرى ۋە ئاشۇ ئېتىقاد شەكىللىرىگە ئەگىشىپ كىرىپ كەلگەن مەدەنىيەت بەلگىلىرىنىڭ ئېتىبارغا ئېرىشىشىدىن بولغان. مەلۇمكى، تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىن تارتىپلا «ئۇلۇغ تەڭرى» دېگەن مەنىدىكى «كۆك تەڭرى» نامىدا ئاتالغان بىر تەڭرىلىك ئېتىقاد شەكلى ئاساس قىلىنىپ كەلگەن. ئىسلامىيەت دەۋرىگە قەدەر ئىزچىل داۋاملاشقان بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىسىدە، ھوقۇق، قانۇن، غۇرۇر، ئۇستۈنلۈك، جەڭگىۋارلىق، شان ـ شەرەپ، ئىنسانچىلىق، جۈملىدىن مىللىي روھ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى دەپ قارىلاتتى. ھۆكۈمدارلارمۇ بۇ ئەقىدىنى رېئال ھاياتتا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشاتتى، دېمەك، بۇ دەۋردە مىللىي روھ بىر خىل ئېتىقاد ۋە ئەقىدىگە ئايلانغانىدى.

**شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنگەندەك ھېس قىلدىم. يەنى، بۇنىڭدىن بەش ئەسىر بۇرۇن، ئۇيغۇرلار مىللىي روھقا بىر خىل ئېتىقاد سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغانىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىل پوزىتسىيىدە تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلىشىش بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردا زور دەرىجىلىك چېكىنىش يۈز بېرىپتۇ. مىللىي روھنىڭ ئاجىزلاپ مېڭىشى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۈگۈنمۇ بىر چوڭ**

يوقتتش بولماقتا. ياپونلۇقلار هازىرمۇ مىللىي روهقا بىر ئېتىقاد سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ دىنى ئۇلارنىڭ مىللىي روھىنى ساقلاپ قېلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى ۋە ئويناۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مىللىي روھىي بولسا ۋەتەنسىز ئۆتكەن ئالدىنقى ئىككى مىڭ يىل جەريانىدا ئۇلارنىڭ يەنىلا بىر مىللەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ قېلىشىدا مۇتلەق رول ئوينىدى. مەن تورداشلارنىڭ يۇقىرىقى ئىككى پارچە ماقالىنى بىر ئوقۇپ چىقىشىنى، شۇ ئارقىلىق مىللىي روھىمىزمۇ بىر ئېتىقاد بولالايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ماقالىلەرنى تۆۋەندىكى تور بەت ئادرېسىدىن تاپقىلى بولىدۇ: http://www.meripet.com/Academy

7.2 جىسمانىي چېنىقىش

كۆپرەك ئوكسىگېن تەلەپ قىلىدىغان جىسمانىي چېنىقىش سالامەتلىك، قۇۋۋەت ۋە ساغلام ھېسسىيات ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە. بۇ ئادەتنى ئۆزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر ھەپتىدە كەم دېگەندە 3 قېتىم 20 مىنۇتتىن چېنىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ھازىر بۇنداق ئادىتىڭىز بولمىسا، يۇقىرىقى چېنىقىش ئادىتىنى باشلاپ تەخمىنەن 6 ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، سىز جىق ساغلام بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىسىز. بۇنداق چېنىقىش ئارقىلىق بەدىنىڭىز ئوكسىگېننى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ئۆزىڭىزنى باشقىچە روھلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز.

7.3 مەنىۋى چېنىقىش

ئۆزىڭىزدىن مۇنداق سوئالنى سوراپ بېقىڭ: «مەن دىلىمنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن؟ مەلۇم بىر ئۆگىنىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەنمۇ؟ ئۆزۈمنىڭ كەسپىي بىلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن؟» بۇ جەھەتتە قىلىدىغان مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرسى كىتاب ئوقۇش. ياخشى ماتېرىياللارنى تاللاپ، ئۆز بىلىمىڭىز ۋە چۈشەنچىڭىزنى كېڭەيتىدىغان ۋە چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئوقۇش. كوۋېي ئەپەندى جىسمانىي چېنىقىش بىلەن مەنىۋى چېنىقىشنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۆيدىكى چېنىقىش ۋېلىسىپىتىنى كۈنىگە بىر سائەتتىن ئارتۇق مىنىپ، شۇ جەريانىدا كىتاب ئوقۇيدىكەن. بىزگە مۇشۇ

دەرسنى سۆزلىگەن كىشى ھەر ئايدا ياخشى كىتابتىن بىرنى ئوقۇپ تۈگىتىشنى ئۆزىنىڭ دائىملىق نىشانى قىلىۋالغان ئىكەن. بىزنىڭ بارلىق يول يۈرۈشىمىز ماشىنا ئارقىلىقلا بولىدىغان بولغاچقا، مەن ھەر كۈنى ئايالىم بىلەن بىرلىكتە كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىر سائەت ئەتراپىدا يول ماڭىمەن. ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن بىرەر سائەت ماتېرىيال كۆرىمەن. ھەر بىر خىزمەت كۈنىنى روھۇم ئۈستۈن ۋە ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئۆتكۈزۈشۈم ئۈچۈن، ئەتىگىنى سائەت 5 تىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە ئۆيدىن خىزمەتكە قاراپ يولغا چىقىش ئۈچۈن، ئورنۇمدىن سائەت 5 تىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە تۇرۇپ، چوقۇم بىر قېتىم يۇيۇنىمەن.

داڭلىق ئەربابلارنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان داڭلىق ئەسەرلەر قاتارلىقلارنى ئوقۇش ئارقىلىق، ئادەم ئۆزىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتالايدۇ. قىلىۋاتقان ئىشى ئۈچۈن يېڭىچە كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشەلەيدۇ. يېقىندا بىر قېرىندىشىمىز ماڭا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلغان تۆۋەندىكى كىتابلارنىڭ تىزىملىكىنى ماڭدۇرۇپتۇ:

- ئەلبېرت ھۇببارد: «خەتنى گارسىيىگە يەتكۈزۈپ بېرىش»
- ناپولېئون خېئولىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ھەققىدىكى بىر يۈرۈش كىتاب-روماللىرى
- ۋىنسىلېت پىئېر: «جاپا چەككۈچىلەرنىڭ مەيۈسلىنىشكە ھەققى يوق»
- جەك لوندون: «ھاياتقا مۇھەببەت» (80-يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان. «باھار شاملى» (ھازىرقى «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ كونا نامى 80-يىللىرىدىكى قايسى بىر سانىدا بار ئىدى).
- ئولگ ماندىنو: «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى»
- فىرەر كاپەنىڭ غەربىي نۇقتا ھەربىي مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ھەققىدىكى جەۋھەرلەردىن تۈزۈلگەن «باھانىگە يول يوق»

ئۇنىڭدىن باشقا، مەن توردا شلاردىن ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندىنىڭ « ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر » دېگەن ماقالىسىنىمۇ بىر ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ ماقالىنىڭ تور ئادرېسى: http://www.meripet com/Academy

### 7.4 كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

بۇنى بەزىلەر «ئىجتىمائىي ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى چېنىقىش» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ ئىش ئالدىنقى 3 ئىشتەك بىر خىل ئادەت بولماستىن، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر ئىرادە. بۇ ئىرادىنى يۇقىرىقى 7.1-قىسىمدا توختالغان روھىي چېنىقىش ئادىتى جەريانىغا سىڭدۈرسىمۇ بولىدۇ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىرادە يۇقىرىقى 4-، 5- ۋە 6-ئادەتلەردىن پايدىلىنىپ كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئىرادىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

بىئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىنسان بەدىنى ئەسلىدە 120 يىل ساغلام ياشاشقا يارىتىلغان. بۇ دېگەنلىك، ئەگەر سىز ياخشى ئادەتلەر ئارقىلىق ئۆز سالامەتلىكىڭىزنى ئوبدان كونترول قىلالىسىڭىز، 120 ياشقا كىرگىچە ياشىشىڭىز پۈتۈنلەي مۇمكىن، دېگەنلىكتۇر.

## ئاخىرقى سۆز

ئامېرىكىدا «كىشىلىك تەرەققىيات» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەسىپ بار. ئۇنى ئىنگلىزچە «Personal development» دەپ ئاتايدۇ. ئىدارە، مەكتەپ، شىركەت ۋە كارخانىلار ئۆز خىزمەتچىلىرىنىڭ كەسپىي ۋە ئىجتىمائىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىگە مۇۋاپىق خىزمەت دەرىجىسىگە ئۆسۈشىگە ياردەم قىلىش، ھەمدە خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ساغلام ساقلاپ مېڭىش ئۈچۈن يۇقىرىقى كەسىپتىن پايدىلىنىدۇ. مەن ئۇيغۇر دىيارىدا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا «كىشىلىك تەرەققىيات» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ باققىنىم ئېسىمدە يوق. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ساپا مەسىلىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ھازىر پەقەت بىر تال تانىنىڭ ئۈستىدىلا مېڭىشقا مەجبۇرى بولۇۋاتىدۇ. ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈن مىللەت دائىرىسىدە مىللىي ساپانى ئۆستۈرۈش يولىدا بىرەر ئىش ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى ئاساسەن يوق. لېكىن ھەر بىر ئىندىۋىدۇئالنىڭ ھەر جەھەتتىكى ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق يۈكسەكلىككە يېتىش ئىمكانىيىتى ھېلىمۇ مەۋجۇد. بىز بۇ دۇنيادا پەقەت بىر قېتىملا ياشايمىز. ھەمدە بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىز ئىنتايىن قىسقا. ھەر بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ نۇرغۇن ئوخشىمىغان نۇسخىلىرى بولىدۇ. ئۇ ئوخشىمىغان نۇسخىلارنىڭ ئىچىدىكى قايسىسىغا ئېرىشىش شۇ ئادەمنىڭ

كىشىلىك ھاياتقا بولغان كۆز قارىشى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئۆز-ئۆزىنى قانچىلىك مۇكەممەل چۈشىنىشى، قايسى يولنى تاللىشى ۋە شۇ يولدا قانچىلىك تەر ئاققۇزۇشىغا باغلىق. شۇنداق بولغاچقا، سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ ھايات نۇسخىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسىغا ئېرىشىشكە تىرىشىڭ. ئۇنداق قىلمىسىڭىز، سىز ئاقىلانە ئىش قىلمىغان بولىسىز. مەن سىزگە مۇشۇ جەھەتتە بىر ئاز ياردىمى بولسۇن دەپ، بۇ يازمىنى تەييارلىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يازمىلىرىمدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىدە ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ بولغان، لېكىن ئۇيغۇر دىيارىغا ھازىرغىچە سىڭىپ كىرىپ بولالمىغان، كىشىلىك تەرەققىيات توغرىسىدىكى بەزى ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىمەن. گەرچە مەن بىر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس بولمىسامۇ، مەن تونۇشتۇرىدىغان ئىلمىي ئۇقۇم ۋە بىلىملەر غەرب ئەللىرىدىكى دۇنياغا تونۇلغان ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نۇرغۇن يىللىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىغا چوقۇم زور پايدىسى بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بولسا ئۇلارنى تولۇق ھەزىم قىلىۋېلىشىنى، كەم دېگەندىمۇ ئۇلارنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭ دېيىشىچە، بەزى قېرىنداشلار مەلۇم بىر تور بېتىدە مېنىڭ يازمىلىرىمنى بېسىپ چىقىرىپ، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا تارقاتسا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. مېنىڭ يازمىلىرىمنى ھەر قانداق شەكىلدە تارقاتسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. بۇ ئىشتا مەندىن ياكى باشقىلاردىن ئىجازەت ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن بۇ يازمىلارنى ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن تەييارلاۋاتىمەن. يازغانلىرىمنىڭ قىممىتى پەقەت باشقىلار ئۇلارنى ئوقۇغاندىلا يارىتىلىدۇ. يەنى، ئۇلارنى قانچە كۆپ ئادەم ئوقۇسا شۇنچە ياخشى. شۇڭا سىز مەيلى تور بەتلىرىدە بولسۇن، ياكى بېسىپ چىقىرىپ بولسۇن، بۇ يازمىلارنى كۆپرەك كىشىلەرنىڭ كۆرۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ ماڭا قىلغان بىر زور ياردىمىڭىز بولىدۇ. ئەگەر ماقالىدىكى ئىسمىمنى ساقلاپ قېلىش سىزگە ۋە باشقىلارغا پايدىسىز بولسا، ئىسمىمنى چىقارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۆزىڭىزگە قايسىسى پايدىلىق بولسا شۇنى قىلىۋېرىڭ. رەھمەت.

# ۋاقىتنى مۇۋاپىق باشقۇرۇش

2008 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

مەن ئالدىنقى قېتىم يازغان «ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتى» دېگەن يازمامدا، دۇنياغا داڭلىق كوۋېي ئەپەندى يەكۈنلەپ چىققان يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئىش قىلىدىغان، ئۆز ھاياتىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. كوۋېي ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتى» دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ داۋامى تەرىقىسىدە يەنە بىر كىتاب ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ 2 ـ كىتابىنىڭ ئىنگلىزچە ئىسمى «First things first». بۇنىڭ مەنىسى «مۇھىم ئىشنى ئالدىدا قىلىش» دېگەنگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەسلىدە يۇقىرىقى 7 ئادەتنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، بىزنىڭ ئىدارىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر سېمىنار مەخسۇس مۇشۇ تېمىدا بولدى. مەن ئۇشبۇ يازمامدا «مۇھىم ئىشنى ئالدىدا قىلىش» بويىچە، قانداق قىلغاندا ۋاقىتتىن مۇۋاپىق پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

«ئىگىلىك باشقۇرۇش» دېگەننى ئىنگلىز تىلىدا « business management» دەيدۇ. ئىنگلىز تىلىدا مۇشۇ سۆز بىلەن ئوخشاش خاراكتېردىكى يەنە بىر سۆز بار. ئۇ بولسىمۇ «time management». بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ۋاقىت باشقۇرۇش». ئۇيغۇر دىيارىدا ھازىر «ۋاقىت باشقۇرۇش» دېگەن سۆز ئىشلىتىلەمدۇ ـ يوق، ئۇنى بىلمەيمەن. لېكىن، مەن ئۇيغۇر دىيارىدا ياشاۋاتقان ۋاقتىمدا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. شۇڭا گەرچە مېنىڭ بۇ يازمىدا توختالماقچى بولغىنىم «ۋاقىت باشقۇرۇش» دېگەن مەزمۇن بولسىمۇ، ئوقۇرمەنلەرگە بىر ئاز غەلىتە تۇيۇلۇپ قالمىسۇن، دەپ ماقالىنىڭ تېمىسىنى «ۋاقىتنى مۇۋاپىق باشقۇرۇش» دەپ ئالدىم.

ئامېرىكىدا «ۋاقىت باشقۇرۇش» دېگەن سۆز ناھايىتى كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ. ئوتتۇرا ۋە چوڭ تىپتىكى شىركەت، ئىدارە، مەكتەپ ۋە ئورگانلار

مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، مۇددەتلىك ھالدا ئۆز شىركىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك باشلىقلارنى «ۋاقىت باشقۇرۇش» جەھەتتە تەربىيىلەپ تۇرىدۇ. مەن بۈگۈن ئامېرىكىدىكى ئىنتېرنېت ئارقىلىق كىتاب ساتىدىغان داڭلىق شىركەت www. Amazon. com نىڭ تور بېتىگە كىرىپ، « time management» دەپ كىرگۈزۈپ باقسام، جەمئىي 73272 ئىزدەش نەتىجىسى چىقتى. بۇنىڭدىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ «ۋاقىت باشقۇرۇش»قا نەقەدەر كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى. بۇنىڭ ئەكسىچە، يېقىنقى بىر قانچە ئەسىرنىڭ مابەينىدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاقىت كۆز-قارىشى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ كەلدى. مەسىلەن، يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ «بىز قانداقلارچە ناخشا-ئۇسسۇل مىللىتى ئاتىلىپ قالدۇق» دېگەن يازمىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

نەقىل:

1906-يىلى قەشقەرگە كەلگەن فىنلاندىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ماننېر خېيىم (Manner Heim) ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە: «ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىتى بىكار تەلەپ، كەيىپ-ساپا تۇرمۇشقا ئادەتلەنگەن، تەييار تاپ، كۈن-كۈنلەپ لاغايلاپ يۈرىدۇ، ئىشلەي دېمەيدۇ. بولۇپمۇ قوغۇن پىششىقىدا ئۇلار توپلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ، بىر-ئىككى قوغۇن تاۋۇزنى پىچىپ داستىخانغا قويۇۋېلىپ، ئەتىگەندىن تۈن يېرىمغىچە نەغمە-ناۋا قىلىشىدۇ»، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ماقالىنىڭ تولۇق تېكىستىنىڭ تور ئادرېسى:

http://www.Meripet.com/Academy/NaxshaUsulMilliti.htm

ئىنگلىزچىدا مۇنداق بىر سۆز بار: « The good is often the enemy of the best» بۇنىڭ مەنىسى «ياخشى بولۇش كۆپىنچە ھالدا ئەڭ ياخشى بولۇشنىڭ دۈشمىنى بولىدۇ.» ئۇيغۇرلارنىڭ يېرى كەڭ، يېمەكلىكى مول، ئۆز يۇرتىدىن سىرتقا چىقماي ياشىغاندا ئۆز-ئارا رىقابەتلىشىشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق بولغاچقا، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ يېرىمىغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاقىت كۆز-قارىشىنىڭ ئاجىزلىقى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئانچە بىلىنمىگەن ئىدى. ئەسلىدە بۇرۇنقىغا ئوخشاش باشقىلارغا بېقىندى بولماي، باشقىلار بىلەن رىقابەتلەشمەي، داۋاملىق ھەر خىل بېسىملارغا ئۇچرىماي، ئۇخلاش ۋە يېيىش

جەھەتتىكى ماددىي تۇرمۇش بىلەنلا قانائەتلىنىپ، راھەت ۋە خۇشال-خۇرام ياشىغىلى بولغان بولسا، چوقۇم ۋاقىت كۆز-قارىشىنى ئۆزگەرتمىسمۇ بولۇۋېرەتتى. ئەمما، رېئاللىق شۇكى، يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش مۇھىتى شىددەتلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ، ھازىر چوقۇم باشقىلار بىلەن رىقابەتلەشمىسە ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى يوقىتىپ قويىدىغان بىر ھالەت شەكىللەندى. مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ، ھازىر ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاقىت كۆز- قارىشىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋېتىپتۇ. لېكىن، ئۆز پەرىزىمچە ئۇيغۇرلاردا «ۋاقىت باشقۇرۇش» تېخىچە بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللەنگىنى يوق. يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمدەك، «ۋاقىت باشقۇرۇش» قا ئائىت ئىنگلىزچە كىتابتىن 17 مىڭدىن كۆپرەكى بار ئىكەن. ئۇيغۇرچىسىدىن قانچىسى بار؟

مەن بۇ بىر ماقالىدە «ۋاقىت باشقۇرۇش» ئىلمىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولۇق تونۇشتۇرۇپ بولالمايمەن. مېنىڭ بۇ يەردە تونۇشتۇرىدىغىنىم كوۋېي ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان «مۇھىم ئىشنى ئالدىدا قىلىش» ئۇقۇمى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا پايدىلانسا، چوقۇم ياخشى ئۈنۈم قازىنالايدۇ، دەپ ئويلايمەن. بۇ بىلىملەرنىڭ ھازىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ۋاقىت ئىسراپچىلىقى مەسىلىنى توغرا تونۇپ يېتىش، شۇنداقلا پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

## 1. سائەت بىلەن كومپاس

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە «ئالدىرىغان يولدا قالار» دېگەن ماقالنى ئاڭلاپ باقمىغانلار ئاساسەن بولمىسا كېرەك. مەنمۇ بۇ سۆزنى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ۋاقتىمدىلا ئاڭلىغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئېسىمدىن چىقىرىپ باقمىدىم. ئىش قىلغاندا ئىزچىل تۈردە ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، سۈرئەت قوغلىشىپ كەتمىگەن بولساممۇ، مەن بۇرۇن بۇ سۆز توغرىسىدا ئانچە ئويلىنىپ باقماپتىكەنمەن. بۇ قېتىم ئۇشبۇ يازمىنى يېزىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ ماتېرىيال كۆرۈش جەريانىدا، بۇ سۆزنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئىلمىي ئاساسى بارلىقىنى ھېس قىلدىم. يەنى «ئالدىراش» دېگەن سائەت، ۋاقىت، ۋە ئىش قىلىش

سۈرئىتى دېگەنگە قارىتىلغان بولۇپ، «يولدا قېلىش» بولسا بىر ئىشنى قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئېرىشكەن ئۈنۈم ياكى نەتىجىگە قارىتىلغان. نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتنى سائەتكە ئوخشىتىدۇ. ۋاقىتنى ئىش قىلىش سۈرئىتى ئاساسىدا قەدىرلەيدۇ. لېكىن، ۋاقىت بىلەن ئىش قىلىش سۈرئىتىگە قارىغاندا ئەڭ ئاخىرىدا ئېرىشكەن ئۈنۈم ۋە نەتىجە تېخىمۇ مۇھىم. كومپاس بىر ئىشنى قىلىپ ئېرىشكەن ئۈنۈمنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇ بىر ئىشنى قىلىشتىكى يۆنىلىش، مەقسەت، دانالىق، توغرا ھۆكۈم، ۋە تەڭپۇڭلۇق چۈشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. كومپاسنى قەدىرلەيدىغان ئادەم ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ قىممىتى توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىنىدۇ. ئۆز-ئۆزىدىن: «مەن ھازىر ئۆز ۋاقتىمنى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈۋاتىمەنمۇ؟ مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىشلار قايسىلار؟ بار ۋاقتىمنى ئاشۇ مۇھىم ئىشلار ئۈچۈن قانچىلىك سەرپ قىلىۋاتىمەن؟ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىمنىڭ مەن كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن قانچىلىك پايدىسى بار؟» سوراپ تۇرىدۇ. ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن ئىسراپ قىلىۋاتقان ۋاقتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىپ، پۈتۈن ۋاقتى بىلەن زېھنىنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا قارىتىدۇ.

ياخشى تەربىيە ئاساسىغا قۇرۇلغان ئاڭ ئادەم ئۈچۈن بىر ئىچكى كۆزەتكۈچى ۋە يول باشلىغۇچى سىستېمىسى بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئىشنى ئۈنۈملۈك قىلىمەن دەيدىكەن، چوقۇم «سائەت» ئۇقۇمى ئاساسىغا قۇرۇلغان روھىي دۇنيادىن قۇتۇلۇپ، «كومپاس» ئاساسىدىكى روھىي دۇنيانى بەرپا قىلىشى كېرەك. ئىشنى قارىغۇلارچە تېز قىلىش، ياكى «ئالدىراش» ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەتلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قىلغان ئىشنى ئانچە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ، ياكى «يولدا قالىدۇ». سۈرئەت قوغلاشماي ئۈنۈم قوغلىشىش ئۆزىنىڭ ئىشنى قىلىشقىمۇ ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەشكىمۇ قارىتىلغان بولۇپ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشنى قىلغان ۋاقىتتىمۇ سۈرئەت قوغلاشماسلىقىڭىز كېرەك.

## 2. ۋاقىت ماترىتساسى —— پائالىيەتلەر

كوۋېي ئەپەندى كىشىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى بىر ۋاقىت ماترىتساسىدىكى 4كۋادراتقا بۆلگەن. بۇ يەردىكى «ماترىتسا» بىلەن كۋادرات» دېگەن سۆزلەر ماتېماتىكا ئاتالغۇلىرى بولۇپ، ئۇنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغان

ئوقۇرمەنلەر «بىر 4 كۋادراتلىق ماترىتسا» دېگەن سۆزنى «بىر 4 كاتەكلىك جەدۋەل» ، دەپ چۈشەنسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مەن بۇ ماترىتسانى 1-رەسىمدە چۈشەندۈردۈم. ئوقۇرمەنلەرگە قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، تۆۋەندە مەن بۇ رەسىمدىكى ھەر بىر كۋادراتنىڭ مەزمۇنىنى قايتا تىزىپ چىقىمەن:

**(1)** مۇھىم ۋە جىددىي ئىشلار

- قىستاپ كەلگەن ئىشلار
- كرىزىسلار/قورقۇنچلۇق ئىشلار
- پۈتتۈرۈش ۋاقتى بېكىتىلگەن ئىشلار

**(2)** مۇھىم ئەمما جىددىي ئەمەس ئىشلار

- ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرى
- مۇناسىۋەت ئورنىتىش
- پىلانلاش ۋە تەييارلىق كۆرۈش
- سىستېمىلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش
- كەسپىي بىلىملەر ئىگىلەش
- كۆڭۈل ئېچىش

**(3)** مۇھىم ئەمەس لېكىن جىددىي ئىشلار

- ئورۇنسىز كاشىلا ئىشلىرى
- ھاجەتسىز دوكلاتلار
- مۇھىم ئەمەس يىغىن ۋە تېلېفونلار
- باشقىلارنىڭ كىچىك ئىشلىرى
- كەڭ تارالغان ئىشلار

**(4)** مۇھىم ئەمەس ھەمدە جىددىي ئەمەس ئىشلار

- ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار
- ئالدىراش ئىشلار
- مۇناسىۋەتسىز تېلېفونلار
- ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدىغان ئىشلار
- «قۇتۇلۇش» ئىشلىرى

- چېكىدىن ئاشقان تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت
- ھەددىدىن ئارتۇق ئارام-ئېلىش

| | جىددىي | جىددىي ئەمەس |
|---|---|---|
| مۇھىم | 1<br>• قىستاپ كەلگەن ئىشلار<br>• كىرىزىسلار/قورقۇنچلۇق ئىشلار<br>• تاپشۇرمىسا بولمايدىغان ۋاقتى بار ئىشلار | 2<br>• ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرى<br>• مۇناسىۋەت ئورنىتىش<br>• پىلانلاش ۋە تەييارلىق كۆرۈش<br>• سىستېمىلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش<br>• كەسپىي بىلىملەر ئىگەللەش<br>• كۆڭۈل ئېچىش |
| مۇھىم ئەمەس | 3<br>• ئورۇنسىز كاشىلا قىلىش<br>• ھاجەتسىز دوكلاتلار<br>• مۇھىم ئەمەس يىغىن ۋە تېلېفونلار<br>• باشقىلارنىڭ كىچىك ئىشلىرى<br>• كەلگۈ تارالغان ئىشلار | 4<br>• ئۇششاق چۈشەك ئىشلار<br>• ئالدىراش ئىشلار<br>• مۇناسىۋەتسىز تېلېفونلار<br>• ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدىغان ئىشلار<br>• «قۇتۇلۇش» ئىشلىرى<br>• ھەددىدىن ئارتۇق تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت<br>• ھەددىدىن ئارتۇق ئارام ئېلىش |

1-رەسىم: مۇھىم ئىشلار بىلەن جىددىي ئىشلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرىدىغان تۆت كۋادراتلىق ۋاقىت ماترىتساسى.

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، بۇ 2×2 ئۆلچەملىك ماترىتسا بىزگە جىددىيلىك چۈشەنچىسى بىلەن مۇھىملىق چۈشەنچىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولۇپ، بىز ئۇ ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىمىزنى قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ماترىتسانى تولۇق چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىش ئۈچۈن، سىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز ئۈچۈن قايسى ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشىڭىز كېرەك. يەنى سىز ئالدى بىلەن مېنىڭ ئالدىنقى يازمامدىكى 7 ئادەتنىڭ ئىچىدىكى 2-ئادەتتە كۆرسىتىلگەن ئىشلارنى ئوبدان قىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز، سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن قايسى ئىشلار مۇھىم ئىشلار، قايسى ئىشلار جىددىي ئىشلار ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمەيسىز.

بىرىنچى رەسىمدىكى ماترىتسا سىز ۋاقىت سەرپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى 4 كاتېگورىيىگە ئايرىپ بېرىدۇ. بىرىنچى كۋادراتتىكى ئىشلار ھەم جىددىي ھەم مۇھىم ئىشلار بولۇپ، ئۇلار سىز چوقۇم قىلمىسىڭىز بولمايدىغان

ئىشلاردۇر. بۇ ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق سىز كۆزلىگەن نىشانغا يېقىنلىشالايسىز ياكى ئۇنىڭغا يېتەلەيسىز. شۇڭا ئۇلار مۇھىم ئىشلار. سىز بۇ ئىشلارنى مەلۇم بىر ۋاقىت ئىچىدە قىلىپ بولمىسىڭىز بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار جىددىي ئىشلار. مەسىلەن، بۇ يىل يازدا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش.

سىز ئۆزىڭىزنىڭ ۋاقتىنى قالغان 3 كۋادراتقا قانداق تەقسىم قىلىش مەسىلىسىدە ئويدان ئويلانمىسىڭىز بولمايدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىلەر «جىددىي» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن 3-كۋادراتقا ئاسانلا كىرىپ قالىدۇ. لېكىن، بۇ كۋادراتتىكى ئىشلار سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى يېگەن بىلەن سىزنىڭ كۆزلىگەن نىشانىڭىزغا يېتىشىڭىزگە ھېچ بىر تۆھپە قوشمايدۇ. ئىشنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن قىلىدىغان كىشىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ئىشلارنىڭ 2-كۋادراتتا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. پىلانلاش، تەييارلىق قىلىش، ئالدىنى ئېلىش، مۇناسىۋەت ئورنىتىش، كىتاب ئوقۇش، كەسپىي بىلىمىنى كېڭەيتىش، ۋە جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىش قاتارلىقلار مۇشۇ كۋادراتتىكى ئىشلارنىڭ بىر قىسىم مىساللىرىدۇر.

سىز ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭۈل تۇيغۇسى ئاساسىدىلا 2-كۋادراتتىكى ئىشلارنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنىشتا ھالقىلىق رول ئوينايدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. لېكىن، بۇ كۋادراتتىكى ئىشلاردىن ھەقىقىي تۈردە پايدىلىنىش ئۈچۈن، سىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزدە 1- ۋە 2-ئادەتنى ئوبدان يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەك. يەنى، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزدە 3- ۋە 4-كۋادراتتىكى ئىشلارغا «ياق» دەيدىغان بىر كۈچلۈك كىشىلىك خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشىڭىز، ھەممىدە ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى تولۇق ۋە توغرا بايقاپ چىقىشىڭىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىسىڭىز يۇقىرىقى 4 كۋادرات مەۋجۇد بولمايدۇ.

مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىر قىسمىنى 70-يىللاردا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىلا ئويلاپ چىققان بولۇپ، ئۇلار: (1) دۇنيادا قانچىلىك ئوقۇش بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇش، (2) ئۆزۈمنىڭ ئىقتىسادىي تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش، (3) بىر بەختلىك ئائىلە قۇرۇشتىن ئىبارەت 3 ئىش ئىدى. بۇ قېتىم مۇشۇ ماقالىنى يېزىۋېتىپ، 1986-يىلى مەن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى بىلەن ياپونىيىدە

بىرگە بولغاندا ئۇ كىشى ماڭا دېگەن مۇنداق بىر سۆز ئېسىمگە كېلىپ قالدى: «بىر ئەر كىشى ئۈچۈن مۇھىم نەرسىدىن ئۈچى بار: بىرىنچىسى بىلىم، ئىككىنچىسى پۇل، ئۈچىنچىسى بىر ياخشى خوتۇن.» يەنى، مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان مۇھىم ئىشلار بىلەن تەخمىنەن 15 يىلدىن كېيىن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىدىن ئاڭلىغان مۇھىم ئىشلار بىر-بىرسىگە يېقىن چىقىپتۇ. مەن بۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئۆز-ئۆزۈمدىن ھاياجانلىنىپ، شۇ كۈنى ئاخشىمى بىر قانچە سائەت ۋاقىت ئۇخلىيالماي قالدىم.

بىزگە سېمىنار بەرگەن مۇتەخەسسىسنىڭ ئېيتىشىچە، ئىشنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن قىلىدىغان كىشىلەر %75 ۋاقتىنى 2-كۋادراتقا، %20 ۋاقتىنى 1-كۋادراتقا، پەقەت %5 ۋاقتىنىلا 3-كۋادراتقا سەرپ قىلىدىغان بولۇپ، 4-كۋادراتقا ئاساسەن ۋاقىت سەرپ قىلمايدىكەن.

### 3. ۋاقىت ماترىتساسى ـــ نەتىجە

يۇقىرىقى 4 كۋادراتتىكى ئىشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان نەتىجىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەن 2-رەسىمدە ھەر بىر كۋادراتقا ماس كېلىدىغان نەتىجىلەرنىڭ مىساللىرىنى تىزىپ چىقتىم. ئوقۇرمەنلەرگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، تۆۋەندە مەن 2-رەسىمدىكى نەرسىلەرنى يەنە بىر قېتىم تىزىپ چىقىمەن.

(1) مۇھىم ۋە جىددىي ئىشلار

- كۈچلۈك بېسىم ھېس قىلىش
- قاتتىق ھېرىپ كېتىش
- ئەندىشىگە پېتىش
- قىيىن مۇناسىۋەتلەرگە دۇچ كېلىش
- سالامەتلىكى ناچارلىشىش

(2) مۇھىم ئەمما جىددىي ئەمەس ئىشلار

- يىراقنى كۆرۈش
- توغرا ھۆكۈم چىقىرىش
- ئىشلارنى ياخشى باشقۇرۇش
- ياخشى تەڭپۇڭلۇق ساقلاش

- مۇناسىۋەت ۋە سالامەتلىكتە ياخشى بولۇش
- خىزمەتتە ئۆسۈش

(3) مۇھىم ئەمەس لېكىن جىددىي ئىشلار

- ئىشنى باشقۇرالماي قېلىش
- تىت-تىت بولۇش ۋە چۈشكۈنلىشىش
- خىزمەتتە چەكلىمىگە ئۇچراش
- باشقىلار بىلەن سۈركىشىش
- نارازىلىق قىلىش
- باشقىلارنىڭ قۇربانى بولغاندەك ھېس قىلىش

(4) مۇھىم ئەمەس ھەمدە جىددىي ئەمەس ئىشلار

- مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش
- باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىش
- ۋاقىتقا ئىچ ئاغرىتىش
- ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىش

| | جىددىي | جىددىي ئەمەس |
|---|---|---|
| مۇھىم | 1<br>● كۈچلۈك بېسىم ھېس قىلىش<br>● قاتتىق ھېرىپ كېتىش<br>● ئەندىشىگە پېتىش<br>● قىيىن مۇناسىۋەتلەرگە دۇچ كېلىش<br>● سالامەتلىكى ناچارلىشىش | 2<br>● يىراقنى كۆرۈش<br>● توغرا ھۆكۈم چىقىرىش<br>● ئىشلارنى ياخشى باشقۇرۇش<br>● ياخشى تەكşۈزلۈق ساقلاش<br>● مۇناسىۋەت ياخشى بولۇش<br>● سالامەتلىكى ياخشى بولۇش<br>● خىزمەتتە ئۆسۈش |
| مۇھىم ئەمەس | 3<br>● ئىشنى باشقۇرۇلماي قېلىش<br>● تىت — تىت بۇلۇش ۋە چۈشكۈنلىشىش<br>● خىزمەتتە چەكلىمىگە ئۇچراش<br>● باشقىلار بىلەن سۈركىلىشىش<br>● نارازىلىق قىلىش<br>● باشقىلارنىڭ قۇربانى بولغاندەك ھېس قىلىش | 4<br>● مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش<br>● باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىش<br>● ۋاقىتقا ئىچ ئاغرىتىش<br>● ئۆتۈپ كەتكەن ئىشقا پۇشايمان قىلىش |

2-رەسىم: مۇھىم ئىشلار بىلەن جىددىي ئىشلارنى قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىلەرنى چۈشەندۈرىدىغان تۆت كۋادراتلىق ۋاقىت ماترىتساسى.

ئەگەر يۇقىرىقى تىزىملىكنى ئوبدان تەھلىل قىلىدىغان بولساق، مۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلىمىز: 1-كۋادراتتىكىسى زۆرۈر ئىشلار. 2-كۋادراتتىكىسى ئۇنۇم بېرىدىغان ئىشلار. 3-كۋادراتتىكىسى ئادەم گوللايدىغان، ئادەمنى قۇربان قىلىدىغان ئىشلار. 4-كۋادراتتىكىسى بولسا ئىسراپچىلىق ھېسابلىنىدىغان ئارتۇقچە ئىشلار.

## 4. تۆت ناچار ئادەت ۋە 3 مۇھىم ئىش

مېنىڭ بۇ يازمىنى تەييارلىشىمغا، بۇ يىلنىڭ بېشىدا بىر توردىشىمىز بىلىك مۇنبىرىدە سورىغان مۇنداق سوئاللار تۈرتكە بولدى: «مەن قانداق قىلىمەن؟»، «بىز قانداق قىلىمىز؟». بۇ توردىشىمىزنىڭ سوراۋاتقىنى «بىز ئۇيغۇر مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىمىز؟» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مەن بۇرۇنمۇ ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇ مەسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ۋە ئۇنى نېمە كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىقى سوئالنى كۆرگەندىن كېيىن، مەندە ھازىرقى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى بىر فورمۇللاشتۇرۇپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. مەن چەت ئەلگە چىققاندىن بۇيان، ئۆزۈم كۆرگەن، ئاڭلىغان، ۋە ئوقۇغان نەرسىلەر ئاساسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقىدەك بىر قىسىم ناچار پسىخىكا، روھىي ھالەت، مىجەز ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىدە قاچاندىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى، ھەمدە ئۇنىڭغا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى چۈشىنىشكە تىرىشىپ كەلدىم. ھەمدە يېقىندا بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزۈم رازى بولغۇدەك بەزى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى ئالدىنقى يازمامدا ئازراق بايان قىلدىم. شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمەن. ئەگەر بىز ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، باشقىلار ئەمەس ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان، ھازىر ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى ئېغىر زىيان يەتكۈزۈۋاتقان چوڭ ناچار ئادەتلەردىن مۇنداق تۆتنى بايقىيالايمىز:

1) كىتاب ئوقۇماسلىق
2) بالا تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك
3) ئۆز-ئارا ئۇيۇشالماسلىق
4) پۇل-ۋاقىت بايلىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى مېھماندارچىلىق بىلەن ئىسراپ

تۆۋەندە مەن بۇ 4 ئادەتنىڭ ھەر بىرسى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

1) كىتاب ئوقۇماسلىق. بۇ ئىش توغرىسىدا كۆپ سۆزلىمىسەممۇ، ئۇ ھەممەيلەنگە ئايان. ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا بىرسى بىر كىتاب يېزىپ ئېلان قىلسا، ئۇنىڭدىن ئاران 3 مىڭدىن 5 مىڭ دانىغىچە سېتىلىدىكەن. ئون مىليونغا يېقىن نوپۇسقا ئىگە بىر مەدەنىيەتلىك مىللەت ئۈچۈن بۇ بىر نومۇس قىلىدىغان ئىش. مەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىككى قېتىملىق يازما «سۆھبەت»تىمۇ بىر ئاز توختالغان. بۇ قېتىم بۇنىڭدىن كۆپ توختالمايمەن.

2) بالا تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر ۋە ئامراق، ھەمدە ئويۇنخۇمار ۋە مېھماندوست مىللەت ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. مەن بۇرۇنمۇ ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئەگەر ئۇيغۇرلار يوقاپ كېتىش تەھدىتىگە دۇچار بولماي، دۇنيادا بىر ئاز يۈز-ئابرۇيغا ئىگە ھالدا ياشاۋاتقان بىر مىللەت بولغان بولسا، يۇقىرىقى ئەھۋال ھەرگىزمۇ بىر ئەيىبلەشكە تېگىشلىك ئىش بولالمايتتى. لېكىن، ھازىرقى رېئاللىق ئۇنداق ئەمەس. ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان تەقدىرنىڭ قايسى دەرىجىدە ناچار ئىكەنلىكىنى بۇ يەردە دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ناخشا-ئۇسسۇل ۋە سورۇن پائالىيىتىنىڭ ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تۇتقان ئىنتايىن نامۇۋاپىق ئورنى ۋە ئويناۋاتقان زىيانلىق رولى توغرىسىدا يالقۇن روزى ئەپەندى ئۆزىنىڭ «بىز قانداقلارچە ناخشا-ئۇسسۇل مىللىتى ئاتىلىپ قالدۇق؟» دېگەن ماقالىسىدە ئەتراپلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ ماقالە http://www.meripet.com/Academy دېگەن تور بېتىدە بار بولۇپ، مەن ئوقۇرمەنلەرگە ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. ھازىر مەيلى ئۇيغۇر دىيارىدا بولسۇن ياكى چەت ئەلدە بولسۇن، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئايىغى چىقماستىلا ئۇسسۇل ئويناشنى دوراشنى باشلىغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشاللىنىدۇ، ھەمدە ناھايىتى پەخىرلىنىدۇ. شۇنداق، بالىڭىزنىڭ ئەڭ كۆپ كۆرىدىغىنى سىزنىڭ ۋە باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى بولغاندىكىن، بالىڭىزنىڭ ئەڭ كۆپ ئاڭلايدىغىنى سىزنىڭ «ئويناڭ بالام ئويناڭ» دېگەن دەۋىتىڭىز بولغاندىكىن، بالىڭىزنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئۆگىنىدىغىنى ئۇيغۇر ئۇسسۇلى بولىدۇ. ئاق تەنلىكلەر ئۇيغۇر

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئورنىدا بالىلىرىغا ئاشۇنداق كىچىك يېشىدىلا قايسى ئىشنى ئۆگىتىدۇ، بىلەمسىز؟ كىتاب ئوقۇشنى! بەزى ئانىلار قورسىقىدىكى تېخى تۇغۇلمىغان بالىلىرىغا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن كىتاب ئوقۇپ بېرىدۇ. ئامېرىكىدىكى ھەر بىر كىچىك شەھەرلەرگە سېلىنغان شەھەر كۇتۇپخانىلىرىغا بارسىڭىز، نۇرغۇن ئاق تەنلىك ئانىلارنىڭ 5 ياشتىن كىچىك بالىلىرىنى شۇ يەردە بېقىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. بەزىلىرى بالىلىرىغا كىتابنى ئۆزى ئوقۇپ بېرىدۇ. بەزىلىرى بولسا كىتابنى بالىسىغا ئوقۇتۇپ، ئۆزى يېنىدا چۈشەندۈرۈپ ياكى خاتا كەتكەن يەرلىرىنى تۈزىتىپ بېرىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. ياپونلۇق ئانىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پەقەت ئىككى: بالا تەربىيىلەش ۋە ئېرىنى كۈتۈش. ئۇلاردا ئۇيغۇرلارنىڭكىدەك ئولتۇرۇش ئاساسەن يوق بولۇپ، ئۇ ئانىلار ئۆمۈر بويى ئولتۇرۇش ۋە مېھماندارچىلىققا ئاساسەن بېرىپ باقمايدۇ. ياپونلۇقلارنىڭ ھازىرقى ساپاسى بىلەن مىللىي روھىي مانا مۇشۇنداق بارلىققا كەلگەن. سىز بالىڭىزغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگەتسىڭىز بالىڭىز ئۇسسۇلغا ۋە باشقا ئويۇنغا ئامراق، ئۇلاردىن ئىنتايىن ھوزۇرلىنىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ. توپ ئويناشنى ئۆگەتسىڭىز توپقا ئامراق ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ. كىتاب ئوقۇشنى ئۆگەتسىڭىز بىر كۈن كىتاب ئوقۇمىسا تۇرالمايدىغان، بىر ئاز كىتاب ئوقۇمىسا ئاخشىمى ئۇخلىمايدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ: ئاخىرىدا قايسى خىلدا چوڭ بولغان بالا ئۇتۇپ چىقىدۇ؟ مەن 2006-يىلى ۋە 2007-يىلى يۇرتقا تۇغقان يوقلاشقا بارغاندا، تېلېۋىزوردا كىچىك بالىلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ۋە ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىنى كۆپ قېتىم كۆرۈپ قالدىم. ئاشۇنىڭغا ئوخشاش بىلىم مۇسابىقىسمۇ بارمۇ؟ بۇ بالىلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆگىنىۋاتقان ئۇسسۇل بىلەن ناخشىلىرى يېتىشمەمدىكەن؟ 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان بىر دەۋرنى خەلقئارادا «سانائەت دەۋرى» دەپ ئاتايتتى. ھازىرقى دەۋرنى بولسا «بىلىم ئىشچىلىرى دەۋرى» (ئىنگلىزچە «knowledge worker age») دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلار قايسى دەۋردە ياشاۋاتىدۇ؟ «مېھماندارچىلىق سورۇن دەۋرى» دە دېسەك توغرا بولامدۇ؟ ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ھازىر مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئولتۇرۇش-مېھماندارچىلىق ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ۋاقتى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە كۆپ بولۇپ، بۇ ھادىسىنى مۇۋاپىق تەسۋىرلەش ئۈچۈن مەن ھازىر «قالاقلىق» دېگەن سۆزدىن باشقا سۆز تاپالمىدىم. ئۇنىڭ

ئەكسىچە، ئۆزلىرىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى بالا تەربىيىسى ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئاتا-ئانىلار ئىنتايىن ئاز.

ناخشا-ئۇسسۇل ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىدىغان بىر نەرسە، لېكىن ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قېلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىر نەرسە ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇرلاردىن ناخشا-ئۇسسۇل چولپانلىرى كۆپلەپ چىقسا، ھەمدە بۇ چولپانلار پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەنسە، ئۇلار ئۇيغۇرنى دۇنياغا تونۇتالىشى ھەقىقەتەن مۇمكىن. ھەمدە نۆۋەتتە ئۇيغۇرنى دۇنياغا تونۇتۇشمۇ ناھايىتى مۇھىم. لېكىن ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى قىممىتى ۋە ئورنىنى ئۆستۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا بىر مىللەتنى پۈتۈن دۇنيا تونۇغان بىلەن، ئۇنىڭ باشقىلار ئالدىدا ئېتىبارغا ئىگە بولۇشى، ياكى باشقىلار تەرىپىدىن قەدىرلىنىشى ناتايىن. مەسىلەن، سىگانلارنى پۈتۈن دۇنيا تونۇيدۇ، لېكىن ئۇلارنى ھېچ كىم كۆزگە ئىلمايدۇ. ئەرەپ دۆلەتلىرى ئىچىدە دۇنيا بويىچە ئەڭ بايلىرىدىن بىر قانچىسى بولغىنى بىلەن، ئۇلارنىمۇ غەرب ئەللىرى ئانچە كۆزگە ئىلمايدۇ. سەۋەبى ئۇلاردا پۇل بولغىنى بىلەن، نۆۋەتتىكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقۇدەك قۇدرەت يوق. ياپونلۇقلار نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەرنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ. شۇڭا دۇنيا ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىدۇ. يەھۇدىيلار بىر كىچىك مىللەت بولغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىر ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشۇۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ. شۇڭا غەرب ئەللىرى ئۇلارنى خېلى ئەتىۋارلايدۇ (يەھۇدىيلارنىڭ ئىنتايىن ناچار تەرەپلىرى، ھەتتا ئىنسانلارغا قىلغان جىنايى ئىشلىرىمۇ خېلى كۆپ، لېكىن ئۇلار مەن بۇ يەردە ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان ئىدىيە بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغاچقا، ئۇلار ئۈستىدە توختالمايمەن). نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئاستىدا، ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرىنىڭ ناخشا-ئۇسۇل ۋە سورۇن پائالىيىتىگە بولغان قىزىقىشىنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ كىتابقا بولغان قىزىقىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتۇش ۋە ئۇنىڭ دۇنيادىكى قىممىتىنى ئۆستۈرۈشكە قارىغاندا، ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ بەكرەك زۆرۈردۇر.

مەن ئۇيغۇر ئولتۇرۇشى مەسىلىسى ئۈستىدە بۇرۇنمۇ ئازراق توختالغان.

قىزىقىدىغانلار ئۇنى تۆۋەندىكى تور بېتىدىن كۆرسە بولىدۇ (يازما سۆھبەت 2- قىسىم 12- سوئالنىڭ جاۋابى):

http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=2916&extra=&page=5

3) ئۇيۇشالماسلىق. مەن ئالدى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى مەمتىلى زۇنۇن ئەپەندىنىڭ «قوش مەسچىت» دېگەن ئەسىرىنى بىر ئوقۇپ بېقىشقا چاقىرىمەن. ئۇ ماقالىنىڭ تور ئادرېسى:

http://www.bilik.cn/dpindex.php?pagetype-bbsthread-a-tid-17004.html

مەن بۇنىڭدىن 6-7 يىل ئىلگىرى، بىر غەربلىك تارىخشۇناس يازغان ئىنگلىز تىلىدىكى تارىخ كىتابىنى ئوقۇغان ئىدىم. بۇ كىتابتا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ 1912-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخى يېزىلغان ئىكەن. مېنىڭ شۇ كىتابنى ئوقۇپ ئېسىمدە قېلىشىچە، ئاشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر دىيارىدا مۇقىم تۇرغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 30 مىڭدىن ئاشمايدىكەندۇق (ئەگەر مېنىڭ ئېسىمدە قالغىنى خاتا بولغان بولسا، توغرىسىنى بىلىدىغانلار مۇشۇ يازمىنىڭ ئاخىرىسىدا ئەسكەرتىپ قويغان بولسا). مەن كىتابنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىنتايىن ھەيران بولغان ئىدىم: 30 مىڭ ئەسكەر قانداق قىلىپ نەچچە مىليون ئۇيغۇر خەلقىنى شۇنچە ئۇزاق بېسىپ تۇرالىغاندۇ؟ مېنىڭ كېيىن چۈشىنىشىمچە، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاشۇنداق قىلالىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرسى، يۇقىرىقى «قوش مەسچىت» دېگەن ئەسەردە بايان قىلىنغان، بىرلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرماي، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق» دەپ ئۆز-ئارا پاش قىلىشىپ، ئۆز-ئارا ئورا كولىشىپ، ئۆز-ئارا قەستلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھەممىسى تەڭ ھالاك بولغانلىقى ئىكەن. ئۇيغۇرلاردىكى ئۆز-ئارا ئۇيۇشالماسلىق، بىرلىشىپ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماسلىق ئەھۋالى ھازىرمۇ ئىنتايىن ئېغىر. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر دىيارىدىمۇ، چەت ئەلدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇد، بۇ ناچار ئادەت ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ ئىنتايىن ئېغىر بەدەل تۆلەۋاتىدۇ.

4) پۇل-ۋاقىت بايلىقىنى مېھماندارچىلىق بىلەن ئىسراپ قىلىش. بۇ ناچار ئادەت توغرىسىدا شەبنەم مۇنبىرىدىكى «تويۇڭنى چوڭ قىلغىچە، غېمىڭنى چوڭ قىل» دېگەن ماقالە بىلەن يۇقىرىقى «بىز قانداقلارچە

ناخشا-ئۇسسۇل مىللىتى ئاتىلىپ قالدۇق؟» دېگەن ماقالىدا يېتەرلىك مەزمۇنلار بار ئىكەن. ئالدىنقى ماقالىنىڭ تور ئادرېسى:

http://bbs.xabnam.com/read.php?tid-49315.html

شۇڭا مەن بۇ مەسىلىدە كۆپ توختالمايمەن. مېنىڭچە ئۇيغۇرلارنىڭ پۇل بىلەن ۋاقىتنى سورۇن پائالىيىتىگە ھازىرقىدەك سەرپ قىلىشى، «ناچار ئادەت» دەرىجىسىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ، «يۇقىرى دەرىجىلىك قالاقلىق» دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى، دېسمۇ ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ پۇلى بىلەن ۋاقتى ئاساسەن سورۇن پائالىيەتلىرى بىلەن تۈگىگەنلىكتىن، بالىسىنى ياخشى تەربىيىلەشكە ۋاقتى بىلەن پۇلى يوق، ئۆزى كىتاب ئېلىپ ئوقۇيدىغانغىمۇ ۋاقىت بىلەن پۇلى يوق، بالىلىرىمۇ ياخشى تەربىيە كۆرەلمەي، ئۆزلىرىمۇ «ھەرنىنى بىلەپ تۇرۇش» ئىشى بىلەن شۇغۇللىنالمايۋاتىدۇ. بۇ بىر يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش جەريانىغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قېلىشىغا مۆلچەرلىگۈسىز زىيانلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. تەرەققىي تاپقان مىللەتلەردە ھەممىدىن بەك ئومۇملاشقان ئادەت كىتاب ئوقۇش ئادىتىدۇر. سورۇن مەدەنىيىتى ئەمەس. ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى، پارلامېنت ئەزالىرى، بىل گېيتسكە ئوخشاش كارخانا چولپانلىرى، سپورت چولپانلىرى، كىنو چولپانلىرى، ۋە سەنئەت چولپانلىرىنىڭ كۆپلىرى مۇددەتلىك ھالدا يەسلى، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە بېرىپ، ياش-ئۆسمۈرلەرگە كىتاب ئوقۇپ بېرىپ، ئۆز خىزمىتى ۋە كەسپى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى كىتابنى كۆپ ئوقۇپ، ئىلىم-پەننى ياخشى ئۆگىنىپ، كەلگۈسىدە ئۆزلىرىدەك ئادەم بولۇپ چىقىشقا قىزىقتۇرىدۇ. بىزنىڭ ئىدارىمۇ ھەر ئايدا نەچچە قېتىم ئەتراپتىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن كەلگەن ئېكسكۇرسىيىچىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا كائىنات بىلىملىرى ۋە كائىناتنى تەكشۈرۈش تېخنىكىسى توغرىسىدا بىلىم سۆزلەپ، ئۇلارنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا تەبىئىي - پەن ۋە ئىنژېنېرلىق كەسپلىرىگە قىزىقىدىغان قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. مەن ئەمدى بۇنىڭدىن كۆپ گەپ قىلماي. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالىغا ئۆزىڭىز قاراپ بېقىڭ.

ئەگەر بىز باشقىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان تەسىر ۋە ئۆزگىرىشلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، پەقەت ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان نۆۋەتتىكى

ئەھۋالنى ئوبدان كۆزىتىدىغان بولساق، يۇقىرى سۈپەتلىك لىدېرلارنىڭ كەملىكى ۋە ساپانىڭ تۆۋەنلىكىدىن، ئۇيغۇرلار مىللىي روھنىڭ باشقا نۇرغۇن نەرسىلەردىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمەيۋاتقانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، ئەخلاق، ، تىل ۋە دىن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي كىملىكنىڭ ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە تەھدىتكە دۇچ كېلىشىگە بىلىپ-بىلمەي يول قويۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. شۇڭا مەن ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 4 ناچار ئادەتنى يوقىتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن تۆۋەندىكى 3 ئىشنى ھېس قىلدىم:

*مىللىي ساپانى ئۆستۈرۈش، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، مىللىي كىملىكنى ساقلاپ قېلىش*

بۇ ئىشلار «بىز قانداق قىلىمىز» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولىدىغان، يۇقىرىقى ۋاقىت ماترىتساسىنىڭ 2-كۋادراتىغا تەۋە بولغان مۇھىم ئىشلاردۇر. مەن ھەر بىر ئوقۇرمەنلەردىن يۇقىرىقى 4 ناچار ئادەت بىلەن 3 مۇھىم ئىشنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارماسلىقىنى سورايمەن. مەن ئەسلىدە يۇقىرىقى 3 مۇھىم ئىشقا «زامانغا ماسلاشقان ئالىي سۈپەتلىك لىدېرلارنى يېتىلدۈرۈش» دېگەن 4-ئىشنى قوشۇشنى پىلانلىغان ئىدىم. كېيىن ئويلاپ باقسام، مىللەتنىڭ ساپاسى ئۆسۈپ، مىللىي روھى ئۇرغۇسا، ھەمدە لىدېر ۋە داھىي يېتىشىپ چىقىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلسە، ئۇنىڭدىن تەبىئىي ھالدا بىر قىسىم ئالىي سۈپەتلىك لىدېرلارمۇ چىقىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى بىر ئايرىم ئىش قاتارىغا كىرگۈزمىدىم.

## 5. ئۇيغۇر ياشلىرىغا تەكلىپ

ھىندىستاننىڭ ھەمدە ھىندىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر داھىيسى ماھاتما گەندى مۇنداق دەيدۇ: «بىز قىلىۋاتقان ئىشلار بىلەن بىز قىلالايدىغان ئىشلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق دۇنيا مەسىلىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ھەل قىلىۋېتەلەيدۇ.» بۇ سۆز ماڭا نىسبەتەن خۇددى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دېيىلگەندەكلا تۇيۇلدى. يەنى، ئەگەر بىز ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلار بىلەن قىلالايدىغان ئىشلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تېپىپ چىقىپ، شۇ تېپىپ

چىققان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلساق، بىزنىڭ ھەممە مەسىلىلىرىمىز ھەل بولۇپ كەتكەن بولاتتى. بۇ يازمىدا ھازىرغىچە بايان قىلغان نەرسىلەرنى ئىككى ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن: مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئىجرا قىلىش. مەركەزلەشتۈرۈش دېگىنىمىز بارلىق دىققىتىمىزنى «مۇھىم ئىشلار» غا مەركەزلەشتۈرۈش بولۇپ، «ئىجرا قىلىش» دېگىنىمىز ئاشۇ مۇھىم ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. مەن يۇقىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى 4 چوڭ ناچار ئادىتى بىلەن 3 چوڭ مۇھىم ئىشنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇم. بۇ ناچار ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، مۇھىم ئىشلارنى تەدرىجىي ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستراتېگىيىسى بولۇشى كېرەك. لېكىن، ئېنىق ئىستراتېگىيىنىڭ بولۇشى بىر ئىش، ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش يەنە بىر ئىش. يۇقىرىقى نەرسىلەرنى مەن دېمىسەممۇ بىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ. بىزنىڭ بۇرۇن ئۆتكەن دانىشمەنلىرىمىز ئىچىدە بۇنداق ئىستراتېگىيىنى تەپسىلىي ئويلاپ چىققان ۋە ئوتتۇرىغا قويغانلاردىنمۇ كۆرمىڭ تولا. ھازىرقى گەپ، «بىر ئىشنى بىلىپ ئۇنى قىلماسلىق، ئۇنى بىلمىگەنلىك بىلەن باراۋەر» دىن ئىبارەت بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى ناچار ئادەتلەرنى تاشلاپ، مۇھىم ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ياشلىرى باشلامچى بولۇشى كېرەك. ھەممە ئىشنى ھازىر ئەمدى تۇغۇلۇۋاتقان ۋە يېشى كىچىك بالىلاردىن باشلاش كېرەك. مەن ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن مۇنداق بىر سوئالنى سوراپ بېقىشىنى سورايمەن: «ھازىردىن باشلاپ مەن سورۇن پائالىيىتىمنىڭ يېرىمى تاشلاپ، ئۇنىڭدىن ئىقتىساد قىلغان ۋاقىتنى بالا تەربىيىلەشكە ۋە كىتاب ئوقۇشقا ئىشلىتەلەيمەنمۇ؟» مەن بۇ يەردە تەكلىپ تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ ئانچە يۇقىرى ئەمەس. مەن پەقەت بوش ۋاقتىڭىزنىڭ ئىچىدىكى سورۇن پائالىيەتلىرىگە ئىشلىتىۋاتقان ۋاقتىڭىزنىڭ يېرىمىنىلا بالا تەربىيىسى ۋە كىتاب ئوقۇشقا ئىشلىتىپ سىناپ بېقىڭ، دېدىم. ئالدى بىلەن مۇشۇنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ئىش باشلىسىڭىز، مېنىڭچە چوقۇم ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيسىز. ئۇزۇن مۇددەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى بالىلارنى سورۇنغا ئامراق ئەمەس، كىتابقا ئامراق قىلىپ يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلالىساق، بىز ھازىرقى ئۇيغۇر مەسىلىلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ھەل قىلالايمىز.

مېنىڭ ھەر بىر ئۇيغۇر ياشلىرىغا بېرىدىغان تەكلىپىم مۇنداق: ئالدىنقى يازمامدا تونۇشتۇرغان، ئىشنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتىنى ۋە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ 4 قىسمىنى بىر قەغەزگە يېزىپ، ئۇنى ئۆيىڭىزدىكى توڭلاتقۇنىڭ ئىشىكىگە چاپلاپ قويۇڭ. ئەگەر مۇمكىن بولسا ئاشۇ 11 نەرسىنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئاستىغا بىردىن سىز بۇنىڭدىن كېيىن قىلىپ مېڭىشنى ئارزۇ قىلغان ئىشنى يېزىپ قويۇڭ. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان 4 ناچار ئادەت بىلەن 3 مۇھىم ئىشنى، ھەمدە مۇشۇ 3 مۇھىم ئىش دائىرىسىدە سىز قىلالايدىغان ئىشلارنىمۇ يەنە بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىپ، توڭلاتقۇنىڭ ئىشىكىگە چاپلاپ قويۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ھەر قېتىم سىز توڭلاتقۇنى ئاچقاندا، بۇ 7 ئادەت، 4 ئۆلچەم ۋە سىز ئارزۇ قىلغان ئىشلارنى ئەسلەپ تۇرىسىز. شۇ ئارقىلىق سىز ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيسىز.

## 6. ئاخىرقى سۆز

مەن بىلىۋال تور بېتى بىلەن ئۆتكۈزگەن يازما سۆھبەتنىڭ بىر يېرىدە، دۇنياغا داڭلىق بىر ئەربابنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزىنى تىلغا ئالغان ئىدىم: «ۋاقىتنى سېكۇنت بويىچە ھېسابلايدىغان ئادەمنىڭ ۋاقتى، ۋاقىتنى مىنۇت بويىچە ھېسابلايدىغان ئادەمنىڭ ۋاقتىغا قارىغاندا 60 ھەسسە كۆپ بولىدۇ.» بۇ سۆز پايدىلىنىشقا بولىدىغان ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىشقا قارىتىلغان. مەن ئاشۇ سۆھبەتنىڭ يەنە بىر يېرىدە، ئادەم بىر ئىشنى قىلىپ چارچىغاندا، ئۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز باشقا بىر ئىشنى قىلسا، يەنىلا ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىدىم. مەن بىلەن ئېلخەت ئارقىلىق ئالاقىلاشقانلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەن ئۇشبۇ يازمامدا بولسا، ئاشۇ ۋاقىتلاردىن قانداق پايدىلانغاندا قىلغان ئىشنى يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توختالدىم. يەنى، مەن ھازىرغىچە ۋاقىت توغرىسىدا توختالغان مەسىلىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 1) پايدىلىنىشقا بولىدىغان ۋاقىت مىقدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۆپەيتىش ئۇسۇلى. 2) تاپقان ۋاقىتنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى. 3) ئۇ ۋاقىتلارنى يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرۈش ئۇسۇلى. بۇ ئاخىرقى مەسىلىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەن يەنە

ئادەم بىر ئىش قىلغاندا سائەتنى ئويلىماي، كومپاسنى ئويلاشنىڭ ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

ئىنگلىز تىلىدا ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان «priority» دېگەن بىر سۆز بار. ئۇنىڭ مەن ئەڭ كۆپ ئۇچرىتىدىغان ئىككى مەنىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى «ئىشنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى، مۇھىملىق تەرتىپى»، يەنە بىرسى بولسا «قىلىدىغان مۇھىم ئىشلار». مەسىلەن، بەزىدە ماڭا بىزنىڭ ئىدارىدىكى 3 ـ 4 باشلىقتىن تەڭلا ئوخشىمىغان ۋەزىپىلەر چۈشىدۇ. مەن ھېچ ئىشنى باشلىماي تۇرۇپ، ئۆز باشلىقىمغا بىر ئېلخەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن «بۇ ئىشلارنىڭ مۇھىملىق تەرتىپى قانداق؟» دەپ سورايمەن. بۇ دېگىنىم ئەمەلىيەتتە قايسى ئىشنى ئەڭ ئالدىدا قىلىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسىنى قىلىمەن، ... دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئىشنى شۇ بويىچە قىلسام، مېنى باشقا باشلىقلار ئاۋارە قىلالمايدۇ. ئۇلاردىن بىرەرسى مېنى ئىزدەپ كېلىپ، «مېنىڭ ئىشىم پۈتتىمۇ؟» دەپ سورىسا، مەن ئۇنىڭغا «ياق. مېنىڭ تىزىمىمدا سېنىڭ ئىشىڭ 3 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ئەگەر ئالدىرىساڭ، باشلىقىمنى ئىزدە. ئۇ سېنىڭ ئىشىڭنىڭ مۇھىملىق تەرتىپىنى ئالدىغا سۈرۈپ بەرسۇن.» دەپ جاۋاب بېرىمەن. بۇ يۇقىرىقى سۆزنىڭ 1 ـ مەنىدە ئىشلىتىلىشىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىش باشلاشتىن بۇرۇن، مەن ئۆزۈمدىن: «مەن بۈگۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار قايسىلار؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مېنىڭ 1 ـ ، 2 ـ ۋە 3 ـ مۇھىم ئىشلىرىم قايسىلار؟» دەپ سورايمەن. دېمەك ئېلىش كۈنلىرىمۇ ھەم شۇنداق. «مېنىڭ 1 ـ مۇھىم ئىشىم» دېگەننى ئىنگلىزچىدا « my first priority» دەپ ئاتايدۇ. مەن ياشاۋاتقان مۇھىتتا، يەنى ئىدارەمدە، ئۆيۈمدە، مەن كۆرىدىغان كىنولاردا، مەن ئاڭلايدىغان رادىئودا ۋە مەن ئوقۇيدىغان ماتېرىياللاردا بۇ «priority» دېگەن سۆز بەك كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئاشۇنداق كۆپ ئىشلىتىشى مەن بۇ قېتىم توختالغان ۋاقىتتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەم قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى ئاشۇنداق مۇھىملىق تەرتىپىگە ئايرىش ئارقىلىق، جىددىي ھالەتكە كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىپ، قىلغان ئىشلىرىنى يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. شۇڭا مەن بۇ يازمىنى ئوقۇغان ھەر بىر ئوقۇرمەننىڭ بۇ ئۇسۇلنى سىناپ بېقىشنى سورايمەن. ئەگەر بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار مىللەت ساپاسى، روھى ۋە مەۋجۇدلۇقى قاتارلىقلارنى ۋاقىت ماتېرىتاسىنىڭ

2-كۋادراتىغا كىرگۈزۈپ مۇئامىلە قىلغان بولسا، ئۆز مەۋجۇدلۇقىمىزنى قوغداش ۋەزىپىسى ھازىر 1-كۋادراتقا كىرىپ قالمايتتى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 384-يىلىدىن 322-يىلىغىچە ياشىغان دۇنياغا مەشھۇر پەيلاسوپ «ئارىستوتېل» (http://enwikipedia.org/wiki/Aristotle) مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىز ئۆز ھاياتىڭىزدا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتمەكچى بولسىڭىز، مۇنداق 3 ئاساسىي قەدەمنى چوقۇم بېسىشىڭىز كېرەك:

(1) مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىڭ.

(2) سىز ئۈچۈن «مۇۋەپپەقىيەت» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە توغرا ئېنىقلىما بېرىپ چىقىڭ.

(3) ئۆز تۇرمۇشىڭىزنى ئۇنىڭ ئۈتۈقى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇڭ.

بۇ قەدەم-باسقۇچلار ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئۆز-ئۆزىنى قوزغىتالىشىنىڭ سىرىدۇر. بىز ھەممىمىز ئۆز-ئۆزىمىزگە ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىكى قوزغاتقۇچى كۈچ ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن كېلىشى كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلىش ئارقىلىقلا بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشنى، ھاياتىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز.

# غەربلىكلەرنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى

2008 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

ھەممەيلەننىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ھازىر ئۇيغۇرلار قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ مىللىي مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت بىر كەسكىن مەسىلىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. مەن يېقىندا بەزى توورداشلار سورىغان «مەن قانداق قىلىمەن؟»، «بىز قانداق قىلىمىز؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەپ، بىر ئاز ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق، تاشقى سەۋەبنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھازىر ئۇيغۇرلاردا يۈز بېرىۋاتقان چېكىنىشلەرنى ئۇلارنىڭ مۇنداق 4 چوڭ ناچار ئادىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم: (1) كىتاب ئوقۇماسلىق، (2) بالا تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، (3) ئۆز ـ ئارا ئۇيۇشالماسلىق، ۋە (4) پۇل ـ ۋاقىت بايلىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى مېھماندارچىلىق بىلەن ئىسراپ قىلىۋېتىش. يەنە بىر تەرەپتىن، مەن نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى مۇنداق 3 ئىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم: مىللىي ساپانى ئۆستۈرۈش، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، ۋە مىللىي كىملىكنى ساقلاپ قېلىش. مەن بۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھالقىلىق قەدەم ـ باسقۇچلىرىنىڭ بىرى، ئۇيغۇر ياش ـ ئۆسمۈرلىرىنى مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىگە ۋە ناخشا ـ ئۇسۇلغا ئەمەس، كىتاب ئوقۇشقا ئامراق قىلىپ تەربىيىلەش، يەنە بىرى بولسا، ھازىرقى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى سورۇن پائالىيىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۇ ۋاقىتنىڭ بىر قىسمىنى، مەسىلەن، يېرىمىنى، كىتاب ئوقۇشقا ئاجرىتىدىغان قىلىش، دەپ ئويلايمەن. ئۇيغۇر دىيارىدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ ئەھۋالىنى مەن ياخشى بىلمەيمەن. مەن يېقىندا كۆرگەن بىر ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، ھازىرغىچە پۈتۈن دۇنيادا 175 مىليوندىن كۆپ تۈردىكى كىتاب نەشر قىلىنغان بولۇپ، ھازىر ھەر يىلىغا نەشر قىلىنىدىغان كىتابنىڭ تۈرى بىر مىليوندىن ئاشىدىكەن.

2006 ـ ۋە 2007 ـ يىلى يازدا، مەن ئۇيغۇر دىيارىغا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بارغان ۋاقتىتا، هازىر نەشر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىدىكى هەر بىر خىل كىتابنىڭ سېتىلىش مىقدارى 3 مىڭدىن 5 مىڭغىچە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇيغۇرنىڭ نوپۇس سانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ سان «پەقەتلا يوق» دېگەندىن سەللا ياخشىراق بولۇپ، مەن بۇ ئەهۋالدىن چۆچۈپ كەتتىم. شۇنىڭدىن تارتىپ مېنىڭ كاللامدىن مۇنداق بىر سوئال زادىلا كەتمىدى: «ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن كىتاب ئوقۇمايدۇ؟».

مەن كىچىك ۋاقتىمدا كىتاب ئوقۇشقا بەك ئامراق ئىدىم. لېكىن، ئوقۇيدىغانغا كىتاب يوق ئىدى. 1971 ـ 1976 ـ يىللىرى مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان 5 يىل جەريانىدا، خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ياش ـ ئۆسمۈرلەر كىتابىدىن پەقەت بىر قانچىسىلا چىققان ئىدى. يېقىنقى زامانىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر رومانىمۇ قېيۇم تۇردى تەرىپىدىن مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلاردا نەشر قىلىنغان ئىدى. ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ سانى هازىر ئۇ چاغدىكىدىن جىق كۆپەيدى، دەپ ئويلايمەن. لېكىن، ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ئوقۇشقا قىزىقمايدۇ؟ يۇقىرىقى سوئالغا جاۋاب ئىزدەپ، مەن چەت ئەلدە چىقىدىغان كىتاب ـ ماقالىلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭكىنى ئازراق سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. هەممىدە بىر قانچە چوڭ پەرقلەرنى بايقىدىم. بۇ يازمامدا، ئۆزۈم بايقىغان ئاشۇ پەرقلەرنى تەسۋىرلەپ ئۆتمەكچىمەن. يەنى، بۇ يازمىدا مەن هەرگىزمۇ غەربلىكلەرنىڭ يېزىش ئۇسلۇبىنى ئىلمىي ئاساستا تەپسىلىي ياكى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرۇپ چىقمايمەن. ئۇنىڭ ئورنىغا، ئۇلاردا بار، ئەمما بىزدە يوق بەزى ياخشى ئۇسلۇبلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. مەقسىتىم ئۇيغۇر دىيارىدىكى يازغۇچىلارغا، بولۇپمۇ ياش يازغۇچىلارغا ۋە بۇنىڭدىن كېيىن يازغۇچىلار قوشۇنىغا قوشۇلماقچى بولغانلارغا غەرب ئەللىرىدىكى يازغۇچىلارنىڭ كىتاب ـ ماقالە يېزىش ئۇسلۇبىدىكى بەزى ياخشى نەرسىلەرنى تونۇشتۇرۇپ بېرىش. ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇرچە سەۋىيىسىدە 1983 ـ يىلىدىن كېيىن هېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە چەت ئەلدە ياشاپ يۈرۈپ خېلى زور چېكىنىش بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر ئىجتىمائىي پەن ساهەسىدىكى يازغۇچىمۇ ئەمەس. لېكىن، مەن ئۆزۈمنىڭ كەسپىي دائىرىسىدە ئىنگلىز تىلىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلىۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن

بولدى. دوكتور ئاشتىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەزگىللەردە، ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قانچە يۇقىرى تېخنولوگىيىلىك شىركەتلەردە ئىشلەش جەريانىدا ئامېرىكىدا چىقىدىغان بىر قانچە ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىغا «تەكشۈرۈپ تەستىقلىغۇچى» مۇ بولۇپ باققان ئىدىم. يېقىندا ئۇ ئىشنى يەنە قايتا باشلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن داۋاملىق ئىنگلىز تىلىدىكى ھەر خىل نەرسىلەرنى ئوقۇپ، ئۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇرىمەن. شۇڭا مەن بۇ يازمىدا ئوتتۇرىغا قويىدىغان نەرسىلەرنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب ئوقۇماسلىقىنىڭ سەۋەبى ناھايىتى كۆپ. بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدە مەن ئۆزۈم ئويلاپ يېتەلىگەنلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ئۇيغۇر ئائىلىسى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىتاب ئوقۇش ئومۇملاشماي، ئۇنىڭ ئورنىغا مېھماندارچىلىق ئەۋج ئالغان.

(2) باللار كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا كىتابقا قىزىقىدىغان قىلىپ تەربىيىلەنمىگەن.

(3) كىتاب - ژۇرناللاردىكى مەزمۇنلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە يېزىلىش ئۇسلۇبىنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى يېتەرلىك ئەمەس.

(4) كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىسى تېز چىقمايدۇ. شۇڭا يىراقنى كۆرەلمەيدىغان كىشىلەرنى كىتاب ئانچە جەلپ قىلالمايدۇ.

(5) خىزمەت تېپىش ۋە خىزمەتتە ئۆسۈش ئىشلىرى كىتاب ئوقۇپ ئىگىلىگەن بىلىم بىلەن ئانچە ئوك تاناسىپ ئەمەس. بىلىمنى ئىشلىتەلمەسلىك ئەھۋالىمۇ ناھايىتى ئېغىر.

(6) بەزىدە ئادەم قانچە كۆپنى بىلسە شۇنچە ئاسان بالاغا قالىدۇ.

مەن بۇ يازمىنى يۇقىرىدىكى 3 - سەۋەبتە كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن يېزىۋاتىمەن. مېنىڭ بۇ يازمىدا ئاشۇ بىر مەسىلىنى تاللىشىم ھەرگىز ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە بولغانلىقىدىن ئەمەس. ئۇيغۇرلار قىلىشقا تېگىشلىك بولغان، قىلالايدىغان، لېكىن تېخىچە قىلمىغان بۇنىڭدىن باشقا مۇھىم ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما بىز ھەممىمىز ناچارلىششقا يۈزلىنىپ، بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشكە قاراپ ئۇھ تارتىپ ئولتۇرساق، ياكى پەقەت سەۋەبلەر ئۈستىدە سۆزلەپ ۋە شىكايەت قىلىپ، شۇ

ئارقىلىق ئىچىمىزنىلا بوشىتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىش قىلماي قاراپ ئولتۇرساق، ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسى ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ قالمايدۇ. «ئۇنداق بولۇپ كەتتى، بۇنداق بولۇپ كەتتى» ، دەپ قاراپ تۇرۇشنىڭ ھېچ بىر قىممىتى يوق. شۇنداق دەپ چۈشكۈنلىشىشكە قاراپ مېڭىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىش بىر چوڭ ھاماقەتلىك. ئۇنىڭ ئورنىغا، خۇددى قايغۇنى كۆچكە ئايلاندۇرغانغا ئوخشاش، ھەسرەتنى، نەپرەتنى ۋە غەزەپنىمۇ كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلغاچ تۇرغىنىمىز ياخشى. مەن بۇ يازمىنى دەل ئاشۇنداق بىر مەنتىقىدە تۇرۇپ يېزىۋاتىمەن. ئۇيغۇرلۇق ۋىجدانى ۋە غۇرۇرى بىلەن ياشاش يولىنى تاللىغان بارلىق قېرىنداشلارنىڭ يۇقىرىقىدەك پوزىتسىيەدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇيغۇرلار كىتابنى كۆپ ئوقۇش ئارقىلىق، ئامېرىكىلىقلار ئېرىشكەن پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ھازىرچە ئۇيغۇرلار ئامېرىكىلىقلار ئېرىشىدىغان ئۇنۇمنىڭ 50 پىرسەنتى ئەمەس، 10 پىرسەنتىگىمۇ ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن، ئۇيغۇرلار ئېرىشەلەيدىغان ئۈنۈم چوقۇم نۆل بولمايدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلار ھازىرقى ناخشا-ئۇسسۇلغا بولغان قىزىقىشى بىلەن سورۇن ئادىتىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتمەي (ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغىمۇ ئېھتىياجلىق؛ ئۇ نەرسىلەرمۇ مىللىي كىملىكنىڭ بىر قىسمى) ، ئۇ قىزىقىش ۋە ئادەت ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتقان پۇلى بىلەن ۋاقتىنىڭ پەقەت يېرىمىنىلا كىتاب ئوقۇشقا ئاجرىتالىسا، ئۇيغۇرنىڭ كۈنى ھازىرقىدىن جىق ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ھازىرقى ناچار ئەھۋالىنى ئاشۇنداق كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزگەرتەلەيدۇ. مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن.

تۆۋەندە مەن ئۆزۈمنىڭ تەكلىپلىرىنى بايان قىلىشنى باشلايمەن.

## 1. بۆلۈملەرگە ئايرىپ، كىچىك تېما قويۇش

غەربلىكلەر يازمىلىرىنى مەزمۇنغا قاراپ كۆپلىگەن بۆلۈملەرگە ئايرىپ، ھەر بىر بۆلۈمگە بىردىن كىچىك تېما قويىدۇ. مەسىلەن، 1.، 2.، 3. دېگەندەك. ئەگەر ھەر بۆلۈمنىڭ ئۆزى بىر قانچە تارماقلارغا بۆلۈنسە، ئۇلارغا تارماق تېما قويىدۇ. مەسىلەن، 3.1، 3.2، 3.3 دېگەندەك. مەن بىرەر ماقالە ئوقۇماقچى بولسام، ئۇ ماقالىنى ئۇنىڭ باش تېمىسىغا قاراپ تاللىغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كىچىك تېمىلىرىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىمەن. شۇ

ئارقىلىق بۇ ماقالە قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمەن. شۇ ئاساستا بۇ ماقالىنى تولۇق ئوقۇش ياكى ئوقۇماسلىقنى قارار قىلىمەن. بەزىدە پەقەت ئۆزۈم قىزىقىدىغان بۆلۈمىنىلا ئوقۇيمەن. ماقالىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، «بۇ ماقالىدە قانداق مەزمۇنلار بار ئىكەن؟ مەن ئۇچۇن ئەڭ قىممەتلىك بار نەرسە نېمە ئىكەن؟» دېگەن سوئاللارنى سورايمەن. كۆپىنچە ھالدا مېنىڭ ئېسىمدە قالىدىغىنى بۇ ماقالىنىڭ كىچىك تېمىلىرى بولۇپ، ئۆزۈم مۇھىم دەپ ئويلىغان بەزى تېمىلار ئېسىمگە كەلمىسە، مەن ئۇنى دەرھال يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىمەن. دېمەكچىمەنكى، مېنىڭ بۇ بىر ماقالىدىن ئۇنۇمگە ئېرىشىشىمدە، ئۇنىڭغا قويۇلغان كىچىك تېمىلار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەن ھازىر ئۆز يازمىلىرىمدا مۇشۇ ئۇسلۇبنى كۆپ قوللىنىۋاتىمەن. ئەگەر قىزىقىدىغانلار بولسا، مېنىڭ http://www.meripet.com/Sohbet دېگەن تور بېتىدىكى يازمىلىرىمنىڭ لاتىن يېزىقى نۇسخىلىرىغا بىر قاراپ باقسا بولىدۇ. ياكى بولمىسا، بىلىك كۇلۇبىدىكى تۆۋەندىكى ماقالىنى كۆرۈپ باقسىمۇ بولىدۇ:

http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=17352&extra=page%3D1

مەن ئىشلەتكەن ئۇ ماقالە قۇرۇلمىسى يازمىلىرىمنىڭ ئىنتېرنېتتا كونا يېزىقتا چىقىرىلغان نۇسخىلىرىدا ئانچە ياخشى ئىپادىلەنمەي قالدى. سەۋەبى، بىر قىسىم كونا يېزىق تور بەتلىرى ئىشلەتكەن بېكەت سىستېمىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە چەكلىمىسى بار ئىكەن.

مەن يېقىندا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ۋە «ئىلى دەرياسى» دېگەن ژۇرناللارنىڭ بىردىن سانىغا قاراپ باقتىم. ھەمدە ئۇلاردىكى بەزى ماقالىلەرنى ئوقۇپ باقتىم. بۇ ژۇرناللاردىكى ماقالىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 5 بەتتىن 10 بەتكىچە بولىدىكەن. خېلى ئۇششاق بولغاچقا، 5 بەتلىك ماقالىدىمۇ ناھايىتى كۆپ مەزمۇن بار ئىكەن. لېكىن، بۇ ماقالىلەردە ئاساسەن باش تېمىدىن باشقا تېما يوق ئىكەن. شۇڭا مېنىڭ چەت ئەلدىكى ماقالە ئوقۇش ئۇسۇلۇم ئۇ ماقالىلەرگە زادىلا ئىشلىمىدى. بۇ ژۇرناللاردىكى ماقالىلەرنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ، مەن دەسلەپتە بۇ ماقالىلارنىڭ كۆرۈنىشى (مەزمۇنى ئەمەس) توغرىسىدا ئېرىشكەن تەسىرات «بۇ ماقالىلەر نېمە دېگەن زېرىكىشلىك؟» دېگەندىن ئىبارەت بولدى، يەنى قايسى بەتنى ئاچسىڭىز، ئۇنىڭ كۆرۈنىشى باشقا بەتلەردىن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن. مەن

بىر قېتىم تېلېۋىزوردا بىر ئەرەب شەھىرىنى كۆرگەندە ئاشۇنداق ھېسسىياتقا كەلگەن ئىدىم: ھەممە ئۆيلەرنىڭ ياسىلىش شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشاش، ھەمدە ھەممە ئۆيلەرنىڭ رەڭگى ئاق. مەن يۇقىرىقى ژۇرناللاردىكى ماقالىلەرنىڭ بەزىلىرىنى بىر-ئىككى ئابزاس ئوقۇپ بېقىپلا زېرىكتىم. قالغان قىسمىدا نېمە مەزمۇن بارلىقىنى ئىنتايىن بىلگۈم بار ئىدى. لېكىن ئۇنداق قىلىشنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار ئىكەن. ئۇ بولسىمۇ پۈتۈن ماقالىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىش. لېكىن، مېنىڭ ئۇنىڭغا ۋاقتىم ۋە تاقىتىم بولمىدى. دېمەك، كىچىك تېمىلارنىڭ ئىشلىتىلمەسلىكى تۈپەيلىدىن، مەن بەزى ماقالىلەردىن پايدىلىنالمىدىم، ھەمدە ئۇ ماقالىلەرمۇ ئەسلىدە كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى.

يۇقىرىقى ژۇرناللاردىكى ماقالىلەردىن بىرەرىنى ئوقۇپ، بۆگۈن تۈگىتىپ بولالماي، ئەتە داۋامىنى ئوقۇماقچى بولسا، قەلەم بىلەن بەلگە ئۇرۇپ قويمىغان ئەھۋالدا، تۈنۈگۈن كەلگەن يېرىنى تېپىشمۇ ئانچە ئاسان ئەمەسكەن.

يۇقىرىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەن كۆرىدىغان ئىنگلىز تىلىدىكى كىتاب - ماقالىلەر كالىفورنىيىنىڭ سان فرانسىسكو شەھىرىدىكى بىنالارغا ئوخشايدۇ: بىر يەردىكى 10 بىناغا قارىسىڭىز ئۇلار 10 خىل لايىھىدە سېلىنغان، ھەمدە 10 خىل رەڭدە سىرلانغان. سان فرانسىسكوغا ساياھەتكە كەلگەنلەر ئاشۇ بىنالارنى كۆرۈشنىڭ ئۆزىدىنلا خېلى ھۇزۇرلىنىپ قايتىشىدۇ. ئەگەر سىز ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان ئىجتىمائىي - پەن كىتابلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرسىڭىزمۇ، ئۇنىڭ بىر بەتتىن 3 بەتكىچە بولغان ئارىلىقىدا چوقۇم بىر كىچىك تېما بارلىقىنى بايقايسىز. ئەگەر بىز كىتاب - ماقالە ئوقۇشنى بىر سەپەرگە ئوخشاتساق، كىتابتىكى كىچىك تېمىلار خۇددى بىر يول خەرىتىسىگە ئوخشايدۇ. سىز بىر كىتابنى ۋاراقلاپ، ئۆزىڭىز بارماقچى بولغان يەرگە قانداق مېڭىشنى ئاسانلا بىلىۋالالايسىز.

مەن ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ كىچىك تېما قويۇش ئۇسۇلىنى سىناپ بېقىشنى سورايمەن. بۇ ئۇسۇلنى كىتاب ۋە ماقالىلەردىلا ئەمەس، مېنىڭچە ھېكايە ۋە رومانلاردا ئىشلەتسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىر ھېكايىدىكى ۋەقەلىك قەشقەر، ئاقسۇ ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، ئۇنىڭغا «1. قەشقەردىكى ۋەقە»، «2. ئاقسۇدىكى ئوقۇش»، «3. ئۈرۈمچىدىكى توي» دېگەندەك تېمىلارنى قويسا بولىۋېرىدۇ. كىچىك تېما قويۇش بىلەن ماقالىنىڭ يول قويۇلغان ئۇزۇنلۇقىغا ئازراق تەسىر يېتىشى

مۇمكىن. لېكىن، ئەگەر ئۇ ماقالىنى باشقىلار ئوقۇمىسا، ئۇنىڭ ئېرىشكەن ئۇنۇمى نۆل بولىدۇ. شۇڭا بىر-ئىككى ئابزاسنى قۇربان قىلىپ، ماقالىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ياخشى لايىھىلەش ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىشنىڭ قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ.

## 2. جۈملىنى قىسقا ئېلىش

جۈملىنى قىسقا ئېلىش ئامېرىكىدىكى يېزىقچىلىق توغرىسىدىكى بارلىق دەرس ۋە كىتابلاردا ئەڭ كۆپ تەكىتلەنگەن بىر ئىش. شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ مەيلى تەبىئىي - پەن كىتاب - ماقالىلىرىدە بولسۇن، ياكى ئىجتىمائىي - پەن كىتاب ماقالىلىرىدە بولسۇن، ئىنتايىن ئومۇملاشقان بىر ئىش. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يازمىلىرىدا بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئېغىر مەسىلە بار ئىكەن. مەن بۇنىڭدىن بىرەر يىل بۇرۇن بىر ئامېرىكىلىق تونۇشۇمغا بىر ئۇيغۇرچە ماقالىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەن ئىدىم. ئۇ ماقالىنىڭ بىر يېرىدە ژۇرنال بېتىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن بىر ئابزاستا چېكىتتىن جەمئىي ئۈچىلا بار ئىكەن. يەنى يېرىم بەتلىك بىر ئابزاستا جەمئىي 3 جۈملە سۆز بار ئىكەن. مەن ئۇ مەزمۇن ئۈستىدە بىر «ئومۇميۈزلۈك ئوپېراتسىيە» ئېلىپ بېرىپ، ئۇ 3 جۈملە سۆزنى 20-30 جۈملە سۆز قىلىپ تەرجىمە قىلدىم. جۈملە بۇنداق ئۇزۇن بولسا، ئۇنىڭ ئاخىرىسىنى ئوقۇپ بولغۇچە، ئالدىنقى قىسمىدىكى مەزمۇننى ئادەم ئالللىقاچان ئۇنتۇلۇپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى كاللىغا كىرگۈزەلمەي، ئۇنى قايتا-قايتا ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر سىز بىر يازغۇچى بولسىڭىز، ئوقۇرمەنلەرنى بۇنداق قىينىماڭ. پۈتۈن يېزىش جەريانىدا ئۆز-ئۆزىڭىزدىن «مەن ئوقۇرمەنلەرگە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىۋاتىمەنمۇ؟» دەپ سوراپ تۇرۇڭ. ئىمكان قەدەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ مېڭىسىنى ئاسراڭ. كاللا ئىشلىتىدىغان ئىشلار بەك كۆپ. شۇڭا يۇقىرىقىدەك ئورۇنسىز ئىسراپچىلىقتىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ساقلىنىش كېرەك. تېخىمۇ مۇھىمى، جۈملە بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، ئۇ ھەرگىزمۇ كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ.

## 3. ئاددىي سۆزلۈكلەرنى ئىشلىتىش

ئۇيغۇرچىدىكى «رۇخسەت سوراش» بىلەن «ئىجازەت ئېلىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئوخشاش. لېكىن، «رۇخسەت سوراش» دېگەن سۆزنى باشلانغۇچنىڭ 1-سىنىپىنىڭ بالىلىرىمۇ چۈشىنەلىشى مۇمكىن. لېكىن، «ئىجازەت ئېلىش» نى بولسا ئوقۇغۇچىلار تولۇقسىزغا چىققاندا ئاندىن چۈشىنىدىغان بولۇشى مۇمكىن. كىتاب ۋە ماقالە يازغاندا، ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى، شۇ سەۋىيىدىكى كىشىلەرنىڭ سانى نوپۇسنىڭ قانچىلىك نىسبىتىنى ئىگىلەيدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئوبدان ئويلىنىش كېرەك. مەن ئۇيغۇرلار نەشر قىلغان ناھايىتى ياخشى مەزمۇنلۇق كىتاب - ئەسەرلەردىن بىر قىسمىنى كۆردۈم. مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا، پۈتۈن خەلق دائىرىسىدە مەجبۇرى ئۆگىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئوقۇشقا ئەرزىيدىكەن. لېكىن، بەزىلىرىنىڭ تىلى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، بەزىدە ئاپتورنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش قىيىن ئىكەن.

ئۆتكەندە مېنىڭ بىر تونۇشۇم ئۆزى بىلەن باشقا بىر زىيالىي ئارىسىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنتېرنېتتىكى بىر مۇنازىرىنى كۆرۈپ بېقىشىمنى تەكلىپ قىلىپتىكەن. ئۇ تونۇشۇمغا بولغان ھۆرمىتىمنىڭ كۈچى بىلەن بىر ئاز ۋاقىت چىقىرىپ، ئۇ مۇنازىرىنى ئوقۇپ بېقىشقا تىرىشتىم. لېكىن، مۇنازىرە بىر پەلسەپىلىك مەسىلە ئۈستىدە بولۇپ، تىلى بەكلا مۇرەككەپ ئىكەن. شۇڭا ئۇ بىر تېمىنىڭ چېكىلىش سانى 50 كىمۇ بارماپتۇ. يەنى، ئۇ تېمىنى چېكىدىغانلار ئاساسەن مۇنازىرىلىشىۋاتقان ئاشۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزى ئىكەن. مەن ئۇلار دەۋاتقان بەزى گەپلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭمۇ چۈشىنىۋاتقانلىقىغا ئانچە ئىشەنگۈم كەلمىدى. بۇنداق سەۋىيە سىناش مۇنازىرىلىرىنى بارلىق ئادەملەر كىرىدىغان تور بېتىدە ئېلىپ بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇنى بىر ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىدا قىلىش كېرەك. ياكى بولمىسا ئۆز كەسپىي ساھەسىدە مۇنازىرە ئېلىپ بارىدىغان بىر مۇنبەر قۇرۇپ، شۇ يەردە ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا ئۇنىڭ نېمە قىممىتى بار؟

يەنە بىر ئىش، سانلىق قىممەتلەرنى قانداق يېزىش مەسىلىسى. مەن بۈگۈن (2008-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى)

http://www.census.gov/main/www/popclock.html

دېگەن تور بېتىدىكى دۇنيا نوپۇسىنىڭ سانىغا قاراپ باقسام، ئۇ 6660904010 ئىكەن (بۇ سان توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن). بۇ سانىنى

بىر ئوقۇپ بېقىڭ. ئەگەر سىز بىر چوڭ يىغىندا بىر نەرسە ئوقۇۋېتىپ، ئۇ نەرسىدە يۇقىرىقى سان چىقىپ قالسا، ئۇنى توغرا ئوقۇش ئۈچۈن سىزگە قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟ ئۇيغۇرچە ماقالىلەردە سانلىق قىممەتلەر يۇقىرىقىدەك يېزىلىدىكەن. ياكى بولمىسا پۈتۈنلەي سۆز بىلەن يېزىلىدىكەن. ئىنگلىزچە ماتېرىياللاردا يۇقىرىقى سان 6, 660, 904, 010 دەپ يېزىلىدۇ. يەنى، ھەر 3 خانىلىق سانغا بىردىن پەش قويۇلىدۇ. ساننىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئالدىغا قاراپ ماڭسىڭىز، 1-پەش مىڭنى، 2-پەش مىليوننى، 3-پەش بولسا مىلياردنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا سىز ھېچقانداق ئاۋارە بولمايلا ھازىرقى دۇنيا نوپۇسى 6.7 مىلياردقا يېقىن ئىكەن، دېگەننى بىلىۋالالايسىز. سىزنىڭ 12345 سوم پۇلىڭىز بار بولسىمۇ، ئۇ ئىنگلىزچىدا 12, 345$ دەپ يېزىلىدۇ. ئەڭ ئالدىدىكى بەلگە «دوللار» دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىنگلىز تىلىدىكى كىتاب ۋە ماقالىلەردە ھەممە نەرسە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلىش ۋە ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن بولىدۇ.

مەيلى باشقىلارغا بىلىم بېرىش بولسۇن، باشقىلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىش بولسۇن، ياكى ئۆز سەۋىيىسىنى نامايان قىلىش بولسۇن، بۇ مەقسەتلەرگە يېتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، يازغان نەرسىسى باشقىلارنى جەلپ قىلىش، يازغان نەرسىسىنى باشقىلارغا ئوقۇتۇش. ئەگەر باشقىلار ئوقۇمىسا، يازغان نەرسىنىڭ ھېچ بىر ئۈنۈمى ۋە قىممىتى بولمايدۇ. بىر كىتاب يازالايدىغان سەۋىيىگە يەتمەك بەك تەس. ئاشۇ سەۋىيىگە يېتىپ بولغاندىن كېيىن، ھازىرقى شارائىتتا بىرەر كىتاب يېزىپ نەشر قىلدۇرماق تېخىمۇ تەس. شۇنداق بولغاچقا، ھەر بىر جۈملىنى يازغاندا ئىشلەتكەن سۆزلۈكلەرنى ئىنتايىن ئەستايىدىل تاللاش كېرەك. ئەگەر بىر مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزدىن 4-5 بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاددىيسىنى تاللاش كېرەك. شۇ ئارقىلىق كىتاب ۋە ماقالىدىن ئەڭ زور ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئەگەر خەۋىرى بارلار بولسا، مۇشۇ يازمىنىڭ ئاخىرىسىغا ئىنكاس تەرىقىسىدە مۇنداق بىر نەرسىنى يېزىپ قويساڭلار: ئۇيغۇر نوپۇسى ئىچىدە ھازىر باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەن، تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن، تولۇقنى پۈتتۈرگەن ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ نىسبىتى قانچىلىك؟ ئۇلارنىڭ سانىچۇ؟ يازغۇچىلار مۇشۇ نەرسىلەرنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، شۇ ئاساستا يازماقچى بولغان مەزمۇن، سەۋىيە ۋە ئىشلىتىدىغان سۆزلەرنى تاللىشى كېرەك. بولمىسا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ.

## 4. رەسىم ۋە جەدۋەللەردىن پايدىلىنىش

ئىنگلىز تىلىدىكىلەرنىڭ «بىر سۈرەتنىڭ مىڭ سۆزگە باراۋەر قىممىتى بار» دېگەن بىر سۆزى بار. ئامېرىكىدا يالغۇز تەبىئىي - پەن كىتاب - ماقالىلىرىدە رەسىم ۋە جەدۋەل قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆپ ئىشلىتىپلا قالماي، ئىجتىمائىي - پەن كىتاب - ماقالىلىرىدىمۇ ھەم شۇنداق. بۇ ئىش ھازىر بىر رەسمىي پەن بولۇپ شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنى «كۆرۈش ئارقىلىق ئۆگىنىش قوراللىرى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي پەن ئۇقۇملىرىنى رەسىم بىلەن چۈشەندۈرىدىغان بىر تارماق بار بولۇپ، ئۇنى «رەسىملىك تەشكىللىگۈچىلەر» دەپ ئاتايدۇ. بەزىلەر ئۇنى «ئۇقۇم خەرىتىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، رەسىملىك تەشكىللىگۈچىلەر ھەممە كەسىپتىكى ئۆگىنىش جەريانى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ رولى ئوقۇش، چۈشىنىش ۋە بىلىدىغان سۆزلۈكنىڭ سانىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە ھەممىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. كىشىلەر رەسىملىك تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، ئوقۇۋاتقان مەزمۇننىڭ ئارقىسىدىكى ئۇقۇمنى ئاسان چۈشىنىۋالالايدۇ، ھەمدە مۇھىم ئەمەس مەزمۇنلارنى ئاسانلا پەرق ئېتەلەيدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ خىل قورالدىن قانچىلىك كۆپ پايدىلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، مەن ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلارنىڭ تۆۋەندىكى تور بېتىگە ئۇلىنىشىنى قويۇپ قويغان كىتابنى ئۆز كومپيۇتېرىغا چۈشۈرۈۋېلىپ، ئۇنى بىر ۋاراقلاپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن:

http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=17172&extra=page%3D1

بۇ كىتاب كوۋېي ئەپەندىنىڭ «ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتى» دېگەن كىتابىنىڭ PDF شەكلى بولۇپ، ئۇنى ئۆزگە «Uyghuronline» دېگەن ئىنتېرنېت ئىسمىنى قويۇۋالغان قېرىندىشىمىز تەمىنلىدى (سىزگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت).

تۆۋەندىكىسى مەن ئۆزۈم تەييارلىغان ئىككى پارچە رەسىم. ئۇنىڭ بىرىنچىسىدە كىرىشىپ ئۆگىنىدىغان كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى چۈشەندۈرۈلگەن. ئىككىنچىسىدە بولسا ئادەتنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئۇلىنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. 1-رەسىمنى مەن

ئىنتېرنېتتىن تاپقان «رەسىملىك تەشكىللىگۈچىلەر» گە ئائىت بىر ماتېرىيالدىكى بىر رەسىمگە ئاساسەن تەييارلىدىم. ئىككىنچى رەسىمنى بولسا ئالدىنقى ئىككى يازمامدا تونۇشتۇرغان كوۋېي ئەپەندىنىڭ كىتابىدىكى بىر رەسىمگە ئاساسەن تەييارلىدىم. ئەگەر خالىسىڭىز، سىناق تەرىقىسىدە سىز مۇشۇ ئىككى رەسىمدىكى ئۇقۇمنى سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ يېزىپ بېقىڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىڭىز يازغان تېكىست بىلەن بۇ رەسىمنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. سىزچە ئوقۇرمەنلەر قايسىسىنى ئوبدانراق چۈشىنىدۇ؟ قايسىسىنى ئېسىدە ئاسانراق قالدۇرالايدۇ؟ بۇ يەردىكى مىساللار رەڭلىك بولۇپ، كىتاب-ژۇرناللارغا چىقىرىدىغان رەسىملەر رەڭلىك بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئامېرىكىدىكى كىتاب-ژۇرناللاردا ئىشلىتىلگەن رەسىملەرنىڭ ئىچىدە رەڭلىكلىرى ناھايىتى ئاز.




1-رەسىم: كىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلارنىڭ خاراكتېرى.




2-رەسىم: ئادەتنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى.

## 5. ئابستراكت بىلەن خۇلاسە قىسىملىرى بولۇش

مەيلى تەبىئىي پەن بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي - پەن بولسۇن، ئىلمىي تەتقىقات ئاساسىدا يېزىلغان، ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدىغان ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردىن ئابستراكتى ۋە بىردىن خۇلاسىسى بولىدۇ. بۇ «ئابستراكت» قىسمىدا بۇ ماقالە نېمە توغرۇلۇق ئىكەنلىكى، نېمىلەر بايان قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە بولىدۇ. كۆپىنچە ژۇرناللارنىڭ ئابستراكت قىسمىدىكى سۆزلۈكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سانى توغرىسىدا چەكلىمىسى بولىدۇ. ماقالىنىڭ ئەڭ ئاخىرىسىدا بىر «خۇلاسە» قىسمى بولىدۇ. ئۇنىڭدا بۇ ماقالىدا نېمە بايان قىلىنغانلىقى ۋە بۇ تەتقىقات بىلەن ئىزدىنىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم نەتىجىلەر بىلەن ئېرىشكەن مۇھىم يەكۈنلەر خۇلاسىلىنىدۇ. ئىلمىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىدىغان ماقالە ئەمەس، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» بىلەن ئوخشاش ژۇرنالغا چىققان ئۇزۇن ھەجىملىك ماقالىلەردىمۇ ئاشۇنداق ئابستراكت بىلەن خۇلاسە قىسمى بولىدۇ. مەن ئۇنداق ئۇزۇن ماقالىلەرنى ئوقۇشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئابستراكتى بىلەن خۇلاسىسىنى ئوقۇيمەن. شۇ ئارقىلىق بۇ ماقالىنى تولۇق ئوقۇش-ئوقۇماسلىقنى قارار قىلىمەن. كۆپىنچە ئەھۋالدا، كىشىلەر بۇنداق ئۇزۇن ماقالىلەرنى تولۇق ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە قالىدىغىنى ئاشۇ ماقالىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى «خۇلاسە» قىسمىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار بولىدۇ. مېنىڭ پەرىزىمچە، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ژۇرناللاردا چىقىدىغان 5 بەتلىك ۋە ئۇنىڭدىن ئۇزۇن ماقالىلەرنى مۇشۇنداق «ئۇزۇن ماقالە» دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا بىر ئابستراكت بىلەن بىر خۇلاسە قىسمىنى كىرگۈزۈپ قويۇشنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن زور پايدىسى بار، دەپ ئويلايمەن.

## 6. ئاخىرقى سۆز

مەن 1988-يىلى ياپونىيىدىكى ئوقۇشتىن قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمىگەن بىر كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى بىر مۇلازىمەت ئورنىغا شاگىخەيدىن ماگدۇرۇۋەتكەن بىر-ئىككى ساندۇق نەرسىلىرىمنى ئېلىۋېلىشقا باردىم. مەن ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا سائەت چۈش ۋاقتى 12 دىن 5 مىنۇت ئۆتكەن ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە ئىشلەيدىغانلار چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن ئىشتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ياپونىيىدە بۇنداق مۇلازىمەت ئورۇنلىرى چۈشتە دەم ئالمايدىغان بولغاچقا، مەن ئۇنداق بولۇشىنى بىلمەپتىمەن. مەن قالغان 15 دەك كىشلەر بىلەن ئۇ يەردىكى بىر كىچىك ئۆيدە 2 سائەتكە يېقىن ئۆچرەت تۇرۇپ ساقلىدىم. سائەت چۈشتىن كېيىن 2 بولغاندا، ئۇ شىركەتنىڭ بىر ئادىمى چىقىپ، «بۈگۈن چارشەنبە، چۈشتىن كېيىن سىياسىي ئۆگىنىش بار. شۇڭا بىز ئىشلىمەيمىز. ئەتە كېلىڭلار.» دېدى. مېنىڭ بۇ ئىشقا دەھشەت غەزىپىم كەلدى. «ئۆزۈڭنى دۇنيادىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ بىرسى، دەپ ھېسابلايسەن. ئۇنداق بولمىساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟ بىر ۋاراق قەغەزگە ئىككى جۈملە سۆز يېزىپ، دېرىزەڭگە چاپلاپ قويساڭ بولماسمىدى؟» دەپ ئويلىدىم. ئامېرىكىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خېرىدارلار تىزىلىپ ساقلايدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى چۈش ۋاقتى ئارام ئالمايدۇ، ھەمدە ھەر خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، خېرىدارلارنىڭ ئىشىنى ناھايىتى قۇلايلىقلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۇسۇلنىڭ بىرسى مۇنداق، بىر چۆگىلەيدىغان كىچىك چاقتا نومۇرى بار قەغەز يۆگەكلىك بولۇپ، بۇنداق ئورۇنغا كىرگەن خېرىدارلار ئالدى بىلەن ئاشۇ نومۇردىن بىرنى ئالىدۇ، ئاندىن خېرىدارلار تەييارلانغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ساقلايدۇ. مۇلازىمەت ئورنىنىڭ خادىمى ياكى نۆۋىتى كەلگەن نومۇرنى چاقىرىدۇ، ياكى بولمىسا نۆۋىتى كەلگەن نومۇر بىر كىچىك ئېلېكترونلۇق ئېكراندا كۆرۈنىدۇ. سىز شۇ چاغدا مۇلازىمەت پوكىيىگە بارىسىز. چارچاش يوق، ئارقا ئىشىك يوق، ئۆچرەتكە قوشۇلۇۋالىدىغانلار يوق، ھەمدە ئۇرۇشۇشمۇ يوق. دىمەك ئامېرىكىدا بىر كىچىككىنە ئىشنى ئارتۇق قىلىش ئارقىلىق، خېرىدارلارغا يۈكسەك دەرىجىدە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلگەن. يۇقىرىقىدەك بىر مۇلازىمەت جەريانى بىر قالاق جەرياندىن بىر مەدەنىيەتلىك جەريانغا ئۆزگەرتىلگەن.

نۇرغۇن كىشلەر ئىشلىتىدىغان بىر نەرسىنى ياساپ چىقىرىدىغانلار چوقۇم ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرسى قاتارىدا ئىشلەپ چىقارغان نەرسىسىنىڭ ئىشلىتىشكە قۇلايلىق ئىكەنلىكى - ئەمەسلىكى توغرىسىدا چوڭقۇر باش قاتۇرۇشى كېرەك. مەھسۇلاتىنىڭ لايىھىسىنى بېكىتىشتىن بۇرۇن چوقۇم بىر قېتىم «بۇنى ئىشلىتىشكە قۇلايلىق قىلغىلى بولىدىغان يەنە بىرەر تەرىپى بارمۇ؟» دەپ قاتتىق ئىزدىنىپ بېقىش كېرەك. ئەگەر سىز تۇتقۇچى يوق

ئىشكتىن بىرنى ئىشلەپ چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن 10 مىڭ دانە ساتسىڭىز (بۇ سانىنى ئىنگلىز تىلىدىكىلەر 10،000 دەپلا يازىدۇ)، سۆز بىلەن يازمايدۇ)، ئۇنى ئالغان 10 مىڭ كىشىنىڭ ھەممىسىنى بازاردىن تۇتقۇچ، مىخ ۋە ئۇشكە سېتىۋېلىپ، ئۇ تۇتقۇچنى ئۆز ئىشكلىرىگە بېكىتىپ چىقىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر سىز ئۇ تۇتقۇچنى ئۆز زاۋۇتىڭىزدىلا بېكىتىپ، ئاندىن ساتسىڭىز، سىزگە ئانچە كۆپ ئىش كەتمەيدۇ، لېكىن سىز ئاشۇ 10 مىڭ ئادەمنىڭ نۇرغۇن ۋاقتى بىلەن پۇلىنى تېجەپ قالىسىز. دۇنيادا تۇتقۇچى يوق ئىشىك ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەت يوق. مەن بۇنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۇرۇمچىدە بولغان ئىشنى پەقەت بىر مىسال سۈپىتىدە دەۋاتىمەن. ئوقۇرمەنلەر يازغۇچىلارنىڭ خېرىدارلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سىز بىر يازغۇچى بولسىڭىز، بىر ماقالە ياكى كىتابنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرىپ، مەن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەر ئاساسىدا، «ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشى، چۈشىنىشى، ئەستە قالدۇرۇشى ۋە پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەن قىلىپ بېرەلەيدىغان يەنە بىرەر ئىش بارمىدۇ؟» دەپ چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، بۇرۇنقىدىن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيسىز. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا قاراپ مېڭىشىغا تېخىمۇ ياخشى تۆھپە قوشالايسىز.

مەن بۇ يازمىدا ھازىرغىچە پەقەت يازغۇچىلار توغرىسىدىلا سۆزلىدىم. ئەمدى ئوقۇرمەنلەر توغرىسىدىمۇ بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلاي. ئۇيغۇرچىدا ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ يەنە بىر نامى بار. ئۇ بولسىمۇ «ئىزباسارلار». ئۇلار كىمنىڭ ئىزىنى باسىدۇ بىلەمسىز؟ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگىچە ئاساسەن ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئاكا ـ ھەدىلىرىنىڭ ئىزىنى باسىدۇ. ھەممە ئىشنى ئاشۇلاردىن ئۆگىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئاتا ـ ئانا ۋە ھەدە ـ سىڭىللار ھەر بىر بالا ئۈچۈن ھەممە جەھەتتە ئۈلگىلىك رولىنى ئوينايدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشنى باشلىغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بولغان ئۈلگىلىك رولى تەدرىجىي ئاجىزلاپ ماڭىدۇ. لېكىن ھەرگىز يوقاپ كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا كىتاب ئوقۇشتا سىز بالىڭىزغا بالىڭىز ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىلا ياخشى ئۈلگە بولۇڭ. «بالىڭىز كۆپ كىتاب ئوقۇسۇن» دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ «بالىڭىز ئۆيدە كىتاب ئوقۇسۇن، سىز ئولتۇرۇشقا بېرىۋېرىڭ» دېگەنلىك ئەمەس. ئەگەر سىز

بالىڭىزغا ئاشۇنداق تۈزۈم چىقارسىڭىز، ياكى ئۇلارغا ئاشۇنداق تەلەپ قويسىڭىز، سىز بالىڭىزغا ئادالەتسىزلىك قىلغان بولىسىز. ئانچە ياخشى ئۈنۈمگىمۇ ئېرىشەلمەيسىز. شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۆزىڭىز قىلالمىغان ئىشتا ھەرگىز بالىڭىزدىن ئۈمىد كۈتمەڭ. «ئىزباسارلار» ئاتا-ئانىلارنىڭ ياخشى «يول باشلامچى» بولۇشىغا موھتاج.

# شىركەت قۇرۇشقا قانداق ئىقتىدار كېرەك؟

2008 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

ھازىر ئۇيغۇر ياشلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ ئېغىر مەسىلە خىزمەت تېپىش مەسىلىسىدۇر. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئېرىشىدىغان خىزمەت جەھەتتىكى ئىستىقبالنىڭ قاراڭغۇلۇقى نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە ئەندىشىگە سېلىۋاتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقى ۋە قىزغىنلىقىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئانچە كىتاب ئوقۇماسلىقىغىمۇ بىر مۇھىم سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت پۇرسىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقى، خىزمەت بولغاندا قانداقراق خىزمەتنىڭ بولۇشى ئۇلارنىڭ كىشىلىك تالانت ـ قابىلىيىتى، ئوقۇغان مەكتىپى، ۋە مەكتەپتىكى ئوقۇش نەتىجىسى قاتارلىقلار بىلەن دېگەندەك ئۇنچە تاناسىپ بولمىغاچقا، نۇرغۇن ياشلار مەكتەپ ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلەلمەي، گاڭگىراپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسى ھەر خىل سوئاللار بىلەن توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ سوئاللارغا جاۋاب چىقمايۋاتىدۇ. ئۇ سوئاللارنى كىمدىن سوراپ، نەدىن جاۋاب تېپىشنى بىلەلمەي يۈرۈۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. مەن نۇرغۇن قېتىم ئۆزۈمنى ئاشۇ ياشلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ئۆز ـ ئۆزۈمدىن «ئەگەر مەن ئاشۇلارنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام، قانداق قىلاتتىم؟» ، «ئاشۇنداق بىر شارائىتتا مەن نېمىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولاتتىم؟» دەپ سوراپ باقتىم. ئادەم قانچە كۆپ ئىشنى بىلسە، قانچە كەڭ بىلىمگە ئىگە بولسا، ئۆزى باسىدىغان كېيىنكى بىر قەدەم توغرىسىدا شۇنچە توغرا قارار چىقىرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز چوقۇم پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق ۋاقىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىمكان قەدەر كۆپرەك بىلىم ئىگىلەشكە تىرىشىڭ. ئادەمنىڭ كەلگۈسى قاراڭغۇ بولغاندا، روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ، ئۆگىنىشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن كىرىشىشى ئانچە ئاسانغا توختىمايدۇ. لېكىن، يىراقنى كۆرەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇنداق بىر پاكىتنى بىلىدۇ: مەيلى كەلگۈسىدىكى ئىشلار قانداق

بولۇپ كەتسۇن، جاھان قايسى تەرەپكە ئۆزگەرسۇن، ئۆزىمىز يەر شارىنىڭ قايسى بىر قىسمىدا ياشايلى، بىلىم چوقۇم ئەسقاتىدۇ. ئۆگىنىش قىلماي زايە قىلغان ۋاقتىنىڭ زىيىنىنى مەڭگۈ تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا سىز ئۈچۈن ئۆگىنىش ھەر ۋاقىت 1-دەرىجىلىك مۇھىم ئىش بولۇشى كېرەك.

ئىنگلىز تىلىدىكى كىشىلەرنىڭ بۆرە بىلەن ئىت توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايىسى بار. بىر بۆرە بىر كۈن يېمەكلىك ئىزدەپ ھېچنېمە تاپالماي، قورسىقى ئاچ كېتىۋاتقاندا، قورسىقى توق بىر ئىتقا ئۇچراپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۆرە ئىتتىن ئۇنداق يېمەكلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى سوراپتىكەن، ئىت: «ھېچ قانچە ئىش قىلمايمەن. پەقەت غوجامنىڭ ئۆيى بىلەن ئائىلىسىنى قوغداپ بەرسەم، ھەممە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنسام‌لا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۆرە بۇ ئىش توغرىسىدا ئىنتايىن ئەستايىدىل ئويلىنىپتۇ. چۈنكى ئۇ ھەر كۈنى قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ ئىزدەنمىسە بولمايدىكەن. شۇنداقتىمۇ قورسىقىنى تويغۇزالىشى ھېچبىر كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىكەن. بۆرە ئاشۇ ئىتقا ئوخشاش ياشاشنى ئويلاپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ كۆزى ئىتنىڭ بوينىدىكى تۈكى چۈشۈپ كەتكەن يەرگە چۈشۈپتۇ، ھەممە ئۇنىڭدىن بوينىدىكى تۈككە نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئىت بۆرىگە: «ئۇ مۇھىم ئەمەس. ئۇ تۈكلەرنى بوينۇمدىكى زەنجىر چۈشۈرۈۋەتكەن» دەپتۇ. بۆرە چۆچۈپ كېتىپ: «نېمە، زەنجىر! سەن ئۆزۈڭ خالىغانچە ھەرىكەت قىلالامسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئىت: «ياق. ئەمما ئۇ مۇھىم ئەمەسقۇ؟» دەپتىكەن، بۆرە «ئۇ ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ ئىنتايىن مۇھىم» دېگىنىچە ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ. ئامېرىكىدىكى خۇسۇسىي شىركەت قۇرۇشقا ئائىت مەزمۇندىكى كىتاب، ماقالە ۋە ئىنتېرنېت ئۈچۈرلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىدا، «ئۆز ئالدىڭغا شىركەت قۇرۇپ، ئۆز-ئۆزۈڭگە خوجا بول» دېگەنگە ئوخشاش، كىشىلەرنى ئۆز ئالدىغا شىركەت قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان بىر سۆز داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان بىر پاكىت شۇكى، باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەش ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەشكە قارىغاندا جىق تەس؛ باشقىلارغا بېقىنىپ ياشاش بىر خىل خورلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھازىر ھەر بىر ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن خىزمەت تېپىپ، باشقىلار ئۈچۈن

ئىشلەپ جان بېقىشتىن باشقا، ئۆزى شىركەت قۇرۇپ، بىر خۇسۇسىي شىركەتنىڭ خوجايىنى بولۇپ ياشاش يولىمۇ بار. ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ خىزمەت تېپىش ئىشىنىڭ قىيىنلىشىشىغا، ھەمدە بازار ئىقتىسادى تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر دىيارىدا شىركەت قۇرۇش ئىشلىرى ئالدىنقى 10 يىل جەريانىدا خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپتۇ. ئارمان، ئامىنە قاتارلىق بىر قىسىم مۇۋەپپەقىيەتلىك شىركەتلەر ۋە خېلى نۇرغۇن چوڭ كۆلەمدىكى رېستورانلار ۋۇجۇدقا كېلىپتۇ. يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەتلەرلا ئەمەس، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرسوفت، قارلۇق قاتارلىق كىچىك تېپلىق، يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركەتلىرىمۇ بارلىققا كەلگىلى تۇرۇپتۇ. كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بۇ ھادىسە مەلۇم دەرىجىدە «ئىش تېپىش قىيىن بولۇش» نىڭ «قوشۇمچە مەھسۇلاتى» دىن ئىبارەتتۇر. يەنى، بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى خىزمەت تېپىشقا ئامالسىز قېلىپ، ياكى باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەشنى خالىماي، ئۆزى شىركەت قۇرۇش يولىنى تاللاپ، ھازىر ئۆز شىركەتلىرىنى ناھايىتى ئوبدان ماڭدۇرۇۋېتىپتۇ. «يامان ئىشتىن ياخشى ئىش كەلتۈرۈپ چىقىرىش» دېگەن مانا شۇدۇر.

مەن يېقىندا ئادەملەرنىڭ «ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىن روھىي جەھەتتىن تېز ئەسلىگە قايتىش ئىقتىدارى» ئۈستىدە توختالغاندا، مۇشۇ ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشنىڭ 12- ۋە 13-ئۇسۇلى قىلىپ تۆۋەندىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم:

نەقىل:

12) بىر ئىشنى قوغلىشىش جەريانىدا يەنە بىر ئىشقا ئېرىشەلەيدىغان تالانتقا ئىگە بولۇش. «تۇرمۇش» دەپ ئاتىلىدىغان مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملەر باشقىلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەڭ ياخشى قورالدۇر. ئۇ بىلىملەر باشقىلار ئۈچۈن روھىي جەھەتتىكى زەھەرگە ئوخشاش بىر ئەھۋالنى ئۆزى ئۈچۈن روھىي ئوزۇق بولالايدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ئاشۇنداق بىلىمگە ئىگە كىشىلەر ناچار سەرگۈزەشتىلەردىن ياخشى تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئېرىشكەن بولغاچقا، باشقىلار ئۈچۈن كۈچلۈك روھىي بېسىم بولۇپ تۇيۇلغان ئەھۋاللار ئىچىدىمۇ ئۆز ئىشلىرىنى يەنىلا ياخشى يۈرۈشتۈرۈپ كېتەلەيدۇ. ئۇلار بىتەلەيلىكنى بىر ياخشى تەلەيگە ئايلاندۇرالايدۇ، ھەمدە ناچار ئەھۋال ئىچىدىن يېڭى كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

13) ئادەتتىن تاشقىرى روھىي ساغلاملىقنىڭ بىر ئىپادىسى، بىر ئادەم ئۆزى يولۇققان بىر ناچار ئەھۋال ئۈستىدە توختالغاندا، «مەن بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئەھۋالنى ھەرگىزمۇ ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن قايتا سادىر قىلمايمەن. لېكىن بۇ قېتىم يۈز بەرگەن ئەھۋال مېنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئۆمرۈمدە ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ئەڭ ياخشى ئىشلارنىڭ بىرسى بولدى»، دەپ ئويلاش. ئۆز ـ ئۆزىدىن: «قانداق قىلسام بۇ ئەھۋالنى ئۆزۈمگە پايدىلىق ئەھۋالغا ئۆزگەرتەلەيمەن؟»، «بۇ ئىش يۈز بەرگەنلىكنىڭ ياخشى تەرىپى نېمە؟»، «بۇ ئىشتىن ماڭا كەلگەن سوۋغات نېمە؟» دەپ سوراش.

...

مەن ھەر بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئاشۇ يازمىنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن مەزمۇنلار ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. بىر قىسىم ياشلار يۇقىرىقى «ئۆزى شىركەت قۇرۇش» دېگەن تەكلىپنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەي، بۇ تەكلىپكە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. يەنە بىر قىسىم ياشلارنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزى شىركەت قۇرۇش ئارزۇسى بار بولسىمۇ، ئۆزىدە ئاشۇنداق قىلىشقا زۆرۈر بولغان جۈرئەت، ماھارەت، ئىقتىدار، بىلىم ۋە شەرت ـ شارائىتنىڭ بار ـ يوقلىقىنى بىلەلمەي تۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. «ئۆزى شىركەت قۇرۇش» ئامېرىكىدا بىر كەڭ دائىرىلىك كەسىپكە ئايلانغان بولۇپ، شىركەت قۇرماقچى بولغان شەخسلەرگە مەسلىھەت بېرىپ، تەييارلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، شىركەت پۈتتۈنلەي قۇرۇلۇپ بولغۇچە مۇتەخەسسىسلەرچە خىزمەت قىلىدىغان مۇلازىمەت شىركەتلىرى ناھايىتى كۆپ. بۇ ھەقتە نەشر قىلىنغان كىتاب، ماقالە، ئىنتېرنېت ئۇچۇرلىرى ۋە يۇمشاق دېتال قوراللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئەگەر ئىنگلىزچە بىلسىڭىز، تۆۋەندىكى تور بېتىنى كۆرۈپ بېقىڭ:

http://www.smartbiz.com/article/view/49/1/3

ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۆزى شىركەت قۇرۇشقا قىزىقتۇرۇش ۋە شۇنىڭغا كېرەكلىك بولغان بىلىم، ماھارەت ۋە ئىقتىدارنى، يەنى شىركەت قۇرۇشقا زۆرۈر بولغان كىشىلىك سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئامېرىكىدىكى كۆپ سانلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۆز

ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن بىر ھەپتىلىك مەخسۇس تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، نۆۋەتتە ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن بۇ جەھەتتىكى تەلىم-تەربىيىنى «زادىلا مەۋجۇت ئەمەس» دېيىشكە بولىدۇ.

سىز مەيلى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە ئۆز ئالدىڭىزغا شىركەت قۇرۇش قارارىغا كېلىڭ، ياكى شىركەت قۇرماسلىق قارارىغا كېلىڭ، سىزنىڭ قارارىڭىز بەلگىلىك ئىلمىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇشى كېرەك. مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھازىر ئوتتۇرا ياكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، ياكى بولمىسا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولۇپ خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ياشلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى توغرا بايقاپ، ئۆز ئالدىغا شىركەت قۇرۇش-قۇرماسلىق توغرىسىدا ئىلمىي ئاساستا توغرا قارار چىقىرىشىغا، ھەمدە شىركەت قۇرۇش ئارزۇسى بارلارنىڭ ئۆزلىرىدە زۆرۈر بولغان كىشىلىك سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرۈشىگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، ئىنتېرنېتتىكى ئىنگلىزچە ئۇچۇرلارنى تەكشۈرۈپ ئازراق ئىزدەندىم. مەن ئامېرىكىغا كېلىپ 38 ياشقا كىرگەندە ئۆزۈمنىڭ كەسپىي ساھەسىدە يۇقىرى تېخنولوگىيىلىك شىركەت قۇرۇش ئىشىغا ئارىلىشىشنى باشلاپ، ئۇنى تاكى 2006-يىلىغىچە داۋاملاشتۇردۇم. شۇ جەرياندا كالىفورنىيىنىڭ كرېمنىي جىلغىسىدىكى خۇسۇسىي شىركەت قۇرۇش جەھەتتە تەجرىبىسى بار كىشىلەردىن 10 غا يېقىن كىشىلەر بىلەن ھەمكارلاشتىم. جەمئىي 4 قېتىم ئۆز ئالدىمىزغا شىركەت قۇرۇش ئىشىنى باشلىغان بولسامۇ، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە بىزنىڭ كەسپىي ساھەيىمىزدە يۈز بەرگەن تاسادىپىي ئۆزگىرىشلەر ۋە باشقا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇ 4 شىركەتنىڭ ھېچ قايسىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. لېكىن، مەن ئامېرىكىدا ئۆز ئالدىغا يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركىتى قۇرۇش جەھەتتە بىر قىسىم بىلىملەرگە ئىگە بولدۇم. بۇ يازما ئاشۇ بىلىملەر بىلەن بۇ قېتىم ئوقۇغان ئىنتېرنېتتىكى ماتېرىياللارنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## 1. شىركەت قۇرۇشقا كېرەكلىك بولغان كىشىلىك سۈپەتلەر

شىركەت قۇرۇش دېگەن نېمە؟ شىركەت قۇرۇش دېگەن، كىشىلەرنىڭ بىر ئېھتىياجىنى بايقاپ، ئاشۇ ئېھتىياجنى قاندۇرىدىغان نەرسىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان بىر كارخانا قۇرۇش دېمەكتۇر. ئادەم ئۆز ئالدىغا شىركەت قۇرۇشتا مەلۇم روھ، ماھارەت، ئىقتىدار ۋە بىلىم-تەجرىبىگە موھتاج. نۆۋەتتە

مەن بۇلارنىڭ ھەممىسنى يىغىپ، «كىشىلىك سۈپەت» دەپ ئاتىمەن. بۇ يازما پەقەت يۇقىرىقىدەك كىشىلىك سۈپەتلەر توغرىسىدىلا بولۇپ، بۇ يەردە شىركەت قۇرۇشقا كېرەكلىك بولغان باشقا نەرسىلەر ئۈستىدە توختالمايمەن. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، «ماھارەت» كىشىلەر تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مەكتەپتە ئوقۇش، ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەش ۋە مەخسۇس تەربىيىلىنىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان نەرسە. «ئىقتىدار» نىڭ بەزىلىرى تۇغما بولىدۇ، بەزىلىرى بولسا «ماھارەت» كە ئوخشاش كېيىنكى ھاياتتا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئىنگلىزچە ماتېرىياللاردا بۇ ئىككى نەرسە ئېنىق ھالدا ئوخشىمىغان نەرسىلەرگە قوللىنىلغان بولۇپ، مەنمۇ تۆۋەندىكى بايانىمدا بۇ ئۇقۇملارنى ئىنگلىزچە ماتېرىياللاردىكى بىلەن ئوخشاش تەرىقىدە قوللىنىمەن.

ئۆز ئالدىغا بىر شىركەت قۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان كىشىلىك سۈپەتلەردىن تۆۋەندىكىلەر بار:

(1) قارامىلىق قىلىش روھى

شىركەت قۇرۇشنىڭ گېپى بولغاندا، ئامېرىكىدا ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان بىر سۆز «قارامىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلىش» ، ئۇنى ئىنگلىزچىدا «willing to take a risk» دەپ ئاتايدۇ. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، ئۇيغۇرچىدا «قارامىلىق قىلىش» دېگەن سۆز كۆپىنچە ھاللاردا سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، «قارام ئادەم» دېگەن سۆز ئانچە بىلىملىك ئەمەس، بىر ئىشنى قارىسىغىلا قىلىدىغان كىشىگە قارىتىلىپ ئېيتىلىدۇ. ئىنگلىزچىدىكى «قارامىلىق قىلىش» بولسا ئىجابىي مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، مەلۇم بىر ئىشنى بەلگىلىك بىلىم-ئىقتىدار ئاساسىدا «دەتتىكام» دەپ تۇرۇپ قىلىپ بېقىشقا، يەنى ئاشۇنداق بىر تەرىقىدە «قارامىلىق قىلىش» قا جۈرئەت قىلىشقا قارىتىلغان. ئامېرىكىلىقلار بالىلىرى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۇلارنى ھەر خىل ئىشلاردا قارامىلىق قىلىپ چوڭ بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. خەتىرى بار قارامىلىقلارنى قىلىپ، ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىدىغان، بىر يەرلىرىنى سۇندۇرۇۋالىدىغان ياشلار ئاز ئەمەس. شۇنداقلا ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىلا خېلى يۇقىرى تېخنىكىلىق، ناھايىتى مۇرەككەپ بىر نەرسىلەرنى لايىھىلەپ ياساپ چىققانلار، كىچىك تۇرۇپلا شىركەت قۇرۇپ، 20 نەچچە يېشىدا مىليونېر بولۇپ بولغان كىشىلەرمۇ خېلى بار. ياشلارنى مۇشۇنداق تەربىيىلەيدىغان بولغاچقا، ئامېرىكىدا كاتتا ئىشلارنى

قىلىپ، مۆجىزە يارىتىدىغانلار كۆپ چىقىدۇ. ئۆز ئالدىغا شىركەت قۇرغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرىقى مەنىدىكى قارامىلىق قىلغۇچىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سىزدە قارامىلىق قىلىش غەيرىتى كەم بولسا، سىز بىر ئىشنى قىلىدىغاندا مەغلۇپ بولۇشتىن قورقۇپ، چوڭ ئىشنى باشلىيالمايسىز. شىركەت قۇرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۇ شىركەتنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن توغرا مۆلچەرلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا شىركەت قۇرۇش بىر قارامىلىق قىلىش جەريانى بولۇپ، ئۇ سىزدىن قارامىلىق قىلىش روھىنى تەلەپ قىلىدۇ.

(2) بەدەل تۆلەش روھى

سىز ئۆز ئالدىڭىزغا شىركەت قۇرسىڭىز، سىز ئەڭ ئاخىرىدا پۇلغا ئېرىشىسىز. يەنى، پۇلنى تەقسىم قىلىشتا سىزگە پۇل بېرىپ تۇرغان بانكا، سىزنى خام ئەشيا ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەن شىركەتلەر ۋە سىزنىڭ خىزمەتچىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي كىرىمگە ئېرىشىدۇ. سىز بۇرۇن ئۆزىڭىزگە تەۋە بولغان ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىنىمۇ شىركەت ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇرۇنقىدەك كۈنىگە 8 سائەت ئىشلەيدىغان، شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى دەم ئالىدىغان، ھەمدە يازدا بىر قانچە ھەپتە دەم ئېلىپ، ساياھەت قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى تۈگەيدۇ. بولۇپمۇ شىركەت قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئاشۇنداق بولىدۇ. شۇڭا شىركەت قۇرماقچى بولغانلاردا ناھايىتى كۈچلۈك بەدەل تۆلەش روھى، ئوڭۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش ئىرادىسى، ھەمدە ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىن روھىي جەھەتتىن تېز ئەسلىگە كېلەلەيدىغان ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. قارامىلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان بەدەل تۆلەشنىڭ دەرىجىسىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئامېرىكىدا بۇرۇن قىلىۋاتقان خىزمىتىنى توختاتماي، شىركەت قۇرۇش ئىشىنى دەسلەپتە قوشۇمچە ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئىش خېلى بىر ئىشەنچلىك باسقۇچقا يەتكەندە ئاندىن بۇرۇنقى خىزمىتىنى تاشلايدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ. ئۆزۈممۇ ھازىرغىچە قۇرماقچى بولغان 4 شىركەتلەرنىڭ ئىشىنى قىلىش جەريانىدا ئۆزۈمنىڭ ئەسلى خىزمىتىنى تاشلىمىغان ئىدىم. يېڭى شىركەت ئوڭۇشلۇق بولمىغان ئىدى، بۇرۇنقى خىزمىتىمنى قىلىۋەردىم. لېكىن شۇ جەرياندا نۇرغۇن دەم ئېلىش كۈنلىرىمنى،

نۇرغۇن ئاخشاملارنى، ۋە بەلگىلىك قىممەتتىكى پۇلۇمنى قۇربان قىلدىم.

### (3) كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى قىلالايدىغان ماھارەت

سىز بىر شىركەتنىڭ ئىگىسى بولسىڭىز، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، سىز شىركەتنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدىغان شىركەتنىڭ ئادەملىرى، خېرىدارلار، ئۆز شىركىتىڭىزنىڭ خىزمەتچىلىرى، ئادۋوكاتلار، بوغالتىرلار، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ۋە يۇقىرىقىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىسىز. شۇڭا سىز ھەر خىل مىجەزلىك كىشىلەر بىلەن ئىش بېجىرەلەيدىغان بولۇشىڭىز، ئۆز خېرىدارلىرىڭىزدىن ئۇلارنىڭ نېمىنى ئىستەيدىغانلىقىنى، نېمىنى ئىستىمەيدىغانلىقىنى بايقىيالايدىغان بولۇشىڭىز كېرەك.

### (4) كۈچلۈك لىدېرلىق (رەھبەرلىك) ماھارىتى

ئۆزلىرى كۆزلىگەن نىشانغا يېتىشتە، باشقىلارنىڭ ھەممىسى شىركەتنىڭ ئىگىسىگە يۆلىنىدۇ. شىركەت ئىگىسىنىڭ يول باشلىشىنى ئىستەيدۇ. شىركەت باشلىغىنىڭ ھەر خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىشىگە قارايدۇ. شۇڭا شىركەت باشلىقى يۇقىرىقىدەك مەسئۇلىيەتنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆددىسىدىن ئوڭۇشلۇق چىقىش ئۈچۈن، چوقۇم كۈچلۈك لىدېرلىق (رەھبەرلىك) ماھارىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

### (5) كۈچلۈك تەشكىللەش ماھارىتى

شىركەت ئىگىسى ئۆز شىركىتىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى، مۇھىم ئىشلار تەرتىپىنى بېكىتىپ تۇرۇشى، ھەمدە ھەر بىر مۇھىم ئىشلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن كۈچلۈك تەشكىللەش ماھارىتى بولمىسا بولمايدۇ.

### (6) زېرەكلىك

«زېرەكلىك» بولۇش دېگىنىمىز ھەر خىل ئىمتىھانلاردا يۇقىرى نومۇر ئالالايدىغان بولۇش، دېگەنلىك ئەمەس، «كوچىلاردىكى ئەقىل ئىگىسى بولۇش» دېگەنلىك. يەنى، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئىشنىڭ ئېپىنى

تاپالايدىغان بولۇش دېگەنلىك. ئەقىللىق شىركەت ئىگىلىرى بىر ئىش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش يولىدا تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. ھەمدە كرىزىس يۈز بەرگەندە ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىدۇ.

(7) باشقۇرۇش ئىقتىدارى

كىچىك شىركەتلەرنىڭ ئىگىلىرى قىلىدىغان ئاساسلىق ئىش ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. يەنى ئۇلار خېرىدارلار، خىزمەتچىلەر، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر، بوغالتىر، ئادۋوكاتلار، بانكا، ئائىلىدىكىلەر ۋە ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. بۇ ئەھۋال ھەر بىر شىركەت ئىگىسىدىن كۈچلۈك باشقۇرۇش ئىقتىدارى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(8) شىركەت تەجرىبىسى

بۇ نۇقتىنى كۆپ سۆزلىمىسەكمۇ، ئۇ ھەممەيلەنگە ئايان. شىركەت تەجرىبىسى بولۇش، ئۆزى بىر شىركەت قۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇر دىيارىدىكى يېڭى مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنىڭ بۇنداق تەجرىبىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇلار ئوقۇش جەريانىدا ئاتا-ئانىسىنىڭ شىركىتىگە ياردەملىشىپ بېرىپ، شۇ جەرياندا ئۆگەنسىمۇ بولىدۇ. ياكى بولمىسا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بىرەر شىركەتتە بىر-ئىككى يىل ئىشلەپ، تەجرىبە توپلىسىمۇ بولىدۇ. ۋە ياكى شىركەت تەجرىبىسى بار كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ شىركەت قۇرسىمۇ بولىدۇ. ئامېرىكىدا بۇنداق ئىشلار ناھايىتى ئومۇملىشىپ كەتكەن. ئەگەر شىركەت تەجرىبىسى پەقەتلا بولمىسا، شىركەت قۇرماقچى بولغان كىشى دەسلەپتە چوقۇم قىينىلىدۇ. لېكىن، نۇرغۇن ئىشلارنى شىركەت قۇرۇش جەريانىدا ئۆگىنىپ، شۇ ئارقىلىق تەجرىبىلىك بولغىلىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر دىيارىدا ئاشۇنداق قىلۋاتقانلار ھازىر خېلى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا شىركەت تەجرىبىسىنى بولمىسا قەتئىي بولمايدىغان بىر نەرسە، دەپمۇ قاراپ كەتمەسلىك كېرەك.

(9) ئۈمىدۋارلىق

شىركەت قۇرىدىغانلار ئۈچۈن ھەممە ئىشلارغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان مىجەز-خاراكتېرمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، شىركەت ئىشلىرى

داۋاملىق سىز ئويلىغاندەك ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىر ئىشتىن ئاسانلا ئۈمىدسىزلىنىدىغان كىشىلەر نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قىلىۋاتقان ئىشىدىن بىر دەمدىلا ۋاز كېچىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۈمىدۋار كىشىلەر ئۇنداق قىلمايدۇ. بەزىبىر ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ چوقۇم يۈز بېرىدىغانلىقىنى، ھەمدە ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماڭغان يولدىن قايتماي، ئەڭ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىشىلىك سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى يېڭىدىن بىر شىركەت قۇرماقچى بولغان بىر كىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن، ھازىرغىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك شىركەت قۇرۇپ باققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىدە يۇقىرىقى كىشىلىك سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسنى تەڭلا ھازىرلاپ باققان ئەمەس. يەنى، سىزدە يۇقىرىقى كىشىلىك سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق بولمىسىمۇ، سىز بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك شىركەت قۇرالىشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا سىز ھەرگىزمۇ «مەندە يۇقىرىقى 9 سۈپەتنىڭ ھەممىسى تەل ئەمەسكەن» ، دەپ بېلىڭىزنى قويۇۋەتمەڭ.

مەن ھازىرغىچە تىلغا ئالمىغان، شىركەت قۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان يەنە بىر نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ پۇل. ئامېرىكىدا يېڭى شىركەت قۇرىدىغانلارنىڭ بەزىلىرى ھۆكۈمەتتىن ياكى بانكىدىن پۇل قەرز ئالىدۇ. بەزىلىرى مەبلەغ سېلىش بانكىسى، مەبلەغ سېلىش شىركىتى، ياكى مەبلەغ سېلىش خۇسۇسىي كاپىتالىستلىرىدىن پۇل ھەل قىلىدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا ئۆز پۇلى بىلەن شىركەت باشلايدۇ. ئۇيغۇر دىيارىدا ھازىرغىچە بۇ ئىشلار قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى مەن تەپسىلىي بىلمەيمەن. ئۆزۈمنىڭ پەرىزىچە ھازىرغىچە شىركەت قۇرغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز پۇلى بىلەن ئىش باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ياشلار ئۈچۈن پۇل مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش سەل بالدۇرلۇق قىلىدۇ. شۇڭا مەكتەپ ھاياتىدا ياشلار زېھنىنى ئۆزىدە يۇقىرىقى 9 خىل كىشىلىك سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرگىنى ياخشى. سىزدە ئىقتىدار بولسا پۇل ھەل بولغاندا شىركەت قۇرالايسىز. ئەگەر سىزدە ئىقتىدار بولمىسا بىرسى سىزگە پۇل بەرسىمۇ بىر شىركەت قۇرالىشىڭىز ھەمدە ئۇنى قاملاشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭالىشىڭىز ناتايىن. شۇڭا ھەرگىزمۇ ياشلىق ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ.

يۇقىرىقى سۈپەتلەردىن باشقا، تۆۋەندىكى نەرسىلەرمۇ بىر شىركەت قۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىيالايدۇ:

(1) باشقىلاردا يوق ياخشى ئىدىيە. ئەگەر سىزدە مەلۇم بىر نەرسە توغرىسىدا باشقىلاردا يوق ياكى باشقىلارنىڭكىدىن ياخشىراق بىر لايىھە بولسا، شۇ نەرسىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەتتىن بىرنى قۇرسىڭىز، سىز چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز.

(2) ئەگەر سىزدە بىر خىل ئالاھىدە تالانت بولسا، ئۇ تالانت سىزنىڭ بەزى ئاجىزلىقلىرىڭىزنى تولۇقلاپ كېتىپ، سىز بىر شىركەتنى يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلالايسىز.

(3) دۇنيادا بىر ئالاھىدە تەلەيىنىڭ كېلىشى بىلەن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك شىركەت قۇرۇپ چىققانلارمۇ ئىنتايىن كۆپ. شۇڭا سىزگە بىر ياخشى تەلەي كېلىپ قالسا، ئۇنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويماڭ.

مەن يېقىندا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنىڭ بىرسى مىللىي ساپانى ئۆستۈرۈش بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مىللىي ساپانى ئۆستۈرۈش مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىدىن ئۇزۇن مۇددەت بوشاشماي تىرىشىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر ئىش. بۇ يەردىكى «ئۇزۇن مۇددەت» دېگىنىمىز 50 يىلدىن 100 يىلغىچە بولغان ۋاقىت بولۇشى مۇمكىن. مەن يېقىندىن بۇيان تەييارلاپ ئىنتېرنېتقا چىقىرىۋاتقان «كىشىلىك تەرەققىيات» قا ئائىت يازمىلا يالغۇز ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى بىر قىسىم ئىشلىرىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقىمۇ پايدىسى بولۇشىنى كۆزدە تۇتقان. مەن يۇقىرىدا تىزىپ چىققان 9 خىل كىشىلىك سۈپەت يالغۇز شىركەت قۇرغۇچىلار ئۈچۈن كېرەكلىك بولۇپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز ھاياتى ئۈچۈن چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى كۆزلەۋاتقان ھەر بىر ياش ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈردۇر. شۇڭا مەن ھەر بىر يۇقىرى ئىرادىلىك ياشنىڭ بۇ كىشىلىك سۈپەتلەرنى ھەر دائىم ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، پۇرسەت بولسىلا ئۆزىدە ئاشۇنداق سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرۈپ ۋە مۇستەھكەملەپ مېڭىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 2. شىركەت قۇرۇشتىكى مەقسەت

ئادەمنىڭ ئېھتىياجى ئۇنىڭ مەقستى بىلەن قارارىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەمنىڭ مەقستى بىلەن قارارى بولسا، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان مەقسەت ۋە ئوخشاش بولمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ئالدىغا شىركەت قۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ شىركەت قۇرۇشتىكى مەقستى پۇل تېپىپ باي بولۇشتىن ئىبارەت. لېكىن، ھەممە ئادەم پۇل تېپىش ئۈچۈنلا شىركەت قۇرمايدۇ. مەسىلەن، مەن ئوقۇغان بىر ماتېرىيالدا ئېيتىلىشىچە، تۆۋەندىكىسى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ شىركەت قۇرۇشتىكى مۇددىئاسىدىن ئىبارەت:

- پۇل تېپىپ باي بولۇش
- كەسپتە يۇقىرى پەللىگە چىقىش
- كەسپ بىلەن تېخنولوگىيەدە يېڭىلىق يارىتىش
- ئۆزى ياخشى كۆرگەن جايدا ياشاش
- ئۆز تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىش

ئەگەر سىز ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بىر شىركەت قۇرۇش قارارىغا كەلگەن بولسىڭىز، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچى بولۇپ قالدىڭىز؟ ياكى سىز نېمە مەقسەت ئۈچۈن شىركەت قۇرىسىز؟ ئەگەر خالىسىڭىز، سىز يۇقىرىقى 5 مەقسەتنىڭ ئۆزىڭىزگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ، ئۇلارنى مۇھىملىق تەرتىپى بويىچە تىزىپ بېقىڭ. بىرىنچىسى ئەڭ مۇھىمى بولسۇن. ئاندىن سىز تاللىغان ھەر بىر مەقسەتنىڭ ئاستىغا سىزنىڭ ئاشۇ مەقسەتكە بولغان چۈشەنچىڭىزنى يېزىپ بېقىڭ.

مەسىلەن، ئامېرىكىدا «كىچىك تىپلىق ئىگىلىك مەكتىپى» نى قۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا كىچىك تىپلىق شىركەت قۇرىدىغانلارغا مەسلىھەت بېرىش جەھەتتە داڭ چىقارغان «Hattie Bryant» ئىسىملىك بىر خانىم ئۆزىنىڭ «پۇل» توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى مۇنداق يازغان: «پۇل دېگەن تۆھپىگە بېرىلگەن مۇكاپاتنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭ تۆھپەم قانچە چوڭ بولسا، مەن شۇنچە كۆپ پۇلغا ئېرىشىشىم كېرەك. ئەگەر مەن باشقىلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن بىر مۇھىم ھەسسە قوشۇۋاتقان بولسام، ئاشۇ جەمئىيەتنىڭ سىستېمىسى ماڭا تۆھپەمگە چۇشلۇق مائاش بېرىشى كېرەك. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، شىركەت قۇرۇپ

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، بىر خىل ئېھتىياجنى بايقاپ، ئاشۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇش كېرەك. ئەگەر مەن خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالىسام، ئاخىرىدا ماڭا بېرىلىدىغان پۇل مېنى ساقلاپ تۇرغان بولۇشى كېرەك. پۇل تۇرمۇش ئادىتىدەك مۇھىم ئەمەس. مەن پەقەت قاتتىق ئىشلىگەنلەر شۇنىڭغا چۇشلۇق ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن.»

بۇ مەشىق سىزنىڭ ئۆز ئالدىڭىزغا شىركەت قۇرۇشتا قانچىلىك دەرىجىدە رېئاللىقتا ئۇيغۇن ئىش كۆرىدىغانلىقىڭىزنى سىنايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر «پۇل» نى 1-مەقسەت قىلىپ تاللايدۇ. ئۇيغۇر ياشلىرى تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى مۇمكىن. لېكىن، شىركەت قۇرغانلارنىڭ ھەممىسى پۇلنى مەقسەت قىلغان بولمايدۇ. ئامېرىكا كىچىك شىركەتلەر ئىگىسى بىرلەشمىسى ئېلىپ بارغان بىر تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاشۇ بىرلەشمىگە تەۋە شىركەتلەرنىڭ ئىچىدىكى 20 پىرسەنتتىن ئاز قىسمىلا ئۆز شىركىتىنى پۇل ئۈچۈن قۇرغان ئىكەن. يەنى، ئامېرىكىدا پۇل ئۈچۈن شىركەت قۇرىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن. ھازىرقى شارائىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى پۇل ئۈچۈن شىركەت قۇرىدۇ. مېنىڭچە ئۇنىڭ ھېچبىر خاتالىقى يوق. ئۇيغۇر جەمئىيىتىمۇ باي بولۇپ، ئامېرىكىغا ئوخشاش قورساقتىن غەم قىلمايدىغان بولغاندا، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى باشقا مەقسەت ئۈچۈن شىركەت قۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ نىسبىتىمۇ كۆپىيىپ ماڭىدۇ. مېنىڭ ئۇشبۇ قىسمىنى بۇ يازمىغا كىرگۈزۈشمدىكى مەقسىتىم، ئۇيغۇر ياشلىرىغا شىركەت قۇرۇش پەقەت پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، شىركەت قۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مەقسىتىمۇ ئۆزگىرىپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، مىكرو سوفت شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بىل گېيتىسنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئۇنىڭ 2008-يىلىدىكى پۇل بايلىقىنىڭ قىممىتى 58 مىليارد دوللار ئىكەن. ئۇ 1955-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى يېشى 53 ياش ئىكەن. ئەگەر بىز ئۇنى 90 ياشقىچە ئۆمۈر كۆرىدۇ، دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ يەنە 47 يىل ياشايدۇ. ئەگەر ئۇ ھازىردىن باشلاپ قەتئىي ئىشلىمەي، ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ھازىرقى پۇل بايلىقىنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ بولماقچى بولسا، ئۇ ھەر كۈنى 3.3 مىليون دوللار پۇل خەجلىشى كېرەك. لېكىن، بىل گېيتس ياش ۋاقتىدا قانداق تىرىشقان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق تىرىشىپ

ئىشلەۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ناھايىتى كۆپ. بۇ كىشىلەر پەقەت پۇل تېپىپ باي بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە نامايان قىلىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پۇلدىن باشقا مەقسەتلەرگىمۇ يېتىش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى قاتتىق ئىشلەيدۇ.

## 3. ئامېرىكىنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلىشى

ئامېرىكىدا كىچىك تىپتىكى خۇسۇسىي شىركەتلەر ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇنداق شىركەتلەرنىڭ سانى بارلىق كارخانا ئىگىلىكى ئىچىدە خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. گېزىت، رادىئو ۋە تېلېۋىزور قاتارلىقلاردا بېرىلىدىغان خەۋەر- دوكلاتلاردىمۇ كىچىك تىپتىكى شەخسىي شىركەتنىڭ گېپى ناھايىتى كۆپ چىقىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ شەخسىي شىركەت مۇھىتى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىمۇ ناھايىتى كۆپ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كەلگۈسىدىكى كارخانا ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەمدە ياش-ئۆسمۈرلەرنى كەلگۈسىدىكى كارخانا ئىگىلىكىنىڭ لىدېرلىرىدىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان مەخسۇس تەربىيىمۇ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر سىز ئىنگلىزچىنى بىلسىڭىز، ھەمدە بۇ جەھەتتىكى تەپسىلىي ئۇچۇرغا قىزىقسىڭىز، تۆۋەندىكى تور بېتىنى كۆرۈپ بېقىڭ:

www.bizkids.biz

بىر مىسال سۆيلەيدە، مەن «ۋاشىنگتون ئىگىلىك ھەيتىلىك ژۇرنىلى» ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر پروگراممىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. ئۇلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان بىر ھەپتىلىك مەخسۇس تەلىم- تەربىيىسى بار بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىشنى قىلغىلى ھازىر 30 يىل بولغان. ئۇلارنىڭ بۇ بىر ھەپتىلىك پروگراممىسىدا، ئوقۇغۇچىلارنى بىر «خىيالىي شىركەت» قۇرۇپ چىقارغۇزۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى خۇسۇسىي شىركەتلەرنىڭ ھەر خىل فۇنكسىيىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدىكەن. بۇ فۇنكسىيىلەر خېرىدارلار مۇلازىمىتى، مەھسۇلات تەشۋىقاتى، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر، تەتقىقات ۋە تەرەققىيات، ئىستراتېگىيە،

لىدېرلىق، زىددىيەتنى بىر تەرەپ قىلىش، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھازىرقى ئىگىلىك دۇنياسىدا بولمىسا بولمايدىغان مۇرەككەپ ماھارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. مۇشۇنداق مەخسۇس تەلىم-تەربىيە جەريانىدا دەرس سۆزلەيدىغانلار ئامېرىكىدىكى داڭلىق شىركەتلەرنىڭ چوڭ باشلىقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جەمئىيەتتىكى بىر ئاددىي خىزمەتچى بولۇشتىن ئىش باشلاپ، كېيىن ئۆز ئالدىغا بىر شىركەت قۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز شىركىتىنى ئامېرىكىدىكى داڭلىق شىركەتلەر قاتارىغا قوشقان كىشىلەردۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ياش-ئۆسمۈرلەرگە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىۋاستە سەرگۈزەشتىلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى مېڭىسىدە بىر ئۆمۈر ساقلىنىدىغان قىممەتلىك بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇرۇن چوڭ بولغاندا نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ يۈرگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ تەلىم-تەربىيىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆزلىرى كەلگۈسىدە قىلىدىغان ئىش توغرىسىدا بىر ناھايىتى ئېنىق قارارغا كېلەلەيدۇ. مۇشۇنداق تەربىيىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆز تەقدىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتكەن كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەسكەن. شۇڭلاشقا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان بۇ بىر ھەپتىلىك مەخسۇس تەلىم-تەربىيە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق بايقاپ، شۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدە چوڭ ئىشلارنى قىلىپ جەمئىيەتكە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشىدىغانلاردىن بولۇپ چىقىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىماقتا.

بۇنداق ئىشنى ئۇيغۇر دىيارىدىمۇ ئاسانلا قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن ئۇنداق ئىشنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى پۈتۈن مائارىپ ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلىش - بېرىلماسلىقى ھۆكۈمەتكە باغلىق بىر ئىش بولغاچقا، مەن بۇ يەردە شەخسىلەر ئۆز ئالدىغا قىلالايدىغان ئىشلار ئۈستىدە قىسقىغىنا توختىلىپ ئۆتەي. مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئامېرىكىدا مەخسۇس ئۆز ئالدىغا شىركەت قۇرماقچى بولغان كىشىلەرگە ياردەم قىلىدىغان مۇلازىمەت شىركەتلىرى ناھايىتى كۆپ. بۇنداق مۇلازىمەت شىركىتىنى قۇرغانلار ئاساسەن ئۆز ئالدىغا شىركەت قۇرۇش ئىشلىرىدا يېتەرلىك تەجرىبە توپلىغان كىشىلەردىن ئىبارەتتۇر. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئاشۇنداق ئادەملەر بار. لېكىن بەك كۆپ ئەمەس. مېنىڭچە بولغاندا بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن ئارمان شىركىتىگە ئوخشاش چوڭ شىركەتلەر باشلىسا بولىدۇ. يەنى ئۇلار بىر يىلدا بىر قانچە قېتىم ئۆز

ئالدىغا شىركەت قۇرماقچى بولغانلارنى تەربىيىلەش پۇللۇق سېمىنارى (كۇرس) ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ. ياش ئەۋلادلارنى كەلگۈسىگە ماسلاشتۇرۇپ تەربىيىلەيدىغان بۇ ياخشى ئىشنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنى ئويلىسا، تەلەپ قىلغان مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىپ، مەكتەپلەردىن پۇل ئالماي، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر كۈن ياكى بىر ھەپتىلىك تەلىم-تەربىيە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرسە تېخىمۇ ياخشى. مېنىڭچە يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى ئاسانلا قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيەتنىڭ قانداق بولۇشى ھازىرقى ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ تونۇشى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، غەيرىتى ۋە ئالىيجانابلىق دەرىجىسىگە باغلىق.

مەن ئالدىنقى بىر يازمامدا ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىن تۆۋەندىكى 3 تۈرلۈكنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم:

1) بالىنىڭ ئاتا-ئانىدىن، ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچىدىن، ۋە يېڭى باشلىغانلارنىڭ بىلىملىكلەردىن ئۆگىنىش ئۇسۇلى. بۇ ھازىر ئەڭ كەڭ قوللىنىلىۋاتقان، ئەنئەنىۋى ئۆگىنىش ئۇسۇلىدۇر.

2) ئىلغار شەخسلەرنى ئۈلگە قىلىپ تۇرۇپ ئۆگىنىش ئۇسۇلى.

3) ئۆز-ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ۋە ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇپ تۇرۇپ ئۆگىنىش ئۇسۇلى.

ئۇيغۇر شىركەتلىرىگە يۇقىرىقىدەك تەكلىپ بېرىشتە، مەن ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۈلگە ئارقىلىق يېتەكلەش ئۇسۇلىنى كۆزدە تۇتقان. يېقىندا ئەكرەم ئىسىملىك بىر قېرىندىشىمىز بىلىك كۇلۇبىغا «بىزگە زادى نېمە كېرەك؟» دېگەن بىر تېمىنى يوللاپ، ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۈلگە ئارقىلىق يېتەكلەشنىڭ ھازىر ناھايىتى زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپتۇ. قىزىققۇچىلار بۇ يازمىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرۈپ باقسا بولىدۇ:

http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=16080&extra=page%3D1

يۇقىرىقىدەك مەخسۇس تەربىيىدىن باشقا، ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە «لىدېرلىق كۇلۇبى» دەپ ئاتىلىدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تەشكىللىنىپ قۇرۇپ چىققان كۇلۇبلارمۇ بار. بۇ كۇلۇبقا ئەزا بولۇپ كىرگەنلەر مەكتەپنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ، لىدېرلىققا

ئائىت ھەر خىل بىلىم ۋە ماھارەتنى ئۆگىنىدۇ. ئۇيغۇر دىيارىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «لىدېرلىق كۇلۇبى» نى يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. لېكىن، كەلگۈسىدە شىركەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەش پۇرسەتلىرىدىن بىر قىسمىلىرى بار. مەسىلەن، ئەگەر سىز باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە سىنىپىڭىز ئۆگىنىش باشلىقى، سىنىپ باشلىقى ياكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلىسىڭىز، ئاشۇنداق ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى قىلىش جەريانىدا ئۆزىڭىزدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماھارەت ۋە ئىقتىداردىن تۆۋەندىكىلەرنى يېتىلدۈرەلەيسىز: (3) كىشىلىك مۇناسىۋەت ماھارىتى؛ (4) لىدېرلىق ماھارىتى؛ (5) تەشكىللەش ماھارىتى؛ ۋە (7) باشقۇرۇش ئىقتىدارى. شۇڭا ئەگەر سىز كەلگۈسىدە چوڭراق ئىشلارنى كۆزلەپ ياشىماقچى بولسىڭىز، ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭىزدىكى يۇقىرىقىدەك پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويماڭ.

## 4. ئاخىرقى سۆز

جەنۇبىي ئافرىقىلىقلارنىڭ داھىيسى نېلسون مانديلا (Nelson Mandela) مۇنداق دەيدۇ. نەقىل: «دەسلەپتە، بىر ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پەقەت ئۆزۈم ئۈچۈنلا ئەركىنلىك ئىزدىگەن ئىدىم. مېنىڭ خىيالىمدىكى ۋاقىتلىق ئەركىنلىك ئاخشىمى سىرتقا چىقالايدىغان بولۇش، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ۋە ئۆزۈم تاللىغان يەرگە بارالايدىغان بولۇش ئىدى. كېيىنچە Johannesburg دىكى بىر ياش بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن ئاساسىي ۋە شەرەپلىك ئەركىنلىكنى ئارزۇ قىلدىم. ئۇ ئەركىنلىك ئۆز ئىقتىدارىم يار بەرگەن پەللىگە يېتىش، ئۆز-ئۆزۈمنى باقالايدىغان بولۇش، ھەم توي قىلىپ بىر ئائىلە قۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەركىنلىك بىر قانۇنلۇق جەمئىيەتتە باشقىلار تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدىغان ئەركىنلىك ئىدى. ئەمما، مەن تەدرىجىي ھالدا شۇنى كۆردۈمكى، مەن ئۆزۈملا ئەركىن بولماي قالماستىن، مېنىڭ ئاكا-ئىنىلىرىم ۋە ھەدە-سىڭىللىرىمۇ ئەركىن ئەمەسكەن.... شۇ چاغدا مېنىڭ ئۆز ئەركىنلىكىمگە بولغان تەشنالىقىم مېنىڭ خەلقىمنىڭ ئەركىنلىكىگە بولغان تېخىمۇ چوڭ تەشنالىققا ئۆزگەردى. مېنىڭ خەلقىمنىڭ ئۆز غۇرۇرى ۋە

ئىززەت ـ ھۆرمىتى بىلەن ياشىيالايدىغان ئەركىنلىكىگە بولغان ئارزۇيۇم مېنىڭ ھاياتىمنى جانلاندۇردى. مەندەك بىر قورقۇنچاق كىچىك بالىنى بىر جاسارەتلىك ئادەمگە ئايلاندۇردى. مەندەك بىر قانۇنغا ئوبدان رىئايە قىلىدىغان ئادۋوكاتنى بىر جىنايەتچىگە ئايلىنىشقا قىستىدى. مەندەك بىر ئائىلىسىگە كۆيۈنىدىغان ئەرنى بىر ئۆيسىز ئەرگە ئايلاندۇردى. ... مەن ئۆزۈمنىڭ قېشىدىكى ئادەمدىن بەكرەك پەزىلەتلىك ياكى بەكرەك ئۆز ـ ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى خالايدىغان كىشى ئەمەس. لېكىن مەن شۇنى بايقىدىمكى، ئەگەر مېنىڭ خەلقىم ئەركىن بولمايدىكەن، مەن ئۆزۈمگە ئاتا قىلىنغان بىچارە ۋە چەكلىك ئەركىنلىكتىن ھۇزۇرلىنالمايدىكەنمەن.»

ھەر بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى پۈتۈن مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. مىللەت گۈللەنمىسە، سىز ـ بىزنىڭ ياخشى ياشىيالىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ماددىي جەھەتتە ھەممە نەرسىمىز تەل بولۇپ، يولسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتمىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر مىللەتنىڭ كۈنى ياخشى بولمايدىكەن، بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ روھىي جەھەتتە خاتىرجەم ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. ھازىر ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچىدە ئۆز تەقدىرىنى ھەر ۋاقىت مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقانلار كۈنسايىن كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىمۇ ناھايىتى چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالىنىڭ ھازىرغىچە بولغان تەرەققىياتى مانا شۇنىڭ بىر تىپىك مىسالىدۇر. ھازىرمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى ئۆزىنىڭ ۋاقتى ۋە پۇلىنى ئىشلىتىپ، مۇشۇ ساھەدە ئۈن ـ تىنسىز تىرىشىۋاتىدۇ. مەسىلەن، سىز http://ouigour.fr/dictionnaire دېگەن تور بېتىگە قاراپ بېقىڭ. فرانسىيىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، ھازىر بىر ئۇيغۇرچە ـ فرانسۇزچە ئىنتېرنېت لۇغىتى تەييارلاۋاتىدۇ. مەن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەمدە بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇنداقلا كەلگۈسىدە شىركەت قۇرۇشنى كۆزلەۋاتقان ياشلارنىڭ، خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئوت يۈرەك ياشلىرىمىزغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان ھالدا، مىللەتنىڭ تەقدىرىنىمۇ ھەر ۋاقىت كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرۇپ ئىش قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. مەيلى سىز نېمە ئىش قىلماقچى ۋە قىلىۋاتقان بولۇڭ، يۇرتىمىز

بىلەن خەلقىمىزنى ھەرگىز ئۇنتۇلۇپ قالماڭ. ئەگەر سىز بىر شىركەت قۇرماقچى بولسىڭىز، پۇل تېپىپ جان بېقىش، ياكى باي بولۇشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە، مۇنداق بىر سوئالنى ئۆز-ئۆزىڭىزدىن داۋاملىق سوراپ تۇرۇڭ: «مەن شىركىتىمدە 20 ئۇيغۇر ياشنى باقالارمەنمۇ؟ 200 نىچۇ؟ 2000 نىچۇ؟»

مەن ھەر بىر ماقالىنى بىلىك تورىغا چىقارغاندىن كېيىن، «Google» ئارقىلىق ئۇ ماقالىنى چىقارغان باشقا ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنى تېپىپ، ئۇلارغا مېنىڭ يازمام ھەققىدە يېزىلغان ئىنكاسلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقىشقا تىرىشىۋاتىمەن. ئۆزۈمنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشۈمچە، مېنىڭ ھەر بىر يازمام ھازىر 15 تىن 30 غىچە بولغان ئۇيغۇر تور بەتلىرىگە چىقىۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردە مۇشۇ يولدا ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا، ھەممە ۋاقىت چىقىرىپ ئىنكاس يېزىۋاتقان تورداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. مەن ئالدىنقى قېتىم يازغان «غەربلىكلەرنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى» دېگەن ماقالىدا مۇنداق بىر ئىشنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھازىرمۇ ئىجتىمائىي پەننى ئاساس قىلغان جەمئىيەت بولۇپ، كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بولۇشى مۇمكىن. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن «غەربلىكلەرنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى» دېگەن يازما ئانچە ئەھمىيەتلىك تۇيۇلماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار كىتابنى تېز ئوقۇيدىغان بولۇپ، ئادەتلىنىپ كەتكەن بولغاچقا ھازىر ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۇسلۇبتا يېزىلغان ماقالە - كىتابلاردىن بىمالال پايدىلىنالايدۇ. مېنىڭ ئۇ يازمىدا بەكرەك كۆزدە تۇتقىنىم تەبىئىي پەن ۋە ئىنژېنېرلىق ساھەسىدىكى ياشلار، ھەممە خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچراۋاتقان ياشلاردۇر. ئەگەر بىز ھازىر ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتە ئەڭ تەرەققىي قىلغان ياپونلۇق، گېرمانلىق ۋە يەھۇدىي قاتارلىق مىللەتلەرگە ۋە ئامېرىكىدەك دۆلەتلەرگە قاراپ باقىدىغان بولساق، بۇ مىللەت ۋە دۆلەتلەردە تەبىئىي پەنچىلەر، سانائەتچىلەر ۋە ئىنژېنېرلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى تىرىشىش نىشانىمۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ بىلىملىك نوپۇسى ئىچىدىكى تەبىئىي پەنچى، سانائەتچى ۋە ئىنژېنېرلارنىڭ نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش بولۇشى كېرەك. كىتاب -

ماقالە يازىدىغانلارمۇ مۇشۇنداق بىر يۈزلىنىشكە ماسلىششى، ئاشۇنداق بىر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق يولنى تۇتۇشى كېرەك. مەن «غەربلىكلەرنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى» دېگەن يازمىنى يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ تەييارلىغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ماقالىنى ئوقۇغاندا ئۇنىڭغا ئىجتىمائىي پەنچىلەر ئورنىدا تۇرۇپ ئەمەس، تەبىئىي پەنچىلەر ئورنىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

نېلسون ماندېلانىڭ سۆزىنىڭ تور بەت ئادرېسى:

http://www.readonbc.ca/EN/mla_book_reviews/long_walk_to_freedom/?&PHPSESSID=afae0412c98571e2471ce275c099246e

بۆرە بىلەن ئىت ھېكايىسىنىڭ تور بەت ئادرېسى:

http://www.wolfcountry.net/information/myth_stories/wolfanddog.html

بۆرە توغرىسىدىكى باشقا ھېكايىلەرگە قىزىقسىڭىز، تۆۋەندىكى تور بېتنى كۆرۈڭ:

http://www.Wolfcountry.net/stories

Hattie خانىم توغرىسىدىكى تور بەت:

http://www.smallbusinessschool.com/webapp/sbs/sbs/index.jsp?page=http%3A%2F%2Fwww.smallbusinessschool.com%2Fwebapp%2Fsbs%2Fsbs%2Fhattielive.jsp

# شىركەتنى ئۇخۇشلۇق ماخدۇرۇش ئىقتىدارى

2008 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

مەن ئەسلىدە كېيىنكى يازمام ئۈچۈن باشقا بىر مەزمۇننى ئويلاشقان ئىدىم. لېكىن، «شىركەت قۇرۇشقا قانداق ئىقتىدار كېرەك؟» دېگەن يازمام تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بەزى تورداشلار هازىر ئۇيغۇر كارخانىچىلىقى ساھەسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئېغىر مەسىلىنىڭ بىرسى، قانداق قىلىپ قۇرۇلۇپ بولغان شىركەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئەسلىدىكى پىلانىمنى ئۆزگەرتىپ، ئالدى بىلەن مۇشۇ مەزمۇن ئۈستىدە توختىلىشنى قارار قىلدىم. مەن باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۆز ئالدىمىزغا شىركەت قۇرۇشقا 4 قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتىم. لېكىن ئۇ شىركەتلەرنىڭ ھېچ قايسىسى ئەسلىدىكى پىلان بويىچە رەسمىي قۇرۇلۇپ باقمىدى. شۇڭلاشقا مېنىڭ تۆۋەندە يازىدىغىنىم بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەرگە ھازىرچە «موللامنىڭ قىلغىنىنى قىلما، دېگىنىنى قىل» دېگەندەك بىر نەرسە بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. بىز ھېلىقى شىركەتلەرنى خۇسۇسى كاپىتالىستلاردىن مەبلەغ پۇلى ئېلىپ قۇرۇشنى پىلانلىغان بولۇپ، ئۇ شىركەتلەرنىڭ ئۇخۇشلۇق قۇرۇلماسلىقى مەبلەغ پۇلى ھەل بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرماقچى بولغان بىلىملەرنىڭ ئاساسىي قىسمى ئامېرىكىدىكى بىر مۇتەخەسسىسنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات نەتىجىسىدۇر. بۇ مۇتەخەسسىس خانىمنىڭ ئىسمى «Deborah Cole Micek» بولۇپ، ئۇ ئامېرىكىنىڭ كەسپىي كىشىشكىسىغا ئېرىشكەن «كەسپىي كىشىلىك ھەرىكەت ئانالىزچىسى» ۋە «ئىگىلىك ئىستراتېگىيىچىسى» ئىكەن. بۇ خانىم ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا داڭلىق قىمار شەھىرى لاس ۋېگاسقا جايلاشقان «RPM مۇۋەپپەقىيەت گۇرۇپپىسى» دېگەن شىركەتنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان دۇنيادىكى نۇرغۇن شىركەت ئىگىلىرى ۋە زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن

شەخسلەر ئۈچۈن ئىشلەپ كەلگەن ئىكەن. ئۇنىڭ شىركىتىنىڭ تور بەت ئادرېسى:

http://www.rpmsuccess.com

مەن بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىش توغرىسىدا ئالدىن ئىزاھات بېرىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مەن بۇ قېتىمقى مەزمۇن توغرىسىدا تاپقان ئىنگلىزچە ماتېرىياللار مەزمۇن جەھەتتە بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، مەن ئەسلىدىكى مەنىسىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۇلارنى ئۇيغۇرچىدا ئاددىيلاشتۇرۇپ يېزىشقا خېلى تىرىشتىم. شۇنداقتىمۇ بۇ يازمىنىڭ بەزى يەرلىرى يەنىلا دېگەندەك راۋان بولمىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەردىن ئۇنداق يەرلىرىنى تۈزىتىپ ئوقۇپ كېتىشىنى سورايمەن.

## 1. شىركەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان

## كىشىلىك سۈپەتلەر

زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن كارخانىچىلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىر قىسىم كىشىلىك سۈپەتلەر بار. **Deborah** خانىم دۇنيادىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان شىركەت ئىگىلىرى بىلەن ئىگىلىك لىدېرلىرىنىڭ ھاياتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان پەرقى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، تۆۋەندە چۈشەندۈرۈلىدىغان كىشىلىك سۈپەتلەرنى يەكۈنلەپ چىقىپتۇ. ئۇ خانىم ئۆز تەتقىقاتى ئاساسىدا مۇنداق خۇلاسىگە كېلىپتۇ: ئىگىلىك لىدېرلىرى ئاشۇنداق بولۇپ تۇغۇلغان ئەمەس. ئۇلار تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاشۇنداق بولۇپ تەربىيىلىنىپ يېتىشىپ چىققان. تۆۋەندىكىسى **Deborah** خانىم يەكۈنلەپ چىقارغان 10 كىشىلىك سۈپەتلەردىن ئىبارەت:

**(1)** ئارزۇ بىلەن ئىرادە، ۋە قاتتىق تىرىشىش روھى (**«ambition and drive»**)

بۇنى **Deborah** خانىم ئىنگلىزچىدا «**ambition and drive**» دەپ ئالغان بولۇپ، ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە ئىنتېرنېت لۇغىتىدە «**ambition**» دېگەن

سۆزنى «ئارزۇ» دەپ ئېلىپتۇ. لېكىن مېنىڭچە ئۇ سۆزنى «ئارزۇ» دېسە بەك ئاددىي بولۇپ قالىدۇ. «ambition» دېگەن سۆزنىڭ ئىنگلىزچە لۇغەتتىكى ئىزاھاتى مۇنداق ئىكەن: «ھوقۇق، شان ـ شەرەپ، نام ياكى بايلىققا ئوخشاش مەلۇم بىر ئالاھىدە نەتىجە ياكى ئورۇنغا ئېرىشىشكە بولغان سەممىي ئارزۇ، ھەمدە ئاشۇ ئارزۇغا يېتىش يولىدا قاتتىق ئىشلەش ئىرادىسى». شۇڭلاشقا مەن بۇ سۆزنى يۇقىرىدا «ئارزۇ بىلەن ئىرادە» دەپ ئالدىم. ئەڭ ياخشىسى سىز بۇ سۆزنىڭ ئىنگلىزچە لۇغەتتىكى ئىزاھاتىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇۋېلىڭ. ئىنگلىزچە لۇغەتتە «drive» دېگەن سۆزنىڭ بۇ يەردىكى مەزمۇنغا ماس كېلىدىغان مەنىسى مۇنداق ئىكەن: «مەلۇم بىر نىشانغا يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن قاتتىق تىرىشىش، پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە قاتتىق ئىرادە بىلەن ئىشلەش». شۇڭا مەن ئۇنى يۇقىرىدا «قاتتىق تىرىشىش روھى» دەپلا ئالدىم. بۇ كىشىلىك سۈپەت سىزنى ھەر خىل توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، قىلىش مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنگەن ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا زۆرۈر بولغان ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. تەۋرەنمەس ئىرادە سىز ھەمme ئۈمىدلەردىن ئايرىلىپ قالغان ناچار ۋاقىتلاردىمۇ سىزنى يەنىلا ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىتىدۇ. سىزنى ئۆز ھاياتىڭىز ۋە شىركىتىڭىزنىڭ نىشانى، ۋەزىپىسى ۋە مەركىزىي قىممىتىدە ئىزچىل تۇردە چىڭ تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. سىزنى ھەر بىر ئەھۋال ئۈستىدە ئوبيېكتىپ ھالدا ھۆكۈم چىقىرىش ئېنېرگىيىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھەمدە سىزنى ھەر دائىم توغرا يۆنىلىشكە باشلايدۇ.

**(2) تۈزۈملەشكەن خىزمەت ئىستىلى ۋە سۈپەتكە بولغان يۇقىرى ئۆلچەم**

بۇ كىشىلىك سۈپەتنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى Deborah خانىم ئىنگلىزچىدا «disciplined work ethic» دەپ ئالغان. ئىنگلىزچىدىكى «discipline» دېگەن سۆز غەرب ئەللىرىدە ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مەن ھازىرغىچە ئۇيغۇرچە ئىپادىلەشتە ئەڭ قىينىلىۋاتقان سۆزلەرنىڭمۇ بىرسى. ئۇنىڭ پېئىل بولۇپ ئىشلىتىلگەندىكى ئىنگلىزچە لۇغەتتىكى مەنىسى «چېنىقتۇرۇش ۋە كونترول قىلىش ئارقىلىق مەلۇم بىر تەرتىپ ۋە بويسۇنۇش ھالىتىدە ئەكېلىش» ئىكەن. يۇقىرىدا بۇ سۆز سۈپەت شەكلىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، مەن باشقا مۇۋاپىق سۆز تاپالماي ئۇنى «تۈزۈملەشكەن» دەپ ئالدىم.

بۇ سۈپەت ھەر بىر كىشىگە خاس بولغان سەمىمىيلىك، پۈتۈنلۈك («integrity») ۋە كىشىلەرگە كۆڭۈل بولۇش قاتارلىق سۈپەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر سىز ھەر قانداق ئىش قىلغاندا ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭ سۈپىتىگە بېغىشلىسىڭىز، ماھىيەتتە ئۆز مەھسۇلاتىڭىزغا ئۆزىڭىزنىڭ سۈپەت جەھەتتە باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئېسىللىق تامغىسىنى باسقان بولىسىز. ئۆز مەھسۇلاتىڭىزنى يۇقىرى سۈپەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش جەريانىدا ئىش ئۈنۈمىڭىزنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز سىز توغرا ئىش قىلىۋاتقان، ھەممە ئۆز كۈچىڭىزنى توغرا يۆنىلىشكە مەركەزلەشتۈرۈۋاتقان بولىسىز. سىز ئۆزىڭىزنىڭ 80% تىن ئارتۇق ۋاقتىنى «ئىگىلىكنى باشقۇرۇش» قا ئىشلىتىشىڭىز، ھەرگىزمۇ ئىگىلىك سىزنى باشقۇرىدىغان ھالەتكە كىرىپ قالماسلىقىڭىز كېرەك.

**(3) جۈرئەت ۋە ئەمەلىي ئىشنى مەركەز قىلىش خىسلىتى (« Courage and action ـ orientation»)**

سىز يېتەرلىك دەرىجىدە ئۈمىدۋار بولۇپ، باشقىلار سىناپ بېقىشنى خالىمىغان تەۋەككۈلچىلىكنى قىلىپ باقماقچى بولغاندا، ئۆزىڭىزنى ناھايىتى چوڭ پايدىغا توغرىلىغان بولىسىز. سىز چوقۇم ئەھۋالنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئوبدان دەڭسەپ كۆرۈپ، تەربىيە ۋە بىلىم ئاساسىغا قۇرۇلغان تەۋەككۈلچىلىكنى قىلىپ بېقىڭ. بۇ تەۋەككۈلچىلىك ناھايىتى مۇھىم. بۇنىڭغا يۇقىرى دەرىجىلىك جۈرئەت كېتىدۇ. ئۇنداق بولمىغان بولسا ئۇنى ھەممە ئادەم قىلغان بولاتتى. جۈرئەت بىر خىل ھېسسىيات ئەمەس. ئۇ بىر قارار. گەرچە ئالدىنقى قېتىم سىز بىر يېڭى ئىشنى سىناپ بېقىپ مەغلۇپ بولغان بولسىڭىزمۇ، ھەقىقىي جاسارەت سىزنى داۋاملىق ئالغا ئىنتىلدۈرىدۇ. ئەگەر مەغلۇپ بولۇشتىن قورقمىسىڭىز، سىز توختىماي تەۋەككۈلچىلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولۇپ، سىز قىلغان تەۋەككۈلچىلىكنىڭ بىرسى سىزنى زور ئۇتۇققا ئېرىشتۈرىدۇ.

**(4) ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ («Self confidence»)**

بۇ سۈپەت بەزىدە سىزنىڭ ئىگىلىكىڭىز ۋە تۇرمۇشىڭىزنىڭ ھەممە جەھەتلىرىدىكى «توغرا پوزىتسىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئەڭ ھالقىلىق كىشىلىك

سۈپەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىزدە مۇشۇ سۈپەت بولغاندىلا، سىز ئۆزىڭىز كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىپ، ھەر بىر كۈندىكى ھەر بىر مىنۇتتا ئۆز نىشانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا چىڭ تۇرالايسىز. ھەقىقىي ئىجابىي پوزىتسىيەلىك ۋە ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىدىغان كىشىلەر ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان كېلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەرگىزمۇ جاۋابكارلىقنى باشقىلارغا ئىتتەرمەيدۇ. ئىجابىي پوزىتسىيەلىك كىشىلەر ئۆزى قىلىدىغان ھەر بىر ئىشتا تەشەببۇسكار بولىدۇ (Kowey ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتى ئىچىدىكى 1-ئادەتكە قاراڭ). ئۇلار سەۋەبنى جەمئىيەت ئىقتىسادىغا، تەلەيسىزلىككە، ناچار مۇناسىۋەتكە، ھاۋا كىلىماتىغا، بىتەلەي ئەھۋاللارغا، بازار ئەھۋالىغا ياكى ئۆز خىزمەتچىلىرىگە دۆڭگىمەيدۇ. تەشەببۇسكار كىشىلەر ئۆز زېھنىنى قانداق قىلىپ باشقىلارنى ئۆزگەرتىشكە مەركەزلەشتۈرمەي، ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە قارىتىدۇ. تۇرمۇش ۋە ئىگىلىككە قارىتا ئىجابىي پوزىتسىيە تۇتىدىغان كىشىلەر ھەر بىر ياخشى ۋە يامان سەرگۈزەشتىلىرىدىن تەجرىبە-ساۋاق ئالىدۇ. كەلگۈسىدە ناچار نەتىجە چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئامالىنى تېپىپ چىقالايدۇ.

### (5) خىزمەتچى لىدېرلىق («Servant leadership»)

بۇ سۆز ئۆزىنى بىر ئادەتتىكى خىزمەتچى بىلەن ئوخشاش تۇتىدىغان، قول ئاستىدىكى كىشىلەر بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان باشلىقلارغا قارىتىلغان. بۇ سىزنىڭ باشقىلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى ۋە تەشۋىقاتىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقى بىلەن كارىڭىز بولماي، ئۆزىڭىزنىڭ ئىگىلىك پىلانى بويىچە ئۆز ئالدىڭىزغا قارار چىقىرىش، ھەمدە ئۆز ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنى ئۆزىڭىز بەلگىلىگەن يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە يېتەكلەپ مېڭىش قابىلىيىتىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ناھايىتى ياخشى قارار چىقىرالايدىغان كىشىلەر قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى ئالدىن كۆرەلەيدىغان بولىدۇ (Kowey ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان 7 ئادەت ئىچىدىكى 2-ئادەتكە قاراڭ). ھەمدە ئاخىرقى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەن ۋاقىتتىكى ھاياجانلىقنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. خىزمەتچى لىدېرلار ئۆز قوشۇنى قەيەردە بولسا ئۆزىمۇ يەردە بولۇپ، خىزمەتچىلىرىگە خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىنى كۆز ئالدىغا ئەكىلەلەيدىغان بولۇشنى، ھەمدە ئاخىرقى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەندىكى خۇشاللىق ۋە

ھاياجانلىقتىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگىنىدۇ.

**(6) تەپەككۇرغا باي كۆڭۈل («A creative mind»)**

ئەگەر سىز بىر يۇقىرى دەرىجىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشكە بەل باغلىغان بولسىڭىز، ساغلام ھالەتتە تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىڭىز ناھايىتى ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. زۆرۈر بولغاندا ئۆزگىرەلەيدىغان قابىلىيەت بىلەن ماسلىشىشچانلىقمۇ مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەردۇر. شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى دەسلەپتە باشلىغاندىن تارتىپلا بىر مۇنتىزىم قۇرۇلما ۋە سىستېمىنى ئورنىتىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلسىڭىز شىركەتنىڭ ئىشلىرى ئۆزلۈكىدىن تەكشۈرۈلۈپ يۈرۈشۈپ ماڭىدۇ، ھەمدە سىز نوقۇل ئۆزگىرىش ئۈچۈنلا بىر نەرسىنى ئۆزگەرتىپ ئولتۇرمايسىز. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىگىلىك پىلانىنى قارارلىق ھالدا قايتا تەكشۈرۈپ ۋە باھالاپ، ئۇنىڭدىكى سىز دەسلەپتە تۇرغۇزغان شىركەت پىلانى ۋە نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن ماسلاشمايدىغان قىسمىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىسىز. مانا بۇ ئورۇنلۇق ۋە ئۈنۈملۈك ئۆزگەرتىشنىڭ ئېپادىسىدۇر. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سىزدە چوقۇم بىر ئىگىلىك پىلانى بولۇشى، سىزنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئىگىلىك پىلانىدا بەلگىلەنگەن ئىشلار بولۇشى كېرەك.

**(7) ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، تالانتى ۋە ئىش بېجىرىش ئادىتىنى مۇكەممەل چۈشىنىش**

سىز ئۆزىڭىزنى باشقا ھەر قانداق ئادەمدىن ياخشىراق چۈشەنگەندە، ئۆزىڭىز پېتىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋاللارنى ياخشىراق كونترول قىلالايسىز. سىز باشقىلارنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارىغاندا ياخشىراق چۈشەنسىڭىز، ئۇلار بىلەن بىرگە ئىش قىلغاندا توغرا ئۇسۇلنى تاللىيالايسىز. بۇنىڭ سىزگە زور پايدىسى بار. چۈنكى سىز ھازىر مول بىلىمگە ئىگە بولۇپ، بارلىق ئىگىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى قانداق قىلىپ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنى بىلىسىز. ئەگەر باشقا بىرسى سىزنى ئۆزىڭىزدىن ياخشىراق چۈشەنسە، سىز داۋاملىق بىر قالايمىقان ئەھۋالنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالىسىز.

**(8) باشقىلارنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىش يولىدىكى**

بۇ كىشىلىك سۈپەت باشقىلارنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىش يولىدىكى سەمىمىي ئىستەك، ھەمدە باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆزىنىڭكىدىن ئۈستۈن قويىدىغان روھنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىز يېتەرلىك ساندىكى كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ياردەم قىلالايدىغان بىر يولنى تاپقاندا، سىزمۇ شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزىڭىز ئىستىگەن نەرسىگە ئېرىشەلەيسىز. ئەگەر سىز باشقىلار ئېھتىياجلىق نەرسىنى ئۇلارغا بىر كۆڭۈللۈك ئۇسۇل بىلەن تەمىن ئەتسىڭىز، ئۆزىڭىزنى بەزى رىقابەتچىلەردىن ساقلاپ قالالايسىز. ئۆز ھاياتىڭىزنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىكى ئىجابىي مۇناسىۋەت سىزنىڭ شىركىتىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تېزلىتىدۇ. ھازىرقى دەۋردە يۇمشاق ئىقتىدارلار (يەنى كىشىلەر بىلەن ئۈنۈملۈك مۇناسىۋەت قىلىش ئىقتىدارى) تېخنىكىلىق ئىقتىدارلارغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم. شىركەت ئىگىلىرى ئۈچۈن بۇ تېخىمۇ شۇنداق.

## (9) داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىش («كىچىك ئىت up a notch!»)

مۇكەممەللىك بار ھەممە ئىشلارغا نىسبەتەن ئۆزىدە بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشەنچ تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى ساقلاش. ئۆزى ئۈچۈن بىر ئېگىز تىرىشىش نىشانى تىكلەپ، قىلغىلى بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدىكى ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى توختىماي كېڭەيتىپ تۇرۇش. ئۆزى ئۈچۈن قارارلىق ھالدا نىشان تىكلەپ، ئۇلارنى قارارلىق ھالدا قايتا تەكشۈرۈپ ۋە باھالاپ تۇرىدىغان كىشىلەر قازىنىدىغان ئۇتۇق باشقا 92 پىرسەنت كىشىلەر ئېرىشىدىغان نەتىجىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ. ئىشنى زور نەتىجە بىلەن قىلىدىغان كىشىلەر بىر نىشاننى تۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قايتا-قايتا ئازراقتىن ئېگىزلىتىپ تۇرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر مەغلۇبىيەتتىن قورقمايدۇ. چۈنكى ئادەتتىكى ئادەملەر ئۈچۈن مەغلۇبىيەت ھېسابلىنىدىغان ئىشلار يۇقىرى نەتىجىلىك كىشىلەر ئۈچۈن بىر ئۆگىنىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرى نەتىجىلىك كىشىلەر ئەڭ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئەمەسلىكىگە قارىماي، ئۆزلىرى ئۈچۈن چوڭ نىشانلارنى تىكلەۋېرىدۇ.

**(10) قايتۇرۇش («Giving back»)**

ئۆز كىرىمىنىڭ 10 پىرسەنتىنى خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا ۋە ئۆز جەمئىيىتىگە بېرىدىغان شىركەتلەر شىركەت تىجارىتىدە كەڭ - كۆلەملىك ياخشى دۇئا ۋە تىلەكلەرگە ئېرىشىپ تۇرىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئوخشاش مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئىككى شىركەت بار بولۇپ، بىرسى خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا داۋاملىق پۇل-مال ئىئانە قىلىپ تۇرسا، يەنە بىرسى بولسا ئۇنداق قىلمىسا، ھەمدە سىز ئاشۇ خەير-ساخاۋەتنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن بىرسى بولسىڭىز، سىز قايسى شىركەتنىڭ مېلىنى كۆپرەك ئالىسىز؟ ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-تونۇشلىرىڭىزغا قايسى شىركەتنىڭ مېلىنى بەكرەك تەۋسىيە قىلىسىز؟ بۇ كۆپ قېتىملاپ ئىسپاتلانغان بىر ئاساسىي ئىقتىسادىي قانۇنىيەتتۇر. خەير-ساخاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان شىركەتلەر بازار تەشۋىقاتىغا ئۇنچىۋالا كۈچەپ كەتمەيدۇ. داۋاملىق خېرىدار قوغلىشىپمۇ يۈرمەيدۇ. خېرىدارلارنى ئۆزلۈكىدىن جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ.

ئەگەر سىز بىر شىركەتنىڭ ئىگىسى بولسىڭىز، يۇقىرىدىكى 10 كىشىلىك سۆپەتنى بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىپ، ئۇنى سىز داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىدىغان بىر يەرگە چاپلاپ قويۇڭ.

## 2. داڭلىق ئەربابلارنىڭ دېگەنلىرى

مەن ئىنگلىزچە تور بەتلىرىنى ئىزدەپ، ئۆزى شىركەت قۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆز تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ ئېيتقان سۆز - ئىبارىلىرىنى تاپتىم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، تۆۋەندە مەن ئۇلارنى تەرجىمە قىلىپ يېزىپ چىقىمەن. ھەر بىر كىشىنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىغا ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن شىركىتىنىڭ ئىسمىنى ئىنگلىزچىلا يېزىپ قويىمەن. ئاشۇ شىركەت توغرىسىدا تەپسىلىيرەك ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولغان تورداشلار شىركەتنىڭ ئىنگلىزچە ئىسمىنى Google كىرگۈزۈپ ئىزدىسىلا، ئاشۇ شىركەتنىڭ تور بېتىنى تاپالايدۇ.

(1) بىر توسالغۇغا ئۇچرىغاندا، ئۇنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇڭ. سىزنىڭ ئاشۇنداق تاللاش يولىڭىز بار. سىز توسالغۇنى يېڭىپ، مۇۋەپپەقىيەتچى بولالايسىز. ياكى توسالغۇنىڭ ئۆزىڭىزنى يېڭىشىگە يول قويۇپ،

مەغلۇبىيەتچىمۇ بولالايسىز. تاللاش يولى پەقەت ئۆزىڭىزگىلا مەنسۇپ. ھەرگىز قىلىۋاتقان ئىشىڭىزدىن ۋاز كەچمەڭ. مەغلۇبىيەت توسۇپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر مۇساپىنى مېڭىۋېتىڭ. مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئارام ئالغاندىن، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش يولىدا چارچىغان جىق ياخشى. Mary Kay Ash، «Mary Kay Cosmetics».

(2) بىر ئىگىلىك ئەھلى بىر ئىشنى قانداق قىلىشنى تېزلا ئۆگىنىۋالالايدىغان ئىشەنچ ساقلاپ، ئۆز قابىلىيىتى يول قويىغان دائىرىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنىمۇ قىلىشقا يۈزلەنگەن بولىدۇ. Roy Ash، «Litton Industries».

(3) ئىگىلىك پۇرسەتلىرى ئاپتوۋۇزغا ئوخشايدۇ. بىرسى كەتسە يەنە بىرسى كېلىپ تۇرىدۇ. Richard Branson، «Virgin Enterprises».

(4) ئىگىلىك تىكلەشنىڭ ئەڭ ھالقىلىق خۇرۇچى سوٓگەچنى كوٓتۈرۈپ، بىرەر ئىشنى باشلاش. ئۇ ئاشۇنداق ئاددىي. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىدىيىسى بار، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلا ئۆز ئىدىيىسى ئۈستىدە دەرھال ئىش باشلايدۇ. ئەتە ئەمەس، كېلەر ھەپتە ئەمەس، بۈگۈن ئىش باشلايدۇ. ھەقىقىي ئىگىلىك ئەھلى بىر ئەمىلى ئىش قىلغۇچى بولۇپ، چۈش كۆرگۈچى ئەمەس. Nolan Bushnell، «Atai and Chuck E. Cheese's».

(5) يېڭىلىق يارىتىش كارخانىچىلار ئۈچۈن بىر ئالاھىدە قورال بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ قورالنى ئىشلىتىپ بىر ئۆزگىرىشتىن باشقا بىر ئىگىلىك ياكى باشقا بىر مۇلازىمەت ئۈچۈن يارىتىلغان پۇرسەت سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. كارخانىچىلار مەقسەتلىك ھالدا يېڭىلىق يارىتىش مەنبەلىرىنى، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ھەمدە ئاشۇ ئۆزگىرىشلەر ئىشارەت قىلغان ئوڭۇشلۇق ھالدا يېڭىلىق يارىتىش پۇرسەتلىرىنى ئىزدىشى كېرەك. شۇنداقلا ئۇلار قانداق قىلىپ ئوڭۇشلۇق ھالدا يېڭىلىق يارىتىشنى چۈشىنىشى ھەمدە ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشى كېرەك. Peter F. Drucker، «The Father of Modern Management».

(6) مەن باشقىلار ئۈچۈن نېمە تۆھپىسى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان كەشپىياتتىن بىرىنىمۇ مۇكەممەل پۈتتۈرۈپ باقمىدىم. مەن ئالدى بىلەن دۇنيا نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىپ، شۇ ئېھتىياجلىق نەرسىنى كەشىپ قىلىمەن. Tomas Edison.

(7) مۇھىم نەرسە تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ بېقىشتىن قورقماسلىق.

ئىسمىڭىزدە بولسۇنكى، ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەت سىناپ باقماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. سىز ئۆزىڭىز قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئەڭ ياخشى قىلىدىغانلاردىن بىرسى بولۇڭ. «Debbi Fields، Mrs. Fields Cookies»

(8) بىز ياش ئىدۇق، ئەمما بىزدە ياخشى مەسلىھەت، ياخشى ئىدىيە ۋە نۇرغۇن قىزىقىشلار بار ئىدى. «Bil Gates، Microsoft Corporation».

(9) بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمىزنىڭ ھەقىقىي ئاساسى بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپتىن باشلاپلا باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ كەلگەنلىكىمىزدۇر. Bil Gates.

(10) كارخانىچىلار تەۋەككۈلچىلىك قىلغۇچىلار، پۇلى بىلەن ئابرۇيىنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ، مەلۇم بىر ئىدىيە ياكى ئىگىلىكنى قوغلىشىپ «دەتتىكام» دېگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرى باشلىغان بىر قارامىلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ياكى مەغلۇبىيىتىگە ئۆز رازىلىقى بىلەن مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە جەھەتتىكى جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. «Victor Kiam، Remington electric shavers».

(11) خىزمەت ئورۇنلىرىدا مەۋجۇت بولغان «ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش» روھىي كەيپىياتى سىزنى شۇنچىلىك سەۋىيىگىلا يەتكۈزىدۇ. كارخانىچىلارنىڭ «ئۆزىنىڭ كۆڭۈل تۈيغۇسى بويىچە ئىش قىلىش» روھىي كەيپىياتى بولسا سىزنى ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغان ھەر قانداق پەللىگە يەتكۈزىدۇ. ئالدىنقىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كېيىنكىسى كۆپ خۇشاللىنارلىق ئىش، سىز ئۇنداق دەپ ئويلامسىز؟ Bil Rancic.

(12) مەن ئۆزۈمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت توغرىسىدىكى چۈشەنچەم كونا ئىدىيىلەرنى بۇزىدىغان ئىدىيە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ كەلدىم: مەن ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت پۇل، ئورۇن ياكى نام-ئابرۇي توغرىسىدا ئەمەس. ئۇ ماڭا خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان، ئۆزۈمنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ھەمدە مەندە دۇنياغا تۆھپە قوشقانلىق تۈيغۇسى پەيدا قىلىدىغان بىر خىل ياشاش يولىدىن ئىبارەت. Anita Roddick، The Body Shop»».

(13) مېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىم ماڭا بىر قانچە ئىشلارنى ئۆگەتتى. بىرسى قەغەز ئۈستىدىكى نەرسىلەرنىڭ قانچىلىك ياخشى بولۇپ ئاڭلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا قۇلاق سالماي، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل تۈيغۇسىغا قۇلاق سېلىش. ئىككىنچىسى، سىز ئۆزىڭىز بىلگەن يولدا چىڭ تۇرسىڭىز ياخشىراق

نەتىجىگە ئېرىشىسىز. ئۈچىنچىسى بولسا، بەزىدە سىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەبلەغ سالىدىغان ئىش زادىلا مەبلەغ سالماسلىقتۇر. Donald Trump ئامېرىكىلىق مىليارد دوللارلىق چوڭ باي.

(14) مېنىڭ ئوغلۇم ھازىر بىر «كارخانىچى». مانا بۇ سىز خىزمەتسىز قالغاندا كىشىلەر سىزگە بېرىدىغان نامدۇر. Ted Turner، تېلېۋىزور كارخانىچىسى.

(15) مەن ئۆز ئېھتىياجىمنى ئۆزۈم قاندۇرۇشقا ۋە ئۆزۈم ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىشقا مەجبۇرى بولدۇم. لېكىن شۇنداق قىلالىدىم. پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ساقلاپ ئولتۇرماڭ. ئورنىڭىزدىن دەس تۇرۇپ، ئۇ پۇرسەتنى ئۆزىڭىز يارىتىڭ. Madam C. J. Walker، ئامېرىكىدا مىليونېر بولغان تۇنجى قارا تەنلىك ئايال.

## 3. ئىش ئۈنۈمى يۇقىرىلىقتىن ئۇلۇغلۇققىچە

«ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتى» دېگەن كىتابنى يازغان كوۋېي ئەپەندى 2004-يىلى يەنە بىر كىتاب يازغان بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ ئىسمى «8-ئادەت: ئىش ئۈنۈمى يۇقىرىلىقتىن ئۇلۇغلۇققىچە» ئىكەن. مەن بۇ يەردە ئاشۇ 8-ئادەتنى قىسقىچىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. كارخانىچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز ئائىلىسى، ئۆز جەمئىيىتى ۋە ئۆز مىللىتى ئۈچۈن چوڭراق تۆھپە قوشۇشنى ئارزۇ قىلغۇچىلاردۇر. شۇڭا مەن بۇ يەردە تونۇشتۇرىدىغان ئۇقۇملار ئۇلار ئۈچۈن ھەمدە باشقا بارلىق ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى پايدىلىق، دەپ ئويلايمەن. مەن ئۇيغۇر تور بەتلىرىنىڭ بىرسىدە بەزى تورداشلارنىڭ «ئۇلۇغ» دېگەن سۆز پەقەت ئاللاغىلا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئىنسانغا ئىشلەتسە مۇۋاپىق بولمايدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. غەرب ئەللىرىدە بۇ سۆز ئىنسانغىمۇ كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، تورداشلارغا تونۇشلۇق بولغان، ئامېرىكىدىكى دۇنياغا داڭلىق بوكسچى مۇھەممەد ئەلى 10 نەچچە ياشلىق ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن ئەڭ ئۇلۇغ» (ئىنگلىزچە «I am the greatest»). مېنىڭ ھازىر تونۇشتۇرۇۋاتقىنىم غەربلىكلەر ئوتتۇرىغا قويغان ئۇقۇم بولغاچقا، بۇ يەردە ئۇ سۆزنى ئەسلى ئىشلىتىلىشى بويىچە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا تورداشلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمەن.

سەككىزىنچى ئادەت مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئۆز ئاۋازىنى تېپىش، ھەمدە باشقىلارنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى تېپىشقا ئىلھاملاندۇرۇش».

بۇ يەردىكى «ئاۋاز» ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئاۋازى بولۇپ، ئۈمىد بىلەن ئەقىلگە تولغان، روھىي جەھەتتىن تەز ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، ھەمدە يوشۇرۇن كۈچىنىڭ چېكى بولمىغان بىر خىل ئاۋازدۇر.

ھەر بىر ئادەمگە خاس بولغان بۇ ئاۋاز مۇنداق 4 نەرسىدىن تەركىب تاپقان: تالانت، يۈكسەك دەرىجىدىكى قىزىقىش («پاسون»)، ئاڭ ۋە ئېھتىياج. تالانت سىزنىڭ تەبىئىي ئارتۇقچىلىقىڭىز ۋە قۇدرىتىڭىزدۇر. يۈكسەك دەرىجىدىكى قىزىقىش سىزنى تەبىئىي ھالدا روھلاندۇرىدىغان، كۈچلەندۈرىدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە ھەرىكەتلەندۈرىدىغان نەرسىلەردۇر. ئېھتىياج ئۆز ئېھتىياجىڭىزنى شۇنداقلا تاشقى دۇنيانىڭ ئېھتىياجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاڭ دېگىنىمىز سىزنىڭ ئىچكى دۇنيایىڭىزدىكى بىر تۇراقلىق، تۆۋەن ئاۋاز بولۇپ، ئۇ سىزگە نىمىنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ھەمدە سىزنى ئاشۇ توغرا ئىشنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئەگەر سىز ئۆز تالانتىڭىزدىن پايدىلىنىپ قىلىدىغان، ئۆز قىزىقىشىڭىزنى قوزغايدىغان، دۇنيانىڭ كۈچلۈك ئېھتىياجى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئۆز ئېڭىڭىز سىزنى ئاشۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇشقا ئۈندىگەن بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانسىڭىز، سىزنىڭ ئاۋازىڭىز، سىزنىڭ چاقىرىقىڭىز ۋە سىزنىڭ قەلبىڭىز ئاشۇ ئىشنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

Kowey ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، ئەگەر سىز خاتىرە قالدۇرۇلغان تارىخنىڭ بېشىدىن تارتىپ ھازىرغىچە يېزىلغان غەرب ۋە شەرقنىڭ پەلسەپىسى بىلەن دىنىنى تەتقىق قىلسىڭىز، ھەر بىر مۇكەممەل ئادەم مۇنداق 4 ئۆلچەملىك بولىدىغانلىقىنى بايقايسىز: ماددىي ۋە ئىقتىسادىي ئۆلچەم، مەنىۋى ئۆلچەم، ئىجتىمائىي ۋە ھېسسىياتى ئۆلچەم ۋە روھىي ئۆلچەم. كىشىلەر ئىنسان ھاياتىنىڭ ئۆلچەملىرىنى ھەر خىل ئاتالغۇلار بىلەن تەسۋىرلەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىنچاقلىسا يۇقىرىقى 4 ئۆلچەم كېلىپ چىقىدۇ. بۇ 4 ئۆلچەمنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى روھ، كۆڭۈل، بەدەن ۋە يۈرەكتىن

ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزى «روھ» تىن ئىبارەت. بەزىلەر بۇ 4 ئۆلچەمنى «ئىنسانلارنىڭ 4 ئەقلى» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىمۇ مۇشۇ 4 ئۆلچەم بويىچە بارلىققا كەلگەن. يەنى، ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىر ئابىدە (مىراس، ئىز، تۆھپە) قالدۇرۇش (روھ) ئېھتىياجى، ئۆگىنىش (كۆڭۈل) ئېھتىياجى، ياشاش (بەدەن) ئېھتىياجى، ۋە كۆيۈنۈش (يۈرەك) ئېھتىياجى.

شىركەت قۇرۇشتىكى ئەڭ ھالقىلىق نەرسىنىڭ بىرسى باشقىلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى توغرا چۈشىنىش ۋە بايقاش بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىقى 4 خىل ئېھتىياجنى توغرا چۈشىنىش ھەر بىر كارخانىچىلار ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈردۇر.

قىسقىچە بايان قىلغاندا، بۇ 8-ئادەت بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان 7 ئادەتنىڭ داۋامى بولماستىن، ئۇ ئىش ئۈنۈمى يۇقىرىلىق دەرىجىسىدىن ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر ئادەم بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان بىر مۇساپىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ مەزمۇنى بولسا مۇنداق: سىز بەدەن، كۆڭۈل، يۈرەك ۋە روھىي جەھەتتىكى 4 خىل ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرسىڭىز، ئۆز ئەتراپىڭىزدىكى ئېھتىياجلارنى بايقاشقا باشلايسىز. شۇنىڭ بىلەن كىتابقا يېزىلغان نەرسىلەر ۋە باشقىلار سىزگە دېگەن نەرسىلەرگە ئانچە قۇلاق سالمايدىغان بولىسىز. ئۇنىڭدىن كېيىن سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى سىزنى رىغبەتلەندۈرىدىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاشقا باشلايسىز. ئەڭ ئاخىرىدا سىز كىچىك ئىشلارنىمۇ ئۇلۇغلۇق بىلەن، يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن قىلىدىغان بىر خىل جاسارەتنى تاپىسىز.

## 4. ئاخىرقى سۆز

Victor Hugo مۇنداق دەيدۇ: «پەيتى يېتىپ كەلگەن بىر ئىدىيەدەك كۈچلۈك نەرسە ھېچ يەردە يوق». مەن ئالدىنقى يازمىلىرىمدا ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشتىن ئۈچنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇ ئىشلارنىڭ پەيتى ھازىر بولۇپ، ئۇنى ئۈنۈملۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇسۇلى، پۈتۈن مىللەت مىقياسىدا سەپەرۋەرلىك قىلىش، تەشۋىق قىلىش ۋە تەربىيە

ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىر ئۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتى يوق. ئەمما، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مۇنداق بىر يول بار: كۆزلىگەن چوڭ-چوڭ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆزىگىز قىلالايدىغان كىچىك ئىشلاردىن باشلاش. ھەر بىر شەخسنىڭ قىلالايدىغان ئىشى ناھايىتى كۆپ. بۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە باغلىق. يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، ئىرادە دېگىنىمىز بىر خىل ھېسسىيات ئەمەس، بۇ بىر قارار. قۇرئاننىڭ 13-سۈرە رەئىد 11-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ». بۇ ئۇيغۇرچە قۇرئاندىكى سۆزنىڭ ئەينەن ئېلىنىشى بولۇپ، ئىنگلىزچە ماتېرىياللاردا بۇ سۆز سەل ئوخشىمايدىغان شەكىلدە ئېلىنغان: «بىر جەمئىيەت ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇپ باقمىغىچە ئاللا ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتمەيدۇ». بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ يارىتىلغىنىمىزغا ئاللادىن رازى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىمىز. مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىمىز ئۆز ئۆمرىمىزنى بىر پاك ئۇيغۇر بولۇپ ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىمىز. شۇنداق قىلالىغىنىمىزدىن پەخىرلىنىمىز. شۇنداق قىلالىغىنىمىزدىن غۇرۇرلىنىمىز. ئۇنداقتا بىز بۇ يەردە ئۆزىمىزدىن مۇنداق بىر سوئالنى سوراپ بېقىشىمىز كېرەك: «بىر ئايرىم مىللەت بولۇپ ياشاشتىكى ئەڭ مۇھىم مەقسەت نېمە؟» مېنىڭ بۇ سوئالغا جاۋابەن دۇنيادىكى پەيلاسوپلار نېمە دېگەنلىكىنى بىلگۈم كېلىپ، ئىنتېرنېتنى ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ ئىزدەپ باقتىم. لېكىن ئۇنداق سوئالغا جاۋاب بولىدىغان بىرەر مەزمۇننى تاپالمىدىم. ئۆزۈمنىڭ بۇ سوئالغا بېرىدىغان جاۋابىم مۇنداق: «بىر مىللەت بولۇپ ياشاشتىكى ئەڭ مۇھىم مەقسەت، كۈچنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش.» بۇ جەھەتتە مەن يەھۇدىيلارغا ناھايىتى قايىل. ئۇلار ئوبدان ئويلىنىپ يۈرۈپ، ئۆزلىرىنى 2000 يىل ساقلاپ قالدى. ئۇلار سوتسىيالىزمنى ئىجات قىلدى. كوممۇنىزمنى ئىجات قىلدى. كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيىنى ئىجات قىلدى. ھەممە ئۇلارنى دۇنياغا تارقاتتى. شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى باستۇرۇشنى بىر خىل خاتا ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرىمۇ باشقىلار بىلەن ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان بىر شارائىتنى ياراتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بىر ناھايىتى كىچىك مىللەتلىكىگە قارىماي، ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك بىر دۆلەتكە ئايلاندى. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ھازىر دۇنيانى

سوراۋاتىدۇ. بىز بىر قانچە ئەسىرنىڭ مابەينىدە ئوبدان ئويلىيالمىدۇق. يۇقىرىقى مەقسەتنى ئوبدان ئىشقا ئاشۇرالمىدۇق. يۈز يىلنىڭ مابەينىدىمۇ دېگەندەك ياخشى قىلالمىدۇق. ھازىر قانداقراق قىلىۋاتىمىز؟ مەن ھەر قېتىم ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى تەقدىرىنى ئويلىغىنىمدا، ئۆزۈمدىن «ئەگەر بىزنىڭ ئورنىمىزدا يەھۇدىيلار بولۇپ قالغان بولسا، ئۇلار قانداق قىلغان بولاتتى؟» دەپ سورايمەن. نىسپىيلىك نۇقتىئىنەزىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، 60 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلارغا نۇرغۇن ھوقۇق بېرىلگەن ئىدى. چوڭ ھوقۇقلارمۇ كۆپلەپ بېرىلگەن ئىدى. لېكىن، بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار ئۆز خىزمىتىدە تىل جەھەتتىن ئازراق قىينالغانلىقى ئۈچۈن، ياكى خەنزۇچە مەكتەپلەرنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرى، دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، بالىلىرىنى خەنزۇچە مەكتەپكە بېرىشكە باشلىدى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىشى مانا شۇ چاغدا باشلانغان ئىدى. ئۇنى ئۇيغۇرلار ئۆزى باشلىغان ئىدى. ئەگەر بىزنىڭ ئورنىمىزدا يەھۇدىيلار بولغان بولسا، ئۇلار بالىلىرىنى خەنزۇچە مەكتەپكە بەرمەي، ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ھوقۇق ۋە ئۆز دىيارىدىكى ماددىي بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەتكە يېڭى قارار ـ بەلگىلىمىلەر ماقۇللىنىپ، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بولاتتى. ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە خەنزۇ تىلىنى 1 ـ چەت ئەل تىلى سۈپىتىدە ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىپ، تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە بالىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى خىزمەت ئېھتىياجىدىن چىقالايدىغان بىر يەرگە ئاپارغان بولاتتى (دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر بالىلارغا ئىنگلىز تىلىنى چەت ئەل تىلى سۈپىتىدە ئوقۇتۇپ، تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە ئاشۇ تىلدا ئۇلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ بولىدۇ. ئۇنى ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايتتى.). شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوقۇتۇشنى ئەينەن ساقلاپ قالغان، ھەمدە تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرغان بولاتتى. بالىلارمۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر بولۇپ چوڭ بولغان بولاتتى. ئانا تىلىغا پۇختا چوڭ بولۇپ، باشقا نۇرغۇن ئىشلاردا ئۆزىدىكى تالانت، ئىقتىدار، تەپەككۇر ۋە يوشۇرۇن كۈچلەرنى تولۇق جارى قىلدۇرالىغان بولاتتى. بىز ئۇنداق قىلمىدۇق. ئۇنىڭ ئورنىغا پۈتۈنلەي تەتۈرىسىچە ئىش قىلدۇق. يىراقنى ئويلىمىدۇق ھەم كۆرەلمىدۇق. مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئەتىنىلا ئويلىدۇق. بىزدە تۈركۈم ئېڭى كەم بولدى. بىزدە مىللىي روھ تۆۋەن بولدى. تەدرىجىي ھالدا ئىشلىتەلمىگەن ھوقۇقلىرىمىزنى پاتتۇرۇپ قويدۇق. ئەگەر بىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياخشى

قىلالمىساق، ئۆزىمىزدىن پەخىرلەنگىنىمىز، ئۆزىمىزدىن غۇرۇرلانغىنىمىزنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى قالمايدۇ. بىر مىللەتكە ئەزا بولۇشنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدە ھوقۇقلىرى بار. شۇنداقلا نۇرغۇن مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمۇ بار. ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلار «مىللەتپەرۋەر» دېگەن شەرەپكە سازاۋەر بولالمايدۇ. ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش بولسا، «مىللىي مۇناپىقلىق» نىڭ ئېنىقلىمىسىدۇر. بىز ئەمدى ئويلىنىشىمىز كېرەك. مىللەتنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى تەقدىرى، بۈگۈندىن كېيىنكى ئىقبالى توغرىسىدا ئويلىنىشىمىز كېرەك. «كومپاس» نى كۆپرەك ئويلىشىمىز كېرەك. مەن ئىشىنىمەنكى، ئىش قىلغاندا ياپونلۇقلاردەك قىلىش، ئىش ئويلىغاندا يەھۇدىيلاردەك ئويلاشنى ئۆزىمىزگە ئادەت قىلالىساق، بىز ئۇيغۇرلار ئۆز تەقدىرىمىزدە چوقۇم چوڭ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايمىز.

مېنىڭ «شىركەت قۇرۇشقا قانداق ئىقتىدار كېرەك؟» دېگەن يازمام بىلىك تور بېتىگە چىققاندىن كېيىن، «Uginix» ئىسىملىك بىر قېرىندىشىمىز «مەن شىركەت قۇرۇپ باققان» دېگەن تەمىدىكى بىر يازمىسىنى بىلىككە چىقاردى. ئۇنىڭ تور بەت ئادرېسى:

http://bbs.bilik.cn/viewthread.php?tid=17799

بۇ يازمىدا ئۇيغۇر دىيارىدا شىركەت قۇرۇش ئۈچۈن باسىدىغان قەدەم-باسقۇچلار ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنىپتۇ. مەن ئۇنى ئوقۇپ، «ئۆگىنىش» ئەپەندىدىن ناھايىتى مىننەتدار بولدۇم. «كۆزلىگەن چوڭ-چوڭ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، ئۆزى قىلالايدىغان كىچىك ئىشلاردىن باشلاش كېرەك» دېگەن مانا شۇ. ھازىر ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇشۇنداق بىر يولنى تاللىغانلار ناھايىتى كۆپ. بۇ يەردە مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىردىن-بىر تىزىپ چىقالمايمەن. لېكىن، مىللەتنىڭ تەقدىرىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش بۇ قوشۇنىنىڭ كۈندىن-كۈنگە زورىيىپ مېڭىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن ھەر بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىمىزغا، «مىللىتىم ماڭا نېمە قىلىپ بەردى؟» دەپ سوراشتىن ئاۋۋال، «مەن مىللىتىمگە نېمە قىلىپ بەردىم؟» دەپ سوراشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ھەممە ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى تېپىپ چىقىپ، شۇ ئارقىلىق يۇقىرىقى قوشۇنىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن 2008 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بىزنىڭ ئىدارىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر ئىلمىي دوكلاتقا قاتناشتىم. بۇ دوكلاتنىڭ تېمىسى: «The power of our choices and our words» بولۇپ، ئۇيغۇرچە مەنىسى «بىز تاللىغان يول ۋە بىز تاللىغان سۆزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى» دېگەنگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دوكلاتنى بەرگەن كىشى بىر دۇنياغا داڭلىق ئايال زاتنىڭ ھېكمەتلىك سۆزىنى نەقىل قىلغان ئىدى، مەن ئۇ سۆزلەرنى ئىنتېرنېتتىن تېپىپ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ باقتىم. مەن بۇ يازمىنى ئاشۇ خانىمنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن (مەن بۇنى بۇرۇن بىر قېرىنداشىمىزنىڭ يازمىسىغا بىلدۈرگەن ئىنكاس شەكلىدە بىلىككە چىقارغان ئىدىم. ئۇنى ئۆز يازمىلىرىمىنىڭ ئىچىدە ساقلاپ قويۇش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كىرگۈزۈپ قويدۇم). بۇ ئايال زاتنىڭ ئىسمى «تەرسا» بولۇپ، دۇنيا خەلقى ئۇنى ھۆرمەتلەپ «تەرسا ئانا» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ خانىم 1910 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، 1997 ـ يىلى ۋاپات بولغان. 1979 ـ يىلى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

## تەرسا خانىمنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى: شۇنداقتىمۇ قىلىۋەر

● كىشىلەر ئادەتتە ئورۇنسىز ۋە سەۋەبسىز ئىش كۆرىدىغان، ۋە ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى ئەپۇ قىلىۋەر.

● ئەگەر سەن ئاق ـ كۆڭۈل بولساڭ، كىشىلەر ساڭا «شەخسىيەتچى»، «غەيرىي مەقسەتلىك» دېگەن بوھتاننى چاپلايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارغا ئاق ـ كۆڭۈللۈك قىلىۋەر.

● ئەگەر سەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولساڭ، سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن بەزى ساختا دوستلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىسەن، ھەمدە بەزى ھەقىقىي دۈشمەنلەرنى تىكلەيسەن. شۇنداقتىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇۋەر.

● ئەگەر سەن راستچىل ۋە سەمىمىي بولساڭ، كىشىلەر سېنى ئالدىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ راستچىل ۋە سەمىمىي بولۇۋەر.

● ئەگەر سەن نۇرغۇن يىللارنى سەرپ قىلىپ بىر نەرسە ياسىساڭ،

باشقىلار ئۈنى بىر كېچىدىلا ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئۈنى ياساۋەر.

- ئەگەر سەن خاتىرجەملىك ۋە بەختلىككە ئېرىشسەڭ، بەزىلەر ھەسەتخورلۇق قىلىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بەختلىك بولۇۋەر.
- سەن بۈگۈن قىلغان ياخشىلىق كۆپىنچە ۋاقىتتا كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ياخشىلىق قىلىۋەر.
- ئۆزۈڭنىڭ بارلىقىنى باشقىلارغا ئاتا قىلساڭمۇ، باشقىلار سەندىن مەڭگۈ رازى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈڭنىڭ بارلىقىنى باشقىلارغا ئاتا قىلىۋەر.
- ئاخىرقى ھېسابتا، بۇ ئىش سەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىش ئەمەس. سەن بىلەن خۇدانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىش.

داڭلىق ئەربابلارنىڭ ئىگىلىك توغرىسىدا دېگەنلىرى:

http://entrepreneurs.about.com/o ... rs/a/quotations.htm

مۇھەممەد ئەلىنىڭ سۆز-ئۇزۇندىلىرى:

http://www.brainyquote.com/quotes/authors/m/muhammad_ali.html

تەرسا خانىم:

http://www.prayerfoundation.org/mother_teresa_do_it_anyway.htm

# ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس، ئەقىللىق!

2008-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى

مەن 2006- ۋە 2007-يىللىرى يۇرتقا بېرىپ، ھەر خىل كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا، «ئۇيغۇرلار ئۇلاردىن جىق ھورۇن»، «ئۇلار ئۇيغۇرلاردىن جىق ئەقىللىق»، «نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇيغۇرلار دۆت»، دېگەندەك گەپلەرنى كۆپ قېتىم ئاڭلىدىم. بۇ ئايرىم كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىمۇ، ياكى ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنىشقا باشلىغان بىر ئىدىيىمۇ، بۇنىسى ماڭا ئېنىق ئەمەس. ئەگەر بۇنداق كۆزقاراش ئايرىم كىشىلەرگىلا تەۋە بولماستىن، ئۇ خەلق ئىچىگە خېلى كەڭ دائىرىدە سىڭىپ كىرىۋاتقان بىر ئىدىيە بولسا، ئۇنى ئۇزۇن مۇددەتلىك سەلبىي تەسۋىقاتنىڭ نەتىجىسى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. قارىماققا بۇ مەسىلە بىر ئاددىي ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ مىللىي روھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ساقلاپ قېلىش ۋە ئۆستۈرۈش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئۇ سەگەك كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك. مەن ھەر قېتىم يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئويلىغىنىمدا، ناھايىتى راھەتسىزلىنىپ كەلدىم. بۇگۈن ئاخىر بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئويلىغانلىرىمنى يېزىپ چىقىش قارارىغا كەلدىم. مەن بۇ يازمامدا «ئۇيغۇرلارنىڭ ھورۇنلۇقى» مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپ توختالمايمەن. نەچچە ئەسىرنىڭ مابەينىدە، ئۆز ئەتراپىدا ياشىغان باشقا مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلار باشقىلاردەك قاتتىق ئىشلىمىسىمۇ، باشقىلار تارتقان جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتمىسىمۇ، باشقىلارنى بېسىۋالمىسىمۇ ۋە تالان-تاراج قىلمىسىمۇ، ئۆزى قانائەتلەنگۈدەك دەرىجىدىكى راھەت تۇرمۇش سەۋىيىسىدە ياشاپ كەلگەن ئىدى. ئادەم قاتتىق ئىشلىمەي تۇرۇپمۇ ئۆزى رازى بولغۇدەك دەرىجىدە راھەت ياشىيالىسا، ئاشۇنداق ياشاۋەرسە بولۇۋېرەتتى. ئۇنىڭ ھېچبىر يامان يېرى، ئەيىبلىگۈچىلىكى يوق ئىدى. لېكىن، ھازىر جاھان ئۆزگىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقىدەك ئەمگەكچانلىق دەرىجىسى ھازىر ئۇلارنى «ھورۇن» قىلىپ كۆرسىتىپ قويۇۋاتىدۇ. لېكىن بۇ ئەھۋالمۇ ئۆزگىرىدۇ.

ئادەممۇ ئۆزگىرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ يۇقىرىقىدەك «ھۇرۇنلۇق» ئەھۋالى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ھالىتى ناھايىتى تېز ئۆزگىرىۋاتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا يەنە بىر مەزگىل ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلارنى كەلسە ـ كەلمەس ۋە داۋاملىق ئەيىبلەۋەرمىگەن ياخشى.

ئەمدى بۇ يازمىنىڭ قالغان قىسمى ئۇيغۇرلار «دۆت» مۇ ياكى ئەقىللىقمۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بولىدۇ. ھەر كىمنىڭ ھەر قانداق بىر شەيئى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئەركىنلىكى بار. لېكىن، ئۇنداق ھۆكۈم ئىلمىي ئاساستا چىقىرىلىشى، ئەمەلىيەتكە ئاساسلانغان بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇزۇن مۇددەت تەكرار دېيىلگەن سۆز بىر ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. ئۇزۇن مۇددەت، بىر سىزىقنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان تەشۋىقات بىر خەلقنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. مەن بۇ يازمامدا ئاشۇنداق ھادىسىلەرنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. ھەممە ئوقۇرمەنلەرگە بەزى پاكىتلارنى سۆزلەپ بېرىمەن. مەن قىسقىچە تەسۋىرلەپ بېرىدىغان پسىخولوگىيە ئىلمىگە ئائىت ئۇقۇملار بىر غەربلىك مۇتەخەسسىس ئىنتېرنېتتا يېزىپ ئېلان قىلغان ئۇقۇملار ئاساسىدا بولىدىغان بولۇپ، مەن ئىنتېرنېتتىن ئۇ مۇتەخەسسىسنىڭ ئىسمىنى تاپالمىدىم.

## 1. كۆڭۈلنى پروگراممىلاش

تارىختا ھىندىستاننىڭ ئۇدىپۇر دېگەن يېرىدە مۇنداق بىر ۋەقە بولغان. دۈشمەنلەر بۇ جايغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنىڭ پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، بۇ پادىشاھنىڭ «پاننادھاي» ئىسىملىك بىر خىزمەتچىسى پادىشاھنىڭ ئوغلىنى قۇتقۇزۇپ قالغان. بۇ بالا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ چوڭ بولۇپ، ئەڭ ئاخىرى ئاشۇ جايغا پادىشاھ بولغان. ئۇنىڭ نېمىشقا پادىشاھ بولالىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ سىزچە ئاشۇ بالىنىڭ قېنىدا پادىشاھلىق بارمىدۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ بىر پادىشاھ بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىقىشىدىكى سەۋەب، ھېلىقى خىزمەتچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە كىشىلەر ئۇ بالىغا: «سەن دېگەن بىر شاھزادە. سەن چوقۇم پادىشاھ بولۇشۇڭ كېرەك. دۈشمەنلەر بىزنىڭ پادىشاھلىقىمىزنى تارتىۋالدى. سەن چوڭ بولغاندا

ئۇلاردىن چوقۇم ئىنتىقام ئېلىشىڭ ھەمدە ئۇلارنى يېڭىشىڭ كېرەك» دەپ تۇرغان.

ئىنگلىزچىدا «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش» دېگەن بىر ئۇقۇم بار. ئۇنى ئىنگلىز تىلىدا «mind programming» دەپ ئاتايدۇ. «mind»نىڭ مەنىسى كۆڭۈل، ئاڭ، نىيەت، ھوش، ئەقىل ۋە خىيال دېگەن سۆزلەرگە يېقىن بولۇپ، «program» دېگەن سۆز پېئىل قىلىپ ئىشلىتىلگەندە، «بىر ئادەمدە بىر خىل خىيالنى تۇرغۇزۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ خىيالنى تۇزلەپ ياكى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىگە كەلگەن ئۇچۇرغا نىسبەتەن بىر خىل ئالاھىدە ئىنكاس قايتۇرىدىغان ياكى بىر خىل ئالاھىدە ئىش تۇتىدىغان قىلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى ھېكايىدىكى بالا «سەن پادىشاھ بولىسەن» دېگەن گەپنى داۋاملىق ئاڭلاۋېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئاشۇ تەرىقىدە پروگراممىلانغان. نەتىجىدە، ئۇ بالا بىر باشلىق ياكى ھەربىي قوماندان بولۇشنى خالىماي، پەقەتلا بىر پادىشاھ بولۇشنى ئىستىگەن. ھەمدە ئاشۇنداق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشقىمۇ تەييار تۇرغان. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىچىدە بۇنداق مىساللارنى بىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بۇنىڭ يەنە بىر مىسالى، ئامېرىكىدىكى چوڭ بۇشنىڭ ئوغلى كىچىك بۇشنىڭمۇ پرېزىدېنت بولۇشىدۇر. ئۇيغۇرلار ئىچىدە «باشلىقنىڭ بالىسى باشلىق بولىدۇ»، دېگەن سۆز كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئاشۇنداق بىر ئەمەلىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرسىمۇ ئاشۇ «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش» تىن ئىبارەتتۇر (ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە «ئارقا ئىشىك» 1-ئورۇندا تۇرامدۇ ياكى «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش»مۇ؟ بۇ سوئالغا ئۆزىڭىز جاۋاب بېرىپ بېقىڭ.)

ئادەمنىڭ ئەس-ھوشى ئىككى خىل بولىدۇ: ئاساسلىق ھوش ۋە قوشۇمچە ھوش. ئىنگلىزچىدا بۇلار «conscious and sub-conscious» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەمنىڭ قوشۇمچە ھوشى ئۇنىڭ ئاساسلىق ھوشىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بولمايدۇ. ئادەمنىڭ قوشۇمچە ھوشى ئۇنىڭغا قاچىلانغان ئۇچۇرلار ئاساسىدا مۇستەقىل ھالدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ. مانا بۇ كۆڭۈلنى پروگراممىلاشنىڭ ئاساسىدۇر. يەنى، «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش» دېگىنىمىز، بىر ئادەمنىڭ قوشۇمچە ئەس-ھوشىغا مەلۇم ئۇچۇرلارنى قاچىلاپ، شۇ ئارقىلىق ئاشۇ ئادەمنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە كونترول قىلىش، دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر.

ئادەمنىڭ ئاساسلىق ئەس-ھوشى بىر «ئىسكىلات باققۇچى» ياكى «ئىسكىلاتچى» غا، قوشۇمچە ئەس-ھوشى بولسا بىر ئىسكىلاتقا ئوخشايدۇ. ئىسكىلاتچىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئەقلى بولمايدۇ. ئۇ ئىسكىلاتقا قاچىلانغان ئۇچۇر ئاساسىدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ. «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش» دېگەنلىك، ئىسكىلاتچىغا ئۇقتۇرماي تۇرۇپ، ئۇچۇرنى ئىسكىلاتقا كىرگۈزۈپ قويۇش دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر.

سىز ئۆز-ئۆزىڭىزگە «مەن ئۆگىنىشتە ناھايىتى ياخشى» دېدىڭىز، ئەمما ئىسكىلاتتا باشقا ئادەملەرنىڭ «سەن دۆت، سەن ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسەن.» دېگەن سۆزلىرى ساقلانغان، دەپ پەرەز قىلايلى. ئىسكىلاتچى سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئىسكىلاتتا ساقلانغان يۇقىرىقى سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، «بۇ ئۇچۇر خاتا ئىكەن»، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ يېڭى، ئىجابىي ئۇچۇرنى ئىسكىلاتقا ئەكىرىپ قويماي، ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ. مانا بۇ بىر ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىشتىكى ئەڭ تۈپ قىيىنچىلىقتىن ئىبارەتتۇر.

يۇقىرىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تارىخىي ھېكايىلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، كىشىلەر ۋە بىر جەمئىيەت سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى پروگراممىلىيالايدۇ. يۇقىرىقى شاھزادە بىلەن قارمۇ-قارشى ھالدا، بىز ئۆزۈن ۋاقىتتىن بۇيان «ئۇنداق قىلما... تەۋەككۈلچىلىك قىلما... ساراڭلىق قىلما... سەن دۆت. ... سېنىڭ قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ...» دېگەندەك خاتا ئۇچۇرلار بىلەن پروگراممىلىنىپ كەلدۇق. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ بىر ئادەم ۋە بىر مىللەتكە ئېلىپ كېلىدىغان يامان ئاقىۋىتىنى بىر تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

ھازىر ئىنسانلار تارىخىدا تۇنجى قېتىم سىزنىڭ ئۆز كۆڭلىڭىزنى توغرا يۆنىلىشتە پروگراممىلىشىڭىزنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدىغان كۈچلۈك تېخنىكىلار ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ تېخنىكىلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ قوشۇمچە ئەس-ھۇشىڭىزغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئاساسلىق ئەس-ھۇشقا ئۇقتۇرماي تۇرۇپ ئۇچۇر قاچىلايدۇ. سىزنىڭ قوشۇمچە ئەس-ھۇشىڭىزدىن ئىبارەت بۇ «ئىسكىلاتىڭىز»غا ھەر كۈنى نۇرغۇن ئۇچۇرلار كىرگۈزۈلۈۋاتىدۇ. ئۇلار قانداق ئۇچۇرلار؟ ئۇلار سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى قايسى يۆنىلىشتە پروگراممىلايدۇ؟ بىر دەم كۆزىڭىزنى يۇمۇپ جىم ئولتۇرۇپ، مۇشۇ سوئاللار ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭ.

## 2. ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس، ئەقىللىق

ئۇيغۇرلار ئادىللىق ۋە ئادالەتنى ئەڭ ياقلايدىغان، ئۇنى ناھايىتى قەدىرلەيدىغان، ناھەقچىلىككە قىلچە چىدىمايدىغان مىللەتلەرنىڭ بىرسى. شۇنداق بولغاچقا، بىز باشقىلارنىڭ ئۆزىمىزگە ئادالەتسىزلىك قىلىشىنى، ناھەقچىلىك قىلىشىنى خالىمايمىز. شۇنداق بولغانىكەن، بىز ئۆز-ئۆزىمىزگە ئادالەتسىزلىك قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر سىز ئۇيغۇرنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرماقچى بولسىڭىز، نوپۇسىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بىر-بىرسىگە يېقىن كېلىدىغان، ياشاۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتى بىر-بىرىنىڭكىگە يېقىن كېلىدىغان، ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى مەدەنىيىتى ھەمدە تارىخى بىر ئاز ئوخشاپ كېتىدىغان بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇڭ. ھەرگىز نوپۇسى ئۇيغۇر نوپۇسىدىن 100 ھەسسە ئارتۇق بىرى بىلەن سېلىشتۇرماڭ. ئۇنداق قىلسىڭىز ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئادالەتسىزلىك قىلغان، ناھەقچىلىك قىلغان بولىسىز. ئىلمىي ئىش كۆرمىگەن بولىسىز. بولۇپمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كاللىسىدا بۇ ئىش ناھايىتى ئېنىق بولۇشى كېرەك. ئەگەر سىز ئىچكىرىدىكى ئوقۇشقا 100 ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇپ تاللانغان بولسىڭىز، سىزنىڭ خەنزۇ ساۋاقداشلىرىڭىز كەم دېگەندە 1000 ئوقۇغۇچىنىڭ بىرسى بولۇپ تاللانغان. سىز ھەرگىزمۇ ئەقىل جەھەتتە تۆۋەن ئورۇندا تۇرمايسىز. باشقىلار سان جەھەتتە سىزدىن جىق يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلار ئۆز تىلىدا ئوقۇيدۇ. سىز باشقىلارنىڭ تىلىدا ئوقۇيسىز. بۇنىڭ ئوقۇش ئۈنۈمىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ. شۇڭلاشقا، باشقىلار بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئوقۇش ئۈچۈن، سىزنىڭ ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەردە سىنىپ بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇننى تۇتۇپ ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن مەن 10 دەك كىشىنى بىلىمەن. ئۇلاردىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن. شۇنى كېسىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۆزى بىلەن باراۋەر كېلىدىغان مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلار ھازىر مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، تارىخ، ئىلىم-پەن ۋە ئىنسانلار تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى قاتارلىق جەھەتلەردە دۇنيادا خېلى يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىيەلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تارىخىي تۆھپىلىرى، تارىختا تۇتقان مىللىي ئورنى، تارىختا بەھرىمەن

بولغان شان-شۆھرىتى جەھەتلەردە ئۇيغۇر دىيارىدا ھازىرغىچە نۇرغۇن كىتاب-ماقالىلەر يېزىلىپ بولدى. شۇڭا مەن بۇ يەردە ئۇ تارىخىي ئەھۋاللار ئۈستىدە توختالمايمەن. تۆۋەندە مەن چەت ئەلدە تۇرۇپ، ئوقۇش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ھەر خىل كەسپىي ساھەلەردە دۇنيادىكى باشقا ئىلغار مىللەتلەر بىلەن رىقابەتلىشىپ، ئالدىنقى قاتاردا ئورۇن تۇتۇۋاتقان، «ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس، ئەقىللىق» دېگەن بىر ھەقىقەتكە مىسال بولالايدىغان بىر قىسىم شەخسلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن.

- ئۇيغۇرلارنىڭ ياپونىيىگە چىقىش ئىشى 1985-يىلى باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە 130 دىن كۆپرەك ئۇيغۇر ياشلىرى ئۇ يەردە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ تىزىملىكىنى http://www.xjmua.com/doctor_all.html دىن كۆرەلەيسىز.
- ياپونىيىدىكى دىلشات ئابلا دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغاندىن باشلاپ، ياپونىيىنىڭ رىكېن مېگە تەتقىقات مەركىزىدە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىۋاتىدۇ.
- ياپونىيىدىكى قۇتلۇق سابىت بىلەن شەمشىدىن شەيھىدىن نىسسان (Nissan) شىركىتىدە، دىلشات ئابدۇرېھىم بىلەن تالىپ ئاتاجان NEC شىركىتىدە، جۈرئەت غوجا بولسا فۇجىتسۇ (Fujitsu) شىركىتىدە كەسپىي خادىم بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. دوكتور ئۆمەرجان ساۋۇت بىلەن دوكتور ئەنۋەر ياسىن ياپونىيىدىكى ئىككى يۇقىرى تېخنىكا شىركەتلىرىدە بۆلۈم مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.
- ياپونىيىدىكى دوكتور پەرھات ئەخمەت توكيو تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ۋە دوكتور مۇختار مەخسۇت ناگويا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھەر خىل دەرىجىدىكى پروفېسسور بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.
- ئەنگلىيىدىكى دىلشات ھېۋىزۇللا لوندوندىكى بىر ئالىي مەكتەپتە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ھازىر ئەنگلىيىنىڭ دۇنياغا داڭلىق تېلېۋىزىيە شىركىتى BBC دە يېڭى يۇمشاق دېتاللارنى راۋاجلاندۇرۇپ ئىشلەپ چىقىرىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياخشى نەتىجىلەر يارىتىۋاتىدۇ.
- ئايشەم ئەلى ئاۋستىرالىيىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ھازىر گېرمانىيىدىكى «Max Planck Institute for Social Anthropology» دە دوكتور دەرىجىلىك تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

● مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم دولقۇن يۇنۇس ياپونىيىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن تارتىپ، ياپونىيە NEC شىركىتىنىڭ مىكرو دولقۇن خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى بويىچە تۈركىيە بىلەن ئافرىقا قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق تېخنىكىلىق ياردەم مۇلازىمىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

● ئامېرىكىدىكى مۇھەممەد ئابدۇللا، فرانسىيىدىكى ۋارىس ئابدۇكېرىم جانباز ۋە ياپونىيىدىكى غەيرەت كەنجى قاتارلىق ياشلىرىمىز يالغۇز كومپيۇتېر كەسپىدە ئەلا نەتىجە بىلەن دوكتورلۇقتا ئوقۇپلا قالماي، ئوقۇشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر يۇمشاق دېتاللىرى بىلەن ئۇيغۇرچە-چەتئەل تىلىچە ئېلېكترونلۇق لۇغەتلەرنى ياساپ چىقىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىمۇ كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدىكى نەتىجىلەرنى يارىتىۋاتىدۇ. ئامېرىكىدىكى «بۈركۈت» بىلەن «جېك» ئەپەندىلەر ئامېرىكىدا فىزىكا كەسپى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئۆز تۇرمۇشىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئالدىراشلىقىغا قارىماي، بىر تەرەپتىن ياخشى ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ بارلىق بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتەندىكى چەت ئەلدە ئوقۇش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنى نۇرغۇن قىممەتلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ.

● مەن ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى كۆپلىرىنىڭ ئۆيىدە تامغا چاپلاقلىق تۇرغان، باللىرى ئېرىشكەن، «ھەممە دەرسلەردە A ئالغان ئوقۇغۇچى مۇكاپاتى» دەپ ئاتالغان تەقدىرنامىلەرنى كۆردۈم (ئامېرىكىدىكى مەكتەپلەر ئوقۇغۇچى دەرس نەتىجىسىگە A, B, C, D, F دېگەندەك ھەرپلەرنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ، بۇ يەردىكى A ھەرپى ئەلا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ).

● ئامېرىكىدىكى دۇنياغا داڭلىق خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا قاھار بارات، قەيسەر مىجىت، ئەلنىگار ئىلتەبىر ۋە قۇدرەت ياقۇپ قاتارلىق 4 ئۇيغۇر ئوقۇشقا كىرگەن بولۇپ، بەزىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولدى. بەزىلىرى ھازىرمۇ ئوقۇۋاتىدۇ.

● خارۋاردتىن سەل كېيىن تۇرسىمۇ، دۇنيا ۋە ئامېرىكا بويىچە خېلى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەرقايسى شۆبىلىرىدە تۆۋەندىكى 2-ئەۋلاد ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئوقۇۋاتىدۇ:

ئارافات ئادىل لوس ئانژېلىس(Los Angeles) شۆبىسىدە، دىلشات ئەركىن بېركېلىي شۆبىسىدە، فرۇزە تاشپولاتلار ئىرۋىنە شۆبىسىدە، ئىلىكنۇر ئامان لوس ئانژېلىس (Los Angeles) شۆبىسىدە ۋە مەرھابا مەھمۇت داۋىس (Davis) شۆبىسىدە. ئامېرىكىنىڭ باشقا شتاتلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش داڭلىق مەكتەپلەرگە كىرگەن 2-ئەۋلاد ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىدىن خېلى كۆپلىرى بار.

● ياپونىيىدىن باشقا، ھازىر ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، كانادا، ياۋروپا ۋە تۈركىيە قاتارلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى بار. بۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە http://www.Meripet.com/Bio/FransiyedikiDokturlar.htm نى كۆرۈپ بېقىڭ.

● دوكتور رىشات ئاbbas (http://www.meripet.com/Bio/RishatAbbas.htm) ئامېرىكىنىڭ «Wyeth Research» شىركىتى دورىگەرلىك بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپىي ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. دوكتور مۇرات قادىر ئامېرىكىدىكى «L'oreal USA» شىركىتى چاچ مەھسۇلاتى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. دوكتور ئابلەت ئابلىمىت ياپونىيە توتو (Toto) شىركىتىنىڭ گۈاڭجۇدىكى مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

● ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە پروفېسسور بولۇپ ئىشلەۋاتقانلاردىن تۆۋەندىكىلەر بار: ئابدۇرېھىم ئائىتبايېۋ http://infohost.nmt.edu/~aitbayev (New Mexico Institute of Mining and Technology)، ئابلەت ئىبراھىم (California State University, Monterey Bay)، ھەسەن سايىت (Boston College) ۋە رەيھانگۈل بەكتۇر (Utah State University).

● رىزۋانگۈل ھاجى (قەيسەر مىجىت ئەپەندىنىڭ خانىمى) كىچىكىدىن ئۇيغۇر مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇيغۇر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى 1997-يىلى پۈتتۈرگەن. 1999-يىلى ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئىنگلىز تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، 2003-يىلى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى مېدىتسىنا

سالاھىيەت ئىمتىھانىدىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتكەن. 2004ـ2007 يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا نيۇ-يورك ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى دوختۇرخانىدا 3 يىل ياردەمچى دوختۇر بولۇپ خىزمەت قىلغان ۋە بىلىم ئالغان. 2007-يىلى 9-ئايدا «ئامېرىكا ئىچكى كېسەللىكلەر جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي ئىمتىھانى» دىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كېسەل كۆرۈش سالاھىيىتىگە ئىگە كىنىشكا ئالغان. ھازىر ماسساچۇسېتتس شتاتىنىڭ بوستون شەھىرىدىكى بىر دوختۇرخانىدا مەسئۇل دوختۇر بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

● ئەكبەر شەرىپ، دولقۇن روزى، مەمەت ئەمىن، مەمەتجان ئىبراھىم، مەھمۇد ئوبۇل ۋە تۆمۈر پالتا (http://www.meripet.com/Bio/Timour_Bio.htm) قاتارلىق دوكتورلار ۋە مۇتەخەسسىسلەر ھازىر ئامېرىكىدىكى بىر قانچە ئالىي مەكتەپ ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچى ۋە مۇتەخەسسىس بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە، مەمەت ئەمىن يالغۇز ئۆز كەسپىي ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىپلا قالماستىن، يەنە ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلاردىكى ھەر خىل كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنى داۋالاش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۇيغۇرلارنى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتىدۇ.

● ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ھەر خىل مەكتەپ، كەسپىي ئورۇن ۋە شىركەتلىرىدە يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكىلىق ئورۇن تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلار خېلى كۆپ بولۇپ، مەن ئۇلارنى بۇ يەردە بىرمۇ-بىر تىلغا ئېلىپ بولالمىدىم.

● ئامېرىكا تۆرەلمە غول ھۈجەيرىسى مۇتەخەسسىسى دوكتور شۆھرەت مۇتەللىپ، ئامېرىكا ئورېگون شتاتى ساغلاملىق-پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى كۆپيىيش ئىلمى بۆلۈمى ۋە ئورېگون شتاتى دۆلەتلىك پرىماتلار (مايمۇن تۈرىدىكىلەر) يادرو كۆچۈرۈش تېخنىكىسى-غول ھۈجەيرە تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

● دوكتور شۆھرەت مۇتەللىپنىڭ سىڭلىسى دوكتور مايسەم مۇتەللىپ خانىم ھازىر ئامېرىكىدىكى ئەڭ داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان

ماساچۇسېتتس تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى (ئىنگلىزچە « Massachusetts Institute of Technology» بولۇپ، قىسقارتىلىپ «MIT» دەپ يېزىلىدۇ) دا ئاكىسنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئابدۇرېھىم ئائىتبايېۋ ، شۆھرەت مۇتەللىپ، مايسەم مۇتەللىپ ۋە تۆمۈر پالتالار قازاقىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىدۇر.

● مەن بولسام ئامېرىكىنىڭ قىسقارتىلىپ «NASA» دەپ ئاتىلىدىغان، «مەملىكەتلىك ئاۋىئاتسىيە ۋە ئالەم بوشلۇقىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى» نىڭ بىر مۇھىم تەتقىقات-تەرەققىيات مەركىزى بولغان JPL دە بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. مېنىڭ يېقىنقى بىر قىسىم نەتىجىلىرىمنى تۆۋەندىكى تور بېتىدىن كۆرەلەيسىز:

http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=20143&extra=page%3D1

مەن يۇقىرىقى تىزىملىكنى تەييارلاشتا چەت ئەلدىكى بىر قىسىم يېقىن تونۇشلىرىمنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتىم (ئۇلارغا كۆپتىن-كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن). شۇنداقتىمۇ مېنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئەسكەرتىپ قويىدىغىنىم، بۇ تىزىملىك ھەرگىزمۇ بىر مۇكەممەل تىزىملىك ئەمەس. بۇ تىزىملىككە كىرمەي قالغان يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ۋە ئىشلار بار. بۇ ماقالىدە ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغىنىم «ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس، ئەقىللىق» دېگەن ئىدىيە بولغاچقا، ئاساسلىقى ئۆزۈم بىلىدىغان كىشىلەرنىلا مىسال قىلىپ ئالدىم.

جۇڭگو ۋە چەت ئەلدە باشقىلار بىلەن ئۇنۇملۇك رىقابەتلىشىپ، ئۆز كەسپىدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان ۋە يارىتىۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ تىزىملىكىنى تۆۋەندىكى تور بېتىدىن كۆرگىلى بولىدۇ:

http://hi.baidu.com/abdilim/album/%CE%AC%CE%E1%B6%FB%D6%AA%C3%FB%C8%CB%CA%BF%CF%E0%B2%E1/index/0

ئىنسان تارىخىنىڭ ھەممىسىدە سانسىزلىغان دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن خەلقنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلدى. بۇ خىل ئەھۋال ھازىرمۇ قىلچە ئۆزگەرگىنى يوق. مەن يېقىندا كۆرگەن بىر تېلېۋىزىيە خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا

ھۆكۈمىتى ئىراقتا بىر چوڭ ئاخبارات شىركىتى قۇرغان بولۇپ، ئامېرىكا بۇ شىركەت ئۈچۈن ھەر ئايدا بىر مىليون دوللار پۇل خەجلەيدىكەن. بۇ شىركەت ئىراقتا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىراقنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەشۋىقات مەزمۇنى ئامېرىكىدىكى تەشۋىقات مەزمۇنىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىكەن. يەنى، ئۆزىنى دۇنيا ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىيىسىنىڭ بوۋىسى ھېسابلايدىغان ئامېرىكىمۇ ئاخبارات ئورگانلىرىنى كونترول قىلىپ، ئۇنى ھازىر ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇۋاتىدۇ. تەشۋىقات ۋاستىسىنى كىشىلەرنى ئىدارە قىلىشقا ئىشلىتىشتە پايدىلىنىلغان ئىلىم دەل ئاشۇ «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش» تىن ئىبارەتتۇر. ھازىر ئۇيغۇرلار بىر ئالاھىدە دەۋر ۋە بىر ئالاھىدە شارائىت ئاستىدا ياشاۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ئەھۋالنى «سۆڭەچ تېپىش مۇسابىقىسىگە قاتناشقان بىر پۈتلۈق ئادەم» دۇچ كېلىدىغان ئەھۋال بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋالنى مەن 2006-يىلى ۋە 2007-يىلى يۇرتقا تۇغقان يوقلاپ بارغاندىمۇ ئېنىقلا چوڭقۇر ھېس قىلدىم. يەنى، مەنمۇ ئاشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلدىم. شۇڭا ئۇيغۇرلارغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلەرگە تەربىيە بېرىش مەقسىتىدە قىلىنغان سۆز، يېزىلغان كىتاب-ماقالىلەر چوقۇم ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلارنى ئىجابىي جەھەتتىن يېتەكلەشنى ئاساس قىلىشى كېرەك. بىز بۇ جەھەتتە قىلىنىدىغان ئىشلار چوقۇم بىر پۈتلۈق ئادەمنىڭ يەنە بىر پۇتىنى ئۆستۈرۈشكە ياردىمى بولۇشى كېرەك. ئەگەر سىز بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، سىنىپىڭىزدىكى ئوقۇغۇچىلارغا داۋاملىق «ئۇيغۇرلار دۆت، ئۇيغۇرلار ھۇرۇن» دېسىڭىز، بۇ سۆزىڭىز ھەرگىزمۇ سىنىپىڭىزدىكى بالىلارنى بۇرۇنقىدىن ئەقىللىقراق قىلىش، بۇرۇنقىدىن بەكرەك تىرىشچان قىلىش رولىنى ئوينىمايدۇ. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە رولىنى ئوينايدۇ. ئەگەر بىر ساقمۇ-ساق سەمەتنى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر داۋاملىق «سەمەت ساراڭ، سەمەت دۆت» دەۋەرسە، ئۇ مەمەت تەدرىجىي ھالدا ساراڭدەك سۆزلەيدىغان، ساراڭدەك ماڭىدىغان ۋە ساراڭدەك تۇرىدىغان، ساراڭدەك ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش» نىڭ كۈچىدۇر. غەربلىكلەر بىر ئادەمنىڭ سەلبىي پوزىتسىيىلىك ياكى ئىجابىي پوزىتسىيىلىكىنى ئۆلچەشتە، داۋاملىق يېرىمىدا سۇ بار، يېرىمى قۇرۇق بىر ئىستاكاننى مىسالغا ئالىدۇ. سەلبىي پوزىتسىيىلىك بىر ئادەم يېرىم سۇيى بار بىر ئىستاكاننى كۆرگەندە «ماۋۇ ئىستاكاننىڭ يېرىمى قۇرۇق»، دەيدۇ. ئىجابىي پوزىتسىيىلىك بىر ئادەم بولسا «ماۋۇ ئىستاكاننىڭ يېرىمىدا سۇ بار»،

دەيدۇ. شۇ نەرسىنى ئۇنۇتماڭكى، بارلىق ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھازىر چوقۇم «ماۋۇ ئىستاكاننىڭ يېرىمىدا سۇ بار» بولسۇن.

## 3. كۆڭۈل بىلەن بەدەن

2008-يىلىنىڭ بېشىدا، مەن بىزنىڭ ئىدارىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆڭۈل بىلەن بەدەننىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدىمۇ توختالغان بىر سېمىنارغا قاتناشتىم. بۇ سېمىناردا دوكلات بەرگۈچى ئاڭلىغۇچىلاردىن بىرنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سەھنىگە تەكلىپ قىلىپ چىقتى. ئاندىن ئۇ ئاڭلىغۇچىدىن باشقىلار ھازىرغىچە ئۆزى توغرىسىدا دەپ باققان، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرمەيدىغان سۆزلەرنى سورىدى. سۆزلىگۈچىنىڭ ئوڭ قولىنى مۈرىسى بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ توغرىسىغا كۆتەرتىپ قويۇپ، بىزدىن ھەممىمىزدىن ھېلىقى سۆزلەرنى بىرلىكتە ئۈنلۈك توۋلاشقا بۇيرۇدى. بىز شۇنداق قىلدۇق. ئاندىن ئۇ سۆزلىگۈچى سەھنىدىكى ئاڭلىغۇچىنىڭ ئوڭ قولىنى پەسكە باسقان ئىدى، قولى ئاسانلا پەسكە چۈشۈپ كەتتى. سۆزلىگۈچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىز بۇ تەجرىبىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدۇق. بۇ قېتىم ھېلىقى ئاڭلىغۇچى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سۆزلەر بىلەن تەكرارلىدۇق. بۇ قېتىم سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىنىڭ ئوڭ قولىنى خېلى كۈچەپ پەسكە باسقان بولسىمۇ، ئۇنى زادىلا پەسكە چۈشۈرەلمىدى.

بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەسلىدە ئادەمنىڭ مېڭىسى سىرتتىن كىرگەن ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسىنى بىر خىل بۇيرۇق سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ئەگەر سىز «مەن ئەقىللىق» دېسىڭىز، مېڭىڭىز «ھەئە، سەن ئەقىللىق»، دەپ پۈتۈن بەدىنىڭىزنى بىر ئەقىللىق ئادەمنىڭ بەدىنى بويىچە پروگراممىلاشقا تىرىشىدىكەن. ئەگەر سىز «مەن باتۇر» دېسىڭىز، مېڭىڭىز پۈتۈن بەدىنىڭىزنى بىر باتۇرنىڭ بەدىنى بويىچە پروگراممىلاشقا تىرىشىدىكەن. ئويلاپ بېقىڭ: ئەگەر نۇرغۇن كىشىلەر سىزنى «دۆت، دۆت» دەۋەرسە، مېڭىڭىز سىزنىڭ بەدىنىڭىزنى قانداق پروگراممىلايدۇ؟ ئەگەر سىز بىر ئۆمۈر «ئۇيغۇرلار دۆت، ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ»، دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولسىڭىز، سىزنىڭ روھىڭىز، ئىرادىڭىز، غەيرىتىڭىز ۋە بەدەن قۇدرىتىڭىز قانداقراق بىر ھالەتتە بولار؟

بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىدە 15 مىليارد دانە نېۋرون ياكى مېڭە ھۈجەيرىسى

بار بولىدۇ. ھەر بىر مېڭە ھۈجەيرىسى باشقا 5000 ـ 10000 غىچە بولغان مېڭە ھۈجەيرىسى بىلەن تۇتاشقان بولىدۇ. نېرۋون تورى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنى بىر غايەت زور تېلېفون تورىغا ئوخشىتىش مۇمكىن. بىز ھەر قېتىم بىر يېڭى نەرسە ئۆگەنگەندە، مېڭىدە نېرۋونلارر ئارا يېڭى ئۇلانمىلار پەيدا بولىدۇ. ئۆگەنگەن نەرسىنى تەكرارلىساق، بۇ يېڭى ئۇلانمىلار كۈچىيىپ ماڭىدۇ. يېڭى بىر ئەھۋالنى باشتىن كەچۈرسەك، بۇ ئۇلانمىلار ئۆزگىرىدۇ. يەنى مېڭىدىكى نېرۋونلارنىڭ ئۇلانمىسى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

ئادەمنىڭ كۆڭلى (ياكى ئەس ـ ھوشى) بىلەن بەدىنى ئۆز ـ ئارا تۇتاشقان بولىدۇ. يېقىنقى 10 يىلنىڭ مابەينىدە بايقىلىشىچە، 50 ـ 60 دانە خىمىيىلىك ماددىلار ئادەم مېڭىسىدىكى ئۇچۇرلارنى ئادەم بەدىنىگە توشۇيدۇ. ئىنگلىزچە «endorphins» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ماددىلار ئادەم مېڭىسىدىكى بىر خىيال، خۇشاللىق، ھېسسىيات، ئوي ـ پىكىر قاتارلىق ھەممە ئۇچۇرنى ئادەم بەدىنىدىكى ھەر بىر ھۈجەيرىگە توشۇيدۇ. ئەگەر سىز بىر سايىدا مېڭىپ كېتىۋېتىپ، يىلانغا ئوخشاش بىر نەرسىنى كۆرۈپ، كۆڭلىڭىزدە «بۇ بىر يىلانكەن» دەپ ئويلىسىڭىز، سىز قورققان بۇ ئۇچۇر دەرھال مېڭىڭىزنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئۇچۇر سىزنىڭ ئومۇرتقا يوللىرىڭىز ئارقىلىق بەدىنىڭىزنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىدۇ. بىر ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بەدىنىڭىز بۇ خەتەردىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزىنى بۇ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلايدۇ. يۈرىكىڭىزنىڭ سوقۇشى تېزلىشىدۇ. قان بېسىمىڭىز كۆتۈرۈلىدۇ. نەپەسىڭىز تېزلىشىدۇ. مېڭىڭىزدىكى قانلار مۇسكۇللىرىڭىزغا، قولىڭىزغا ۋە پۇتىڭىزغا تارقىلىدۇ. نەتىجىدە سىز ياكى بۇ يىلان بىلەن ئېلىشىسىز ياكى بىر ياققا بارلىق كۈچىڭىز بىلەن قاچىسىز. «يىلان» دېگەن بىر خىيال مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ئىنكاسلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

خۇددى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، ھەر بىر ئوي ـ پىكىرنىڭ بىردىن بىئولوگىيىلىك ئاساسى بار. بەدىنىڭىز سىز كۆڭلىڭىزدە نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرىدۇ. ھەممە شۇ ئاساستا ئىش تۇتىدۇ. يەنى، بىر كۆز ـ قاراش پەقەت بىر ئىدىيىلا ئەمەس. ئۇ سىزنىڭ بەدىنىڭىزدە ۋە كۆڭلىڭىزدە تەڭلا مەۋجۇد بولىدۇ. سىز ناھايىتى خۇشھال ياكى ئۆزىڭىز قىلىۋاتقان ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشقا ئىشەنچىڭىز بار بىر ۋاقىتتا، بۇ خىل ئوي ـ پىكىر سىزنىڭ پۈتۈن بەدىنىڭىزگە يەتكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

بەدىنىڭىز تېخىمۇ كۈچلىنىپ، ھېرىشى پەسىيىدۇ. ئەگەر سىز خۇشھال ئەمەس ياكى ھەسرەتلىك بولسىڭىز، سىزنىڭ بەدىنىڭىزنىڭ ھەرىكىتى ئاستىلىشىدۇ، قاشاڭلىشىدۇ ھەمدە ئاسان ھېرىپ قالىدۇ.

قىسقىسى، سىزنىڭ مېڭىڭىز سىزنىڭ ئويىڭىز بىلەن كۆز-قارىشىڭىزنى پۈتۈن بەدىنىڭىزگە تارقىتىدۇ. ئەگەر سىز «مەن چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن» دەپ ئويلىسىڭىز، مېڭىڭىز بەدىنىڭىزنى شۇ بويىچە تەييارلىق قىلىشقا ۋە مۇۋەپپەقىيەتنى كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر سىز «مەن چوقۇم مەغلۇپ بولىمەن» دەپ ئويلىسىڭىز، مېڭىڭىز بەدىنىڭىزگە «بۇ ئىشنى سىنايمەن دەپمۇ ئاۋارە بولما، بۇ ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىن ھېچقانداق ئۈمىد يوق» دەيدۇ. شۇڭلاشقا سىز ھەر دائىم ئۆز-ئۆزىڭىزگە «مەن ئەقىللىق، مەن چوقۇم قىلىۋاتقان ياكى كۆزلىگەن ئىشىمدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىمەن» دەپ تۇرۇشنى ئۇنتۇلۇپ قالماڭ.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سىز كەچتە ئىشتىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئىشىك ئاچقاندا، ھەرگىز «ئۇھ! بۈگۈن ھەجەپمۇ ھېرىپ كەتتىم»، دەپ ئويلىماڭ. ئۇنداق ئويلىسىڭىز، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن سىزگە ھېچقانداق ئىش خۇش ياقمايدۇ. سافادا توغرىسىغا يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈشتىن باشقا ئىشنى قىلىشنى خالىماس بولۇپ قالىسىز. ئۇنىڭ ئورنىغا: «مەن بۈگۈنكى ئىشىمنى تۈگەتتىم. ئەمدى ئۆيدە ئۆزۈم خالىغان ئىشنى قىلىمەن» دەپ ئويلاڭ. شۇنداق ئويلىسىڭىز، ئۆيىڭىزدە يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايسىز. كىشىلەر سىزدىن «قانداق ئەھۋالىڭ؟» دەپ سورىسا، ھەرگىز «بۈگۈن دېگەندەك مىجەزىم يوق ... بەك ھېرىپ كېتىۋاتىمەن... ئىشىم دېگەندەك ئوبدان ماڭمايۋاتىدۇ... ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىمەن....» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن جاۋاب بەرمەڭ. بۇنىڭ سەۋەبى، كۆپىنچە ئەھۋالدا، سىزدىن ئاشۇنداق ھال سورىغان كىشىلەرنىڭ 95 پىرسەنتى سىزنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىڭىزنىڭ قانداقلىقىغا ئانچە پەرۋا قىلمايدۇ. قالغان 5 پىرسەنت ئەتراپىدىكى كىشىلەر بولسا سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنىڭ ناچار بولۇشىنى ئارزۇلايدۇ. شۇڭلاشقا سىز ئۆزىڭىزدىن ھېلىقىدەك ھال سورىغانلارغا: «ئەھۋالىم كارامەت ياخشى ... ئەھۋالىم ئىنتايىن ياخشى... ئەھۋالىم ھازىرقىدەك ياخشى بولۇپ باققان ئەمەس» دېگەندەك جاۋابنى بېرىڭ. مېڭىڭىز مۇشۇ ئۇچۇرلارنى ئالغاندىن كېيىن، بەدىنىڭىزنى ئاشۇ

بويىچە پروگراممىلايدىغان بولغاچقا، بۇ ئىككى خىل جاۋابنىڭ سىزنىڭ روھىي ھالىتىڭىز ۋە بەدىنىڭىزنىڭ ھالىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

## 4. ئاخىرقى سۆز

مەن ئۆزۈمنىڭ يېقىنقى يازمىلىرىدا، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش مىللىي كىملىكنى ساقلاپ قېلىش، مىللىي ساپانى ئۆستۈرۈش ۋە مىللىي روھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم.

مەن 2008-يىلى 10-ئاينىڭ بېشىدا ئايالىم ئامانگۈل بىلەن تۈركىيەگە ساياھەتكە باردىم. ھەمدە قەيسەرى، ئەنقەرە ۋە ئىستانبۇل قاتارلىق شەھەرلەرنى ساياھەت قىلدىم. مۇشۇ جەرياندا مېنىڭ ئەڭ كۆپ كۆرگىنىم تۈركىيە بايرىقى بولدى. ھۆكۈمەت بىناسى، خاتىرە سارىيى، شەھەر كوچىسى، دۇكان-ماگىزىنلار، شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئادەمنىڭ كۆزىگە ھەممىدىن كۆپ كۆرۈنىدىغىنى ئاشۇ ئاي يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئىكەن. ئىستانبۇلدىكى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىنقى تېمىغا ئېسىلغان تۈركىيە بايرىقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى جەمئىي 4 قەۋەتنى قاپلايدىكەن. قەيسەرىگە يېقىن جايدىكى ئىنگلىزچە «Cappadocia» دەپ ئاتىلىدىغان، 13-ئەسىردە بەرپا قىلىنغان ئۆڭكۈر-ئۆي شەھىرىنىڭ خېلى كۆپ ئۆڭكۈر-ئۆي دېرىزىلىرىدە ۋە تاغ چوققىلىرىدىمۇ ئاشۇ تۈركىيە بايرىقىنى كۆردۈم. «تۈرك» ۋە «ئاتاتۈرك» دېگەن خەتلەرنىمۇ بىز بارغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچراتتۇق. «ئاتاتۈرك» دەپ ئىسىم بېرىلگەن يول، كۆۋرۈك، بىنا قاتارلىقلارمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. ئادەم تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە «تۈرك» دېگەن سۆزنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرىدىكەن. مەن يۇقىرىقىلارنى كۆرۈپ، «مىللىي روھقا باي مىللەت، دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. بەش ئەسىرنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇرلارمۇ مۇشۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدىم.

ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان يەنە بىر ئىش تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان ھۆرمىتى بولدى. ئامانگۈل، مەن ۋە باشقا 3 ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئەنقەرەدىكى

«كوجاتەپە» مەسچىتىگە كىرىپ چىقىپ، پاراڭلاشقاچ مېڭىپ كېتىۋاتساق، يېشى 55 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر تۈرك ئەپەندى بىزدىن نېمە تىلدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىمىزنى سورىدى. بىز «ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىۋاتىمىز» دەپ جاۋاب بەرسەك، ئۇ كىشى ئىنتايىن خۇشھال بولۇپ، بىز بىلەن قولىمىزنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ كۆرۈشۈپ، ئاندىن كۆتۈرۈۋالغان سومكىسىدىن ئىككى دانە ئىنگلىزچە كىتابنى چىقىرىپ، «ماۋۇ مېنىڭ سىزلەرگە قىلغان سوۋغىتىم. قوبۇل قىلغايسىزلەر» دېدى. مەن ئۇ كىتابلارنى ئېلىپ، ئامېرىكىغا ئەكەلدىم (ئۇ كىتابنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى «ئېتىقات ۋە ئىسلام»، يەنە بىرىنىڭ بولسا «ئۇلار نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بولدى؟» ئىكەن). بىز ئاپتوبۇستا ماڭغاندا، بازار ئايلانغاندا، مەسچىتلەرگە كىرگەندە، ئىشقىلىپ نەگىلا بارساق، بىزگە يول باشلاپ بېرىۋاتقان دوستىمىز بىر تۈرككە «بىز ئۇيغۇر بولىمىز» دېسىلا، ئۇ تۈركنىڭ چىرايىدا دەرھال تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ، بىزگە «تۈركىيەگە خۇش كەلدىڭىز» دەپلا، ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، 13-ئەسىرلەردە، ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت ۋە باشقا نۇرغۇن جەھەتلەردە ناھايىتى كۈچلۈك ۋاقىتىدا، تۈركلەر بىر مەزگىل «تۈرك مەدەنىيىتى» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «تۈرك ئۇيغۇرى» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن ئىكەن. يەنى، ئۇلار «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى «مەدەنىيەت» دېگەن مەنادا ئىشلەتكەن ئىكەن. قىسقىسى، تۈركلەر ئۇيغۇرلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىكەن. ئىنتايىن قەدىرلەيدىكەن.

ئەمدىكى گەپ، بىز ئۆز-ئۆزىمىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟ ئەگەر بىز ئۆز-ئۆزىمىزنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۆز-ئۆزىمىزنى قەدىرلەشنىڭ ئورنىغا ئۆز-ئۆزىمىزنى كەمسىتىدىغان بىر ئورۇنغا چۈشۈپ قالساق، ئۇ بىز ئۈچۈن بىر ناھايىتى چوڭ نومۇس. توغرا، «كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارە». ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىنى كۆرەلمىگەن مىللەت مەڭگۈ راۋاج تاپالمايدۇ. لېكىن، بۇ ئىشتا ئۇسۇلغا، پەيتىگە ۋە سورۇنغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر بىزنى باشقىلارمۇ ئەيىبلىسە، ئۆزىمىزمۇ ئەيىبلىسەك، ئۆزىمىزدە بار يوشۇرۇن كۈچكە، ئارتۇقچىلىققا ۋە ئۈستۈنلۈككە توغرا باھا بېرەلمىسەك، ئۇ ھالدا كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۈمىدسىزلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز. ئۇلاردا «قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە قانچىلىك ماڭساقمۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە نۇر يوقكەن» دېگەن ئىدىيىنى سىڭدۈرۈپ قويىمىز. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى پايدىسىز

يۈنىلىشتە پروگراممىلاپ قويىمىز. ئەجدادلىرىمىز بىزگە نېمىلەرنى قالدۇردى؟ بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى يېڭى ئەۋلادلىرىمىزغا نېمىلەرنى قالدۇرىمىز؟ بىز بۇ سوئاللار ئۈستىدە داۋاملىق ئويلىنىشىمىز كېرەك. بىز كېيىنكى ئەۋلادلارغا شۇنى چوقۇم بىلدۈرۈشىمىز كېرەككى، گەرچە سىز ھازىر نۇرغۇن پايدىسىز ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىۋاتقان بولسىڭىزمۇ، سىز يەنىلا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايسىز؛ سىز چىقالايدىغان پەللىنىڭ ئېگىزلىكىنى پەقەتلا سىز، كۆزلەشكە پېتىنالايدىغان غايىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن سىزنىڭ ئاشۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تۆلىيەلەيدىغان بەدىلىڭىزلا بەلگىلەيدۇ. ئەگەر سىز قاتتىق تىرىشسىڭىز، ئۆز بۇرچىڭىزغا ئۆزىڭىزنى تولۇق ئادا قىلسىڭىز، پەرزەنتلىرىڭىزگە ھەقىقىي تۈردە كۆيۈنسىڭىز، توختىماي ئىلگىرىلەشكە بەل باغلىسىڭىز، بۇ دۇنيادىكى ھەر قانداق قىيىن ئۆتكەللەرنى بۆسۈپ ئۆتەلەيسىز.

ئىقتىساد ئىلمىدە «ئېھتىياج ۋە بۇزغۇنچىلىق» دېگەن بىر ئۇقۇم بار بولۇپ، ئۇ «ئېھتىياج تەلتۆكۈس بۇزغۇنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەن بۇنىڭغا بىر مىسال كۆرسىتەي. ئالتە ئايدەك ۋاقىتنىڭ ئالدىدا ئامېرىكىدىكى ئاپتوموبىلغا ئىشلىتىدىغان بېنزىننىڭ باھاسى ناھايىتى ئۆرلەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشى ئۆزلىرىنىڭ مايىنى ناھايىتى جىق مىقداردا تەلەپ قىلىدىغان ماشىنىلىرىنى يوقاتتى. ئۇنداق ماشىنىسى يوقلار بولسا ئۇنداق ماشىنىلارنى ئېلىشنى ئاساسەن توختاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىدىكى سپورت ماشىنىلىرىنىڭ بازىرى پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى. ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى نۇرغۇن ياشلار قانچە ياخشى ئوقۇسىمۇ، قانچە تىرىشسىمۇ، ئادەتتىن تاشقىرى ئىقتىدار ۋە تالانتىنى نامايان قىلسىمۇ، ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت يوق، ئۇلار ئۈچۈن بىر جان بېقىش يولى يوق بولۇشتەك بىر ناچار تەقدىرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ياشلارنىڭ بەزىلىرى بۇنداق تەقدىرنى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ قالغانلىقىدىن كۆرۈۋاتىدۇ. مەن ھەر قېتىم مۇشۇ ئىشلارنى ئويلىغاندا، كاللامغا ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى ھايۋانلار كېلىدۇ. ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن ئۇ ھايۋانلارنى ناھايىتى ئاچ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ئازراق-ئازراقتىن يېمەك بېرىپ، ئۇ ھايۋانلارنى ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى ھايۋانلارنى ئويۇن كۆرسەتكۈزگەندىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئادەملەرگىمۇ ئىشلىشى مۇمكىن. مەن

بەزى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن «ئېھتىياج ۋە بۇزغۇنچىلىق» يۈز بېرىپ قالماسلىقىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. ھەر بىر ياشنىڭ بۇ ئۇقۇمنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

مەن يېقىنقى بىر قانچە يىلنىڭ مابەينىدە، «باشقىلار قىلالىغان ئىشنى ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايدۇ» دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلدىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەيلى جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ياكى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، بىز بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان قىيىن ئۆتكەللەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بىز بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان قىيىن تېررىتورىيىلەرگە بۆسۈپ كىرىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئەقىل-پاراستىنى ۋە ھەقىقىي يوشۇرۇن كۈچىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا مىسال بولالايدىغان بىر قىسىم ئادەم ۋە ئىشلارنى مەن يۇقىرىدا تەسۋىرلەپ ئۆتتۈم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەن بۇ يەردە دوكتور شۆھرەت مۇتەللىپنى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن. ئۇ توغرىلىق Biliwal.com تور بېتى مۇنداق خەۋەر بەردى.

نەقىل:

«شۆھرەت مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى تەتقىقات گۇرۇپپىسى ھۈجەيرىنى يادرو كۆچۈرۈش يېڭى تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ مايمۇننىڭ تۆرەلمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك كلونلاپ چىققان، شۇنداقلا كلونلانغان 20 تۆرەلمىدىن ئىككى تۈركۈم غول ھۈجەيرىنى يېتىشتۈرگەن. بۇ ئىنسانلارنىڭ مايمۇن تۈردىكىلەرنىڭ تۆرەلمىسىنى تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك كلونلاپ چىقىشى بولۇپ، ئىنسانلار تۆرەلمىسىنى كلونلاشقا قاراپ بېسىلغان يەنە بىر قەدەم ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 2007-يىل 11-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى «تەبىئەت» (Nature) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندا تېزلىكتە خەلقئارادا دىققەت قوزغىغان. بۇ زور نەتىجە ئامېرىكىنىڭ «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى باھالاپ چىققان 2007-يىلدىكى 10 چوڭ ئىلمىي بايقاشنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا تىزىلغان؛ ھەمدە «تەبىئەت» ژۇرنىلى، جۇڭگونىڭ «پەن-تېخنىكا گېزىتى» تەشكىللىگەن باھالاشتا 2007-يىلدىكى خەلقئارا 10 چوڭ پەن-تېخنىكا خەۋىرىنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان.»

دېمەك، ئۇيغۇرلار باشقىلار قىلالىغان ئىشلارنى چوقۇم قىلالايدۇ. باشقىلار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنىمۇ چوقۇم قىلالايدۇ. مەن ھازىردىن باشلاپ پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرىنىڭ، «ئۇيغۇرلار ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدۇ» دېگەن سۆزنى كۆڭلىگە مەھكەم پۈكۈپ ياشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.




مېڭە ھۈجەيرىسىنىڭ بىر-بىرى بىلەن تۇتىشىشى



ئىستانبۇل كوچىسىدا. 2008ـ10ـ4.




ئىستانبۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدا. 2008ـ10ـ4.



ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چوڭ ئىشىكى ئالدىدا. 2008ـ10ـ4.


The United States Military Academy

On behalf of the President of the United States of America,
the Admissions Committee of the United States Military Academy
takes great pleasure in announcing an

Offer of Admission

to

**Dilshat Erkin**

Class of 2011

Michael L. Jones
Colonel, US Army
Director of Admissions



دىلشات ئەركىنىنىڭ «ئامېرىكا قوشما شتاتىنىڭ غەربىي نۇقتىدىكى ھەربىي ئاكادېمىيىسى» گە قوبۇل قىلىنىش چاقىرىق قەغىزى.

# ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭە

2008 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى



مەن ئىمكانقەدەر كۆپرەك نەرسە ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن ئۆز كەسپىم بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق سېمىنارلارغىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قاتنىشىشنى ئۆزۈمگە ئادەت قىلىۋالغان بولۇپ، شاڭخەيدە ئوقۇغان بىر يىل، ياپوندا ئوقۇغان ئىككى يېرىم يىل، ۋە ئامېرىكىغا كەلگەندىن بۇيانقى 20 يىلنىڭ ھەممىسىدە بۇ ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. بولۇپمۇ مەن 2004-يىلى 1-ئايدا ھازىرقى ئىدارەمدىكى ئىشقا كىرگەندىن بۇيان، بۇرۇنقىغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغان، «كىشىلىك تەرەققىيات» (ئىنگلىزچە **personal development** ياكى «**personal growth**») قا ئائىت سېمىنارلارغىمۇ خېلى كۆپ كىرەلەيدىغان بولدۇم. بىزنىڭ ئىدارىدىكى سېمىنارلار ۋە ئىدارىدىكى ھەممەيلەن ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان يىغىنلارنىڭ ھەممىسى ئىدارىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قاتنىشىدىغان پائالىيەتلەر بولۇپ، مەن ئۆزۈمنىڭ قىزىقىشى بىلەن ئۇلارغا ئىمكانقەدەر تولۇق قاتنىشىشقا تىرىشىپ كەلدىم. يالغۇز 2008 - يىلى بىر يىلنىڭ ئىچىدىلا ئادەمنىڭ مېڭىسىگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سېمىنارلاردىن جەمئىي ئۈچىگە قاتناشتىم. ئىدارىمىزنىڭ بۇنداق سېمىنارلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەقسىتى پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ، ئىدارىمىزدىكى خادىملارنى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۇقىرى

كۆتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزى ئارزۇ قىلغان خىزمەت دەرىجىسىگە ئۆسۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

مەن ئالدىنقى ماقالەمدە «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش» ۋە مېڭە بىلەن بەدەننىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالدىم. مۇشۇ ئۇقۇملارغا ناھايىتى يېقىن بولغان يەنە بىر ئۇقۇم بار. ئۇ بولسىمۇ، ئادەملەرنىڭ مېڭىسىنىڭ ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭىدىن ئىبارەت ئىككى پارچىدىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. مېڭە ئىشلىتىش ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئادەملەرنى مۇنداق ئۈچ خىلدىكى ئادەملەرگە ئايرىش مۇمكىن: سول مېڭىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغانلار، ئوڭ مېڭىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغانلار، ۋە ئىككىلا مېڭىسىنى ئوخشاش دەرىجىدە ئىشلىتىدىغانلار. مەن بۇرۇن بۇ ھەقتە بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغان، بەزى نەرسىلەرنى ئوقۇغان بولساممۇ، ئۇلارغا دېگەندەك قېتىرقىنىپ دىققەت قىلىپ كەتمىگەن ئىكەنمەن. پەقەت يېقىندا تىلغا ئالغان ئۈچ سېمىنارلارغا قاتنىشىش ئارقىلىق مۇشۇ ھەقتە بىر قىسىم سىستېمىلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. ھەممە بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن، بوش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ، بىر ئاز ئىزدىنىپ، بىر قىسىم ماتېرىيال يىغدىم. مەن ھازىر ئۆزۈم ئىگىلىگەن بىلىملەر ئاساسىدا ئۆزۈمنىڭ مېڭە ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئاستا-ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدىم. ئۇشبۇ يازمامدا مەن ھازىرغىچە توپلىغان ماتېرىياللارغا ۋە ئىگىلىگەن بىر قىسىم بىلىملەرگە ئاساسەن، سول مېڭە بىلەن ئوڭ مېڭە توغرىسىدىكى ئاساسىي ئۇقۇملارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. مەن بىلىمەن، ئۇيغۇر دىيارىدىكى نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز ھازىر قانداق قىلىپ ئاچ قالماسلىق، يالىڭاچ قالماسلىق، ئۆيسىز قالماسلىق ئۈچۈن تىرىشىپ-تىرمىشىۋاتىدۇ. مىللەتنىڭ ئەڭ چوڭ غەم-قايغۇسى قانداق قىلىپ مىللىي مەۋجۇدلۇقنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭە ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ ھازىرچە بىر قىسىم كىشىلەرگە ئانچە كېرىكى بولماسلىقى تۇرغانلا گەپ. لېكىن، ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئاساسلىقى ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر، مەسىلەن، ئەمەل ئەھلى، ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، مائارىپچى، زىيالىي، تەتقىقاتچى، يازغۇچى، شائىر، ۋە كومپوزىتورلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ قېرىنداشلىرىمىز ئۆزىنى ئىلمىي ئاساستا قانچە تولۇق چۈشەنسە، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى شۇنچە ياخشى جارى

قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ سىستېمىلىق، تېخىمۇ ئىلمىي ۋە تېخىمۇ رەتلىك بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە بۇرۇنقىدىن ياخشىراق نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ نۇقتا ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم. ئادەم ياش ۋاقتىدا يەكۈنلەپ چىققان بەزى ئۇسۇل ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئۆمرىگە ناھايىتى زور پايدا ئېلىپ كېلىدۇ. ياخشى ئۇسۇلنى كۆپرەك بايقىغانلار مۇۋەپپەقىيەتكە ئاسانراق ۋە كۆپرەك ئېرىشىدۇ. مەسىلەن، مەن بىلۋال تور بېتى بىلەن ئۆتكۈزگەن يازما سۆھبەتنىڭ بىر يېرىدە، ئادەم بىر ئىشنى قىلىپ چارچىغاندا، ئۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز باشقا بىر ئىشنى قىلسا، يەنىلا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىدىم. ئۇشبۇ يازمىنى ئوقۇپ چىقسىڭىز، يۇقىرىقى ئىشنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايسىز. شۇڭا مەن ئۆز ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىدىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە پايدىلىنىشنى ئىستەيدىغان ھەر بىر قېرىندىشىمىزنىڭ بۇ يازمىنى كەم دېگەندە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئىنگلىزچىدا «intuition» دېگەن بىر سۆز بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنگلىزچە لۇغەتتىكى مەنىسى «ھېچقانداق ئىسپاتلاپ ھۆكۈم چىقىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەيلا، مەلۇم بىر پاكىت ياكى ھەقىقەت توغرىسىدا بىۋاسىتە ئېرىشكەن چۈشەنچە» ئىكەن. ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە ئىنتېرنېت لۇغىتى http://dict.yulghun.com دە بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ھېسسىي تۇيغۇ» دەپ چۈشەندۈرۈلۈپتۇ. مەن ئۇشبۇ يازمامدا «intuition» دېگەن مەنىدىكى سۆزنى خېلى كۆپ يەردە ئىشلىتىمەن. لېكىن ماڭا نىسبەتەن «ھېسسىي تۇيغۇ» دېگەن سۆز بۇ ئىنگلىزچە سۆزنىڭ مەنىسىنى دېگەندەك تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغاندەك تۇيۇلغان بولغاچقا، ھەر قېتىم «تۇيغۇ» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەندە، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى يېرىم بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا «intuition» نىڭ مەنىسىنى ياخشىراق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئۇيغۇرچە سۆزنى بىلىدىغان ئوقۇرمەنلەر بولسا ئۇنى ماڭا ئېلخەت ئارقىلىق دەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىنگلىزچە «insight» دېگەن سۆزمۇ ھەم شۇنداق. ئۇنىڭ ئىنگلىزچىدىكى مەنىسى «مەلۇم بىر شەيئىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى توغرىسىدا ھېسسىي تۇيغۇ (intuition) ئارقىلىق ھاسىل قىلغان چۈشەنچە» بولۇپ، يۇقىرىقى لۇغەتتە بولسا «پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى، نەزەر دائىرە،

كۆرگەن-بىلگىنى» دەپ چۈشەندۈرۈلۈپتۇ.
ئامېرىكىدا ئىنسان مېڭىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە يېزىلغان كىتابلارمۇ ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، دان پىنك (http://www.danpink.com) ئىسىملىك بىر مۇتەخەسسىس يازغان «بىر پۈتۈنلەي يېڭى قەلب» (ئىنگلىزچە « A whole new mind») دېگەن كىتاب بار بولۇپ، بۇگۈن مەن ئاشۇ كىتابنى www.amazon.com تور بېتىگە كىرگۈزۈپ باقسام، مۇشۇ كىتابتىكى مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىن 2،359 دانىسى تېپىلدى. ئامېرىكىدا بۇ ھەقتىكى مەخسۇس ئايلىق ژۇرناللارمۇ بار. ئۇنىڭ بىرسى «ئىلمىي ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆڭۈل ژۇرنىلى» (ئىنگلىزچە « Scientific American Magazine Mind» ، http://www.sciam.com/sciammind) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئامېرىكىدا مەخسۇس ئوڭ مېڭىنىڭ كۈچىدىن قانداق پايدىلىنىش، ۋە ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۇسۇللىرى دېگەندەك مەزمۇنلاردا ھەر خىل كەسپىي ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىغا تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان شىركەتلەرمۇ خېلى كۆپ ئىكەن. بىزنىڭ ئىدارىدە يۇقىرىقى ئۈچ سېمىنارلارنى ئېلىپ بارغانلارمۇ ئاشۇنداق شىركەتنىڭ ئادەملىرىدۇر.

## 1. ئىككى مېڭە، بىر بەدەن

كىشىلەر بىر بەدەندە ئىككى مېڭە بارلىقىنى ئەڭ ئالدى بىلەن بۇنىڭدىن 65 مىليون يىل ئىلگىرى ياشىغان دىنوزاۋر (ئىنگلىزچە «dinosaurs») دا بايقىغان. ئىنگلىزچە «Tyrannosaurus Rex» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دىنوزاۋر نىڭ بەدەن ئېغىرلىقى 4 توننىدىن 6 توننىغىچە كېلىدىغان بولۇپ، بۇنداق چوڭلۇقتىكى بەدەنگە بىر مېڭە كىچىكلىك قىلىدىغان بولغاچقا، ياراتقۇچىمىز بۇ دىنوزاۋرغا ئىككى مېڭە بەرگەن ئىكەن. ئۇنىڭ بىرسى دىنوزاۋرنىڭ بېشىدا بولۇپ، بۇ مېڭە كۆرۈش، ئاڭلاش ۋە تۇغۇش خۇسۇسىيىتى (ئىنگلىزچە «procreative instinct») قاتارلىق سېزىملەرنى باشقۇرىدىكەن. يەنە بىرسى دىنوزاۋرنىڭ قۇيرۇقىدا بولۇپ، بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۆتكىلىش ۋە تاسادىپىي ھادىسىلەرنى كونترول قىلىش ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن.



ياراتقۇچىمىز ئىنسانلارغا دىنوزاۋرنىڭكىگە ئوخشاش ئىككى مېڭە بەرمەي، پەقەت بىر مېڭە بېرىپ، بۇ بىر مېڭىنى ئىككىگە بولۇپ بەرگەن ئىكەن. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى سول يېرىم مېڭە بىلەن ئوڭ يېرىم مېڭىدىن ئىبارەت ئىككى پارچىغا بولۇنىدۇ. سول مېڭىنىڭ رەڭگى كۆكۈشرەك بولۇپ، ئوڭ مېڭىنىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ. سول مېڭە بىلەن ئوڭ مېڭىنىڭ ئىنچىكە تۈزۈلىشىدە بۇنىڭدىن باشقا پەرقلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ «ئاناتومىيىلىك سىممېترىك بولماسلىق»، دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنسان مېڭىسىنىڭ بۇ ئىككى پارچىسى پەقەت كۆرۈنۈش ۋە تۈزۈلۈشتىن بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولۇپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئويلاش ۋە بىلىش ئۇسۇلىمۇ بىر-بىرسىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىسىمۇ بىر-بىرىنىڭكىگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. بۇ «فۇنكسىيىدە سىممېترىك بولماسلىق»، دەپ ئاتىلىدۇ.



## 2. ئىككى مېڭىنىڭ ئوخشىمىغان فۇنكسىيىلىرى

كىشىلەر «مېڭە ئۈستۈنلۈكى نەزەرىيىسى» دېگەن ئىلىم ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقىنىغا ھازىر نەچچە ئون يىل بولدى. بۇ نەزەرىيىنى

ئىنگلىزچىدا «Brain dominance theory» دەپ ئاتايدۇ (مەن بۇ ساھەدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىشنى ئىستەيدىغانلارغا ئوڭايلىق بولسۇن ئۈچۈن بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىنگلىزچە ئاتىلىشىنىمۇ يېزىپ قويدۇم). بۇ ساھەدە ھازىرغىچە بايقالغان بىلىملەر مۇنداق بىر نەرسىنى ئىسپاتلاپ بەردى: ئىنسان مېڭىسىنىڭ



سول ۋە ئوڭ تەرىپىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمى ئوخشاش بولمىغان ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان رولنى ئۆتەيدۇ، ئوخشاش بولمىغان ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، ھەمدە ئوخشاش بولمىغان ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ. يەنى سول مېڭە بەكرەك لوگىكىلىققا ۋە سۆزلەرگە مايىل بولۇپ، ئوڭ مېڭە بولسا ھېسسىي تۇيغۇ بىلەن ئىجادكارلىق ۋە تەسەۋۋۇرغا باي كېلىدۇ. سول مېڭە گەپ-سۆزلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولۇپ، ئوڭ مېڭە بولسا سۈرئەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. سول مېڭە بىر نەرسىنىڭ پارچىلىرى ياكى بۆلەكلىرى توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولۇپ، ئوڭ مېڭە بولسا ئاشۇ پارچىلار ياكى بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن بىر پۈتۈنلۈك ھەمدە ئاشۇ پارچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئائىت ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. سول مېڭە بىر نەرسە ئۈستىدە ئانالىز ئېلىپ بارىدۇ، ۋە ياكى بىر نەرسىنى پارچىلايدۇ. ئوڭ مېڭە بولسا نەرسىلەرنىڭ بىرىكمىسى توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، ۋە ياكى بىر نەرسىنىڭ پارچىلىرىنى بىرلەشتۈرىدۇ. سول مېڭە بىر نەرسىنى ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپ بويىچە ئويلاشقا مايىل بولۇپ، ئوڭ مېڭە بولسا بىر نەرسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە بىرلا ۋاقىتتا ئويلاشقا مايىل بولىدۇ. سول مېڭە ۋاقىتقا باغلانغان بولۇپ، ئوڭ مېڭە بولسا ۋاقىتقا باغلانمىغان بولىدۇ.

سول مېڭە ئادەمنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى ئالاقىلىشىش پائالىيىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىرەر ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراشقا ئوخشاش سەۋەب تۈپەيلىدىن سول مېڭىسى زەخىملەنگەن ئادەمنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارى ئېغىر دەرىجىدە ناچارلىشىدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ ئېغىز ۋە قول ھەرىكىتىمۇ ئىنتايىن قىيىنلىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بولقا بىلەن مىخ قاقالماس بولۇپ قالىدۇ. ئوڭ مېڭە بولسا ئالاقىلىشىش بىلەن ئاساسەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، ئۇ تاشقى دۇنيادىن ئۇچۇر قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارنى ئانالىز قىلىشتىن ئىبارەت ئالاھىدە ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. شۇڭا ئوڭ مېڭىسى زەخىملەنگەن ئادەملەر ھەر خىل مۇزىكىلارنى پەرق ئېتەلمەيدىغان، باشقىلارنىڭ چىرايىنى تونۇيالمايدىغان، ئالدىدىكى نەرسىنى تاپالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئوڭ مېڭىنىڭ بىر قىسمى بىز ئاڭلىغان سۆزلەرنى چۈشىنىشىمىزگە مەسئۇل بولۇپ، يەنە بىر قىسمى بولسا بىزگە ئۆزىمىز كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. باشقا بىر قىسمى بولسا ئۆز ھەرىكىتىمىزنى پىلانلىشىمىزغا مەسئۇل بولىدۇ.

كىشىلەر مېڭىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىنى تەڭلا ئىشلىتىدىغان بولسىمۇ، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ مېڭىنىڭ بىر تەرىپىنى ئىشلىتىشى يەنە بىر تەرىپىنى ئىشلىتىشىگە قارىغاندا سەل كۆپرەك ياكى ئازراق بولىدۇ. مانا بۇ «مېڭە ئۈستۈنلۈكى نەزەرىيىسى» نىڭ ئاساسلىق ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. سۆزنى قىسقا ئېلىش ئۈچۈن، كىتاب ۋە ماقالىلەردە ئادەملەر بىر مېڭىسىنى يەنە بىر مېڭىسىگە قارىغاندا كۆپرەك ئىشلىتىدىغان ئادەملەرنى «سول مېڭىلىق» ۋە «ئوڭ مېڭىلىق» ئادەملەر، دەپ ئالىدۇ. ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ئادەملەر مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا بىر-بىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ. بۇنى بىز ئادەملەرنىڭ ئەقىل-پاراستى، دەپ ئاتايمىز. ئادەملەر ئەقىل-پاراسەت جەھەتتىلا ئەمەس، ئىقتىدارىنىڭ نامايەندىسى جەھەتتىمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. بەزى ئادەملەر گەپ-سۆزلەردىن تەشكىل تاپقان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ناھايىتى قادىر بولسا، يەنە بەزىلەر ئەمەلىيەتتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان نەرسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا قادىر كېلىدۇ. مانا بۇلار ئۇلارنىڭ سول مېڭىلىق ياكى ئوڭ مېڭىلىق بولۇشىدىن كېلىپ چىققان ئەھۋاللاردۇر.

سول مېڭىلىق ئادەملەرنىڭ مىساللىرىدىن ئادۋوكات، بوغالتىر ۋە ئىنژېنېر قاتارلىقلار بار. ئوڭ مېڭىلىق ئادەملەرنىڭ مىساللىرىدىن بولسا كەشپىياتچىلار، ئارتىس بىلەن مۇزىكانتلار ۋە مەسلىھەتچىلەر بار.

ئەسلىدە ھەر بىر ئادەم مېڭە ئىشلەتكەندە، مېڭىنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە ئاسانلا ئۆتەلەيدىغان بولسا ئەڭ ياخشى بولغان بولاتتى. لېكىن، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز مېڭىسىدىكى ئۇستۇنلۇكتە تۇرىدىغان تەرىپىدە بىردىن «راھەت رايونى» بار بولۇپ، ھەر بىر ئەھۋالنى مېڭىسىنىڭ ئۆزى ياخشىراق كۆرىدىغان بىر تەرىپىدە بىر تەرەپ قىلىدۇ. بولقا ئىشلىتىشكە ناھايىتى ئۇستا بىر ئادەم ھەممە نەرسىلەرنى بىر تال مىخقا ئوخشىتىپ ئويلايدۇ. موزدۇز ئۇستام ھەممە نەرسىلەرنى بىر جۈپ ئاياغقا ئوخشىتىپ ئويلايدۇ. ماشىنا رېمونت قىلىشقا ناھايىتى ئامراق ۋە ناھايىتى ئۇستا بىر مېخانىك ھەممە نەرسىلەرنى بىر ماشىنىغا ئوخشىتىپ ئويلايدۇ. قىسقىسى، ئوڭ مېڭىلىك كىشىلەر بىلەن سول مېڭىلىك كىشىلەر شەيئىلەرگە ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن قارايدۇ. ئۆز مېڭىسىنىڭ مەلۇم بىر «راھەت رايونى»نىلا ئىشلىتىپ، باشقا قىسمىنى ئىشلىتىشكە زادىلا ئىنتىلمەيدىغان كىشىلەرنى مېڭە ئىشلىتىش جەھەتتىكى «ھورۇن كىشىلەر» دەپ ئاتاش مۇمكىن.

بىز بىر سول مېڭە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن دۇنيادا ياشايمىز. بۇ دۇنيادا گەپ ـ سۆز، ئۆلچەم ۋە لوگىكىلار ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئىجادچانلىقى، كۆڭۈل تۇيغۇسى، سېزىمى ۋە سەنئەتچىلىكى قاتارلىق يەنە بىر تەرىپى ئىككىنچى بىر ئورۇنغا قويۇلغان. مەسىلەن، 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق كىشىلەر ئوڭ قوللۇق بولىدۇ. ئوڭ قولنىڭ ئۇششاق ھەرىكىتى سول مېڭىنىڭ پائالىيىتى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. سول قولنىڭ ئۇششاق ھەرىكىتى بولسا ئوڭ مېڭە ئارقىلىق كونترول قىلىنىدۇ. سول مېڭە كىشىلەر ياخشىراق كۆرىدىغان ئوڭ قولنى كونترول قىلغانلىقى، ھەمدە سۆزلەشنىمۇ بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئالىملار «سول مېڭە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان. دەسلەپكى بىر مەزگىل ۋاقىتتا، كىشىلەر سول ـ قوللۇق ئادەمنىڭ مېڭە ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئوڭ ـ قوللۇق ئادەمنىڭكى بىلەن قارمۇ ـ قارشى بولىدۇ، دەپ قارىغان. لېكىن، كېيىنچە سول قوللۇق ئادەملەرنىڭ تەگدىن تولىسى سۆزلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا يەنىلا سول مېڭىگە تايىنىدىغانلىقى بايقالغان. سۆزلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىن باشقا ئىشلاردا سول ـ قوللۇقلار بىلەن ئوڭ ـ قوللۇقلارنىڭ مېڭىسىدە قانداق پەرقلەرنىڭ بارلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقات ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ قايسى مېڭىسى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى شۇ ئادەمنىڭ گېنى بىلەن پسىخولوگىيىلىك ماسلىششى كەلتۇرۇپ چىقارغان بولىدۇ. ھەمدە بىر ئادەمنىڭ قايسى مېڭىسىنىڭ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىشى شۇ ئادەمنىڭ ئويلاش ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئويلاش ئۇسۇلى بولسا، شۇ ئادەمنىڭ ماھارىتى، بىر ئالاھىدە خىلدىكى بىلىملەرنى توپلاشقا بولغان ھەۋىسى بىلەن ئىقتىدارى، ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئىش بېجىرىش سۈپىتى، ھەمدە شۇ ئادەمنىڭ باشقا ئادەم، پۇل، ماددىي مال-مۈلكى، تەبىئەت، ھەمدە ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان باشقا بارلىق نەرسىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر مېڭىنىڭ ئىقتىدارى يەنە بىر مېڭىنىڭ بەدىلىگە تەرەققىي قىلىدۇ. يەنى، بىزنىڭ ئوڭ مېڭىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىغا تايىنىپ ھەقىقەت ۋە پاكىتلار توغرىسىدا توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئىقتىدارىمىزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بۇ ئىنسانلار ئۈچۈن بىر ناھايىتى پايدىسىز ئەھۋالدۇر.

## 3. شائىرلارنىڭ مېڭە ئىشلىتىش ئۇسۇلى

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا مېڭىنىڭ ئىككى پارچىسى ناھايىتى مەدەنىيەتلىك تام قوشنىلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلار داۋاملىق ئوتتۇرا تامدىن بىر ئامال قىلىپ ئۆتۈپ، يەنە بىر تەرەپ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرىدۇ. تۆۋەندە مەن ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان ئىشلار توغرىسىدا بىر قانچە مىسال كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. ئوقۇغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار خېلى كۆپ. شۇنداق بولغاچقا، مەن گەپنى ئالدى بىلەن شائىرلاردىن باشلاي. كۆپىنچە كىشىلەر شېئىر يېزىش مېڭىنىڭ پەقەت بىر تەرىپىنىلا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بىر پارچە شېئىر يېزىش جەريانى تۆۋەندىكىدەك مېڭە ئىشلىتىش باسقۇچلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

(1) شائىر ئالدى بىلەن ئوڭ مېڭىسىنىڭ كۈچى بىلەن بىر خىل ئىلھامغا ۋە بىر قىسىم ئوي-پىكىرگە ئىگە بولىدۇ.

(2) ئىشنى سول مېڭىگە يۆتكەپ، تاپقان ئوي-پىكىرلەرنى رەتلەپ، بىر قەغەزگە ياكى كومپيۇتېرغا يازىدۇ.

(3) ئىشنى ئوڭ مېڭىگە يۆتكەپ، شېئىرنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى

ئىنچىكىلىك بىلەن تۈزىتىپ چىقىدۇ.

(4) شېئىرنى ئېلان قىلىپ بېرىدىغانلارنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىش ئۈچۈن، ئىشنى سول مېڭىگە يۆتكەيدۇ.

(5) تەنقىدچىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئوي-پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئوڭ مېڭىگە يۆتكەيدۇ.

(6) ئۆزىگە هۇجۇم قىلغانلاردىن ئۆچ ئېلىش پىلانىنى تۈزۈش ۋە ئۇسۇلىنى تېپىش ئۈچۈن، ئىشنى يەنە سول مېڭىگە يۆتكەيدۇ.

ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئارىسىدا «ئەگەر يېزىلغان بىر ئەسەرنى بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشاتساق، هېسسىيات بىلەن ئىلهامنى ئۇنىڭ يىلتىزىغا ئوخشىتىش مۇمكىن» دېگەن سۆز بار. بۇ يەردىكى «هېسسىيات بىلەن ئىلهام» نەدىن كېلىدۇ، بىلەمسىز؟ ئۇلار يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگەندەك ئوڭ مېڭىدىن كېلىدۇ. ئادەتتە سىزگە قاتتىق تەسىر قىلىدىغان بىر ئىش يۈز بەرگەندە، سىزنىڭ ئوڭ مېڭىڭىز ئەڭ ئاكتىپ بىر هالەتكە كېلىدۇ. بۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە مۇنداق بىر ئەهۋالنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ: سىزنىڭ بىر ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىڭىز تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن سىز ئۇ كىشى توغرىسىدا بىر ئەسلىمە يازماقچى بولدىڭىز. ئەگەر سىز بۇ ئەسلىمىنى ئۇ كىشى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنكى بىر هەپتە ئىچىدە يازسىڭىز، ئۇنى بىر يىلدىن كېيىن يازغانغا قارىغاندا هەممە جەهەتتە جىق ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشىسىز. ئۆتكەن هەپتە مېنىڭ بىر خىزمەتدىشىم ئىشخانامغا مېنى ئىزدەپ كېلىپتۇ. ئۇ 2008-يىلى 11-ئاينىڭ «دۇنيا رومان يېزىش ئېيى» ئىكەنلىكىنى، ئۆزىمۇ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىۋاتقانلىقىنى، شەهەرلەر ئارا رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن، لوس ئانژېلىس يازغۇچىلار گۇرۇپپىسى تېخىمۇ كۆپ يازغۇچىلارغا موهتاج ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەگەر مەن بىلىدىغان يازغۇچىلار بولسا ئۇلارنىڭغا دەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. بۇ پائالىيەتنىڭ بىر مەخسۇس تور بېتى بار ئىكەن: http://www.nanowrimo.org ، هەممىدە هازىرغىچە قايسى شەهەرنىڭ گۇرۇپپىسى رومانىنى ئەڭ كۆپ يازغانلىقىنى مۇنۇ تور بېتىدىن كۆرگىلى بولىدىكەن: http://www.nanowrimo.org/eng/wordcount_stats. مەن پاراڭلار ئارا ئۇنىڭغا سول-مېڭە بىلەن ئوڭ-مېڭىنىڭ گېپىنى قىلسام، ئۇ «بۇ ئىشنى بىز هەممىمىز بىلىمىز: ئادەم ئوڭ مېڭىسىدە ئويلاپ، سول مېڭىسىدە يازىدۇ» دېدى. دېمەك، ئامېرىكىدىكى يازغۇچىلار ئۈچۈن بۇ ئۇقۇم

ئانچە يات نەرسە ئەمەس ئىكەن. مەن قانداق قىلىپ ئوك مېڭىنى ئىشقا سېلىش، قانداق قىلىپ ئىلھام بىلەن ھېسسىياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش توغرىسىدا مۇشۇ يازمىنىڭ ئاخىرىدا ئازراق توختىلىمەن.

مەن ھازىرغىچە ئۆز يازمىلىرىمدا مۇرەككەپ ياكى ئابستراكت ئۇقۇملارنى بىرەر مىسال ياكى ۋەقە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ شەكىلنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۆزۈم ئىزچىل تۇردە ھېس قىلىپ كەلگەن ئىدىم. لېكىن، ئۇنىڭ نېمىشقا ئاشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ھازىرغىچە بىلمىگەن ئىدىم. ئەسلىدە كىتاب ـ ماقالە ئوقۇش سول مېڭىنىڭ پائالىيىتى بولۇپ، ئەگەر يازغان نەرسە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوي ـ پىكىر يۈرگۈزۈشىنى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سول مېڭىدىن ئوڭ مېڭىگە يۆتكەشكە مەجبۇرلىسا، ئۇ نەرسە ئوقۇرمەنلەرنى تېخىمۇ بەك قىزىقتۇرىدىغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇغان ماتېرىياللارنى چۈشىنىشىمۇ كۆپ ئاسان بولىدىكەن. يەنى يازغان نەرسىنىڭ ئىچىدىكى لوگىكا، ئانالىز ۋە سان ـ سىپىر ھېسسىيات، كەيپىيات، ئوخشىتىش، مۇبالىغە، چاقچاق، قىزىق پاراڭلار بىلەن ئارىلىشىپ كەلسە، ھەمدە پۇراق، تەم، ئاۋاز، شەكىل ۋە كۆرۈنۈش بىلەن باغلىنىشلىق بولغان نەرسىلەر بىلەنمۇ ئارىلىشىپ كەلسە، ئوقۇرمەنلەر ئېرىشەلەيدىغان ئۇنۇم كۆپ ياخشى بولىدىكەن. ئادەتتە بىر ئادەم قىزىقارلىق بولمىغان بىر نەرسىنى ئوقۇغاندا، ياكى ئوخشاش بىر ماتېرىيالنى ئۇزۇن ۋاقىت ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ خىيالى ئاسانلا باشقا ياققا ئۇچۇپ كېتىپ، ئوقۇۋاتقان نەرسىدە نېمە دېيىلىۋاتقانلىقىغا ئەگىشىپ ماڭالماي قالىدۇ. بۇ سول مېڭىنىڭ ھەرپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، سىز ھەر بىر پاراگرافنى ئوقۇپ بولغاندا ئۆزىڭىزنى توختىتىپ، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ، ئۆز كۆڭلىڭىزدە بۇ جۈملە ياكى پاراگرافتا نېمىلەر دېيىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىكى قايسى مەزمۇن سىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ۋە ئۇنىڭدىكى قايسى جۈملىلەرنى ئېسىڭىزدە ساقلىۋالسىڭىز بولىدىغانلىقىنى بىر قېتىم ئويلىۋېتىڭ. بۇ سىزنىڭ ئوڭ مېڭىڭىزنىڭ پائالىيىتى بولۇپ، مۇشۇنداق قىلىپ ماڭسىڭىز ئوقۇغان نەرسىڭىزدىن ناھايىتى ياخشى پايدىلىنالايسىز.

## 4. يېگىلىق يارىتىشچانلىق بىلەن ئوڭ ـ سول مېڭىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى




شائىرلارنىڭ سانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلار ئىچىدە كەشپىياتچىلار ۋە يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنىڭ سانى بىر قەدەر ئاز. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنىڭ كۆپلەپ چىقىشىغا پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن، مەن بۇ يەردە بىر مىسال ئېلىپ ئۆتەي. يېڭىلىق يارىتىشمۇ ئىككى مېڭىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىش بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر يېڭىلىق يارىتىشچانلىقنىڭ مۇنداق بەش باسقۇچىنى تېپىپ چىققان.

(1) تەييارلىق قىلىش (سول مېڭە پائالىيىتى): ئۇچۇر يىغىش، چوڭ مەسىلىلەرنى تېپىش، مەسىلىلەرگە ئېنىقلىما بېرىش، ۋە يەتمەكچى بولغان مەقسەتنى ئېنىقلاپ چىقىش.

(2) زېھىن بىلەن ھەرىكەتنى بىر ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈش (سول مېڭە پائالىيىتى): ئۆز-ئۆزىڭىزگە تۈزۈم بېكىتىپ، قىلىۋاتقان ئىشىڭىزغا دەخلى يەتكۈزىدىغان ھەممە نەرسىلەرنى يوقىتىش، ھەمدە ھازىر دەرھال قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلارغا ئۆزىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈش.

(3) پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشقا ئاتلىنىش (ئوڭ مېڭە پائالىيىتى): قوشۇمچە ئەس-ھوشنى ئىشقا سېلىپ، يىغقان نەرسىلەرنى بىرلەشتۈرۈش، ۋە يىغقان پارچىلارنى توغرا تەرتىپ بىلەن قۇراشتۇرۇش.

(4) تاسادىپىي ياكى تۇيۇقسىز ھاسىل بولغان چۈشەنچىدىن (insight) پايدىلىنىش (ئوڭ مېڭە پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىدە، ئادەم بەزىدە بۇرۇن ئويلىمىغان ياكى ئۈمىد قىلمىغان بىر چۈشەنچە ياكى ئىدىيە ھاسىل قىلىدۇ. كۆرۈنۈش، ئاۋاز، ۋە بىر ئەمىلى نەرسە توغرىسىدا بىۋاسىتە ئىگە بولغان چۈشەنچىلەرنى مۇتەخەسسىسلەرچە بىرلەشتۈرۈپ، قىلماقچى بولغان ئىشى توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى بىر يۇقىرى پەللىگە

كۆتۈرۈش.

(5) باھالاش (سول مېڭە پائالىيىتى): بارلىق ئامىللار ئۈستىدە ئانالىز يۈرگۈزۈپ، بۇ بىر ئۇقۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولامدۇ-يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بىر ئومۇمىيۈزلۈك باھالاش ئېلىپ بېرىش. ھەممە بۇنىڭدىن كېيىن ئىش ئېلىپ بارىدىغان قەدەم-باسقۇچلارنى پىلانلاپ چىقىش.

يېڭى نەرسە ئىجات قىلىش جەريانى ئۈچۈن ئىنگلىزچىدىكى «intuition» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدىكى «ھېسسىي تۇيغۇ» بىلەن «insight» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدىكى «چۈشەنچە» ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ نەرسىلەر ئادەمنىڭ كاللىسىغا خۇددى بىر نۇر چاقنىغاندەك ئۇشتۇمتۇت ۋە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە پەيدا بولۇپ، يەنە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئادەمنىڭ كاللىسىدىن غايىب بولىدۇ. مەسىلەن، مۇنچىغا چۈشۈۋاتقاندا، ئاياق يېپىنى باغلاۋاتقاندا، ساقال ئېلىۋاتقاندا، ماشىنا ھەيدەۋاتقاندا، ۋە ياكى ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ياكى يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپ يېرىم ئۇيقۇلۇق ھالەتتە تۇرغاندا. بۇنىڭ سەۋەبى، ھېسسىي تۇيغۇ ئوڭ مېڭىنىڭ ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان بولۇپ، ئوڭ مېڭە ئادەم بەدىنى ئەڭ راھەت، ئەڭ بېسىمسىز ھالەتتە تۇرغاندا ئەڭ ياخشى ئىشلەيدۇ. بۇ خىلدىكى ھېسسىي تۇيغۇ كۆپىنچە ۋاقىتتا ئاساسسىز ۋە ئانچە قاملاشمىغاندەك تۇيۇلىدىغان بولغاچقا، سول مېڭە بۇنداق تۇيغۇغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى چىقىپ، ئۇنى باستۇرۇپ قويۇشقا تىرىشىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئاشۇنداق ھېسسىي تۇيغۇلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بولۇپ، ئۇلارنى ھەرگىز كۆڭۈلىڭىزدىن قاچۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشىڭ.

## 5. چۈشتىن پايدىلىنىپ مەسلىنى بىر تەرەپ قىلىش

ئەگەر چۈشىڭىزنى توغرا ئۆرۈشنى بىلسىڭىز، چۈشىڭىز بەزى چاغلاردا بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرەلەيدۇ. ئادەمنىڭ چۈشى لوگىكا ۋە ئەمەلىيەتكە ھېچقانداق چېتىشلىقى بولمىغان ھالەتتىكى كۆرۈنۈش، ھېسسىيات ۋە سۈرەتلەشلەرگە ئىنتايىن باي بولىدۇ. ئالىملارنىڭ ئېنىقلىشىچە، ئادەم چۈش كۆرگەندە ئاساسلىقى ئوڭ مېڭە ئىشلەيدىكەن. ئوڭ مېڭە تەسەۋۋۇرغا ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا باي بولغاچقا، ئەگەر سىز كۆرگەن

چۈشلىرىڭىزنى ئوبدان خاتىرىلەپ ماڭسىڭىز، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن بەزى بىر سوئاللىرىڭىزغا چۈشىڭىز ئارقىلىق جاۋاب تاپالايسىز. شۇڭا سىز ھەر كۈنى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپلا بىرىنچى بولۇپ چۈشىڭىزنى ۋە كاللىڭىزغا كەلگەن باشقا بارلىق نەرسىلەرنى خاتىرىلىۋېلىشقا ئۆرۈنۈپ بېقىڭ. شۇ ئارقىلىق سىز ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ-سېزىمىڭىزدە ساقلىنىۋاتقان مۇھىم ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايسىز.

## 6. سىز سول مېڭىلىك ئادەم تۇرۇگە كىرەمسىز ياكى ئوڭ مېڭىلىقمۇ؟

ئەگەر سىز سول مېڭىلىك بولسىڭىز، مۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىسىز:

- ھەممە نەرسىنى ئانالىز قىلىسىز، ھەمدە يېڭى بىر ئىدىيىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ئۇ ئىدىيىنىڭ توغرىلىغىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىسپات تەلەپ قىلىسىز.
- مۇقىملىق بىلەن تەرتىپلىكنى ساقلايسىز.
- قانۇن-تۈزۈم بويىچە ئىش قىلىشنى خالايسىز، ھەمدە تۈزۈلمىگە ماسلىشىسىز.
- ئۆزلۈكىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن قارارلارنى ئانچە ياقتۇرمايسىز.
- ۋاقتىڭىزنى پىلانلاشنى ياخشى كۆرىسىز.
- تەۋەككۈلچىلىك قىلىشنى ياخشى كۆرمەيسىز.
- ئەگەر بىر ئەھۋال توغرىسىدا قارار چىقارماقچى بولسىڭىز، ئۇ ئەھۋالنى ئىنتايىن كۆپ ئانالىز قىلىسىز. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئەھۋال توغرىسىدا قارار چىقىرىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.
- باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقاندا، سىز زېھنىڭىزنى ئىشلىتىلگەن سۆزلۈكلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، سۆزنىڭ تەلەپپۇزىغا ياكى ئىشارىتىگە كۆڭۈل بۆلمەيسىز.
- ماتېماتىكىدا گېئومېتىرىيىگە قارىغاندا ئالگېبرانى ياخشىراق كۆرىسىز، باشقىلار بىلەن ئوينىغاندا كۆڭۈل ئېچىشقا قارىغاندا رىقابەتلىشىش ئىدىيىڭىز كۈچلۈكرەك بولىدۇ.
- يەتمەكچى بولغان ئېنىق نىشانىڭىز بار بولىدۇ.

ئەگەر سىز ئوڭ مېڭىلىك بولسىڭىز، مۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىسىز:

- تەسەۋۋۇرغا باي بولىسىز.
- پەرەز ۋە مۇنتىزىم بولمىغان ھېسسىيات بويىچە ئىش كۆرىسىز.
- ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ئىسپات تەلەپ قىلمايلا يېڭى ئىدىيىنى قوبۇل قىلىۋېرىسىز.
- يېڭىلىقنى ھەممە بارلىق غەيرىي نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىسىز.
- پىلانلىق ئىش قىلىش ئەمەس ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ئىش قىلىشقا ئامراق كېلىسىز.
- بىر ئىش قىلغاندا كۆپ ئويلانمايلا قارار چىقىرىۋېرىسىز، بىر ئىشنى «مېنىڭ كۆڭلۈم تارتتى» دېگەن سەۋەب بىلەنلا قىلىۋېرىسىز.
- تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا ئامراق كېلىسىز.
- باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندا، ئۇلارنىڭ بەدەن ھەرىكىتىگە، ھېسسىي تەلەپپۇزىغا ۋە باشقا ئىنچىكە كۆرسەتمىلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىسىز.
- ئۇچۇر قوبۇل قىلغاندا زېھنىڭىزنى ئۇنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا مەركەزلەشتۈرىسىز.
- سول كۆزلۈك كېلىسىز (خۇددى ئوڭ - قوللۇق ۋە سول - قوللۇق ئادەم بولغىنىدەك، ئادەملەر سول كۆزلۈك ۋە ئوڭ كۆزلۈك دەپمۇ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئەگەر ئىنگلىزچە بىلسىڭىز، ھەممە بۇ ساھەدە كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشنى ئىستىسىڭىز، http://www.sciencedaily.com/releases/2007/03/070323135954.htm نى كۆرۈپ بېقىڭ).
- ماتېماتىكىدا ئالگېبراغا قارىغاندا گېئومېترىيىنى ياخشىراق كۆرىسىز.
- رىقابەتتىن قورقىسىز.
- سىزنى قانچە ئەركىن قويۇۋەتسە، ئىشنى شۇنچە ئۈنۈملۈك قىلىسىز.
- ئويۇننى ھېچ بىر مەقسىتىڭىز يوق ھالدا پەقەت كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا ئوينايسىز.

### 7. ئوڭ مېڭىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا سېلىشنىڭ ئىككى ئۇسۇلى

ئەگەر بىز مېڭىمىزنىڭ بىر يېرىمى يەنە بىر يېرىمىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقى نەزەرىيىسىنى قوبۇل قىلساق، ئۆزىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرغا باي بولغان ئوڭ مېڭىمىزدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىمىز ئۆز ھاياتىمىزنىڭ قانداق بولۇشىغا نەقەدەر زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. ئوڭ مېڭىمىزنىڭ ئىقتىدارىنى قانچە تولۇق ئىشقا سالالىساق، ۋاقىت ۋە ھازىرقى ئەھۋاللارنى شۇنچە مۇكەممەل كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، شۇنچە مۇكەممەل بىرلەشتۈرۈپ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالدىغا شۇنچە ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، بىز كەلگۈسىدە نېمە قىلماقچى ۋە نېمە بولماقچى ئىكەنلىكىمىز توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئەھۋالنى شۇنچە توغرا پەرەز قىلالايمىز. تۆۋەندە مەن ئوڭ مېڭىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا سېلىشنىڭ ئىككى ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

#### 1) نەزەر دائىرىنى كەڭ تۇتۇش

بىز بەزىدە بىر كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن سول مېڭە مۇھىتى ۋە ئويلاش شەكىللىرىدىن چىقىپ كېتىپ، ئوڭ مېڭە مۇھىتىغا كىرىپ قالىمىز. مەسىلەن، بىر سۆيۈملۈك كىشىمىزنىڭ ۋاپات بولۇشى، بىر ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇشىمىز، بىر ئىقتىسادىي زىيانغا دۇچ كېلىشىمىز، ياكى بىر قاتتىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشىمىز بىزنى ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ، ئۆز ھاياتىمىز ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئۆزىمىزدىن مۇنداق قىيىن سوئاللارنى سوراشقا مەجبۇرلايدۇ: «مەن ئۈچۈن زادى نېمە ئەڭ مۇھىم؟» ، «مەن ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن؟»

ئەمما، ئەگەر سىز تەشەببۇسكار (ئىنگلىزچە «proactive») بولسىڭىز، سىز مەلۇم بىر كۈتمىگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋال يۈز بېرىپ، ئوڭ مېڭىڭىزنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشىنى ساقلاپ تۇرمايلا، ئوڭ مېڭىڭىزنى ئۆزىڭىز ئاڭلىق ھالدا ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيسىز. بۇنىڭ بىر ئۇسۇلى ئۆزىڭىزنىڭ تەسەۋۋۇرچانلىقىنىڭ كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىش. مەسىلەن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ماتەم مۇراسىمىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ، ھەمدە باشقىلار سىزنىڭ ماتەم مۇراسىمىڭىزدا ئوقۇيدىغان سىزنىڭ مەدھىيە سۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز تەپسىلىي يېزىپ بېقىڭ. ئاندىن «مۇشۇ مەن ئىستىگەن ھاياتلىق شۇمۇ؟» دەپ چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىڭ. ئەگەر سىز پەقەت يەنە بىر يىللا ياشىيالايدىغان بولسىڭىز، سىز بۇ بىر يىلنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىڭىز

توغرىسىدا بىر پىلان تۈزۈپ بېقىڭ.

ئوڭ مېڭىڭىزنى ئاڭلىق ھالدا ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى، سىز توي قىلغىنىڭىزغا 25 يىل بولغان ۋە 50 يىل بولغان خاتىرە كۈنىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈش. بولسا بۇنى خانىمىڭىز ياكى ئېرىڭىز بىلەن بىرلىكتە قىلىڭ. ئاشۇ 25 ياكى 50 يىل جەريانىدىكى ھەر بىر كۈندە سىز ئائىلە مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەر ئاققۇزۇپ ئېرىشمەكچى بولغان ئەھۋاللارنى تولۇق تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

سىز ھازىرقى كەسپىڭىز بىلەن شۇغۇللىنىپ، پېنسىيە يېشىغا توشقان ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. سىز ئۆز كەسپىڭىزدە قانداق تۆھپىلەرنى يارىتىشنى، قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىستەيسىز؟ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن نېمە قىلماقچى؟

سىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سىزنىڭ مىللىتىڭىز، سىزنىڭ خەلقىڭىز سىزنى قايسى تەرىقىدە ئەستە ساقلىشنى ئىستەيسىز؟ ئۇلار سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى قايسى شەكىلدە خاتىرىلىشنى ئارزۇ قىلىسىز؟ سىز ئۈچۈن خەلقىڭىز كەلگۈسىدە ئۆز پەرزەنتلىرىنى سىزنىڭ قەبرىڭىزگە ئاپىرىپ، قەبرىڭىزگە گۈل قويۇپ خاتىرىلەپ كەلگىنى مۇھىممۇ، ياكى ئۇلار سىزنىڭ ئانا تىلنىڭ بۈگۈنكىدەك بىر يوقاپ كېتىش تەھدىتى ئاستىدا قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇشتەك تارىخىي جىنايىتىڭىز ئۈچۈن پەرزەنتلىرىنى قەبرىڭىزنىڭ ئۈستىگە تەرەت قىلدۇرۇپ قايتىپ كەلسىمۇ مەيلىمۇ؟

يۇقىرىقى ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا ئىمكانقەدەر ئوي-پىكرىڭىز كەڭ-كۆلەملىك بولسۇن، مەزمۇن كونكرېت بولسۇن، ھېسسىيات كۆپرەك بولسۇن، پايدىلانغان سېزىمىڭىزنىڭ تۈرلىرىمۇ ئىمكان قەدەر كۆپرەك بولسۇن. سىز بۇ ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىڭىزنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز. سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن نېمە ئەڭ مۇھىملىقى، ئۆزىڭىزنىڭ نېمە بولماقچى ۋە نېمە ئىشلارنى قىلماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى تەلتۆكۈس ئېنىقلاپ چىقىشقا ئىنتىلگەن ۋاقتىڭىزدا، ئۆزىڭىزنى ۋە باشقىلارنى قاتتىق ھۆرمەتلەيدىغان بولىسىز. قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى بۈگۈن ۋە ئەتىنىڭ

دائىرىسى ئىچىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن جىق كەڭ بولغان بىر دائىرە ئىچىدە ئويلايدىغان بولىسىز.

### 2) تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش

ئىنگلىزچىدا «شەخسىي رەھبەرلىك ئىقتىدارى» ياكى «شەخسىي لىدېرلىق ئىقتىدارى» دېگەن بىر ئۇقۇم بار. بۇ خىل ئىقتىدارغا ئىگە كىشىلەر ھەرگىز بىر ۋاراق قەغەزگە ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات پىلانىنى (ئىنگلىزچىدا بۇ يەردىكى «پىلان»نى «mission statement» دەيدىغان بولۇپ، مەن بۇ يەردە «mission statement»گە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا ئۇيغۇرچە سۆز تاپالماي قالدىم) يېزىپ چىقىش بىلەنلا بولدى قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى بىلەن ئۆز قىممىتىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشلارغا توغرىلايدۇ. ئەگەر سىز مۇشۇنداق ياشاش يولىنى تاللىغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆمۈرلۈك پىلانىڭىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، توختىماي ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ مېڭىشىڭىزدا، سىزنىڭ كۈچلۈك ئوتى مېڭىڭىز سىزگە ناھايىتى زور ياردەم قىلالايدۇ.

مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى بىر-ئىككى يازمىسىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىدەك، مەن تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئوقۇشنى ئەڭ ئاخىرقى پەللىگىچە ئوقۇش، ئۆزۈمنىڭ ئىقتىسادىي تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە بىر بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ چىقىشنى ئۆزۈمنىڭ ھاياتلىق پىلانى قىلىپ تۇرغۇزدۇم. ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن بولسا بۇ ئۈچ پىلانغا «باشقىلار قىلالىغان ئىشنى ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايدۇ» دېگەننى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت يەنە بىر پىلاننى قوشتۇم. شۇنىڭدىن تارتىپ مەن ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىشلارنى ئاشۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىقمۇ-ئەمەسمۇ، دېگەن ئاساستا تاللىدىم. ئادەم ياش ۋاقتىدا ھەۋەسلىنىپ قىلىدىغان ئىشلاردىن ئاساسەن ۋاز كەچتىم. ئۆزۈمنىڭ كەسپىي ئوقۇشى، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشى ۋە ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىشمنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن ياخشى ئىشلىدىم. «ئادەم جاپا-چەككەنگە ۋە قاتتىق ئىشلىگەنگە ئۆلۈپ قالمايدۇ» دېگەن سۆزنى باشتىن-ئاخىر ئۆزۈمنىڭ روھىي يۆلەنچۈكى قىلىپ، ھەر كۈنى 12 سائەتتىن 16 سائەتكىچە ئىشلىدىم. مەن بۈگۈنكى كۈنگە مانا ئاشۇنداق بىر يولنى

تۇتۇش ئارقىلىق ئېرىشتىم. ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ئەھۋال مەن يۇقىرىدا تەسۋىرلىگەن ئۇقۇملارغا ماس كېلىدىغان بولغاچقا، مەن ئۇنى بۇ يەردە يەنە قىسقىچە بايان قىلىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇم.

يۇقىرىدا مەن «تەسەۋۋۇر قىلىش» ئۈستىدە قىسقىچە توختالدىم. ئەمدى «مۇئەييەنلەشتۈرۈش» ئۈستىدە ئازراق توختىلاي. مەن بۇ ئۇقۇمنى بىر مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرىمەن. سىزنى ئۆز پەرزەنتىگە ھەققىي تۈردە چوڭقۇر كۆيىدىغان دادا بولۇپ، بۇنى ئۆزىنىڭ ھاياتلىق پىلانى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم قىممەتلەرنىڭ بىرسى دەپ بېكىتكەن، دەپ پەرەز قىلايلى. ھەمدە سىزنى ھەر كۈنى بالىلىرىڭىزنىڭ قىلغان ئىشىدىن رازى بولماي، ئاچچىقلاپلا يۈرىدىغان بىرسى، دەپ ئويلايلى. ئاشۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئوڭ مېڭىسىنىڭ تەپەككۇر قىلىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ، بىر «مۇئەييەنلەشتۈرۈش خېتى» يېزىپ تەييارلاپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ كۈنلۈك تۇرمۇشىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ مۇھىم قىممەتلىرىنىڭ بىرسى بىلەن زىچ ماسلاشتۇرالايسىز. بۇنداق «مۇئەييەنلەشتۈرۈش خېتى» نىڭ مۇنداق بەش ئالاھىدىلىكى بولىدۇ: ئۆزگە خاس بولۇش، ئىجابىي بولۇش، ھازىرقى ئەھۋال ئۈستىدە بولۇش، كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان بولۇش، ۋە ھېسسىياتقا باي بولۇش. شۇڭلاشقا سىز مۇنداق بىر خەتنى يېزىشىڭىز مۇمكىن: «مەن مۇنداق بىر ئىش بىلەن چوڭقۇر قانائەتچانلىق ھېس قىلىمەن: بالىلىرىم توغرا ئىش قىلمىغاندا، مەن ئۇلارغا ئەقىل ئىشلىتىپ، كۆيۈنۈپ، كەسكىنلىك بىلەن، ھەمدە ئۆز-ئۆزۈمنى كونترول قىلغان ئاساستا مۇئامىلە قىلىمەن.» شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر كۈنى بىر قانچە مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ، كۆڭلىڭىز بىلەن بەدىنىڭىزنى بىر راھەت، بېسىمسىز ھالەتكە ئەكېلىپ تۇرۇپ، شۇ بىر كۈندە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. بالىلىرىڭىزنىڭ توغرا قىلمايدىغان ئىشلىرىنى تەپسىلىي كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. سىز ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقنىڭ رەختىنى، پۇتىڭىزنىڭ ئاستىدىكى يەرنى، ئۇچىڭىزدىكى پوپايكىنى، قىزىڭىز كىيىدىغان كۆڭلەكنى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. سىز بۇ ئىشلارنى قانچە جانلىق ۋە تەپسىلىي تەسەۋۋۇر قىلسىڭىز، ئۇ ئىشلار راستىنىلا يۈز بەرگەندە ئۇلار سىزگە ھەرگىزمۇ بىر تاسادىپىي ئەھۋال بولۇپ تۇيۇلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزىڭىز ئادەتتە سىزنى قاتتىق خاپا قىلىدىغان ئىشتىن بىر قىلسا، سىز ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك

مۇئامىلە قىلماي، سىز ئاللىقاچان ئۆز كۆڭلىڭىزدە مۇئەييەنلەشتۈرگەندەك، بۇ ئەھۋالنى چوڭقۇر سۆيگۈ، كۈچلۈك ئەقىل-پاراسەت ۋە ئۆز-ئۆزىڭىزنى ناھايىتى ياخشى كونترول قىلغان ئاساستا ياخشى بىر تەرەپ قىلىسىز.

دېمەك، «تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش» ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزى پروگراممىلاش جەريانىدۇر. بۇ جەرياندا سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقىنىڭ بىرسى بولغان ئىجادكارلىقىڭىز ۋە تەسەۋۋۇرغا باي ئوڭ مېڭىڭىزدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئۆمۈرلۈك پىلانىڭىزنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىز بىلەن بىرلەشتۈرىسىز. ئەگەر خاتا نەرسىنى تەسەۋۋۇر قىلسىڭىز، چوقۇم خاتا نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىسىز. ئەگەر سىز يۇقىرىقىدەك بىر قەغەز يۈزىگە يېزىلغان «مۇئەييەنلەشتۈرۈش خېتى» بويىچە ئىش كۆرسىڭىز، سىز ھەر كۈنى ئۆز-ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىپ ماڭىسىز. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئۆزىڭىزنىڭ جەمئىيىتى، ئۆزىڭىزنىڭ ھۆكۈمىتى، ئۆزىڭىزنىڭ ئىرسىيەتلىكى ياكى ئۆزىڭىزنىڭ مۇھىتى سىزىپ بەرگەن سىزىق بىلەن ئەمەس، ئۆزىڭىز تاللىغان قىممەت سىستېمىسى بويىچە ياشاپ ماڭىسىز.

ئامېرىكىدا ياشايدىغان ماتېماتىكا دوكتورى چارلىز ( Charles Garfield) ئەپەندى NASA دا ئىشلىگەن بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە، ئۇ يەردىكى ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىغا ھەيران قالغان. شۇنىڭ بىلەن خىزمەت ئىقتىدارى ناھايىتى يۇقىرى كىشىلەرنى ياخشىراق چۈشىنىپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇ پسىخولوگىيە كەسپىدە يەنە بىر دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ، ئىشنى ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە ياخشى قىلىدىغان كىشىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ بايقىشىچە، ئۆمرىدە چوڭ ئىشلارنى قىلالىغان كىشىلەرنىڭ بىر ئورتاق خاراكتېرى، ئۇلار ئىراقنى كۆرەلەيدىكەن، ۋە كەلگۈسىنى توغرا تەسەۋۋۇر قىلالايدىكەن.

## 8. ئاخىرقى سۆز

مەن ئالدىنقى قېتىم تەييارلىغان «ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس، ئەقىللىق» دېگەن يازما تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇن

ئوقۇرمەنلەردىن ئېلخەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. ۋەتەندىكى باشقا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئويلىغانلىرىنىمۇ بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە، مەن http://www.google.com ئارقىلىق ماقالىنىڭ تېمىسىنى كىرگۈزۈپ ئىزدەپ، ئاشۇ ماقالىنى چىقارغان، ۋەتەندىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ياسىغان 66 ئۇيغۇرچە تور بېتىنى تېپىپ، ئۇلاردىكى ئىنكاسلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقتىم. مەن ئۇ ئىنكاسلارنى ئوقۇش ئارقىلىق خېلى كۆپ يېڭى نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم. ھەمدە زور ئىلھام ئالدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رىندان ئەپەندىم «ئەركىن سىدىق نېمە دېمەكچى» (http://bbs.xabnam.com/read.php?tid_81439_fpage_0_toread_ _page_1.html) دېگەن بىر تېمىدا، ۋە بىدار-قۇتلان ئەپەندىم «بىز قاغىدىن ئاق، سېغىزغاندىن ساقمۇ؟» (http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=20308) دېگەن بىر تېمىدا يازما تەييارلاپتۇ. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يازغىنى مېنىڭ يازمامنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىپ بېرىدىغانلىقى مۇقەررەر. غالىپ بارات ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ 2002-يىلى يازغان، مېنىڭ يازمام بىلەن ئوخشاش مەقسەتتىكى بىر يازمىسىنى بىر قىسىم تور بەتلىرىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ (http://www.orkhun.com/BBS/read.php?tid=1711). مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس، ئەقىللىق» دېگەن يازمىنى تەييارلاش، ئۇنىڭدىن مىڭلىغان، ئۈك-مىڭلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى خەۋەردار قىلىش، ھەمدە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش يولىدا كۈچ چىقارغان بارلىق قېرىنداشلىرىمغا، مېنىڭ بۇ يازمامغا قارىتا سەمىمىي ئىنكاس يېزىپ قالدۇرغان بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە چىڭ كۆڭلۈمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن. شۇنداقلا قولىدىن كېلىدىغان قېرىنداشلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەن يازغان نەرسىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلايدىغان، كېڭەيتىدىغان ۋە بېيىتىدىغان نەرسىلەرنى يېزىپ يوللاپ تۇرۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان 66 تور بېتىدىكى ئىنكاسلار ئىچىدە «بىز قانداق قىلساق ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قالالايمىز؟» دېگەن سوئالنى بىر قانچە يەردە ئۇچراتتىم. مەن ۋەتەندىكى ياشلاردىن ئېلخەت ئارقىلىقمۇ «سىزچە بىز بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلساق بولار؟» دېگەن سوئالنى پات-پات تاپشۇرۇپ ئېلىپ تۇرۇۋاتىمەن. بىز بۇنىڭدىن ھازىر ئۇيغۇر

جەمئىيىتىدىكى مىللەت تەقدىرىگە بولغان ئەندىشە ۋە ئەنسىرەشنىڭ قايسى دەرىجىدە ئېغىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش مەسىلىسىدە، ھازىر ھەر بىر ئۇيغۇر دۇچ كەلگەن تاللاش يولى، بىر-بىرىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى كۆرۈپ مۇھەببەتلەشكەن بىر جۈپ ياشنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرى قىلىنغاندىكى تاللاش يولى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر سىز ئاشۇ بىر جۈپ ياشنىڭ بىرسى بولۇپ قالسىڭىز، قانداق قىلاتتىڭىز؟ مېنىڭچە سىزگە مۇنداق ئىككى ئاساسلىق يول بار. ئۇنىڭ بىرسى تاماكا چېكىپ، ھاراق ئىچىپ، خىروئىن ياكى يەنسۇەن چۈمادو (http://www.bilik.cn/?dp_bbsthread_20274.html) نى كۆرۈپ بېقىڭ) ئىشلىتىپ، سول ۋە ئوڭ مېڭىڭىزنىڭ بىر قىسىم ياكى مۇتلەق كۆپ ئىقتىدارىنى ئىشلىمەس قىلىپ قويۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ دەرد-پەريادلىرىنى يوشۇرۇپ ياشاش. بۇ يولنى تاللىغانلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى ياش تۇرۇپلا بۇ ئالەمدىن ئايرىلىدۇ. يەنە بەزىلىرى ئاشۇنداق بىر چۈشكۈنلەشكەن ۋە زەئىپلەشكەن ھالەتتە يەنە خېلى ئۇزۇن ياشىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئائىلىگە، جەمئىيەتكە ۋە مىللەتكە ئېلىپ كەلگەن ئاۋارىچىلىكى ۋە زىيانلىرى ياش تۇرۇپلا تۈگەپ كەتكەنلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن. روشەنكى، بۇنداق ئادەملەر خەلق-ئالەم ئالدىدا ئانچە زور قىممەتكە ئىگە ئەمەس، ياكى بولمىسا مىنۇس قىممەتكە ئىگە. سىز تاللىسىڭىز بولىدىغان يەنە بىر يول، مۇشۇ يازمىدا تونۇشتۇرۇلغان ئوڭ مېڭىنى ئىشقا سېلىش ئۇسۇلى بويىچە ئوڭ مېڭىڭىزنىڭ كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ھايات پىلانىڭىزنى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقىپ، بۈگۈندىن باشلاپ ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلۈك تۇرمۇشىڭىزنى ئاشۇ ھايات پىلانىڭىزغا توغرىلاپ تۇرۇپ ياشاش.

ئەگەر سىز يۇقىرىقى مىسالدىكى بىر جۈپ ياشنىڭ بىرسى بولۇپ قېلىپ، سىزنى قىز دوستىڭىز ياكى ئوغۇل دوستىڭىز تاشلىۋەتكەن بولسا، سىزنىڭ كېيىنكى قېتىم مۇھەببەتتە مەغلۇپ بولماسلىقىڭىزنىڭ بىر شەرتى، سىز كەم دېگەندە ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش، ياكى مۇمكىن بولسا ئۆزىڭىزنى ھەر جەھەتتە ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك كۈچلەندۈرۈش. بۇ ئىش بىر مىللەت ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. سىز پەقەت ئۆز كۈچىڭىزگە تايىنىپ بۇرۇنقىدىن كۈچلىنىپ ماڭغاندىلا، ئۆزىڭىزنىڭ نەرسىلىرىنى باشقىلارغا تارتتۇرۇپ

قويمايسىز. بەزىلىرىنى تارتتۇرۇپ قويغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىغا قايتا ئېرىشەلەيسىز.

مەن ئۇشبۇ يازمىنىڭ ئالدىنقى بىر قىسمىدا تەسۋىرلىگەندەك، ئادەمنىڭ ئوڭ مېڭىسى ئادەم بىر تاسادىپىي ئېچىنىشلىق ۋەقەگە يولۇققاندا ئەڭ ياخشى ئىشلەيدۇ. مېنىڭچە ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئوڭ مېڭىنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئىشقا سېلىشنىڭ پۇرسەتلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئەتراپىڭىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ئوبدان سەپ سېلىپ بېقىڭ. قۇلىقىڭىزغا كىرىۋاتقان ئاۋاز-ئۇچۇرلارغا ئوبدان دىققەت قىلىپ بېقىڭ. ئىشىنىمەنكى، ئەگەر «ئۇيغۇر» دېگەن بىر نەرسە سىزنىڭ روھىي دۇنيايىڭىزدا بىر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنلا بولسا، ھازىر كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈۋاتقان كۆرۈنۈش ۋە ئۇچۇرلاردىن، قۇلىقىڭىز بىلەن ئاڭلاۋاتقان ئاۋازلاردىن ئۆزىڭىزنىڭ ئوڭ مېڭىسىنى ئويغىتىپ، ئىشقا سېلىپ، ئاكتىپ ساقلايدىغان نەرسىلەردىن بىر دەمدىلا بىر مۇنچىسىگە ئىگە بولالايسىز. مەن ئامېرىكىدا تۇرۇپمۇ ئاشۇ ئىشلارنى مەلۇم دەرىجىدە قىلىپ كېلىۋاتىمەن. شۇڭا سىزنىڭ ئاشۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭىزغا تېخىمۇ بەكرەك ئىشىنىمەن.

1970-يىللارنىڭ بېشىدا مەن تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، مېنىڭ دادام ئىشلەيدىغان مەكتەپ بىر ھەربىي پولكىنىڭ رەھبىرىي ئورنى قىلىپ ئىشلىتىلدى. ھەر شەنبە كۈنى ئاخشىمى مەكتەپنىڭ مەيدانىدا ھەربىيلەرگە كىنو قويۇپ بېرىلەتتى. مەلۇم بىر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن كىنو قويغۇچىنىڭ ۋاسكېتبول ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ۋاسكېتبول مەيدانىنىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇرۇپ، ئۇ كىنو قويغۇچى مەيدانىنىڭ سىرتىغا توپ باشلاش ئۈچۈن چىققاندا، مەن ئۇنىڭدىن: «بۈگۈن نېمە كىنو قويۇلىدۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا «لاۋۋېي» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى، توپ ئويناۋاتقان قالغان ھەربىيلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇ چاغلار بىز ھەر كۈنى مەكتەپتە ماۋ زېدۇڭنىڭ «خەلقنىڭ ئارمىيىسى بولمىسا، خەلقنىڭ ھېچ نەرسىسى بولمايدۇ» دېگەندەك سۆز-ئۈزۈندىلىرىنى ئوقۇپ يۈرگەن ۋاقىت ئىدى. يۇقىرىقى جاۋاب مېنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. غورۇرۇمغا قاتتىق تەگدى. مەن نەچچە كۈن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمىدىم. بىر ھەپتە تۈزۈكرەكمۇ ئۇخلىيالمىدىم. نەچچە قېتىم ئۇ كىنو قويغۇچىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز

قىلىشنىمۇ ئويلىدىم. لېكىن، ئۇ توپ ئويىنغۇچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ، مەكتەپتە تۇرۇۋاتقان بارلىق ھەربىيلەرنىڭ ئىچىدىمۇ بىرەر ئۇيغۇر بولمىغاچقا، ئەگەر مەن ئەرز قىلسام، قالغان توپ ئويىنغۇچىلار «بۇ بالا يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئۇنداق دېمىدى» دەيدىغانلىقىغا، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئەرزىم قىلچە ئاقمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. بۇ ۋەقە ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا خۇددى تۈنۈگۈن بولغاندەكلا تۇرىدۇ. مەن ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كەمسىتىلگەن، ئىنسانلىق غۇرۇرۇم دەپسەندە قىلىنغان ۋەقەلەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئېسىمدە ھازىرمۇ ئەينەن ساقلاقلىق. ھەر قېتىم ئىرادەم بوشاپ قالغاندا، مەن ئاشۇ ۋەقەلەرنى ئەسلەيمەن. بالىلىق دەۋرىمدە دۇچ كەلگەن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى، يۇرتۇمدا يۈز بەرگەن ھەر خىل پاجىئەلەرنى ئەسلەيمەن. يۇرتتىكىلەر ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ھەر خىل خورلۇقنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. شۇنىڭ بىلەن قايتىدىن روھلىنىپ كېتىمەن. نۇرغۇن ياشلار مەندىن «سىزنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يىل شۇنچە قاتتىق تىرىشىپ ماڭالىشىڭىزدىكى سىر نېمە؟» دەپ سورىغان ئىدى. بۇ سىر، مېنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك بىر ھايات پىلانىمنىڭ بولۇشى، ئۆزۈمنىڭ ھەممە ھەرىكىتىنى ئاشۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توغرىلىغانلىقىم، ھەممىدە مۇشۇ يەردە سۆزلەپ ئۆتكەن ئۇسۇل بىلەن ئۆزۈمنى توختىماي روھلاندۇرۇپ تۇرغانلىقىمدىن ئىبارەتتۇر. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى بىر يازمىسىدا «ئادەم خۇددى قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرالىغىنىدەك، غەزەپنىمۇ ۋە نەپرەتنىمۇ كۈچكە ئايلاندۇرالايدۇ» ، دېگەن ئىدىم. مېنىڭ بۇ سۆزۈمدە نېمە كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئوقۇرمەنلەرگە ھازىر ئايدىڭ بولدى، دەپ ئويلايمەن.

بىدار-قۇتلان ئەپەندى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى يازمىسىدا 1901-1937 - يىللاردا ياشىغان داڭلىق ئۇيغۇر مائارىپچى مەمتىلى تەۋپىق (http://www.uighurbiz.cn/forum/viewthread.php?tid=295&extra=page%3D1)

---

ئەپەندى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى چاغدا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مائارىپنى ئۈستۈرمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۇنۋان باھالاپ بەرمىسىمۇ، تۈرلۈك ياردەملەر بېرىلمىسىمۇ، ئەكسىچە خاھ ھۆكۈمەتتىن، خاھ نادان خەلقتىن قىلچە خۇشاللىق كۆرمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ نېمىشقا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ۋەزىپىسىنى تونۇپ، ئوت ئىچىدە ياشىغان ئىكەن» . مەن ئۆز ئۆمرۈمدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى مەمتىلى تەۋپىقتەك ئادەملەرنى كۆپ

ئۇچراتتىم. ھازىرمۇ ئۇچرىتىپ تۇرۇۋاتىمەن. بەزىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر نەچچە ئاخشام قونۇپ، ئۇزۇن-ئۇزۇن پاراڭلىشىپ كەلدىم. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوبدان سەپ سالسىڭىز، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئاددىي. ئۆي تۇتۇشمۇ ناھايىتى ئاددىي. ئۆيىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئانچە تايىنى يوق. بالىلىرىنىڭ ئويۇنچۇقىمۇ يوق. تۇرمۇشقا بولغان ھەۋىسى ۋە تەلپىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن - ئۇلار پەقەت ئاچ قالمىسا، يالىڭاچ قالمىسا، ئۆيسىز قېلىپ تالاغا چىقىپ قالمىسلا بولدى. لېكىن تاپقىنىنىڭ ھەممىسىنى مىللەتكە ئاتايدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلالايدۇ، بىلەمسىز؟ ئادەمنىڭ كۆڭىدىكى تۇرمۇشى بىلەن ئۆمۈرلۈك ھاياتى ئائىلە، كەسىپ، جەمئىيەت، مىللەت ۋە ۋەتەن قاتارلىق ئوخشىمىغان نەرسىنى مەركەز قىلغان بولىدۇ. مەمتىلى تەۋپىققا ئوخشاش كىشىلەر مىللەتنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھاياتىنىڭ مەركىزى قىلغان. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ مىللەتكە قوشقان تۆھپىسى ئارقىلىق ئۆلچەيدۇ. مىللەت ئۈچۈن قىلغان ئىشىدىن قانائەتچانلىق ھېس قىلىدۇ. مىللەتكە قىلغان ئىشىدىن بەخت تاپىدۇ.

ھەممە ئادەمدىن مەمتىلى تەۋپىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا كىشىلەر ئۆزىگە قويغان تەلەپ بىلەن ئوخشاش تەلەپنى قويۇش ئورۇنلۇق ئىش ئەمەس. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىشمۇ ئەمەس (ئېھتىمال بۇنىڭدىن 5-6 ئەسىر ئىلگىرى، ئۇيغۇرلار مىللىي روھنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، مىللىي روھقا ئېتىقاد قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى سوراپ ياشىغان ۋاقىتتا، كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزىگە ئاشۇنداق تەلەپ قويۇپ ياشىغان بولۇشى مۇمكىن). لېكىن، بىر ئادەم ئائىلە، كەسىپ ۋە جەمئىيەت قاتارلىق ساھەلەردە بىر تەكشۈۈلاشقان ھاياتنى ساقلاپ تۇرۇپمۇ، مىللەت ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيدۇ. ئۇيغۇر دىيارىدا بۇنىڭ مىساللىرى ئىنتايىن كۆپ. ھەر بىر ئادەم ئۆز تۇرمۇشىدا ئوخشىمىغان روللارنى ئادا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوخشىمىغان ساھەدە مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ بىر شەخسى بولۇش، بىر ئائىلە باشلىقى بولۇش، بىر دادا بولۇش، بىر ئىنژېنېر بولۇش ۋە بىر ئۇيغۇر بولۇش رولۇم بار. بۇ روللارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھايات پىلانىڭىزنى ئۆز ھاياتىڭىزدىكى مۇھىم روللار بويىچە يېزىپ چىقسىڭىز، ئۇ پىلان ناھايىتى تەكشۈۈلاشقان بولىدۇ. بۇنداق پىلان سىزنىڭ ھەر بىر رولىڭىزنى كۆز ئالدىڭىزدا ئىنتايىن روشەن نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. سىز شۇ

ئارقىلىق ئۆز روللىرىڭىزنى مۇددەتلىك تەكشۈرۈپ، مەلۇم بىر رولنىڭ سىزنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋېلىشى بىلەن باشقا مۇھىم روللارنى ئادا قىلالماي قېلىشىڭىزنىڭ ئالدىنى ئالالايسىز. ئۆمۈرلۈك ھايات پىلانىنى ئويلاش ئوڭ مېڭىنىڭ ئىشى. ئۇنى يېزىپ چىقىش بولسا سول مېڭىنىڭ ئىشى. ئەگەر سىز ئۇنى يېزىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىپ، ئۆزىڭىز قانائەتلەنگۈدەك يېزىپ چىقالماي قالسىڭىز، ئارىلىقتا بىر ھەپتىدەك ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۇنى سول قولىڭىزدا يېزىپ بېقىڭ (سول قولىڭىزنى ئوڭ مېڭىڭىز باشقۇرىدۇ؛ ئۇنى چىرايلىق يازالمىسىڭىز كېرەك يوق). ئۆزىڭىزنىڭ بارلىق مۇھىم روللىرىنى يېزىپ چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدى سىز ئاشۇ روللارنىڭ ھەر بىرسىدە يەتمەكچى بولغان ئۇزۇن-مۇددەتلىك نىشانلىرىڭىزنى بىر-بىرلەپ يېزىپ چىقىڭ. بۇ جەرياندا ئوڭ مېڭىڭىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ئىجات قىلىش ئىقتىدارىدىن، قەلبىڭىزدىكى سىزگە نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىدىغان ئىچكى سېزىمىڭىزدىن، ۋە سىز ھازىرغىچە باشقا ئۈلگىلەردىن ئېرىشكەن ئىلھاملاردىن تولۇق پايدىلىنىڭ. مۇشۇنداق تۈزۈپ چىققان نىشان سىزنىڭ توغرا پرىنسىپىڭىز بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ. تېببىي قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ نىشانلار باشقىلار سىزگە تۈزۈپ بەرگەن نەرسە بولماستىن، سىزنىڭ ئۆز نىشانلىرىڭىز. ئۇنىڭدا سىزنىڭ چوڭقۇر قىممەت قارىشىڭىز، سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە خاس تالانتىڭىز، ۋە سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇلىرىڭىز ئەكس ئەتكەن. ھەممە ئۇلار سىزنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئۆز ئەمەلىيىتىڭىز ئارقىلىق تاۋلانغان. شۇڭلاشقا ئۇلار ناھايىتى مۇكەممەل بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ سىز تاللىغان روللار بىلەن ئاشۇ ھەر بىر روللاردىكى سىز بېكىتكەن نىشانلار سىزنىڭ ھاياتلىق يولىڭىز بىلەن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «بىز بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟» دېگەن سوئالنىڭ نۇرغۇن جاۋابلىرى بار. ئۇنىڭ بىرسى: «قانۇندىن پايدىلىنىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداڭ». ئەمدى «قايسى قانۇندىن؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. سىز ئىشنى http://dewir.blogbus.com تىكى بەزى قانۇنلارنى ئوقۇشتىن باشلىسىڭىز بولىدۇ.

مەن ئۇشبۇ يازمىنى يېزىپ تەييارلاش ئۈچۈن كۆرگەن

كىتاب-ماتېرىياللارنىڭ ھېچ بىرسىدە «مىللەت» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغان ئەمەس. ئۇنداق بولۇشى، بۇ كىتاب-ماتېرىياللارنىڭ يازغۇچىلىرى تەۋە بولغان مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا تولۇق ئوخشىمايدىغانلىقىدىندۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈندىن كېيىن تۇتىدىغان يولى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇرنىڭ تىلى، دىنى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، ئەخلاقى، ۋە قىممەت قارىشىنى، قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتا ھەر بىر ئادەم ناھايىتى چوڭ رول ئوينىيالايدۇ. مەن بۇ نەرسىنى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ھېچقانداق ۋاقىتتا ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# زىيالىي، يېتەكلىگۈچى ۋە باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش

2009 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

دۇنياغا مەشھۇر فىزىكا ئالىمى ئالبېرت ئېينشتېين (ئىنگلىزچىسى: Albert Einstein، ياشىغان ۋاقتى: 1879 ـ 1955 ) مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيا بىر خەتەرلىك جاي. بۇنداق بولۇشىنى رەزىل ئىشلارنى قىلىدىغانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس. بەلكى ئاشۇ رەزىل ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، سۈكۈت قىلىپ كېتىۋېرىدىغانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان.» بۇ سۆزنى ئۆزىمىزگە تەتبىقلىساق، ئۇنىڭ مەنىسى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكىدەك ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنى باشقىلارنىڭ رەزىل ئىشلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولماستىن، ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇ رەزىل ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارغا سۈكۈت قىلىپ كېتىۋەرگىنىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئەگەر بىز ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىر ئىچىدىكى ئەھۋالى، ئالدىنقى 10 ـ 20 يىللىق ئەھۋالى، ھەتتا يېقىنقى 4 ـ 5 يىل ئىچىدىكى ئەھۋالغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئېينشتېين يۇقىرىقى سۆزنى خۇددى بىز ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېيتقاندەك بىر ھېسسىياتقا كېلىمىز. بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ ھازىرقىدەك بىر تەقدىرگە چۈشۈپ قېلىشىدۇر. ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنى ئارىلاپ كۆرۈش ئارقىلىق، بىزنىڭ بىر قىسىم ئوت يۈرەك قېرىنداشلىرىمىز توختىماي ئىزدىنىپ، زىيالىيلارنى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان، كىشىلەرنى ھازىرقى دەۋرگە ماس كېلىدىغان يېتەكلىگۈچىلەردىن بولۇشقا ئۈندەيدىغان ياخشى يازمىلارنى تەييارلاپ ئىنتېرنېتتا ئېلان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. مەسىلەن، مەن يېقىندا كۆرگەن يازمىلاردىن زۇلپىقار باراتنىڭ «سەگەك زىيالىيلارغا يېڭى يىللىق ئوچۇق خەت»، ئابدۇرېھىم ئابلەتخاننىڭ «سىياسىي توققۇزىنچى ۋە ئۇيغۇرلار» بىلەن «قەھرىمان بولىدىغان مايىلامچى بالا»، ئىلھام توختىنىڭ «بېيجىڭ ئايرودرومىدىن پارىژ ئايرودرومىغىچە»، ۋە سالام دۇنيانىڭ «ھەقىقىي قۇدرەت تېپىش دېگەن نېمە؟» دېگەن يازمىلىرى بار بولۇپ (بۇ بىر مۇكەممەل تىزىملىك ئەمەس)، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بىلىم

ئەھلىلىرىنى ئويغىتىپ، ئىلھاملاندۇرۇپ، قوزغىتىپ، ئۇلارنى ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىر يېتەكچىلىك، باشلامچىلىق رولىنى ئويناشقا ئۈندەشنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەزمۇن قىلغان، دېيىشكە بولىدۇ. (مەن يۇقىرىقى ماقالىلەرنىڭ تور بەت ئادرېسلىرىنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاخىرىسىغا يېزىپ قويدۇم.) مېنىڭ ھازىرغىچە كۆرۈش ئىمكانىيىتىم بولمىغان، ئۇيغۇرچە گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب ۋە تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان باشقا نادىر تېمىلارمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇشى مۇمكىن. مەن يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، ھەمدە ئىلھاملاندىم. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنى دەۋرنىڭ تەقەززاسى ۋە دەۋرنىڭ چاقىرىقى بولۇپ، مەن ئاشۇ يازمىلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆز-ئۆزۈمدىن مۇنداق سوئاللارنى سورىدىم:

(1) زىيالىينىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئۇنىڭ رولى نېمە؟
(2) بىر يېتەكلىگۈچى بولۇش ئۈچۈن قانداق شەرتنى ھازىرلاش كېرەك؟
(3) قانداق قىلغاندا باشقىلارنى رىغبەتلەندۈرگىلى بولىدۇ؟

مەن ئۇشبۇ يازمامدا يۇقىرىقى ئۈچ سوئالغا جاۋاب تېپىش يۈزىسىدىن ئىگىلىگەن بىر قىسىم بىلىملەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## 1. زىيالىيلار

زىيالىي دېگەن بۇ نام كىشىلەرگە ناھايىتى تونۇشلۇق بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆز زىيالىيلىرىنى ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر ئەنئەنىسى قىلىپ كەلگەن. يېقىنقى 5 ـ 10 يىلنىڭ مابەينىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زور ۋە شىددەتلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى بىر قىسىم يامان ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبلەرنى چۈشىنىش ھەمدە ئۇلارنى ئۈنۈملۈك توسۇپ قېلىشتا ئۆز ئۈمىدىنى زىيالىيلارغا باغلاپ كەلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئۈمىدىنى ئۆز زىيالىيلىرىغا باغلىشى ھازىر تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، دېيىش مۇمكىن. مەن زىيالىيلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەردىكى ئورنى ۋە رولىنى بىر ئاز چۈشىنىۋېلىش مەقسىتىدە، يېقىندا بىر ئاز ئىزدىنىپ، بىر قىسىم ماتېرىياللارنى توپلىدىم ۋە ئۇلارنى كۆرۈپ چىقتىم. بۇ يازمىنىڭ ئۇشبۇ قىسمىدا مەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغان بىر قىسىم ئۇقۇملارنى قىسقىچە بايان قىلىپ

ئۆتىمەن.

(1) ئاممىۋى زىيالىيلار

ئاممىۋى زىيالىيلارنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئۇلار ھۆكۈمدارلار ئالدىدا ھەقىقەتنى سۆزلەپ، شۇ ئارقىلىق ھۆكۈمدارلارنى ئىنسانىي خاراكتېرگە ئىگە قىلدۇرىدۇ. بۇ كاتېگورىيىگە كىرىدىغان زىيالىيلار جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى فۇنكسىيىسىنىڭ ھەممىسىنى، يەنى كوللېكتىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە روھىي مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆزىتىدىغان كىشىلەردىن ئىبارەتتۇر. يازغۇچىلار، شائىرلار، مۇزىكانتلار، لېكسىيە بەرگۈچىلەر ۋە ئارتىسلارنىڭ ھەممىسى ئاممىۋى زىيالىيلارنىڭ رولىنى ئوينىغۇچىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار رېئاللىقنى ئۆز چۈشەنچىسى ئاساسىدا كۆزىتىدۇ ۋە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدۇ. ئۇلارنىڭ رولى داۋاملىق تۈردە ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىشكە ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىغا جەڭ ئېلان قىلىش بولىدۇ. كۆپ تەرەپتىن قارىغاندا، ئاممىۋى زىيالىيلار ئۆزلىرىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال قىممىتىگە ئاتىغان بولىدۇ.

گەرچە يۇقىرىقى ئىدىيىلەر ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچلەر بولسىمۇ، ئاممىۋى زىيالىيلار باستۇرۇش، ئىقتىسادىي ھەققانىيەتسىزلىك ۋە دۇنياۋىلاشتۇرۇشنىڭ سەلبىي تەسىرى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن بىر مەيدان تاللايدۇ. ئۇلار مەلۇم ھەرىكەت ياكى دەۋاغا ئۆزىنى ئاتىغان بولۇپ، بۇ ھەرىكەت ياكى دەۋانى تەشكىللىگەن پارتىيە ياكى ھۆكۈمەت ئۈچۈن مەلۇم بىر مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئۇلار كىشىلىك ھوقۇق ۋە ھەققانىيەتچىلىك دائىرىسىدە ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇلار ھەققانىيەتسىزلىكنى ئەيىبلەش يولىدا سۆزلەش ۋە يېزىش ئىقتىدارىنى ئىشقا سالىدۇ. بۇ ئاممىۋى زىيالىيلار ئادەتتە سىياسەت ياكى سىياسىي پارتىيىلەرگە باغلانمىغان بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار ئۆز فۇنكسىيىسى بىلەن ئۆز ئىقتىدارىنى ئاممىۋى سورۇنلاردا جارى قىلدۇرىدۇ.

زىيالىيلار گۇرۇپپىسى بىر جەمئىيەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، ئاممىۋى پىكىرلەرنى رەتكە چۈشۈرۈش، ھەمدە سىياسىي،

ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپۋى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلار. بۇنداق فۇنكسىيىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن زىيالىيلار بارلىق ئاممىۋى ھەرىكەت-پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ۋە ئۇلار توغرىسىدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى شەرت.

(2) ئەنئەنىۋى ۋە ئورگانىك زىيالىيلار

1891-يىلىدىن 1937-يىلىغىچە ياشىغان ئىتالىيىلىك ماركسىزمچى ئانتونىيو گرامسكى (Antonio Gramsci) ئۆز ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 11 يىلىنى بىر تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئاشۇ 11 يىل جەريانىدا ئۇ 32 پارچە خاتىرە دەپتىرىنى يېزىپ چىققان. بۇ خاتىرىلەر جەمئىي 3000 بەتلىك بولۇپ، ئۇلار خەلقئارادا «گرامسكى تۈرمە خاتىرىسى» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ خاتىرىلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تەرەققىي قىلغان كاپىتالىزمغا ماس كېلىدىغان ماركسىزم نەزەرىيىسى ھەققىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسى 1970-يىلى نەشر قىلىنغان. گرامسكى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى «تۈرمە خاتىرىسى» دە زىيالىيلارغا يېڭىچە ئېنىقلىما بەرگەن. يازمىنىڭ ئۇشبۇ قىسمىدا مەن گرامسكى ئوتتۇرىغا قويغان زىيالىيلار ھەققىدىكى ئاشۇ يېڭىچە ئۇقۇملارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. ئەسلىدىكى نەزەرىيە كاپىتالىزم تۈزۈمىدىن سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ئۆتۈش جەريانىغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەنمۇ بۇ يەردە ئۇنى ئەينەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدىغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ مەزمۇنلاردىن جانلىق ھالدا پايدىلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمەن. ئىشىنىمەنكى، بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان نەزەرىيىۋى بىلىملەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

گرامسكى زىيالىيلارنى ئېقىمغا قارشى ئىش ئېلىپ بارالايدىغان بىر ھالقىلىق كۈچ دەپ ھېسابلىغان. ئۇ كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش جەريانى پۈتۈن خەلق ئاممىسى قاتناشقان بىر ھەرىكەت بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكىنى، سوتسىيالىزمنى بەرپا قىلىش ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىق ھالدا چۈشەنگەن، نوقۇل ھالدا بىر يېتەكچى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش ئېلىپ بارمايدىغان كۆپ سانلىق خەلق ئاممىسى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى زىيالىيلار يالغۇز ئاكادېمىيىدە ئىشلەيدىغان، پەقەت ئۆزىگە ئوخشاش ئادەملەرلا ئوقۇيدىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ماقالىلەرنى يېزىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەرنىلا

ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەس. ئۇنىڭ زىيالىيلارغا بەرگەن ئېنىقلىمىسى يۇقىرىقىدىن كۆپ كەڭرى دائىرىلىك بولغان. ئۇنىڭ قارىشىچە ھەممە ئادەم زىيالىي بولالايدۇ، لېكىن جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم بىر زىيالىيلىق فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلمايدۇ. مەسىلەن، سىز ئۆز ھاياتىڭىزدا تاماق ئېتىپ باققان بولۇشىڭىز مۇمكىن. كۆينىكىڭىزنىڭ تۈگمىسىنى تىكىپ باققان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بىراق سىزنىڭ بىر ئاشپەز ياكى بىر كىيىم تىككۈچى بولۇشىڭىز ناتايىن. مەۋجۇدلۇققا قەدەم قويغان ھەر بىر ئىنسان گۇرۇھى ئۆز ئىچىدە بىر ياكى بىر قانچە قاتلام زىيالىيلارنى بەرپا قىلىدۇ. بۇ زىيالىيلار ئاشۇ گۇرۇھقا مەنە بېرىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ ئۇيۇشۇشىغا ۋە نورمال خىزمەت قىلىشىغا ياردەم قىلىدۇ. بۇ زىيالىيلار ئۆز گۇرۇھى ئىچىدىكى باشقۇرغۇچىلار (manager)، مەمۇرىي خادىملار، راھىبلار، پروفېسسورلار، ئوقۇتقۇچىلار، تېخنىكلار، ئالىملار، ئادۋوكاتلار ۋە دوختۇرلار بولۇشى مۇمكىن. ماھىيەت جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇلار ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن بىللە تەرەققىي قىلىپ يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. زىيالىيلارنى مەلۇم بىر سىنىپقا تەۋە بولمىغان بىر ئالاھىدە ئىجتىمائىي كاتېگورىيىدىكى ئادەملەر دەپ قاراش بىر كونا ۋە خاتا چۈشەنچىدۇر.

گرامسكى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى «تۈرمە خاتىرىسى» دە زىيالىيلارنى يېڭى ئىككى خىل تۈرگە بۆلگەن. ئۇنىڭ بىرسى «ئەنئەنىۋى زىيالىيلار» بولۇپ، يەنە بىرسى «ئورگانىك زىيالىيلار» دىن ئىبارەت. ئەنئەنىۋى زىيالىيلار ئۆزلىرىنى بىر مۇستەقىل تەبىقە ھېسابلايدىغان، ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئىجتىمائىي گۇرۇھقا بېقىنمايدىغان، كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىنمۇ ھۆكۈمران سىنىپقا بېقىنمايدىغان كىشىلەر، دەپ قارىلىدىغان زىيالىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قانداق ئىجتىمائىي ئېگىز-پەسلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئەنئەنىۋى زىيالىيلار ئۆزلىرىدە بىر تارىخىي ئۈزلۈكسىزلىكنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. بۇنداق زىيالىيلارنىڭ مىساللىرىدىن قەلەمكەشلەر، پەيلاسوپلار ۋە پروفېسسورلار قاتارلىقلار بار. مانا بۇلار بىز «زىيالىيلار» دېگەندە دەرھال ئېسىمىزگە كېلىدىغان كىشىلەردۇر. گەرچە بۇ زىيالىيلار ئۆزلىرىنى ھۆكۈمدارلارغا بېقىنمايدىغان كىشىلەر، دەپ ھېسابلىسىمۇ، بۇ بىر كونا ئۇقۇم ۋە خاتا چۈشەنچە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمدار گۇرۇھقا ماسلاشقان ۋە ئۇلارنى يۆلەيدىغان كىشىلەرگە ئايلىنىپ بولغان.

ئىككىنچى خىلدىكىسى ئورگانىك زىيالىيلاردۇر. ئۇلار ئورگانىك ھالدا ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن بىللە تەرەققىي قىلىپ يېتىشىپ چىققان، ھەمدە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلغۇچى ۋە تەشكىللىگۈچى ئېلېمېنتى بولغان بىر گۇرۇھتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى بايانىدىن كۆرۈۋالغىنىمىزدەك، ھازىرقى سىستېمىنى (يەنى كاپىتالىزم تۈزۈمىنى) ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارغا قويۇلغان تەلەپ بىر قارشىلىق كۈچىنى بەرپا قىلىش، ھازىر ئېقىۋاتقان ئورتاق پىكىرنى بۇزۇپ تاشلايدىغان ۋە ھازىرقى پىكىر ئېقىمىغا قارشىلىق كۆرسىتەلەيدىغان بىر ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىش. ئۇنداقتا بۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك؟

گىرامىسكىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك ساندىكى ئەنئەنىۋى زىيالىيلار ئىنقىلابىي كۈرەشكە كىرىشى كېرەك. شۇنداقلا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەرىكىتى ئۆزلىرىنىڭ ئورگانىك زىيالىيلىرىنى بەرپا قىلىشى كېرەك. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ھەممە ئادەم زىيالىي بولالايدۇ، لېكىن بىر جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم بىر زىيالىيلىق رولىنى ئوينىغان بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەممە ھەرىكىتىگە زىيالىيلار قاتناشقان بولىدۇ، ھەمدە ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كەسپىي پائالىيىتىنىڭ سىرتىدا مەلۇم شەكىلدىكى زىيالىيلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولىدۇ. يەنى، ھەممە ئادەملەرنىڭ ئويلاش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ۋە سالاھىيىتى بولىدۇ. بۇ يەردىكى گەپ قانداق قىلىپ ئاشۇ ئىقتىدار بىلەن سالاھىيەتنى ئىشقا سېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

گىرامىسكى ئۆزىنىڭ بىر رولى ئەمگەكچىلەر قاتلىمى ئارىسىدا ئورگانىك زىيالىيلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ھەمدە ئىمكانقەدەر كۆپ ساندىكى ئەنئەنىۋى زىيالىيلارنى ئىنقىلاب سېپىگە كىرگۈزۈش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى مەقسەت قىلغان ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنىڭ تۈپ مەقسىتى يالغۇز كىشىلىك ئاڭنى ئۆستۈرۈشنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى كونا ئاڭنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭى ئاڭنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. (مەن ۋەتەندىكى تور بەتلىرىدىن «ئۇيغۇرلار قايتىدىن تۆرىلىشى كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش يازمىلارنى ئوقۇپ باقتىم، يۇقىرى قاتلامدىكى زىيالىيلارنىڭ بەزىلىرىدىن «ئۇيغۇرلار قايتىدىن يارىلىشى كېرەك» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ باقتىم. مېنىڭچە بۇ سۆزلەر يۇقىرىقى «كونا ئاڭنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭى ئاڭنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش»

ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاش.) بۇ كىشىلەرگە تاڭغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ ئەمەلى تۇرمۇش جەريانىدا يېتىلىپ چىقىشى كېرەك. شۇڭلاشقا زىيالىيلار دائىرىسى مەلۇم بىر جەۋھەر گۇرۇھ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭ ئەكسىچە زىيالىيلىق كۈندىلىك تۇرمۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر نەرسە بولۇشى كېرەك. ئەمەلى تۇرمۇشقا ئاكتىپ ھالدا چۆككەن ئىشچىلار سىنىپى زىيالىيسىنى بەرپا قىلىش، بۇرۇن مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بىر قارشىلىق كۈچىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ياردەم بېرىش گرامىسكىنىڭ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرىدىغان بىر پەيلاسوپىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا قوشقان تۆھپىسىدۇر.

ئىختىيارى مائارىپچىلارنىڭ يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى رولى گرامىسكى ئوتتۇرىغا قويغان ئورگانىك زىيالىيلارنىڭ رولى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. يەرلىك جەمئىيەت ۋە يەرلىك رايونلاردا ئوڭۇشلۇق ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان مائارىپچىلار ئاشۇ جەمئىيەت ياكى رايون ئۈچۈن مەلۇم مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇلار بۈگۈن كېلىپ ئەتە كېتىدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇلار ئاشۇ رايون ۋە ئاشۇ جەمئىيەتتە ئۇزۇن مۇددەت ياشىغان بولۇپ، يەرلىك خەلق بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار يەرلىك خەلقنىڭ بىر قىسمىدۇر. كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇنداق ئىختىيارىي مائارىپچىلارنىڭ مەقسىتى ئۆزى ئۈچۈن شان-شەرەپ قازىنىش ئەمەس، بەلكى پۈتۈن خەلق ۋە جەمئىيەتنى روناق تاپقۇزۇش بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى زىيالىي بىلەن ئورگانىك زىيالىي توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى گرامىسكى ئەپەندى بىر سىياسىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش جەريانىغا تۆھپە قوشۇش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان. ھازىر ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگىنى باشقا بىر خىل مەسىلە. ئۇلارنىڭ دۇچ كەلگىنى خاتا تۈس ئالغان «قوش تىللىق مائارىپ» سىياسىتى، يوقىلىپ كېتىۋاتقان قەشقەردىكى كونا ئۆيلەرگە ئوخشاش مىللىي ۋە تارىخىي بايلىق، مىللىي ئاڭنىڭ سۇسلىششى، مىللىي روھ، ئۆزلۈك ۋە كىملىكنىڭ ئاجىزلاپ مېڭىشى، ۋاقىت ۋە ماددىي تۇرمۇشتىكى ئىسراپچىلىق، ئەخلاق ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى چېكىندۈرۈلۈش، ھەممە ساھەلەردىكى چىرىكچىلىك، پەرزەنت تەربىيىسىدىكى بىپەرۋالىق ۋە ئىلمىيسىزلىك، ۋە ئىلىم-پەنگە تۇتقان پوزىتسىيىدىكى سۇسلۇق قاتارلىقلار.

(بۇ بىر مۇكەممەل تىزىملىك ئەمەس؛ مەن بۇ يەردە پەقەت ھازىر ئېسىمگە ئالالىغان مەسىلىلەرنىلا تىلغا ئالدىم.) بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئاڭ سۇس بولۇش، ئۆز خەلقىنىڭ ئىشلىرى بىلەن قىلچە كارى بولماي، پەقەت ئۆزى ۋە ئۆز ئائىلىسىنىڭ ياخشى ياشىشى ئۈچۈن ئار-نومۇس، ۋىجدان، مىللىي روھ ۋە ئىنسانىي غۇرۇر قاتارلىق باشقا ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىش قاتارلىق خاھىشلار بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا. شۇڭلاشقا ھازىر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن نارازى بولۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ سانى كۆنسايىن ئېشىپ مېڭىۋاتقاندەك قىلىدۇ. مەن بۇنى يېقىنقى بىر قانچە يىلنىڭ مابەينىدە ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا ھېس قىلدىم. روشەنكى، ئۆز مىللىتىگە ھېچقانداق پايدا يەتكۈزمىگەن بىر زىيالىينىڭ ئاشۇ مىللەتنىڭ زىيالىيسى بولۇپ تەرىپلىنىش سالاھىيىتى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مېنىڭچە ھازىر ئورگاننىڭ زىيالىيلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق ئەھۋال بار بولۇپ، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا ئورگاننىڭ زىيالىيلارنىڭ رولى ئەنئەنىۋى زىيالىيلارنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ياخشى بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. خەلقىمىز تارىختا ئۆز زىيالىيلىرىغا ھازىرقىدەك ئېھتىياجلىق بولۇپ باققان ئەمەس. زىيالىيلىرىدىن ھازىرقىدەك ئۈمىد كۈتكەن ئەمەس. ھەممە زىيالىيلىرىنىڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆز بۇرچىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ھازىرقىدەك تەشنا بولۇپ باققان ئەمەس.

زىيالىي توغرىسىدىكى يۇقىرىقى نەزەرىيىنى ئوقۇغان ھەر بىر ئادەم ئۆز كاللىسىدا مۇنداق بىر ئۇقۇمنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك. ئۇ بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش تۇغما تالانتىغا ئىگە. بۇ تالانتنى ھەر بىر ئىنساننىڭ «زىيالىيلىق قابىلىيىتى» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنداقتا سىز مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىلا ئۆز-ئۆزىڭىزدىن مۇنداق سوئاللارنى سوراپ بېقىڭ: «مەن ئۆزۈمنىڭ زىيالىيلىق قابىلىيىتىمنى ئىشقا سېلىپ، ھازىرغىچە مىللەت ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىپ بەردىم؟ ھازىر نېمە ئىشلارنى قىلىپ بېرىۋاتىمەن؟ بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيمەن ۋە قىلىپ بېرىمەن؟»

## 2. تەشكىلات

مەن ئۇشبۇ يازمامنىڭ 3-قىسمىدا «يېتەكلىگۈچىلەر» ئۈستىدە توختىلىمەن. يېتەكلىگۈچىلەر ئۆز رولىنى قانداق جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، «تەشكىلات» دېگەن بىر ئۇقۇمنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇقۇم ھەممە ئوقۇرمەنلەرگە ناھايىتى تونۇش. شۇنداق بولسىمۇ مەن بۇ يەردە ستېفېن كوۋېي («Stephen Covey») ئەپەندىنىڭ «8-ئادەت» دېگەن كىتابىدىكى تەشكىلات ھەققىدىكى بايانىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. مەن كېيىنكى قىسىمدا تونۇشتۇرىدىغان «يېتەكلىگۈچىلەر» ھەققىدىكى مەزمۇنمۇ يۇقىرىقى كىتابتىن ئېلىنغان.

يېتەكلىگۈچىلەر رول ئوينايدىغان سورۇن بىر تەشكىلاتتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇنداقتا «تەشكىلات» دېگەن نېمە؟

(1) ئەڭ باشلانغۇچ سەۋىيىدە تۇرۇپ قارىغاندا، بىر تەشكىلات بىر مەقسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇناسىۋەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ مەقسەت بىر ياكى بىر قانچە ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى نىشان قىلغان بولىدۇ. ئەڭ ئاددىي تەشكىلات بىر ئوخشاش نىشانىنى كۆزلىگەن ئىككى كىشىدىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ، مەسىلەن بىر ئىگىلىك ئۈچۈن ھەمكارلىشىدىغان ئىككى كىشى ياكى بىر جۈپ ئەر-خوتۇن.

(2) ھەممە كىشىلەر مەلۇم بىر خىل تەشكىلاتقا تەۋە بولغان بولىدۇ.

(3) دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى بىرەر تەشكىلاتنىڭ ئىچىدە ۋە بىرەر تەشكىلات ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولىدۇ.

(4) ھەر بىر ئائىلە ۋە ھەر بىر تەشكىلاتتىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق ئۇنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش دېگىنىمىز مۇنداق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئۇنىڭغا تەۋە بولغان ھەر بىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ تۇغما قىممىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى بىر ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىگە يەتكۈزىدىغان يوشۇرۇن كۈچىنى تونۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تالانتلىرى ۋە يۈكسەك قىزغىنلىقىنى، تەشكىلاتنىڭ نىشانىنى ۋە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، پرىنسىپنى مەركەز قىلغان ئاساستا تەقدىم قىلدۇرۇش.

قسقارتىپ ئېيتقاندا، بىر تەشكىلات ئۆز-ئارا مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋە بىر ئورتاق مەقسەتكە ئىگە شەخسلەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ.

## 3. يېتەكلىگۈچىلەر

ئىنگلىزچىدا «leader» دېگەن بىر سۆز بار. ئۇنىڭ يۇلغۇن لۇغەتتىدىكى مەنىسى «داھىي، رەھبەر، باشلامچى» قاتارلىقلار بولۇپ، ئىنگلىزچە لۇغەتتىكى مەنىسى «يېتەكلەيدىغان ئادەم، بىر ئارمىيە، ھەرىكەت ياكى سىياسىي گۇرۇھنىڭ يول باشلامچىسى» دىن ئىبارەت ئىكەن. دېمەك، بۇ سۆز بىر رەسمىي رەھبىرىي ئورۇنغا ئىگە كىشىلەرگىمۇ، خەلق ئارىسىدىكى يېتەكلىگۈچى ۋە باشلامچى كىشىلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ھازىر ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇ سۆزنى ئۇيغۇرچە «لىدېر» دەپمۇ ئېلىۋاتىدۇ. مەن چۈشەنچىدە ئېنىقسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقارماسلىق ئۈچۈن ئۇشبۇ يازمىنىڭ ماۋزۇلىرىدا «يېتەكلىگۈچى» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ھازىردىن باشلاپ «لىدېر» نى ئىشلىتىمەن. ئىنگلىزچىدا «داھىي» دېگەننى «ئۇلۇغ لىدېر» ، يەنى «great leader» دەپ ئالىدۇ. تۆۋەندە لىدېرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

ئەڭ ئاددىي سۆز بىلەن ئېيتقاندا، «لىدېرلىق» نىڭ مەنىسى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ قىممىتى ۋە يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ تونۇتۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قىممىتى ۋە يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئۆز ئالدىغا چۈشىنىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. سىز كىشىلەرگە ياردەملىشىپ، ئۆزىنىڭ قىممىتى ۋە يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى تولۇق تونۇتۇپ قويسىڭىز، ئۇلار كۆرۈش، ئىجرا قىلىش ۋە بىر نەرسە بولۇش جەريانىدا بۇ قىممەت ۋە قابىلىيەتلەرنى تولۇق ئىشقا سالالايدۇ. بىر چوڭ دادىنىڭ ئەڭ مۇھىم رولى ئۆزىنىڭ بالىلىرى، نەۋرىلىرى ۋە چەۋرىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ قىممىتى ۋە يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېنىق تونۇتۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزلىرىدىكى قىممەت ۋە قابىلىيەتلەرگە ئىشىنىدىغان قىلىش، ھەمدە ئاشۇ ئىشەنچ ئاساسىدا ئىش ئېلىپ بارىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. روشەنكى، ئەگەر مۇشۇنداق بىر روھ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ۋە جەمئىيىتىمىزگە تولۇق سىڭىپ كىرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىزگە بېرىدىغان ئۈنۈمى چەكسىز بولىدۇ.

مەن يېقىندا تېلېۋىزوردا ئامېرىكا لوس ئانژېلىس ۋاسكېتبول ئەترىتى «lakers»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسىنى كۆردۈم. مۇسابىقە تۈگەپ، بۇ ئەترەت چېمپىيون بولغاندىن كېيىن، بىر مۇخبىر دېرېك فىشېر (Derek Fisher) دېگەن ۋاسكېتبولچىدىن: «سەن ئۆزۈڭلارنىڭ تېرىنېرىگە قانداق قارايسەن؟» دەپ سورىغاندا، دېرېك مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «بۇ ئادەم ھەرگىزمۇ ھەر بىر ئىشتا بىزنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ بىزگە ئىشىنىپ، بىزنى ئۆزىمىز توغرا تاپقان ئۇسۇلدا ئويناشقا قويۇپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا ھەر بىرىمىز ئۆز ئىقتىدارىمىزنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىشقا سېلىپ، توپنى ياخشى ئويناپمىز. ئۇ بىر ناھايىتى ئۇلۇغ ئادەم.»

لىدېرلىق سۈپىتىگە ئىگە كىشىلەر باشقىلارنىڭ تالانت ۋە قابىلىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بىر ئورتاق نىشان ئاستىدا ھەممە ئادەمنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، شۇ ئارقىلىق باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. باشقىلارنى كېرەكلىك قورال ۋە ۋاستە مەنبەسى بىلەن تولۇق تەمىنلەپ، ئۇلارغا جاۋابكارلىق ۋە مەسئۇلىيەتلىك ھوقۇقىنى بېرىدۇ. مەيلى تۇتقان خىزمەت ئورنىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىك دەرىجىسى قانداق بولسۇن، تەشكىلاتلارنى ئوڭۇشلۇق يېتەكلەپ ماڭالىغان ھەر بىر لىدېرنى يۇقىرىقىدەك پرىنسىپلار يېتەكلەپ ماڭغان بولىدۇ. لىدېرلىق كۈچىنى پرىنسىپلار ئىدارە قىلىدۇ. ئەگەر سىز ئاشۇ پرىنسىپلارنى مەركەز قىلىپ ياشايدىكەنسىز، سىزنىڭ تەسىرىڭىز ۋە مەنىۋى نوپۇزىڭىز كۈنسايىن كۈچىيىپ، تېخىمۇ زور رەسمىي نوپۇزغا ئېرىشەلەيسىز. دىنىي تەلىماتلار بويىچە قارىغاندىمۇ، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزگە ئاتا قىلىنغان تالانتلارنى قانچە كۆپ ئىشلەتسىڭىز ۋە قانچە زورايتسىڭىز، سىزگە تېخىمۇ كۆپ تالانت بېرىلىدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزدىكى تالانتلارغا پەرۋا قىلماي، ئۇلارنى كۆمۈپ قويۇپ تەرەققىي قىلدۇرمايدىكەنسىز ۋە ئىشلەتمەيدىكەنسىز، سىز ئۇلاردىن تەدرىجىي ھالدا قۇرۇق قالىسىز. ئاللاھ ئۇ تالانتلارنى باشقىلارغا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز يالغۇز تالانتتىنلا ئەمەس، تەسىر كۈچى ۋە پۇرسەتلەردىنمۇ مەھرۇم بولىسىز.

لىدېرلىق بىر ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سەنئەت بولۇپ، ئۇ باشقا بارلىق سەنئەت ۋە كەسپلەرنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ

بىر ئائىلە ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. لىدېرلىق بىلەن باشقۇرۇش ئوتتۇرىسىدا، ياكى لىدېر بىلەن باشلىق ياكى باشقۇرغۇچى ئوتتۇرىسىدا خېلى زور پەرق بار. مەن لىدېر ۋە داھىيلارنىڭ قانداق يېتىشىپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا كېيىنكى يازمىلىرىمدا ئايرىم توختىلىشىم مۇمكىن. بۇ يەردە لىدېر بىلەن باشقۇرغۇچى (ياكى باشلىق) ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن بىر قانچىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتەي:

- لىدېرلار توغرا ئىشنى قىلغۇچىلار، باشقۇرغۇچىلار بولسا ئىشنى توغرا قىلغۇچىلار.
- لىدېرلار ئۆزگىرىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، باشقۇرغۇچىلار بولسا مۇرەككەپلىكنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.
- لىدېرلار ئىشلارغا بىر ھەرىكەت تۈيغۇسى بىلەن قارايدۇ، باشقۇرغۇچىلار بولسا تەرتىپلەش، تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ.
- لىدېرلار نەرسىلەرنىڭ كىشىلەرگە بىلدۈرىدىغان مەنىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، باشقۇرغۇچىلار بولسا قانداق قىلىپ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.
- لىدېرلار بىنا لايىھىلىگۈچىلەرگە ئوخشايدۇ، باشقۇرغۇچىلار بولسا بىنا ياسىغۇچىلارغا ئوخشايدۇ.
- لىدېرلار ئۆز زېھنىنى يىراقنى كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئاساسلانغان ئورتاق نىشاننى بەرپا قىلىشقا مەركەزلەشتۈرىدۇ، باشقۇرغۇچىلار بولسا ئۆز زېھنىنى كونكرېت ئىشلارنى پىلانلاش ۋە كونترول قىلىشقا مەركەزلەشتۈرىدۇ.

## 4. باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇللىرى

مەن يۇقىرىدا زىيالىي ۋە لىدېرلار ھەققىدە قىسقىچە توختالدىم. مېنىڭ بۇ مەزمۇنلارنى يېزىشتىكى مەقسىتىم ئوقۇرمەنلەرنى زىيالىي ۋە لىدېرلار ھەققىدە بىر مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش، شۇنداقلا ئۆزلىرىدىكى زىيالىيلىق ۋە لىدېرلىق ئېلېمېنتلىرىنى، يوشۇرۇن تالانتلىرىنى تولۇق قېزىپ چىقىشىغا، ئۆز-ئۆزىنى قايتىدىن تولۇق بايقىشىغا بىر ئاز ياردەم قىلىشتۇر. زىيالىي ۋە لىدېرلار ئوينايدىغان مۇھىم روللارنىڭ بىرسى باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش.

ئويلاپ باقسام مەن بۇ ئىشنى ئۆزۈمنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئۆمرىنىڭ ھەممىسىدە ئىزچىل تۈردە قىلىپ كەلگەن ئىكەنمەن. لېكىن باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىغا ئائىت نەزەرىيە ئۈستىدە زادىلا ئىزدىنىپ باقماپتىكەنمەن. بۇ قېتىم ئۇشبۇ يازمىنى تەييارلاش ئۈچۈن بۇ ساھەدە ئازراق ئىزدىنىپ باقتىم. تۆۋەندە مەن بىلىۋالغان ئۇقۇملارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

ئىنگلىزچىدا «ئىلھاملاندۇرۇش» دېگەن مەنىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزدىن مۇنداق ئىككىسى بار: «Encourage» ۋە «Inspire» . «Encourage»نىڭ يۇلغۇن لۇغىتىدىكى مەنىسى «ئىلھاملاندۇرماق، رىغبەتلەندۈرمەك، روھلاندۇرماق» بولۇپ، «Inspire» نىڭ بولسا «ئىلھاملاندۇرماق، رىغبەتلەندۈرمەك» ئىكەن. لېكىن، ئىنگلىزچە بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئازراق پەرقى بار بولۇپ، مەن يازمامنىڭ ئۇشبۇ قىسمىدا توختىلىدىغىنىم «Inspire» دېگەن سۆزدىن ئىبارەت. مەن بۇ ئىككى ئىنگلىزچە سۆزنىڭ پەرقىنى ئۇيغۇرچىدا ئەينەن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشنىڭ ئورنىغا، «Inspire» دېگەن سۆز ئىشلىتىدىغان بىر قانچە مىساللارنى سۆزلەپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:

- ئۇنىڭ غەيرىتى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئىلھاملاندۇردى (ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىلھاملاندۇرۇش).
- ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى باشقىلاردا ئىشەنچ پەيدا قىلدى (پەيدا قىلىش).
- رىقابەت ئۇنىڭ يەنىمۇ تىرىششىغا تەسىر كۆرسەتتى (تەسىر كۆرسىتىش).
- بىر ياخشىراق ئىستىقبالغا ئېرىشىش ئىشەنچى ئۇلارنى ئىلھاملاندۇردى (ئىلھاملاندۇرۇش).
- بىر ئىنقىلابنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن پەلسەپە (ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش).

ئەمدى باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش، يەنى يۇقىرىقىدەك «Inspire» قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىشنى باشلايمەن. (ئىنگلىزچىدىكى بۇ «Inspire» دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە ئوقۇغاندا «ئىنسپايىر» دەپ ئوقۇلىدۇ.)

**(1) ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىڭ**

ئەگەر سىز مەلۇم بىر ئىشقا يېقىن ئۆلچەمدە قىزىقسىڭىز، ھەمدە ئاشۇ ئىشنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن كەسىپ قىلىپ تاللىغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ قانچە قېتىم مەغلۇپ بولۇشىغا قارىماي قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرىسىز. كىشىلەر سىزدىن گۇمان قىلسىمۇ، سىزنىڭ مەغلۇبىيىتىڭىزنى مەسخىرە قىلسىمۇ، سىز قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ئۇنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىسىز. سىزدە مەلۇم بىر ئىشقا نىسبەتەن ئاشۇنداق چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە يېقىن ئۆلچەمدە قىزغىنلىقنىڭ بولۇشى سىزنى يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار بولغان نۇرغۇن مەغلۇبىيەتتىن ساقلاپ قالىدۇ. سىز ئۆز مەغلۇبىيىتىڭىزدىن ساۋاق ئېلىپ، تېخىمۇ ئېگىز پەللىگە چىقىسىز. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىز باشقىلارنىمۇ ئىلھاملاندۇرالايسىز. بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەن «مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېڭى تەگلىمىسى» ۋە «ئۆمۈرلۈك كەسىپنى قانداق تاللاش كېرەك» دېگەن يازمىلىرىمدىمۇ بىر ئاز توختالغان بولۇپ، قىزىققان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاشۇ ئىككى يازمىنىمۇ ئوقۇپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

### (2) چوڭ-چوڭ ۋە يېڭى ئىشلارنى نىشان قىلىڭ

سىز ئۆزىڭىز يېقىن ئۆلچەمدە قىزىقىدىغان بىر ئىش ئۈچۈن بەلگىلىك ئاساس سالغاندىن كېيىن، ئاشۇ ساھەدە چوڭ-چوڭ ئىشلارنى نىشانلاشقا باشلاڭ. ئۆزىڭىزنىڭ كەسپىي بىلىمى ۋە ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئىمكانقەدەر كۆپرەك كىشىلەرگە ئىلھام بېرىشكە تىرىشىڭ. ئۆز ئىدىيىڭىزنى ئىمكانقەدەر كۆپرەك كىشىلەر بىلەن ئورتاقلىشىپ، ئۇلاردا ئۆز تەسىرىڭىزنى ئۇلغايتىپ مېڭىشنى، شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشنى قولغا كەلتۈرۈڭ. چوڭ-چوڭ ئىشلارنى نىشان قىلىش ئارقىلىق سىز يالغۇز كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپلا قالماستىن، ھەر بىر كىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرىڭىزنىمۇ چوڭايتالايسىز. ھەرگىز بىر كىشىنىڭ ھاياتىدا بىر كىچىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماڭ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇ كىشىنى بىر پۈتۈنلەي يېڭى ئادەمگە ئۆزگەرتىشكە تىرىشىڭ. باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشتە پەقەت بىر يول بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، كۆپلىگەن يوللارنى تېپىشقا تىرىشىڭ. ئەگەر سىز بىر ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىش يولىدا 100 خىل ئۇسۇلنى سىناپ باققان بولسىڭىز، ئۇ ئادەم پەقەت بىرلا ئۇسۇلنى قوبۇل قىلغان بولسا، سىز يەنىلا ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان بولىسىز.

باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشنىڭ يەنە بىر پايدىلىق ئۇسۇلى كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم قىلىش ۋە مۇھتىنى ئاسراشقا ئوخشاش بىر ئۇلۇغۋار ھەرىكەتكە قاتنىششتۇر. بىر ئۇلۇغۋار ئىشقا قاتنىشىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش، ئەگەشكۈچىلەرگە ۋە ياردەمگە ئېرىشىشكە كۆپ ئاسان بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋالغا ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان بىرەر ئىشقا قاتنىشىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا تەسىرى چوڭ ئىشلاردىن ھەرگىزمۇ باش تارتماڭ.

(3) ھېسسىياتلىق سۆزلەرنى كۆپرەك ئىشلىتىڭ

باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرۇشتا سىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئىشقا نىسبەتەن ئۆزىڭىزنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى قىزىقىشى بولۇشى ۋە ئۇنى سۆز ئارقىلىق ئۈنۈملۈك ئىپادىلىشىڭىز ئىنتايىن مۇھىم. سىز مەلۇم بىر ئىشقا نىسبەتەن ئىنتايىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىنتايىن قىزىقىۋاتقانلىقىڭىزنى سۆز ئارقىلىق ياخشى ئىپادىلەش ئارقىلىقلا سىز باشقىلارغا خېلى زور تەسىر كۆرسىتەلەيسىز. سىز سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن يۇكسەك دەرىجىدىكى قىزىقىش باشقىلاردا ھەۋەس قوزغايدۇ. باشقىلار سىزنىڭ ئاشۇ بىر ئىشنى نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ياخشى كۆرىدىغىنىڭىزنى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن قىلىدىغىنىڭىزنى بىلىۋېلىشقا ئىنتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەبىئىي ھالدا مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئاشۇ ئىشنى تولۇق چۈشىنىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. ھېسسىياتلىق سۆزلەرنى كۆپرەك ئىشلىتىشنىڭ پايدىسى توغرىسىدا مەن ئۆزۈمنىڭ «ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭە» دېگەن يازمامدىمۇ ئازراق توختالغان بولۇپ، بۇ يازمىنى بۇرۇن ئوقۇپ باقمىغان ئوقۇرمەنلەرگە ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

(4) باشقىلارغا تەشەببۇس قىلغان ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز قىلىڭ

كىشىلەر سىز دېگەن گەپلەرگە قارىغاندا سىز قىلغان ئىشلارغا بەكرەك دىققەت قىلىدۇ. شۇڭا باشقىلارغا تەشەببۇس قىلغان ئىشنى سىز ئۆزىڭىز ئالدى بىلەن ئاكتىپلىق بىلەن قىلىپ، باشقىلارغا بىر ياخشى ئۈلگە بولۇڭ. بۇ باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. يەنى سىز باشقىلارغا تەشۋىق قىلغان ئىش سىزنىڭ ئۆز تۇرمۇشىڭىزنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر قىسمى بولسۇن.

سىز بۇ ئىشتا بىر مۇتەخەسسىسلىك دەرىجىسىگە يەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئىش سىز يۈكسەك دەرىجىدىكى قىزىقىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرسى بولسۇن.

(5) ھەممە كىشىلەرگە كەڭ قۇچاق بولۇڭ

سىزنىڭ قانچىلىك بىلىملىك بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ ئۇلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلمىغۇچە، كىشىلەر سىزنىڭ بىلىمىڭىزگە ئانچە پەرۋا قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىز ئۇچراتقان ھەممە ئادەملەرگە كەڭ قۇچاقلىق قىلىڭ. ئۇلارنى ئۆزىڭىز بىۋاستە قارشى ئېلىڭ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھال-دەردىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاڭ. ئۇلار بىلەن بىر قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن بىر كىشىدىن يەنە بىر كىشىگە بولغان بىۋاستە، يېقىن ۋە ساغلام مۇناسىۋەتنى ساقلاڭ.

(6) باشقىلارنىمۇ يېتەكلەڭ

باشقىلارغا تەسىر كۆرستىشنىڭ يەنە بىر ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، يالغۇز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىغىلا قىزىقىپ قالماي، ئۆزىڭىزنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىمۇ تولۇق چۈشىنىش ۋە ئېتىراپ قىلىش، ھەمدە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئۆزگىرىشىنىمۇ يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرۇش. ئۇلارغا ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭ. ئۇلارغا ئۆز ھاياتىڭىزدا ئۆگەنگەن ئىشلارنى ئۆگىتىپ قويۇڭ. ئۇلارغا ئۆزىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن مەغلۇبىيەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ. ھەمدە ئۇلاردىن ئۆزلىرىدە قانداق ئىلگىرىلەشلەر بولغانلىقىنى سوراپ تۇرۇڭ. ئۇلارنىڭ سىز بۇرۇن سادىر قىلغان خاتالىقلارنى سادىر قىلماسلىقىغا ياردەم قىلىڭ، ھەمدە ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى توغرىسىدا ئىزچىل ھالدا بىر ئۈمىدۋار پوزىتسىيىدە بولۇڭ.

(7) قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى باشتىن-ئاخىر بىر خىل داۋاملاشتۇرۇڭ

ھەرىكەتتە، ئۇچۇردا ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەمدە باشتىن-ئاخىر بىر خىل بولۇشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۇسۇلىنى، قىزىقىشىنى ۋە قىلىۋاتقان ۋە باشقىلارنى قىزىقتۇرۇۋاتقان ئىشىڭىزنى داۋاملىق ئۆزگەرتىپ تۇرسىڭىز، باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرۇشتا ئاساسەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمايسىز. كىشىلەر سىزنىڭ ئىدىيىڭىزنى چۈشىنىشنى ۋە ئۇنى بىر

ئىشەنچلىك پىلان بىلەن باغلاشنى ئىستەيدۇ. سىز ئۆز ئىشىڭىزدا بىر ئىزچىللىقنى ساقلايدىغانلىقىڭىزنى ئۆز ئەمەلىيىتىڭىز ئارقىلىق ئىسپاتلىشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭ كەم قالغان جايلىرىنى باشقىلارغا ئىلھام بېغىشلايدىغان ھېكايىلەر بىلەن تولۇقلاپ كەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. يەنى ھېكايە سۆزلەش ئارقىلىق بۇرۇنقى مۇھىم سەرگۈزەشتىلەرنى باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى يېتەكلىسىڭىز ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا سىز سۆزلەيدىغان ھېكايىلەر چوقۇم سىزنىڭ ھەرىكەتتىكى ئىزچىللىقىڭىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولسۇن.

### (8) ئىجابىي پوزىتسىيىلىك بولۇڭ

ئادەتتە باشقىلارغا تەربىيە قىلىشنى مەقسەت قىلغان سۆز ۋە يازمىلاردا ئەيىبلەش ۋە چۈشۈرۈش سەل كۆپرەك بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چوقۇم ئىجابىي پوزىتسىيىلىك بولۇشىڭىز، ھازىرقى ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇرۇنقى ناچار ئەھۋاللارنى تەكىتلەۋەرمەي، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋار كۆز قارىشىڭىزنى ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈستىدە توختالماقچى بولسىڭىز، ئۇلارنى بۇرۇنقى خاتالىقلارنى ئەيىبلەش ياكى بۇرۇنقى ياخشى كۈنلەر ئۈستىدە قايتىدىن ماختىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بۇرۇنقى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۇلارنى ھازىرقى نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە تىلغا ئېلىڭ.

مەن بۇرۇنمۇ دەپ ئۆتكىنىمدەك، ئەگەر ئالدىغا يېرىمىغىچە سۇ بار ئىستاكاندىن بىرنى قويۇپ، «سىز نېمە كۆردىڭىز؟» دەپ سورىسىڭىز، سەلبىي پوزىتسىيىلىك ئادەم «يېرىمى قۇرۇق ئىستاكاندىن بىرنى كۆردۈم»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىجابىي پوزىتسىيىلىك ئادەم بولسا «يېرىمىدا سۇ بار ئىستاكاندىن بىرنى»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سەلبىي پوزىتسىيىلىك كىشىلەر ھەرگىزمۇ باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرالمايدۇ. گۇمانلىنىش بىر ناھايىتى ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ، ئەگەر سىز مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە ئۆزىڭىزنىڭ گۇمانىنى بىلدۈرۈپ قويسىڭىز، سىز بىر كىشىگە بۇرۇن كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرىڭىزنىمۇ پۈتۈنلەي نابۇت قىلىسىز. كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر نوپۇسى ھازىر ئىنتايىن قىيىن بىر شارائىتتا ياشاشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا ئەگەر

سەللا دىققەت قىلمايدىكەن، ئادەم ئاسانلا بىر گۇمانلىنىش، ئۈمىدسىزلىنىش ۋە چۈشكۈنلىشىش ھالىتىگە پېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۆز قىلغاندا ياكى بىر نەرسە يازغاندا، سىز ئۈچۈن چوقۇم «ئىستاكاننىڭ يېرىمىدا سۇ بار» بولسۇن. سەلبىي ئىشلارنىمۇ بىر ئىجابىي ۋە پايدىلىق يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇشقا پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن تىرىشىڭ. مەن بۇ ئىشنى قانچىلىك تەكىتلىسەممۇ يېتەرلىك بولمايدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا جەمئىي 7 مىليون پۇقرا ئۆلگەن. ئاچلىقتىن ئۆلۈش ئەڭ ئۇچىغا چىققان مەزگىلدە، كىشىلەر يەرگە كۆمۈۋەتكەن جەسەتلەرنى كولاپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يېگىراقلىرىنى تالاپ پىشۇرۇپ يەپ، شۇ ئارقىلىق ھاياتىنى ساقلاشقا تىرىشقان. بەزىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلگەن يەھۇدىيلارنىڭ سانى 6 مىليونغا يېتىدىكەن. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئىنتايىن ئېچىنىشلىق. ئىنتايىن خەتەرلىك. لېكىن بۇ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ناچار ئەھۋاللار كۆپلەپ يۈز بېرىپ باققان. يۇقىرىقىلار شۇنىڭ بىر قانچە مىساللىرى. مەن بۇ يەردە سىزگە «شۈكرى قىلىڭ، سەۋرى قىلىڭ، سۈكۈت قىلىڭ» دېمەكچى ئەمەسمەن. بەلكى سىزگە «چۈشكۈنلەشمەڭ، ئۈمىدسىزلەنمەڭ» دېمەكچى. ھەر قېتىم ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىرەر يامان خەۋەرلەرنى ئاڭلىغىنىمدا، مېنىڭ كۆزۈممۇ ئىسسىق ياش بىلەن لىق تولىدۇ. لېكىن مەن ھەر قېتىم ئاشۇ خەۋەردىن كېلىپ چىققان بىئاراملىقىمنى، نەپرىتىمنى ۋە غەزىپىمنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، تېخىمۇ قاتتىق ئىشلەشكە تىرىشىمەن. بىر ستاتىستىكا نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ھازىر ئامېرىكىدا ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 115 ئادەم ماشىنا ۋەقەسىدە ئۆلىدىكەن. مەن ھەر قېتىم بىرەر چوڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، بىر ئىشتا چوڭ زىيان تارتقاندا، «مېنىڭ ئەھۋالىم بۈگۈن ماشىنا ۋەقەسىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭكىدىن كۆپ ياخشى»، دەپ ئويلايمەن، ھەمدە دەرھال ئاشۇ ئوڭۇشسىزلىقنى ئوڭۇشلۇققا ئايلاندۇرۇش، ئاشۇ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىشنى باشلايمەن. كېيىنكى يولۇمنى بېكىتكەندىن كېيىن، ھېچقانداق ۋاقىتنى زايە قىلمايلا ئىش باشلايمەن. ئىشىنىمەنكى، مەن تۇتقان بۇنداق يوللارنى سىزمۇ تۇتالايسىز. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسىڭىز، ھەمدە سىز بىرەر بالىنىڭ ئاپىسى ياكى دادىسى

بولۇپ قالسىڭىز، بالىڭىزغا ھەرگىز ئۈزىڭىزنىڭ چۈشكۈنلەشكەن قىياپىتىنى كۆرسەتمەڭ. ئۈزىڭىزنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالىتىنى بىلىندۈرمەڭ. كەلگۈسىگە بولغان سەلبىي كۆز-قارىشىڭىز، ۋە گۇمان ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان مۆلچەرىڭىزنى دېمەڭ. ئۇنداق قىلمىسىڭىز، زىيانلىق يولغا سىز ئۈزىڭىزلا كىرىپ كېتىپ قالماي، بالىڭىزنىمۇ بىللە سۆرەپ كىرىپ كېتىسىز. ئۈزىمىزنىڭ قانداق ياشىشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ھەممىمىزنىڭ باللارنى ئىجابىي پوزىتسىيىلىك ۋە ئۈمىدۋار قىلىپ تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىمىز بار. بۇنداق قىلىش مىللەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم.

(9) «قائىدىسىزلىك» قىلىڭ

باشقىلارغا زور تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كىشىلەر بۇرۇنقى قائىدىلەرنى بۇزۇپ ۋە بۇرۇنقى ئادەتلەرنى ئېتىبارغا ئالماي ئىش قىلىدىغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئەنئەنىنى ساقلىغۇچىلارنى نارازى قىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ «بىر ياخشىراق يول مەۋجۇد بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارىغۇچىلارغا يېڭى ئۈمىد ئېلىپ كېلىدۇ.

(10) كىتابنى كۆپ ئوقۇڭ

كىتابنى كۆپ ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى لىدېر بولالمايدۇ، لېكىن لىدېرلارنىڭ ھەممىسى كىتابنى كۆپ ئوقۇيدىغان كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا كىتابنى كۆپ ئوقۇپ، داۋاملىق تۈردە يېڭى بىلىمگە ئېرىشىپ تۇرۇڭ. يېڭى ئىگىلىگەن بىلىملىرىڭىزنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىپ تۇرۇڭ. سىزگە ئىلھام بەرگەن كىتابلارنى باشقىلارغىمۇ تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ.

## 5. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا بىر قانچە تەكلىپ

مېنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى زىيالىي ۋە لىدېرلاردىن كۈتۈۋاتقان زور ئۈمىدلىرىم ۋە ئۇلارنىڭ مەن ئۈمىد قىلىدىغان ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا زور ئىشەنچىم بار. بىراق مەن ھازىر چەت ئەلدە ياشاۋاتقان بولغاچقا، ئۇيغۇر دىيارىدىكى زىيالىي ۋە لىدېرلارغا بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئۆز ئۈمىدىمنى ئوتتۇرىغا قويسام ئانچە مۇۋاپىق بولمايدۇ. شۇڭلاشقا مەن بۇ يەردە پەقەت چەت ئەلدە ئوقۇپ، ئوقۇشى پۈتكەندىن كېيىن

چەت ئەلدە تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزۈم مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئويلاپ يېتەلىگەن، ھەممە ئۇشبۇ يازمىدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا مۇۋاپىق كەلگەن بىر قىسىم ئىشلاردا ئورتاقلىششىنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مېنىڭچە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار يۇرتىمىز ۋە ئۇيغۇر دىيارىدىكى خەلقىمىز ئۈچۈن قىلىپ بېرەلەيدىغان ئىشلاردىن تۆۋەندىكىلىرى بار:

(1) ئۇيغۇر كەسپىياتچىلارغا كەسىپ ۋە تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم قىلىش. يېقىنقى 2 ـ 3 يىلنىڭ مابەينىدە مەن ئۇيغۇر دىيارىدا بىر نەرسە كەشپ قىلغان ياكى يېڭى ئىجادىيەت سەۋىيىسىدىكى بىر ئىدىيىنى ئويلاپ چىققان ئون نەچچە ئۇيغۇرلاردىن ئېلخەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە قولۇمدىن كېلىشىچە مەسلىھەت ۋە ياردەم بەردىم. لېكىن، ۋاقىت ۋە زېھىن جەھەتتىن يېتىشەلمەي، ياكى كەسپىم توغرا كەلمەي، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ھېچقانداق ياردەمدە بولالمىدىم. چەت ئەلدىكى كەسپى توغرا كېلىدىغان ئۇيغۇرلار ئاشۇنداق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كەشپىياتىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنى خەلقئارادىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە بىلەن سېلىشتۇرۇپ، شۇ ئاساستا ئۇلارغا بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت بەرسە، ياكى جۇڭگودا تېپىلمايدىغان بەزى نەرسىلەرنى چەت ئەلدىن تېپىپ، ئۇنى سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى دەپ بەرسە، بۇنىڭ ئاشۇ كەشپىياتچىلار ۋە ئىجادكارلار ئۈچۈن زور پايدىسى بولىدۇ.

(2) يېڭى ئېگىلىك تىكلىمەكچى بولغان ئۇيغۇر ياشلىرىغا كەسپىي ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە ياردەم قىلىش ۋە مەسلىھەت بېرىش. ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئېگىلىك تىكلىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىشى مۇمكىن. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئاشۇنداق ياشلارغا ياردەم قىلىشتا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدۇ.

(3) ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن چەت ئەلدە ھەقسىز ئوقۇش پۇرسىتىنى تېپىش ياكى ھازىرلاش، ھەممە ئۇلارنىڭ چەت ئەلدىكى مەكتەپكە ئوڭۇشلۇق كىرىشىگە ياردەم قىلىش. بۇ جەھەتتە ھازىر چەت ئەلدىكى بىر قىسىم قېرىنداشلار ناھايىتى ياخشى ۋە ناھايىتى كۆپ ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. مەنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى. لېكىن، بۇ ساھەدە بىزنىڭ كۈچىمىز زادىلا يېتىشمەيدىغان بولۇپ، مەن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ مۇشۇ سەپكە قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(4) ۋەتەندىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش. مەن يېقىندا ئۈرۈمچىدىكى بىر ئالىي مەكتەپنىڭ بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان بىر سىنىپ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش سالاھىيىتىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭدا كۆرسىتىلىشىچە، ئاشۇ سىنىپتىكى 15 پىرسەنتتىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە 1000ـ12000 سوم دائىرىسى ئىچىدە پۇل قەرز بولۇپ قالغان بولغاچقا، ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومىنى ئالالمايدىكەن. بۇ پۈتۈن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى بىر ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىكەن. ئويلاپ بېقىڭ، بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى باشلانغۇچ 1ـسىنىپىدىن 12ـسىنىپىغىچە قاتتىق تىرىشىپ، نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ ئاندىن بىر ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ، يەنە 5ـ6 يىل ئاتاـئانىسىنىڭ يۆلىشى ئاستىدا ئوقۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىر نەچچە مىڭ سوم جۇڭگو پۇلى (بىر قانچە يۈز ئامېرىكا دوللىرى) بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ ئۇنۋانىغا ئېرىشەلمىسە، ئاشۇ ئوقۇغۇچى نېمە بولۇپ كېتەر؟ چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تاكى ھازىرغىچە تايىنى بار مائارىپ فوندىدىن بىرسىمۇ تەسىس قىلىنىپ باقمىدى. مېنىڭچە بۇ ساھەدە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار قىلالايدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار.

(5) ئۇيغۇر دىيارىدىكىلەرنى چەت ئەلدە ئاسان تېپىلىدىغان، لېكىن يۇرتىمىزدا ئاساسەن يوق بولغان يېڭى ئۇچۇر ۋە بىلىم بىلەن تەمىنلەش. بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇ ساھەدە ئۇزۇندىن بۇيان ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ھەر خىل تور بەتلەرنى قۇرۇپ، ۋەتەندىكىلەرنى ئۇچۇر ۋە بىلىم بىلەن تەمىنلەۋاتقانلار. ئەمما بۇ جەھەتتىكى ئىشلار يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. چەت ئەلدە ئوقۇغاننىڭ پايدىسىنى ۋەتەندىكىلەرگە يەتكۈزۈش جەھەتتە قىلىنغان ۋە قىلىنىۋاتقان ئىشلار ناھايىتىمۇ يېتەرسىز. شۇڭلاشقا مەن بۇ قوشۇندىكى كىشىلىرىمىزنىڭ سانىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

ئەگەر سىز چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىرسى بولۇپ، يۇقىرىقى 5 تۈرلۈك ئىشلارنىڭ بىرەرسى ياكى بىر قانچىسىدە سەييارە خىزمەت قىلىشنى خالىسىڭىز، مەن بىلەن ئېلخەت ئارقىلىق ئالاقىلەشكەن بولسىڭىز:

erkinsidiq@gmail.com

ۋەتەندىكى قېرىنداشلارنىڭ چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا

يۇقىرىقىدىن باشقا تەلەپ-ئىلتىماسى بولسا، ئۇنى يېزىپ، ماڭا ئېلخەت ئارقىلىق ماڭدۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ۋەتەندىكىلەر تەكلىپ ياكى تەلەپ قىلغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ ياكى قىلدۇرۇپ بېرەلمەسلىكىم مۇمكىن، بىراق، ئۆزۈم مۇۋاپىق كۆرگەن ئىشلارنى چوقۇم چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا تەشەببۇس قىلىپ بېرەلەيمەن.

بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا مەن ۋەتەندىكى بىر دوستۇمدىن مۇنداق بىر ئېلخەت تاپشۇرۇپ ئالدىم (بۇ يەرگە چىقىرىشقا مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرىنىڭ ئورنىغا كۆپ چېكىت قويۇپ قويدۇم): *«خېتىڭىزنى ئوقۇۋېتىپ، كۆزلىرىمگە ئىختىيارسىز ھالدا ياش كەلدى. نېمىلەرنى ئويلىدىم، نېمىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە قىلدىم.... بۇلارنى دەپ بولالمايمەن. بىراق، بىزلەرنىڭ نېمىلەر ھەققىدە ئويلايدىغىنىمىز ھەر بىرلىرىمىزگە كۈندەك ئايان. چەتئەلدىكى ھەر بىر ئۇيغۇر ...قانداق ياشاشنى بىلگەن، ھېچ بولمىسا، ئەمدىراق بولسىمۇ ھېس قىلغان بولسا ئىدى... دەپ ئارمان قىلىمەن. ... ئەمدى بىزگە لازىمى شۇكى، ھەر بىر ئۇيغۇر بالىسى، شۆھرەتلىك زات بولۇشتىن بۇرۇن ئادەم بولۇشى ھەم شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇيغۇر بولۇشى لازىم. بىزگە كېرىكى مۇشۇنداق روھ. دۇنيادا ئۇيغۇرنىڭ ئورنى بولمىسا ، بىزنىڭ ھېچنېمىمىز بولمايدۇ. ھەر بىرىمىز ئۇيغۇر ئاتلىق بىنا ئۈچۈن بىردىن كېسەك بولۇشىمىز كېرەك. ئۇيغۇرنىڭ جارچىسى، تەشۋىقاتچىسى، ئېلانچىسى... بولالىساق، ئارمانسىز ياشار ئىدۇق. .... دېگىنىڭىزدەك، بىر ئادەمنىڭ قانداق ياشاشنى بىلىشى، كىم ئۈچۈن ياشاشنى بىلىشى، ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختى ئىكەن. خېلى كۆپلەر يازغۇچى، ئالىم ۋە مۇئەللىم بولالاپتۇ-يۇ، تېخىچە ئادەم بولالماپتۇ. ...»*

## 6. ئاخىرقى سۆز

ئالبېرت ئېينىشتېين يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھازىر دۇچ كەلگەن ناھايىتى مۇھىم ۋە ناھايىتى قىيىن مەسىلىلەرنى بىز ئۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋاقىتتىكى بىلەن ئوخشاش سەۋىيىدە تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلالمايمىز.» ئەگەر بىز ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى بىر قانچە ئەسىر مابەينىدىكى تارىخىغا ئوبدان سەپسېلىپ قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇيغۇر دىيارى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن چوڭ-چوڭ چېكىنىشلەرنىڭ خېلى كۆپلىرىگە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى سەۋەبچى بولغانلىقىنى بايقايمىز. بۇنىڭ ئەڭ

يېقىنقى بىر مىسالى سۈپىتىدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان، خاتا تۈس ئالغان «قوش تىللىق مائارىپ پروگراممىسى» نى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. مۇشۇنداق چېكىنىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇقىرى قابىلىيەتكە ئىگە لىدېرلار ۋە لاياقەتلىك داھىيلارنىڭ كەم بولۇشى، ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىشى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. ئۇيغۇرلار بىر قۇدرەت تېپىش يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭامدۇ ياكى تېخىمۇ چېكىنىش يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭامدۇ، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قالالامدۇ-يوق، دېگەننى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 5-10 يىل ئىچىدە تۇتىدىغان يولى بەلگىلىشى مۇمكىن. خەلقنىڭ توغرا تاللاش قىلالىشى ياكى قىلالماسلىقىدا ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئاممىۋى، ئەنئەنىۋى ۋە يېڭى تىپتىكى (يەنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش كۆرىدىغان) ئورگانىك زىيالىيلار، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان لىدېرلار ناھايىتى كۈچلۈك رول ئوينىيالايدۇ. مەن ئۇشبۇ يازمامنىڭ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان زىيالىيلىق ۋە لىدېرلىق تۇغما تالانتى ۋە يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى تولۇق تونۇۋېلىشى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۆز بۇرچى ۋە تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى توغرا چۈشىنىۋېلىشىغا بىر ئاز ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن يېقىندا يېشى ھازىر 70 كە يېقىنلاشقان، پۈتۈن ئۆمرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا بېغىشلىغان، جۇڭگو بىلەن ئۇيغۇرنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدىغان بىر ياۋروپالىق داڭلىق ئەرباب بىلەن پاراڭلاشقان ئىدىم، ئۇ ماڭا: «ئۇيغۇرنىڭ ئەھۋالىدا بىر چوڭ ياخشىلىنىش بولىدۇ. ئۇ ئۆزگىرىشنى مەن كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن، لېكىن ئۇنى سەن كۆرەلەيسەن» ، دېدى. نۇرغۇنلىرىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ باشقىلارغا ئوخشاش قۇدرەت تېپىپ، پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىدىن بىر كۈنمۇ ئۈمىد ئۈزۈپ باققان ئەمەس. باشقىلار قىلالىغان ئىشنى ئۇيغۇرنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىدىن ئانچە گۇمانلىنىپ باققان ئەمەس. لېكىن، ئۇ پارلاق ئىستىقبالنىڭ بىز ھەممىمىز قولىمىزنى قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرساق، ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىمىز. ئۇيغۇرلار ھازىر ئۆز ئىچىدىن لاياقەتلىك يول باشلامچىلار ۋە يېتەكلىگۈچىلەرنىڭ كۆپلەپ چىقىشىغا ناھايىتىمۇ ئېھتىياجلىق. شۇڭلاشقا مەن ئۇشبۇ يازمىنى ئوقۇغان ھەر بىر ئوقۇرمەنلەردىن ئۆزىدىكى بىر زىيالىي بولۇشقا ۋە بىر يېتەكلىگۈچى بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغان تالانت بىلەن ئىقتىدارلارنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېقىشىنى، ئاشۇ تالانت ۋە ئىقتىدارلارنى ئىشقا سېلىپ،

مىللەتكە بۇرۇن نېمە ئىش قىلىپ بەرگەنلىكى، هازىر نېمە ئىش قىلىپ بېرىۋاتقانلىقى، ۋە بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقى ۋە قىلىپ بېرىدىغانلىقى ئۈستىدە بىر قېتىم ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشنى ئۈمىت قىلىمەن. ئېينىشتېين يۇقىرىدا ئېيتقىنىدەك، ئۇيغۇرلار هازىر دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى بۇرۇنقى سىزىق بويىچە ئويلاش، بۇرۇنقىدەك يول تۇتۇش ئارقىلىق هەل قىلغىلى بولمايدۇ. مەن يېڭىچە سەۋىيىدە ئويلاش ۋە يېڭىچە ئۇسلۇبتا ئىش ئېلىپ بېرىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان هەر بىر ئادەمدىن مۇنداق بىر نەرسىنى ئەستە چىڭ تۇتۇشنى سورايمەن: ئۇيغۇرلار سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مائارىپ ۋە ئىلىم-پەندە قەد كۆتۈرۈشى شەرت.

**بۇ يازمىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تور ئادرېسلىرى:**

«سەگەك زىيالىيلارغا يېڭى يىللىق ئوچۇق خەت»:

http://www.meripet.com/Academy/2009a5_zulpiqar.htm

«سېسىق توققۇزىنچى ۋە ئۇيغۇرلار»:

http://www.meripet.com/Academy/2009a1_ziyali.htm

«قەھرىمان بولىدىغان مايلامچى بالا »:

http://www.meripet.com/Academy/2009a2_maylamchi.htm

«بېيجىڭ ئايرودرومىدىن پارىژ ئايرودرومىغىچە »:

http://www.meripet.com/Academy/2009a3_IlhamToxti.htm

«هەقىقىي قۇدرەت تېپىش دېگەن نېمە؟»:

http://www.meripet.com/Academy/2009a6_qudrettepish.htm

ئەركىن سىدىقنىڭ بارلىق يازمىلىرى:

http://www.meripet.com/Sohbet

# ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقى

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى




دۇنياغا مەشھۇر فىزىكا ئالىمى ئالبېرت ئېينىشتېين (Albert Einstein، ياشىغان ۋاقتى 1879 ـ 1955) مۇنداق دېگەن:«بىز ھازىرغىچە بەرپا قىلغان بۇ دۇنيا بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. شۇڭلاشقا ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇرىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، بۇ دۇنيانى ئۆزگەرتەلمەيمىز.» 19 ـ ئەسىردە ياشىغان ئىككى قېرىنداش William Hare بىلەن Charles Hare مۇنداق دېگەن: «ئادەم بىر يەلكەنلىك كېمە، بىلىم كېمىنى ھەيدەش بولۇپ، تەپەككۇر بولسا ئاشۇ يەلكەنلىك كېمىنى ئىتتىرىدىغان شامالدىن ئىبارەتتۇر.» يېقىنقى بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئانچە كۆپ ئويلانمايدىغان مىللەتلەر قاتارىدا ياشاپ كەلدى. بولۇپمۇ ياپونلۇق ۋە يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ھازىر تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھازىرقى ئۇيغۇرلارنى كۆپ ئويلايدىغان مىللەت ئەمەس، كۆپ ئوينايدىغان مىللەت، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما، ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان بىر ئىش شۇكى، يېقىندىن بۇيان ھەر خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلاش، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش جەھەتتە ئۇيغۇرلاردا يېڭىدىن ئويغىنىش ۋە زور ئىلگىرىلەشلەر بولۇۋاتىدۇ.

كىشىلەر ھازىر ئويلاۋاتقان ۋە ئىزدىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدە مىللەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى قاتارلىق چوڭ-چوڭ ئىشلارمۇ بار. ئالىي مەكتەپ ئوقۇۋاتقان قانچە كەسپلەر ئىچىدىن بىرنى تاللاشتەك پەقەت بىر ئادەمنىڭ ئۆز تۇرمۇشى ۋە ئۆز ھاياتى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولغان، بۇنىڭدىن كېيىن مېڭىشقا بولىدىغان بىر قانچە يولنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللاشتەك ئىشلارمۇ كۆپ. مەيلى بىر ئادەم بولسۇن، بىر گۇرۇپپا ئادەم بولسۇن، ياكى بىر تەشكىلات بولسۇن، مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ، چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئاخىرىدا بىر قارارغا كېلىش، ناھايىتى مۇرەككەپ بىر جەرياندۇر. مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياشلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر مۇۋاپىق كەسىپ تاللىۋېلىشىغا بىر ئاز ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، «ئۆمۈرلۈك كەسپنى قانداق تاللاش كېرەك؟» دېگەن بىر يازمىنى تەييارلىغان ئىدىم. مۇشۇ يازمىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىققان ياشلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمىلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر مۇۋاپىق كەسىپ تاللاشتا ياردەم قىلىشمىنى سوراپ ماڭا يەنىلا داۋاملىق ئېلخەت يېزىۋاتىدۇ. مانا بۇ بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ قارار چىقىرىش بىر ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە ئىنتايىن قىيىن جەريان ئىكەنلىكىنىڭ بىر مىسالىدۇر. ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر يېڭى شىركەت قۇرۇش، ئۆز شىركىتى ئۈچۈن بىر يېڭى مەھسۇلات تېپىش، بىر ياكى بىر گۇرۇپپا ئادەم ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ماڭىدىغان يولىنى ياكى يېتىدىغان نىشانىنى تاللاشقا ئوخشاش ئىشلاردا ئويلىنىپ قارار چىقىرىش جەريانىغا بۇرۇنقىدىن كۆپرەك ۋە كەسكىنرەك ھالدا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇرلار ھازىر چوڭقۇر ئويلانمىسا بولمايدىغان بىر دەۋرگە قەدەم قويدى، دېيىشكە بولىدۇ.

مەن يېقىندا ئۆز ئىدارەمدە ئۇيۇشتۇرۇلغان «ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقى» (ئىنگلىزچە «Six thinking hats») دېگەن ئىككى كۈنلۈك دەرسكە قاتناشتىم. بۇ ئەسلىدە بىر پاراللېل ئويلاش ئۇسۇلى بولۇپ، غەرب ئەللىرىدە ئۇ بىر ئىلىم بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. بۇ پاراللېل ئويلاش ئۇسۇلىنى دوكتور ئېدۋورد دە بونو ئەپەندى ئۆزىنىڭ 1985-يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان «ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقى» دېگەن بىر كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتور ئەنگلىيەدىكى ئوكسفورد (Oxford)، كامبرىج (Cambridge) ۋە لوندون ئۇنىۋېرستىلىرىنىڭ ۋە ئامېرىكىدىكى خارۋارد (Havard) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ ئىشلىگەن، ھەمدە نۇرغۇن دۇنياغا داڭلىق چوڭ

شىركەتلەرگە مەسلىھەتچى بولغان. دە بونونىڭ بۇ كىتابى 1999 ـ يىلى 2 ـ قېتىم نەشر قىلىنغان بولۇپ، شۇنىڭغىچە بولغان 14 يىل جەريانىدا دە بونونىڭ بۇ پاراللېل ئويلاش ئۇسۇلىنى IBM ، NASA ، DuPont ، NTT (ياپونىيە)، Shell ، BP ، Statoil (نورۋېگىيە)، Marzotto (ئىتالىيە) ۋە Federal Express غا ئوخشاش دۇنياغا داڭلىق چوڭ شىركەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى قوبۇل قىلىپ، ناھايىتى زور ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. مەسىلەن، مۇشۇ پاراللېل ئويلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا باشلىغاندىن بۇيان، IBM نىڭ ھەر بىر باشلىقلار يىغىنىنىڭ ۋاقتى 75% قىسقارغان. توك چىقىرىش ۋە ئاپتوماتلاشتۇرۇش تېخنولوگىيىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئابب شىركىتى بۇرۇن ھەر بىر يېڭى پروجەكت يىغىنى ئۈچۈن 20 كۈندەك ۋاقىت سەرپ قىلىدىغان بولۇپ، دە بونونىڭ پاراللېل ئويلاش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىن بۇيان ئۇنداق يىغىننى پەقەت ئىككى كۈندىلا تاماملايدىغان بولغان. گېرمانىيىدىكى 400,000 دىن ئارتۇق خادىمى بار، يىللىق سودىسى 60 مىليارد دوللاردىن ئاشىدىغان سىمەنس شىركىتىدە ھازىر مەخسۇس ئۆز خادىملىرىنى ئاشۇ «ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقى» بويىچە تەربىيىلەيدىغانلاردىن خادىملاردىن 37 كىشى بار ئىكەن.

ھېلىقى ئىككى كۈنلۈك كۇرس جەريانىدا، بىزگە مەشق سۈپىتىدە ئىدارىمىزنىڭ ماشىنا توختىتىش ئورنىنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن ئىبارەت بىر جىددىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ۋەزىپىسىنى بەرگەن ئىدى، بىز ئاشۇ پاراللېل ئويلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى سائەت ۋاقىت ئىچىدە بىر مۇكەممەل پىلانىنى تۈزۈپ چىقتۇق. بۇ پىلان خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر پىلان بولۇپ چىققاچقا، بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئۇنى رەتلەپ، دوكلات قىلىپ تەييارلاپ، ئىدارە رەھبەرلىكىگە يوللاشنى قارار قىلدۇق. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆزۈم قاتنىشىدىغان بارلىق قارار چىقىرىش يىغىنلىرىدا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە مۇشۇ پاراللېل ئويلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش قارارىغا كەلدىم.

دە بونونىڭ دېيىشىچە، مۇشۇ ئالتە قالپاق بويىچە ئويلاش ئۇسۇلىنى 1999 ـ يىلغىچە بولغان ئالدىنقى 230 يىلنىڭ ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىدا يۈز بەرگەن ئەڭ مۇھىم ئۆزگىرىش، دەپ قاراشقا بولىدىكەن. مەن ئىككى كۈنلۈك دەرس ئارقىلىق مۇشۇ ئۇسۇلنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ يازمام ئارقىلىق بۇ ئۇسۇلنى ئۇيغۇرلارغا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ بېرىش قارارىغا كەلدىم. ئالتە قالپاق بويىچە ئويلاش ئۇسۇلى دە بونونىڭ «ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقى» دېگەن 173 بەتلىك بىر كىتابىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، ئىنگلىزچە بىلىدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاشۇ كىتابنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشىنى، شۇنداقلا ۋەتەندىكى قىزىققان قېرىنداشلارنىڭ بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىمەن (بۇ كىتاب ئىنتايىن ئاددىي تىل بىلەن يېزىلغان بولۇپ، مېنىڭچە تەرجىمە قىلىش ئانچە قىيىنغا توختىمايدۇ).

مېنىڭ ئالدىن ئەسكەرتىپ قويىدىغىنىم، تۈزۈلۈشى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن قارىغاندا ئەسلىدىكى كىتاب ۋە ئۇشبۇ يازما بىر ئاز «قۇرۇق» بولۇپ، ئوقۇرمەننى ئاسانلىقچە چوڭقۇر جەلپ قىلالماسلىقى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئىلمىنىڭ پايدىسى ناھايىتى زور. شۇڭلاشقا مەلۇم بىر مۇھىم ئىش توغرىسىدا قارار چىقىرىشقا ھازىر دۇچ كەلگەن ياكى كەلگۈسىدە دۇچ كېلىدىغان بارلىق شەخسلەر ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ ئۇشبۇ يازمىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىنى سەمىمىيلىك بىلەن تەشەببۇس قىلىمەن.

## 1. ئالتە قالپاق بويىچە ئويلاش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

غەربلىكلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى ئاساسىي ئىدىيە بۇنىڭدىن 230 يىل ئىلگىرى گرېكلەردىن تەركىپ تاپقان بىر «ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تەرىپىدىن لايىھەلەنگەن بولۇپ، ئۇ بەس-مۇنازىرە تەرىقىسىدە تەپەككۇر قىلىشقا ئاساسلانغان. «سوقراتلار» دەپ ئاتالغان بۇ گۇرۇھ دىئالېكتىكا بىلەن بەس-مۇنازىرىنى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە تەكىتلىگەن. پلاتونىڭ يازمىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ قاتناشقان، بەس-مۇنازىرە تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلغان دىئالوگنىڭ 80 پىرسەنتىدىن ھېچقانداق ئىجابىي نەتىجە چىقمىغان. ئۇ چاغدىكى غەربلىكلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى «بۇ نېمە؟» (ئىنگلىزچە «what is») دېگەن تەرىقىدە بولۇپ، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئانالىز قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش ۋە بەس-مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق بەلگىلەنگەن.

ئەمما، تەپەككۇر قىلىشنىڭ پۈتۈنلەي باشقا بىر تەرىپىمۇ بار بولۇپ، ئۇ «بۇ نېمە بولالىشى مۇمكىن؟» (ئىنگلىزچە «what can be») دېگەن تەرىقىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەمدە ئۇ ئىجابىي ئويلاش، يېڭىلىق يارىتىش تەرىقىسىدە

ئويلاش ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى لايىھىلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇرۇن ياشىغان بىر ئادەم ماشىنىسىنىڭ يېرىمىنى ئاق، يېرىمىنى قارا سىرلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق غەلىتە ئىشنى قىلغانلىقىنى سوراپسا، ئۇ «بۇ مەن ئۈچۈن بىر ناھايىتى ياخشى كۆڭۈل ئېچىش بولىدۇ: ھەر قېتىم مەن بىر ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ سوتقا بارسام، ئىسپاتلىغۇچىلارنىڭ بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى سۆزلىگىنىنى ئاڭلايمەن» دېگەن. بۇ بەس-مۇنازىرىدە داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر ئەھۋال بولۇپ، بەس-مۇنازىرىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دېگىنى توغرا، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتقىنى مەلۇم بىر ئەھۋالنىڭ ئۆزئارا ئوخشاشمايدىغان باشقا-باشقا تەرەپلىرى بولىدۇ.

ئۇنداقتا «پاراللېل ئويلاش ئۇسۇلى» دېگەن نېمە؟ ئۇشبۇ يازمىدا «پاراللېل ئويلاش ئۇسۇلى»، «ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقى» ۋە «ئالتە قالپاق بويىچە ئويلاش ئۇسۇلى» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر نەرسىنى، يەنى دە بونو ئوتتۇرىغا قويغان پاراللېل ئويلاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. ئويلاش ياكى تەپەككۇر قىلىش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي بايلىقلىرىنىڭ بىرى، ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىقتىدارى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئويلاشتىكى ئاساسىي قىيىنچىلىق قالايمىقانچىلىقتۇر. ئويلاش جەريانىدا بىز نۇرغۇن ئىشلارنى تەڭلا قىلىشقا ئۇرۇنىمىز. بىر ئىش ئۈستىدە ئويلانماقچى بولغىنىمىزدا ھېسسىيات، ئۇچۇر، لوگىكا، ئۈمىد ۋە يېڭىلىق يارىتىشچانلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مېڭىمىزگە تەڭلا كىرىۋالىدۇ. بۇ خۇددى بىر مۇنچە توپنى ئاسمانغا تەڭلا ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتىۋالماقچى بولغانلىق بىلەن باراۋەر. سىز داۋازچىلارنىڭ ئۈچ، بەش ياكى يەتتە دانە توپ ياكى باشقا بىر نەرسىنى ئاسمانغا بىردىن-بىردىن تەرتىپ بويىچە ئېتىپ، ئۇلارنى يەنە تەرتىپ بويىچە تۇتىۋالىدىغان ئويۇنلىرىنى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. «ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقى» دېگەن كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى بىر ئاددىي ئۇقۇم بولۇپ، ئاشۇ ئۇقۇم بويىچە ئىش كۆرگەندە، بىر تەپەككۇر قىلغۇچى بىر ۋاقىتتا پەقەت بىرلا ئىشنى قىلىدۇ. مانا بۇ «ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقى» ئۇقۇمىدىن ئىبارەتتۇر. مۇشۇ قالپاقنىڭ مەلۇم بىرسىنى كىيىش مەلۇم بىر خىلدىكى ئويلاشنى بەلگىلەيدۇ. دە بونونىڭ كىتابىدا ئاشۇ ئالتە قالپاقنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ماھىيىتى ۋە قوشىدىغان تۆھپىسى تەسۋىرلەنگەن.

پاراللېل ئويلاشنىڭ تۈپ ماھىيىتى شۇكى، مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە بولغاندا، ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر يۆنىلىشكە قارايدىغان بولۇپ، ئويلاشنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە ئۈچۈن باشقا كىيىدىغان «قالپاق» ئىشلىتىلگەن. تەپەككۇر قىلغۇچىلار قاراپ چىقىدىغان يۆلىنىشنىڭ كۆپ خىلى بولىدۇ. مانا شۇ ئوخشىمىغان يۆنىلىشلەر ئۈچۈن ئوخشىمىغان رەڭدىكى قالپاق ئىشلىتىلىدۇ. يەنى بۇ يەردىكى «قالپاق» بىر سىمۋولدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئوخشىمىغان رەڭدىكى قالپاق ئوخشىمىغان رولغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بەزى يىغىنلاردا كىشىلەر مەخسۇس ئويلاش ئۈچۈن تەييارلانغان قالپاقلارنى كىيىۋالىدىغان بولسىمۇ، كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «قالپاق» بىر خىيالىي نەرسىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

ئويلاشنىڭ ئوخشىمىغان يۆنىلىشلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قالپاقتىن جەمئىي ئالتە رەڭلىكى بار: ئاق، قىزىل، قارا، سېرىق، يېشىل ۋە كۆك. بۇ ئالتە قالپاق تۆۋەندىكىدەك ئويلاش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ:

- ئاق قالپاق: ئاق رەڭ نېيترال ۋە ئوبيېكتىپ كېلىدىغان بولۇپ، ئاق قالپاق ئوبيېكتىپ پاكىتلار ۋە سان-سىپىرلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.
- قىزىل قالپاق: قىزىل رەڭ ئاچچىقلىنىشقا، غەزەپكە، ۋە ھېسسىياتقا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، قىزىل قالپاق مەلۇم بىر ئىش توغرىسىدىكى ھېسسىياتنى ياكى ھېسسىي كۆز-قاراشنى ئىپادىلەيدۇ.
- قارا قالپاق: قارا رەڭ قايغۇلۇققا ۋە كەسكىنلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، قارا قالپاق ئېھتىياتچانلىقنى ۋە ئەستايىدىل بولۇشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ مەلۇم بىر ئىدىيىدىكى ئاجىزلىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
- سېرىق قالپاق: سېرىق رەڭ يورۇق ۋە ئىجابىي كېلىدىغان بولۇپ، سېرىق قالپاق ئۈمىدۋارلىققا، ئۈمىدلىك ۋە ئىجابىي ئويلاشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.
- يېشىل قالپاق: يېشىل رەڭ ئوت-چۆپلەرنى، ئۆسۈملۈكلەرنى، كۆپلۈكنى ۋە مۇسۇللۇق ئۆسۈشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، يېشىل قالپاق يېڭىلىق يارىتىش ۋە يېڭى ئىدىيىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.
- كۆك قالپاق: كۆك رەڭ سالقىنلىقنى ھەمدە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئاسماننىڭ رەڭگىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، كۆك قالپاق كونترول قىلىش، ئويلاش جەريانىنى تەشكىللەش، ھەمدە باشقا

قالپاقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

يەنى، «ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقى» دېگىنىمىز قارار قىلماقچى بولغان بىر مەسىلىگە قاراپ چىقىشنىڭ ئالتە ئوخشىمىغان تەرەپلىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئاق قالپاق بويىچە ئويلىغان ۋاقىتتا، كىشىلەر پاكىتلارنى تىزىپ چىقىدۇ. قىزىل قالپاق بويىچە ئويلاش ۋاقتىدا كىشىلەر مەلۇم بىر ئىشقا نىسبەتەن قانداق ھېسسىياتقا كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قارا قالپاق باسقۇچىدا كىشىلەر بىر قارارنىڭ سەلبىي تەسىرلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ. سېرىق قالپاق باسقۇچىدا كىشىلەر بىر قارارنىڭ ئىجابىي تەسىرلىرىنى تېپىپ چىقىدۇ. يېشىل قالپاق باسقۇچىدا كىشىلەر قىلماقچى بولغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان باشقا يوللىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ. كۆك قالپاق باسقۇچىدا بولسا گۇرۇپپا باشلىقى كىشىلەرگە شۇ ۋاقىتتا قايسى خىلدىكى ئويلىنىشنى ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىسقىسى، مۇشۇنداق ئوخشىمىغان ۋاقىتتا بىر ئىشنىڭ ئوخشىمىغان تەرىپى توغرىسىدا ئويلىنىش ياكى تەپەككۇر يۈرگۈزۈش، ھەر بىر ئادەمنىڭ بارلىق تەجرىبىلىرىنى ۋە ئەقلىنى ئويلاشنىڭ ھەممە يۆنىلىشلىرى ئۈچۈن ئىشقا سېلىش ئارقىلىق، ئۆز-ئارا ئالاقىلىشىش، ئويلاش ۋە قارار چىقىرىش جەريانىنىڭ ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

ئويلاشنىڭ ئوخشىمىغان يۆنىلىشى ئۈچۈن ئالتە خىل رەڭنى ۋە ئالتە خىل رەڭلىك قالپاقنى ئىشلىتىشنىڭ مەلۇم ئىلمىي ئاساسى بار. مەسىلەن، سىز بىر كىشىدىن مەلۇم بىر ئىشقا نىسبەتەن قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى سورىسىڭىز، سىز ئۇنىڭدىن بىر سەممىي جاۋابقا ئېرىشەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى نۇرغۇن كىشىلەر ھېسسىياتچان بولۇشنى، ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى خاتا دەپ ھېسابلايدۇ. لېكىن «قىزىل قالپاق» دېگەن سۆز نېيترال بولىدۇ. سىز بىرسىدىن ھازىرچە بەك ئېھتىياتچان بولۇپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلغانىغا قارىغاندا، «ھازىرچە قارا قالپاقنى كىيمەي تۇرسىڭىز» دەپ تەلەپ قىلىش كۆپ ئاسانغا توختايدۇ. يەنى، رەڭنىڭ نېيتراللىقى سىزنىڭ باشقىلارنى ئوڭايسىزلاندۇرماي تۇرۇپ ھەر خىل قالپاقلارنى ئىشلىتىشىڭىزنى، نەسىھەت ۋە ئەيىبلەشلەرنى ئارىلاشتۇرماي تۇرۇپ ئويلاش جەريانىنى مەلۇم قائىدە-تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىشىڭىزنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن، سىز تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى ناھايىتى

ئاسانلا قىلالايسىز:

- ھازىر ھەممىڭلار قارا قالپىقىڭلارنى ئېلىۋېتىڭلار.
- كېيىنكى بىر قانچە مىنۇت ئىچىدە ھەممىمىز قىزىل قالپىقىمىزنى كىيەيلى.

تۆۋەندە مەن ئويلاشنىڭ ئالتە خىل رەڭلىك قالپىقى توغرىسىدا ئايرىم-ئايرىم توختىلىمەن.

**1) ئاق قالپاق**

بىر پارچە ئاق قەغەزنى ۋە بېسىپ چىقارغان بىر ۋاراق يازمىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ. ئاق قالپاق ئۇچۇر توغرىسىدا بولۇپ، ئۇنى ئىشلەتكەندە ھەممە ئادەم ئۆز زېھنىنى ھەر خىل مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. سىز بېشىڭىزغا ئاق قالپاقنى كىيگەندە، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىسىز:

- بىزدە ھازىر قانداق ئۇچۇرلار بار؟
- بىزگە يەنە قانداق ئۇچۇرلار كېرەك؟
- بىزدە قانداق ئۇچۇرلار كەمچىل؟
- بىز ئۆز-ئۆزىمىزدىن قانداق سوئاللارنى سورىشىمىز كېرەك؟
- بىزگە زۆرۈر بولغان ئۇ ئۇچۇرلارغا بىز قانداق ئېرىشىمىز؟

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان ئۇچۇر توغرا-خاتالىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى بولىدىغان ئېنىق پاكىت بىلەن سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا پىكىر ۋە ھېسسىياتقا ئوخشاش يۇمشاق ئۇچۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھېسسىياتىنى بايان قىلسىڭىز، ئۇ قىزىل قالپاققا تەۋە بولىدۇ. ئەمما سىز باشقىلار تەسۋىرلىگەن ھېسسىياتنى بايان قىلسىڭىز، ئۇ ئاق قالپاققا تەۋە بولىدۇ.

ئاق قالپاق باسقۇچىدا ئەگەر ئىككى پارچە ئۇچۇر بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ چىقىپ قالسا، ئۆز-ئارا مۇنازىرىلىشىشكە يول قويۇلمايدۇ. ھەر ئىككى ئۇچۇر ئوخشاش دەرىجىدە مۇئامىلە قىلىنىپ، ئۇچۇرلار جۇغلانمىسىغا كىرگۈزۈلىدۇ. پەقەت بۇ ئىككى ئۇچۇردىن بىرنى تاللاشقا مەجبۇرى بولۇپ قالغاندىلا ئۇلاردىن بىرسى تاللىنىلىدۇ.

ئاق قالپاق بىر ئويلاش جەريانىنىڭ ئەڭ دەسلىپىدە كىيىلىدىغان بولۇپ،

بۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاشۇ بىر ئويلاش جەريانىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئاق قالپاقنى بىر ئويلاش جەريانىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا چىقىرىلغان قارارلارنى باھالاپ كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، سىزنىڭ تەكلىپلىرىڭىز ھازىرغىچە يىغىلغان ئۇچۇرلارغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟

ئاق قالپاق نېيترال كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ شۇ چاغدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان دۇنيا ئۈستىدە دوكلات بېرىدۇ. ئاق قالپاق يېڭى ئىدىيىلەرنى بەرپا قىلىشقا ئىشلىتىلمەيدۇ. لېكىن ئۇنى ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ياكى بۇرۇن ئىشلىتىلىپ باققان ئىدىيىلەرنى دوكلات قىلىشقا ئىشلەتسە بولۇۋېرىدۇ.

ئاق قالپاقنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى كەمچىل بولغان ۋە زۆرۈر بولغان ئۇچۇرلارنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئۇ سورىلىشقا تېگىشلىك بولغان سوئاللارنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. شۇنداقلا زۆرۈر بولغان ئۇچۇرلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ۋاستىلىرىنى تېپىپ چىقىدۇ. ئاق قالپاق زۆرۈر بولغان ئۇچۇرلارنى تېپىپ چىقىش ۋە تىزىپ چىقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

### 2) قىزىل قالپاق

قىزىل رەڭ ئادەمگە ئوت، ئىسسىقلىق ۋە ھېسسىياتنى ئەسلىتىدۇ. قىزىل قالپاق باسقۇچىدا، كىشىلەرگە ئۆز ھېسسىياتى، كەيپىياتى ۋە بىۋاستە تۇيغۇسىنى ئەركىن ئىپادىلەشكە پۇرسەت بېرىلىدۇ. بىر نورمال خىزمەت مۇزاكىرىسىدە سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنىڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇزاكىرە بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. بىر قارار چىقىرىش يىغىنىدا قىزىل قالپاقنى كىيگەندە بولسا، سىز ئۈچۈن ئۆز ھېسسىياتىڭىز، كەيپىياتىڭىز ۋە بىۋاستە تۇيغۇلىرىڭىزنى ئەركىن-ئازادە ئوتتۇرىغا قويىدىغانغا بىر مەخسۇس پۇرسەت يارىتىپ بېرىلىدۇ.

بىۋاستە تۇيغۇ نۇرغۇن ئەمىلى تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغان بولۇشى مۇمكىن. ھېسسىيات، كەيپىيات ۋە بىۋاستە تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشنىڭ مۇنداق مىساللىرى بار:

- مېنىڭچە ماۋۇ كىشى مۇشۇ ۋەزىپىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ.
- مېنىڭچە بۇ ئىشتا تەۋەككۇلچىلىك بەكلا ئېغىر.
- مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە بۇنداق چۈشەندۈرۈش بەك مۇرەككەپ بولۇپ كېتىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ھېسسىياتلارنىڭ پايدىسى بار. لېكىن بىۋاستە تۇيغۇنىڭ دائىم توغرا بولۇشى ناتايىن. دۇنياغا مەشۇر ئېيىنشتېيىننىڭ بىۋاستە تۇيغۇسىمۇ ھېيسېنبېرگنىڭ ئېنىقسىزلىق پرىنسىپىنى ئىنكار قىلغاندا خاتا بولۇپ چىققان ئىدى.

قىزىل قالپاقنى كىيگەندە ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىر قاتار ھېسسىياتىنى ئىپادىلىسە بولىدۇ. ئاشۇنداق ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىدىغان سۆزلەردىن مۇنداقلىرى بار:

- مېنىڭ بۇ ئىشقا ناھايىتى يۇقىرى قىزغىنلىقىم بار.
- مەن بۇ ئىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن.
- مەن بۇ ئىشقا نىسبەتەن نېيترال پوزىتسىيىدە بولىمەن .
- مەندە بۇ ئىشقا نىسبەتەن بىر ئېنىق ئىدىيە يوق.
- مەن بۇ ئىشقا دېگەندەك ئىشەنچ قىلالمايمەن.
- مەن بۇ ئىشقا نىسبەتەن بىر مۇرەككەپ تۇيغۇدا بولۇۋاتىمەن.
- مەن بۇ ئىش ئۇچۇن ئانچە خۇشال ئەمەس.
- مەن بۇ ئىشنى ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمەيمەن.
- مەن بۇ ئىشقا ناھايىتى ئۆچ، ۋە باشقىلار.

ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشىمىغان مىللەت ۋە ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئۇچۇن ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ياپونلۇقلار ئۆز ھېسسىياتىنى «مەن بۇ ئىش توغرىسىدا چوقۇم بىر ئويلىنىپ باقمىسام بولمايدۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مۇلايىم ئىپادىلەيدۇ. ئامېرىكىلىقلار بولسا ئۆز ھېسسىياتىنى «بۇ بىر ناھايىتى قالتىس پىكىر ئىكەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن كۈچلۈك ھالدا ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا بولسا ئۆز ھېسسىياتىنى ئەينەن ئىپادىلىمەيدىغان ئەھۋاللار خېلىلا ئېغىر.

قىزىل قالپاقنى كىيگەندە، ئۆز ھېسسىياتىنى چۈشەندۈرۈش ياكى ئۆز ھېسسىياتىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئەكسىچە، يىغىن باشقۇرغۇچى ئۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا كىشىلەر پەقەت توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايدىغان ھېسسىياتنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشقا ھېسسىياتنى دېگىلى ئۇنىمايدۇ. شۇڭلاشقا مۇزاكىرىنىڭ بۇ باسقۇچىدا ھەر بىر ئادەم ئۆز

ھېسسىياتىنى ئەينەن ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

قىزىل قالپاقنى بىر قارار چىقىرىش يىغىنىڭ ئەڭ ئالدىدا بىر قېتىم ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. ئەڭ دەسلەپتە ئىشلەتكەندە قىلماقچى بولغان ئىشقا نىسبەتەن ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھېسسىياتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بولسا كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىدا ئۆزگىرىش بولغان-بولمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

قىزىل قالپاق دائىم بىر ئالاھىدە ئىدىيە ياكى بىر ئالاھىدە ئەھۋالغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا قىزىل قالپاقنى ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ نىمىگە قارىتا ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق بولۇشى كېرەك.

قىزىل قالپاق بىلىم تەلەپ قىلىدىغان ھېسسىياتلارغىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭچە بۇ ئىدىيىنىڭ خېلى زور يوشۇرۇن كۈچى بار.

- بۇ ئىدىيە ناھايىتى قىزىقارلىق ئىكەن.
- بۇ ئىدىيە ناھايىتى ئۆزگىچە ئىكەن.

قىزىل قالپاقنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى بايان قىلىش مەجبۇرىيىتى بار بولۇپ، ھېچ كىمنىڭ «بىرسى ئۆتۈپ كەتسۇن» دېيىشىگە يول قويۇلماسلىقى كېرەك. قىزىل قالپاقنىڭ مەقسىتى شۇ ۋاقىتتا مەۋجۇد بولغان ھېسسىياتنى ئەينەن بايان قىلىش بولۇپ، مەلۇم بىر ھۆكۈمنى چىقىرىشقا مەجبۇرلاش ئەمەس.

### 3) قارا قالپاق

قارا قالپاق ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئەڭ مۇھىم قالپاق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئېھتىياتچانلىق ۋە پەخەسلىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ بىزنى قانۇنسىز، خەتەرلىك، پايدا يەتكۈزمەيدىغان، ھاۋانى بۇلغايدىغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشتىن توسايدۇ.

قارا قالپاق ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش (ئىنگلىزچە «survival») قالپىقى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر ھايۋان قايسى يېمەكلىكنىڭ زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى، يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئۆزىگە كەلتۈرىدىغان خەتىرىنىڭ ئىشارەتلىرىنى كۆرۈپ چۈشىنىدىغان بولۇشى كېرەك. بىز ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك. قانداق ئىشلاردىن ساقلىنىش

كېرەكلىكىنى، قايسى ھەرىكەتنىڭ ئۇنۇم بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. بىز مانا مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالىمىز. ئۆزىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرغا قانچىلىك باي بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بەزىدە بىرەر ئەخمىقانە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇش بىلەن ئۆزىمىزنى پۈتۈنلەي بەربات قىلىۋېتىشىمىزمۇ مۇمكىن.

قارا قالپاق تەنقىدىي ئويلاشنىڭ ئاساسى بولۇپ، غەرب مەدەنىيىتىنىڭمۇ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نىمىنىڭ ئۆزىمىزنىڭ بايلىق مەنبەسىگە، بىزنىڭ سىياسىتىمىزگە، بىزنىڭ ئىستراتېگىيىمىزگە، بىزنىڭ خىزمەت ئەخلاقىمىزغا، ۋە بىزنىڭ قىممەت قارىشىمىزغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئالتە قالپاق بويىچە ئويلاش ئۇسۇلىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، قارا قالپاق كىيىلگەندە، ئويلاش جەريانىغا قاتنىشىۋاتقان ھەممە ئادەملەرگە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئېھتىياتچان بولىدىغان ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەنقىدىي پوزىتسىيىدە بولىدىغان بىر ۋاقىت ياكى پۇرسەت يارىتىپ بېرىلىدۇ. ئەمما بېرىلگەن بۇ ۋاقىتنىڭ سىرتىدا بولسا ھەر بىر نۇقتا ئۈستىدە تەنقىدىي پوزىتسىيىدە بولۇشقا يول قويۇلمايدۇ.

قىسقىسى، قارا قالپاق ئېھتىياتچانلىقنى كۆزدە تۇتىدۇ. بىر تەكلىپ ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ مەلۇم بىر باسقۇچقا كەلگەندە، بىز ئۇنىڭ تەۋەككۈلچىلىكى، خەتىرى، توسقۇنلۇقى، يوشۇرۇن مەسىلىسى ۋە پايدىسىز تەرىپى ئۈستىدە ئويلىنىشىمىز كېرەك. بىر تەكلىپنىڭ قاراڭغۇ تەرىپى توغرىسىدا تولۇق ئويلانماي تۇرۇپ ئۇنى ئىجرا قىلىش بىر ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قارا قالپاق بىزنى خەتەر ۋە قىيىنچىلىقتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئۇ بىزگە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

#### 4) سېرىق قالپاق

سېرىق رەڭ بىزگە قۇياش نۇرىنى، ئۈمىدۋارلىقنى ئەسلىتىدۇ. بىر تەپەككۇرچى سېرىق قالپاقنى كىيگەندە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن تەكلىپنىڭ بارلىق پايدىلىق تەرىپىنى تېپىپ چىقىشقا، قانداق قىلغاندا بۇ بىر ئىدىيىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ چىقىشقا تىرىشىدۇ.

سىرىق قالپاقنى ئىشلىتىش قارا قالپاقنى ئىشلىتىشكە قارىغاندا سەل تەسرەك. ئادەم مېڭىسىدە بىزنىڭ خەتەردىن ساقلىنىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان بىر تېببىي مېخانىزم مەۋجۇد بولىدۇ. ئەمما سىرىق قالپاق ئۈچۈن بۇنداق مېخانىزم مەۋجۇد ئەمەس. شۇڭلاشقا كۆپ ساندىكى كىشىلەر سىرىق قالپاققا قارىغاندا قارا قالپاقنى ئىشلىتىشكە ئۇستىراق كېلىدۇ.

بىز ئۆزىمىزدە «قىممەت سەزگۈرلىكى» نى يېتىلدۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى بىز قىلغان ئىشىمىزنىڭ خەتىرىگە قانچىلىك سەزگۈر بولغان بولساق، ئۇنىڭ قىممىتىگىمۇ شۇنچىلىك سەزگۈر بولۇشىمىز كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. بۇنداق ئادەتنى ئەمەلىيەت جەريانىدا يېتىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

سىرىق قالپاقنىڭ قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ قىممىتىنى بىر قېتىم دەڭسەپ كۆرۈشكە مەجبۇرلايدۇ. بەزىدە سىز ئۈچۈن ئۇنچىۋالا قىزىقارلىق كۆرۈنمىگەن بىر ئىش ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇپ چىقىپ قالىدۇ. ئەگەر بىز قاتتىق ئىزدىنىدىغان بولساق، كىشىلەرنى ئانچە جەلپ قىلالمىغان ئىدىيىلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە ئىدىيىلەر چىقىپ قالىدۇ.

سىرىق قالپاقنىڭ لوگىكىلىق ئاساسى بولۇشى، يەنى ھەر بىر ئىدىيىنىڭ قىممىتى بەلگىلىك ئاساسلار ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. ئۇنى ئىشلەتكەندە، مۇنداق سوئاللارغا جاۋاب تېپىش كېرەك:

- ئۇنىڭ قىممىتى نېمە؟
- ئۇ كىم ئۈچۈن؟
- ئۇ قانداق شارائىت ئاستىدا پايدا بېرىدۇ؟
- ئۇنىڭ قىممىتى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ؟
- ئۇنىڭ باشقا قىممەتلىرىمۇ بارمۇ؟

قىسقىسى، سىرىق رەڭ قۇياش نۇرى، يورۇقلۇق ۋە ئۈمىدۋارلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، سىرىق قالپاق بويىچە ئويلاش ئىجابىي ۋە پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئويلاشنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى قارا قالپاق بىر تەكلىپنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى باھالاپ چىقىشنى كۆرسەتكەندەك، سىرىق قالپاق بىر تەكلىپنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى، يەنى قىممىتىنى ۋە پايدىسىنى تېپىپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ.

### 5) يېشىل قالپاق

يېشىل رەڭ يېڭى يوپۇرماق ۋە يېڭى شاخلارنىڭ رەڭگى بولۇپ، ئۇ ئادەمگە زىرائەتلەرنى، ئۆسۈشنى، ۋە ئېنېرگىيىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئىجادكارلىقىغا ياكى يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. يېشىل قالپاقنى كىيگەندە، بىز يېڭى ئىدىيىلەرنى ئىلگىرى سۈرىمىز. بىز ئۇچۇن مەۋجۇد بولغان بارلىق تاللاشلارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. تەكلىپ قىلىنغان ئىدىيىلەرنى ئۆزگەرتىمىز ۋە ياخشىلايمىز.

يېشىل قالپاقنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، بۇ قالپاق كىيىلگەن ۋاقىتتا، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق كىشىلەر ئۇچۇن مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقان ئىش ئۈستىدە مەخسۇس يېڭىلىق يارىتىش پەللىسىدە تۇرۇپ ئويلاش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەر بىر ئادەم ئۆزى ئويلاپ تاپقان يېڭى ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەگەر يېڭى ئىدىيىسى بولمىسا ئاۋاز چىقارماي جىم ئولتۇرىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر ھېچ ئىش قىلماي جىم ئولتۇرۇشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىجادكارلىقىنى ئىشقا سېلىپ، يېڭى ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش يولىدا توختىماي تىرىشىدۇ. يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇر قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، يېشىل قالپاق ئويلاش قالپاقلىرىنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

كىشىلەر باشقىلار ئۆزىدىن ئۈمىد قىلغان ئىشلارنى قىلىشقا بەكرەك ئىنتىلىدۇ. يېشىل قالپاق كىيىلگەن ۋاقىتتا، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق كىشىلەردىن يېڭىلىق يارىتىش تەرىقىسىدە تەپەككۇر قىلىش ئۈمىد قىلىنغان بولغاچقا، ھەممەيلەن يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىدۇ. نەتىجىدە بۇرۇن ئۆزىنى ئانچە يېڭىلىق ياراتقۇچى ھېسابلىمايدىغان كىشىلەرمۇ بىرەر يېڭى ئىدىيىنى ئويلاپ چىقىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىمۇ كۈچىيىپ، بىر دەمدىن كېيىن ئۇلارمۇ باشقىلاردەكلا يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر كىشىلەردىن بولۇپ قالىدۇ.

يېشىل قالپاق كىيىلگەندە، كىشىلەرنىڭ ھەممە مۇمكىنچىلىكلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا يول قويۇلىدۇ. مۇمكىنچىلىكنىڭ تەپەككۇر قىلىشتىكى رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، بۇنى كىشىلەر ئاسانلىقچە تونۇپ يېتەلمەيدۇ. مۇمكىنچىلىك بولمىسا ئالغا ئىلگىرىلەش بولمايدۇ. ئىككى مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا جۇڭگونىڭ تېخنولوگىيىسى غەربنىڭكىگە قارىغاندا جىق تەرەققىي

قىلىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى پۈتۈنلەي توختاپ قالغان. كۆپىنچە كىشىلەر بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى جۇڭگولۇقلار ئىلمىي پەرەزلەرنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىقتىن بولغان، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئىلمىي پەرەز ۋە مۇمكىنچىلىكلەر روھىي يۇمشاق دېتاللارنىڭ ئەڭ ئاچقۇچلۇق بىر قىسمى بولۇپ، ئەگەر ئۇلار بولمايدىكەن تەرەققىياتمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

بىر ئىشنى ئېلىپ بېرىشتىكى قەدەم-باسقۇچلار ئۈستىدىكى تەكلىپلەرمۇ مۇشۇ يېشىل قالپاق باسقۇچىدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. «بىز ماۋۇ ئىشنى، ياكى ماۋۇ ئىشنى، ياكى ماۋۇ ئىشنى قىلالايمىز». قارا قالپاق باسقۇچىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قىسىم قىيىنچىلىقلارمۇ مۇشۇ يېشىل قالپاق باسقۇچىدا ھەل قىلىنىدۇ. يەنى يېشىل قالپاق باسقۇچىدا بەزى قىيىنچىلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەزى ئىدىيەلەرنى ئۆزگەرتسە بولىدۇ. يېشىل قالپاق باسقۇچىدا بۇرۇنقىدىن باشقا يېڭى ئىدىيەلەرگە بولغان ئېھتىياجنى تەشەببۇس قىلىسمۇ بولۇۋېرىدۇ.

ئەگەر يېشىل قالپاق ناھايىتى كۆپ يېڭى ئىدىيە ۋە مۇمكىنچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، يېشىل قالپاق باسقۇچىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا ۋاقىت يېتىشمەسلىكى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا قىزىل قالپاقتىن پايدىلىنىپ، مەلۇم بىر ئەھۋالغا ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىدىيەلەرنى تاللاپ بېكىتىسمۇ بولىدۇ.

قىسقىسى، يېڭىلىق يارىتىش تەرىقىسىدە تەپەككۇر قىلىش مۇنداق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- يېڭى ئىدىيە، يېڭى چۈشەنچە ۋە يېڭى ئۇقۇم.
- يېڭى ئىدىيەلەرنىڭ مەقسەتلىك ھالدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈشى.
- پايدىلىنىشقا بولىدىغان باشقا يول ۋە باشقا ئۇسۇللار.
- ئۆزگىرىشلەر.
- بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرى.

يېڭىلىق يارىتىش دېگىنىمىز قابىلىيەتمۇ، تالانتمۇ، ياكى كىشىلىكمۇ (ئىنگلىزچە «personality»)؟ بۇ سوئالنىڭ توغرا جاۋابى، يېڭىلىق يارىتىش دېگەن قابىلىيەت، تالانت ۋە كىشىلىكنىڭ بىرىكمىسىدىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشمىسىڭىز، ئۇ پەقەت سىزنىڭ تالانتىڭىز بىلەن كىشىلىك مىجەزىڭىزگە باغلىق نەرسە

بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا سىز ئۆزىڭىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىڭىزنى ئۆستۈرۈش يولىدا مەقسەتلىك ھالدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەككى، بەزىلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈنرەك بولىدۇ. بۇ خۇددى بەزىلەر مۇز تېيىلىشتا باشقىلاردىن ئۈستۈنرەك تۇرغىنى بىلەن ئوخشاش. ئەمما مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر مەخسۇس تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالايدىغان دەرىجىگىچە ئۆستۈرەلەيدۇ. بۇ جەھەتتە «پاراللېل ئويلاش» ئۇسۇلى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان بولۇپ، قىزىققان ئوقۇرمەنلەر مېنىڭ «ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭە» دېگەن يازمامنى بىر قېتىم ئوقۇپ باقسا بولىدۇ.

كىشىلەر قالايمىقان سۆزلەر ئارقىلىق يېڭى ئىدىيىنى ئويلاپ تېپىش ئۇسۇلىنىمۇ تېپىپ چىققان. بۇ ئۇسۇلنى ھەر قانداق ئويلاش جەريانىدا ئىشلەتسە ئۇنۇم بېرىدىغان بولۇپ، مەلۇم بىر يىغىندا كىشىلەر يېڭى ئىدىيە تېپىشتا قىينالغان ۋاقىتتا تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. مەسىلەن، سىز شىركىتىڭىزنىڭ بىر رەھبەرلەر يىغىنىدا ئۆز شىركىتىڭىز ئۈچۈن بىر يېڭى مەھسۇلات ئويلاپ تاپماقچى. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئالدى بىلەن يىغىنغا قاتناشقۇچىلاردىن 20_30 دانە قالايمىقان سۆزلۈكلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى سورايسىز، ھەمدە ئۇ سۆزلۈكلەرنى بىر قەغەز تاختايغا يېزىپ چىقىسىز. بۇ سۆزلۈكلەر مۇنداق سۆزلۈكلەر بولۇشى مۇمكىن: سوپۇن، كۆمۈر، بۈركۈت، چاشقان، تۆگە، تاكسى، بۇلۇت، خاتىرە، ۋەھاكازالار. ياكى بۇ سۆزلۈكلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر ھەرپ بىلەن باشلىنىدىغان بولسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، بۈركۈت، بۇلۇت، بۆشۈك، بۇغداي، بوۋاق، ۋەھاكازالار. بۇ سۆزلۈكلەر بىر تاختايغا يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئاشۇ سۆزلۈكلەرگە قاراپ تۇرۇپ، يېڭى ئىدىيىلەرنى ئويلاپ تاپىدۇ.

### 6) كۆك قالپاق

كۆك قالپاق بىزگە كۆك ئاسماننى ئەسلىتىدىغان بولۇپ، ئۇ بىر ئىش ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك ئويلىنىشقا، بىر ئىش ئۈستىدە توغرا تەپەككۇر قىلىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

كۆك قالپاق ئوركېستىرنىڭ بىر دىرىژورىغا، ياكى بىر كوماندىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇنى كىيگەن كىشى قىلماقچى بولغان بىر ئىشنى قايسى ۋاقىتتا

قىلسا توغرا ۋاقىتتا قىلغان بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توغرا قارار چىقىرىپ، قىلماقچى بولغان ئاشۇ ئىشتىن ئەڭ ياخشى نەتىجە چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. يەنى كۆك قالپاق ئويلاش جەريانىنى مۇۋاپىق باشقۇرۇش، ئۈنۈملۈك تەشكىللەش ۋە ياخشى كونترول قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

كۆك قالپاقنى ئاشۇ يىغىننىڭ باشلىقى، رەئىسى ياكى باشقۇرغۇچىسى كىيىدىغان بولۇپ، ئۇنى بىر مۇزاكىرە يىغىنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئىشلەتكەندە، يىغىن باشقۇرغۇچى بۇ يىغىن نېمە ئۈچۈن ئېچىلغانلىقى، ئۇنىڭدا نېمە مەسىلە ھەل قىلىنىدىغانلىقى، بۇ قېتىمقى ئويلاش جەريانىنىڭ مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكى، بۇ ئويلاش جەريانى ئارقىلىق قانداق مەقسەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقچى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقىنى قايسى تەرتىپ بويىچە كىيىدىغانلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى كۆك قالپاق بۇ قېتىمقى يىغىندىكى ئويلاش ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. يىغىن جەريانىدا بولسا كۆك قالپاق يىغىننىڭ قائىدە-تۈزۈمىنى ساقلاش، كىشىلەرنىڭ پەقەت شۇ ۋاقىت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن قالپاقنىلا كىيىشكە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلارغىمۇ مەسئۇل بولىدۇ. ئويلاش قالپىقىنى يېڭى بىر قالپاققا ئۆزگەرتىشنىمۇ يىغىندىكىلەرگە كۆك قالپاقنى كىيگەن كىشى ئۇقتۇرىدۇ.

گەرچە كۆك قالپاقنى پەقەت يىغىن باشقۇرغۇچىسىلا كىيىدىغان بولۇپ، بىر يىغىن جەريانىدا بۇ كىشى باشقا بىر كىشىگە ئالماشتۇرۇلمايدىغان بولسىمۇ، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بۇ يىغىننى قانداق داۋاملاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە يېڭى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىۋېرىدۇ.

يىغىننىڭ ئاخىرىدا كۆك قالپاقلىق كىشى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىدىن بۇ يىغىندىن قانداق نەتىجە چىقىرىش كېرەكلىكىنى سورايدۇ. بۇ يەردىكى نەتىجە بىر خۇلاسە، يەكۈن، قارار، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىر ئۇسۇلى، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بىر نەرسە بولۇشى مۇمكىن. كۆك قالپاقلىق كىشى يىغىن ئاخىرىدا بۇ قېتىمقى يىغىندا ئانچە چوڭ ئىلگىرىلەش بولمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ھەمدە كېيىنكى قېتىم ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار، ئۇلارنىڭ قەدەم-باسقۇچلىرى، ياكى يەنە بىر قېتىملىق ئويلاش يىغىنىنى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

قىسقىسى، كۆك قالپاقنى كىيگەندە تۆۋەندىكى ئىشلار ئېلىپ بېرىلىدۇ:

- بۇ قېتىمقى ئويلاش يىغىنى ئۈستىدە ئويلىنىش.

- بۇ قېتىمقى ئويلاش يىغىنىنى قانداق ئېلىپ بېرىشنى چۈشەندۈرۈش.
- بۇ قېتىمقى ئويلاش جەريانىنى تەشكىللەش.
- باشقا قالپاقلارنى ئىشلىتىش جەريانىنى كونترول قىلىش.

## 2. ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقىنى ئىشلىتىش مىساللىرى

تۆۋەندە ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقىنى قانداق ئىشلىتىش ئۈستىدە بىر قانچە قىسقا مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. شىركەت، ئىدارە، مەكتەپ، تەشكىلات قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى داۋاملىق تۈردە بىر ياكى بىر قانچە ئىشلار ئۈستىدە مەمۇرىي ۋە تېخنىكىلىق رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىچىدە قارار چىقىرىشقا مەجبۇرى بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىر شىركەتنى مىسالغا ئالساق، ئۇلار دۈچ كېلىدىغان بىر چوڭ مەسىلە قايسى يېڭى مەھسۇلاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ياساپ چىقىش ئۈستىدە قارار ئېلىش. تۆۋەندىكى چۈشەندۈرۈشنى ئاسان قىلىش ئۈچۈن، بىز بىر شىركەت يېڭى مەھسۇلاتتىن بىرنى ئىشلەپ چىقارماقچى بولغاندا، بۇ بىر مەھسۇلاتنى قانداق تاللاپ بېكىتىشى كېرەك، دېگەن مىسال ئۈستىدە توختىلايلى. شىركەت باشلىقى ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىچىدە بۇ ئىشنى تۆۋەندىكىدەك قەدەم باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

(1) دەسلەپكى يىغىندا، يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى ئويلاپ چىققان يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ كۆك قالپاقتىن كېيىنكى يېشىل قالپاق باسقۇچىدۇر. بۇ باسقۇچتا پەقەت يېڭى ئىدىيىلەرلا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان بولۇپ، بۇ ئىدىيىلەر ھەرگىزمۇ مۇزاكىرە قىلىنمايدۇ. كېيىنكى قەدەم-باسقۇچلارنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بىر كىشى ئوتتۇرىغا چۈشكەن يېڭى ئىدىيىلەرنى ئۆزلۈكىدىن تامغا چاپلىنىدىغان، ئۆلچىمى 50 cm ×58 cm ئەتراپىدا كېلىدىغان، كۆپ ۋاراقلىق قەغەز تاختايغا يېزىپ ماڭسا ئەڭ ياخشى. بۇ قەغەز تاختاي ئىنگلىزچە « Self Stick Table Top Pad» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى ئامېرىكىنىڭ «M3» شىركىتىمۇ ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

(2) ھەممە يېڭى ئىدىيىلەر ئوتتۇرىغا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ھەر بىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئۈچ يېڭى

مەھسۇلاتقىلا بىلەت تاشلايدۇ. بۇ بىلەت تاشلاش مۇنداق ئېلىپ بېرىلسا ئەڭ ئۈنۈملۈك بولىدۇ: يۇقىرىقى بىرىنچى قەدەمدە تەييار بولغان قەغەز تاختا يىغىن ئىشخانىسىنىڭ بىر تېمىغا رەتلىك چاپلىنىدۇ. ئاندىن ھەر بىر ئادەم ئورنىدىن قوپۇپ، ئۆزى ئەڭ مۇۋاپىق كۆرگەن ئۈچ مەھسۇلاتنىڭ ئىسمىنىڭ قېشىغا دىئامېتىرى 1cm دىن كىچىك بولغان رەڭلىك شىلىملىك قەغەزدىن بىرنى چاپلايدۇ (بۇنداق قەغەزنى ئىنگلىزچە « color stickers» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، كۆپىنچە كىچىك بالىلار ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ).

(3) بىر ئادەم ھەر بىر مەھسۇلات ئېرىشكەن بېلەتنى ساناپ، ئۇ ساننى ئاشۇ مەھسۇلاتنىڭ ئىسمىنىڭ قېشىغا يازىدۇ. ھەممە بىلەت سانىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئەڭ كۆپ بېلەتكە ئېرىشكەن ئۈچ مەھسۇلات تاللىنىلىدۇ.

(4) ئۇنىڭدىن كېيىن، تاللانغان ھەر بىر مەھسۇلات ئۈستىدە كۆڭ قالپاقتىن باشقا بەش قالپاق بويىچە سىستېمىلىق ھالدا مۇھاكىمە-مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ مۇزاكىرىنى ھەر بىر مەھسۇلات ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم ئېلىپ بېرىپ، ئوتتۇرىغا چۈشكەن بارلىق پىكىر ۋە ئۇچۇرلارنى ئەڭ ياخشىسى يۇقىرىقىدەك قەغەز تاختايغا يېزىپ، تاختاي توشقاندا ئۇنى تامغا چاپلاپ ماڭغان ياخشى.

(5) ئۈچ مەھسۇلات ئۈستىدە بەش قالپاق بويىچە ئويلىنىش تولۇق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بۇ ئۈچ مەھسۇلات ئىچىدىن پەقەت بىرىنىلا تاللايدۇ.

بۇنداق بىر جەريان ئۈچۈن ئاز دېگەندە بىر قانچە سائەت، كۆپ بولغاندا بىر قانچە كۈن كېتىشى مۇمكىن. بۇ ئويلاش جەريانىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى ئەڭ ياخشىسى ئون كىشىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر ئادەم سانى ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا، ئۇلارنى بىر قانچە كىچىك گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، بۇ ئويلاش جەريانىنى ئاشۇ گۇرۇپپىلار بويىچە پاراللېل ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقىنى ئىشلىتىش تەرتىپى مەلۇم بىر ئويلاش جەريانى ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان مەقسەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. تۆۋەندە مەن ئۆزۈم قاتناشقان ئىككى كۇنلۇك لېكسىيىدە ئۆگەنگەن، ئوخشىمىغان ئەھۋالغا قاراپ ئالتە قالپاقنى قايسى تەرتىپتە

ئىشلىتىشكە ئائىت بىر قانچە مىساللارنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

ئىستراتېگىيىلىك پىلان تۈزۈش: كۆك، سېرىق، قارا، ئاق، كۆك، يېشىل، كۆك.

مەلۇم بىر ھەرىكەت ياكى پىلاننىڭ نەتىجىلىرىنى باھالاش: كۆك، قىزىل، ئاق، سېرىق، قارا، يېشىل، قىزىل، كۆك.

مەلۇم بىر جەرياننى ياخشىلاش: كۆك، ئاق، سېرىق، قارا، يېشىل، قىزىل، كۆك.

يولۇققان بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش: كۆك، ئاق، يېشىل، قىزىل، سېرىق، قارا، يېشىل، كۆك.

يېڭى ئىدىيە بەرپا قىلىش: كۆك، ئاق، يېشىل، قىزىل، كۆك، سېرىق، قارا، يېشىل، كۆك، قىزىل، كۆك.

ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ مۇشۇ يازمىنى بىر قېتىم ئوقۇپلا ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئۆگىنىپ كېتەلىشى ناتايىن. لېكىن ھەر بىر شىركەت ياكى تەشكىلات بىر ئادەمنى مەخسۇس تەربىيىلەش (مەسىلەن، ئىنگلىزچىنى پۇختا بىلىدىغان بىر ئادەمگە دە بونونىڭ ئەسلىدىكى كىتابىنى ئوقۇپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشنى تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ كىشىنى ئالتە قالپاق بويىچە ئويلاش جەريانىغا مەسئۇل قىلىش)، ياكى بىر گۇرۇپپا ئادەم بۇ ئۇسۇلنى ھەر قېتىم ئىشلىتىپ، ئۆزلۈكسىز پراكتىكا قىلىش ئارقىلىق، ئىلمىلىكى ۋە ئۈنۈمى ھازىرغىچە تولۇق ئىسپاتلانغان بۇ ئۇسۇلدىن تولۇق پايدىلىنىدىغان دەرىجىگە يېتەلىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن.

## 3. ئاخىرقى سۆز

ئەگەر بىر گۇرۇپپا ئادەم مەلۇم بىر مەنزىلگە ماشىنا ھەيدەپ بارماقچى بولۇپ، ماشىنىدىكى كىشىلەر ئۇ يەرگە بارىدىغان يولنى پەقەت ئازراقلا بىلسە، ئۇ مەنزىلگە بارىدىغان يولنى تاللاشتا نۇرغۇن تالاش-تارتىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئەمما، ئەگەر ئۇلاردا بىر يول خەرىتىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەممە يوللار، ئۇ يوللاردىكى قاتناش قىستاڭچىلىقى ئەھۋالى، ۋە يول يۈزىنىڭ سۈپىتى قاتارلىق ئۇچۇرلار بولسا، ئۇلار ئەڭ ياخشى يولنى تالاش تارتىشسىز ناھايىتى ئاسانلا تاللىۋالالايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بۇ بىر گۇرۇپپا ئادەملەر

ئۇچۇن قايسى يولنى تاللاش ناھايىتى تېزلا ئايدىڭلىشىپ كېتىدۇ. ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقىمۇ دەل ئاشۇنداق رولنى ئوينايدۇ. بىر ئويلاش جەريانىنى ئالتە قالپاق بويىچە ئېلىپ بارغاندا، ئەڭ ئاخىرىدا قانداق قارار چىقىرىش يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئىنتايىن ئاسانلا ئايدىڭلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، بىر توغرا قارار ئۆزلۈكىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بىز ئادەتتە بىر ئىش توغرىسىدا ئۆز ئالدىمىزغا قارار چىقارغاندا، بىر ئىشنىڭ ياخشى تەرىپى، يامان تەرىپى، بىر ئىشقا بولغان كۆڭۈل تۇيغۇسى ۋە پاكىتلار قاتارلىق ئوخشاش بىر جەريانى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بېسىپ ئۆتىمىز. لېكىن ئەگەر ئاشۇ جەريانى ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقى بويىچە ئېلىپ بارساق، ئويلاش جەريانىمىز ناھايىتى مۇكەممەل، ناھايىتى سىستېمىلىق، ناھايىتى ئوچۇق-ئاشكارا ۋە ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

خۇددى باشقا قارار چىقىرىش جەريانىغا ئوخشاش، بەزىدە ئالتە قالپاق بويىچە ئويلاش جەريانى ئارقىلىق بىر ئاخىرقى قارارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ناھايىتى قىيىن بولۇشى، بەزىدە ھەتتا مۇمكىن بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇ بەزىدە ئىككى خىل قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدا بىر تەڭپۇڭلۇق ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. بەزىدە كەلگۈسى توغرىسىدىكى بىر پەرەزگە تايىنىشقا مەجبۇرى بولۇشى، ھەمدە كەلگۈسى توغرىسىدىكى بەزى ئېنىقسىزلىقتىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولماي قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئىككى خىل ئېھتىماللىقنىڭ ھەر ئىككىسىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش توغرىسىدا بىر پىلاننى تۈزۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلىشمۇ مۇمكىن بولماي قالسا، ئۇ چاغدا بىر قىزىل قالپاق قارارنى چىقىرىش كېرەك. دېمىسىمۇ ئەڭ ئاخىرىدا ھەممە قارارلار «قىزىل قالپاق» قارارلىرى بولىدۇ. بىز ھەممە ئامىللارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز، ئەمما ئەڭ ئاخىرقى قارار ھېسسىيات ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

گېرمانىيە ئىدېئالىزمنى ئىجات قىلغان پەيلاسوپ ھېگىل ( Georg Wilhelm Friedrich Hegel ، 1770_1831) مۇنداق دەيدۇ: ئادەمنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۇنىڭ كاللىسىنى، يەنى، ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى مەركەز قىلغان بولىدۇ. ئاشۇ تەپەككۇرنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى بىلەن ئادەملەر رىياللىق دۇنياسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. تەپەككۇر روھىي رېئاللىق (ئىنگلىزچە «spiritual reality») نى ئىدارە قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ بىر پارلاق روھىي باشلىنىش (ئىنگلىزچە «glorious mental dawn») بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مېنىڭچە بىز ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقىنى قابىلىيەتلىك رەھبەر ياكى داھىيلارنىڭ بىر ئىنتايىن مۇھىم قورالى، دېسەك ھەرگىزمۇ خاتالاشمايمىز. دۇنيادا ھازىرغىچە ۋۇجۇدقا كەلگەن رەھبەرلەر توغرىسىدىكى نەزەرىيىلەر مەشھۇر رەھبەرلەر ۋە داھىيلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى نۇرغۇن تۈرلەرگە ئايرىيدىغان بولۇپ، مەن ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى يازمىسىدا شۇلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى ئويلاۋاتىمەن. ئاشۇ تۈرلەرنىڭ بىرسى «ئىنسانىي رەھبەرلىك نەزەرىيىسى» بولۇپ، مۇشۇ نەزەرىيە بويىچە بولغاندا رەھبەرلەر ناھايىتى ئۈنۈملۈك ۋە ناھايىتى ئۇيۇشقان بىر تەشكىلاتنىڭ ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ھالدا ئۆز-ئۆزىنى مەلۇم بىر مەقسەت ئۈچۈن قوزغاتقان بولۇپ، تەشكىلاتلار بولسا تەبىئىي ھالدا مەلۇم تۈزۈلمە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە كونترول قىلىنغان بولىدۇ. رەھبەرلەرنىڭ رولى تەشكىلات ئىچىدىكى ھەر خىل چەكلىمىلەرنى ئۆزگەرتىپ، تەشكىلاتتىكى ھەر بىر ئادەمنى ئەركىنلىككە ئىگە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز تەشكىلاتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئالتە قالپاق بويىچە ئويلاش ئۇسۇلى يالغۇز بىر ئويلاش جەريانىنى تەرتىپلىك ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىلا بولۇپ قالماستىن، ئۇ ئاشۇ ئويلاش جەريانىغا قاتناشقان بارلىق كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش جەھەتتىكى بارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش جەريانىدۇر. شۇڭلاشقا بۇ ئۇسۇلنى تېگىشلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئالتە قالپاق بويىچە ئويلاش جەريانىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان رەھبەر چوقۇم يۇقىرىقىدەك رەھبەرلىك سۈپىتى ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى شەرت.

مەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئويلاش ياكى تەپەككۇر قىلىشتەك مۇھىم بىر ساھەدە «ئالتە قالپاق بويىچە ئويلاش» تىن ئىبارەت ھازىرغىچە تولۇق ئىسپاتلانغان بىر ئىلمىي قورالدىن تولۇق پايدىلىنالايدىغان بولۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. مۇشۇ ساھەدە مەن ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىمغا قولۇمدىن كېلىشىچە مەسلىھەت ۋە ياردەمدە بولۇشنى خالايمەن. ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ پايدىلىنىشىغا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن، مەن ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى خۇلاسىلەپ، بىر ۋاراقلىق jpg شەكلىدىكى رەسىم قىلىپ، مۇشۇ يازمىنىڭ ئاخىرىسىغا قويۇپ قويىدۇم. ئەگەر سىز بۇ بىر

ۋاراق رەسمنى بېسىپ چىقىرىپ، ئالتە قالپاق بويىچە ئويلاش ئېلىپ بېرىلىدىغان يىغىنغا ئېلىپ كىرىپ، بارلىق يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا بىردىن تارقىتىپ بەرسىڭىز، يىغىنىڭىزنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارالايسىز. مەن سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

## بۇ يازمىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تور ئادرېسى:

«ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭە»

http://www.meripet.com/Sohbet1/Erkinc4_Menge.htm

### ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى

| | |
|---|---|
| ئاق قالپاق: ئۇچۇر<br>• بىز بىلىدىغان ئۇچۇر<br>• بىزگە ئېھتىياجلىق ئۇچۇر<br>• ئۇ ئۇچۇرلارغا قانداق ئېرىشىمىز<br>• توغرىلىقى بىلەن ئالاقىدارلىقىنى ئېنىقلايدۇ<br>• باشقىلارنىڭ كۆز ـ قارىشىغا قاراپ چىقىدۇ | كۆك قالپاق: تەپەككۇرنى مۇۋاپىق باشقۇرىدۇ<br>• كونترول قىلغۇچى قالپاق<br>• ئويلاش جەريانىنى تەشكىللەيدۇ<br>• مەركىزى نوقتا ۋە قىلىدىغان ئىشلارنى بەلگۈلەيدۇ<br>• خۇلاسە ۋە يەكۈن چىقىرىدۇ<br>• قائىدە تۈزۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ |
| سېرىق قالپاق: پايدىسى ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلىغى<br>• ئۈمىدۋار (ئىجابىي) كۆز قاراش<br>• چوقۇم قاراپ چىقمىسا بولمايدىغان سەۋەپلەر<br>• قارا قالپاقتىن كۆپرەك تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدۇ<br>• پايدىسى بىلەن قىممىتىنى تېپىپ چىقىدۇ<br>• قىسقا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەھۋالنى ئويلىشىدۇ | قىزىل قالپاق: ھېسسىيات، كۆڭۈل تۇيغۇسى<br>• ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە يول قويىدۇ<br>• توغرا ـ خاتالىقىنى ئايرىپ چىقمايدۇ<br>• دەل شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ<br>• ۋاقىت جەھەتتىن قىسقا بولىدۇ<br>• قارار چىقىرىشنىڭ ئاچقۇچلۇق قىسمى |
| يېشىل قالپاق: يېڭى ئىدىيە ۋە مۇمكىنچىلىكلەر<br>• يېڭىلىق يارىتىدىغان ئوي ـ پىكىرلەر<br>• باشقا يول ۋە مۇمكىنچىلىكنى ئىستەيدۇ<br>• خاتالىقلارنى تۈزىتىدۇ<br>• لوگىكىلىق بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ<br>• يېڭى ئۇقۇم بەرپا قىلىدۇ | قارا قالپاق: خەتەر، قېيىنچىلىق ۋە مەسىلە<br>• گۇمانلىق كۆز قاراش<br>• چوقۇم قاراپ چىقمىسا بولمايدىغان سەۋەپلەر<br>• پاكىت، تەجرىبە، بەلگۈلىمە، ئىستىراتېگىيە ۋە قىممەت قارىشىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئويلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ<br>• يوشۇرۇن مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ |

# داھىي ۋە لىدېرلىق نەزەرىيىسى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىمىز جاۋاب ئىزدەۋاتقان، لېكىن تېخىچە جاۋاب تاپالمىغان كۆپلىگەن سوئاللار بار. مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئاشۇنداق سوئاللاردىن مۇنداق ئىككىسى بار: 1) بىز ئۇيغۇرلار يېقىنقى بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە ئۆتكۈزگەن قانداق سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن ھازىرقىدەك بىر ھالەت ئىچىگە كىرىپ قالدۇق؟ 2) بىز ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئەھۋالىمىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ مەن ئالدىنقى بىر-ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە ۋەتەندە ياشايدىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا، ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ «بىزنىڭ بۈگۈنكىدەك كۈنگە قېلىشىمىزدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەب، يېقىنقى خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن بىر ھەقىقىي داھىينىڭ چىقمىغانلىقى، بىر ھەقىقىي قەھرىمانىنىڭ چىقمىغانلىقى» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانمىغاچقا، يۇقىرىقىدەك يەكۈنلەرگە باھا بېرەلمەيمەن. شۇنداقلا مېنىڭ ھازىرچە ئالدىنقى بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە داھىيلىق مەسىلىسىدە ئۇيغۇرلار قانداق ئەھۋاللارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى تارىخنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىش ئىمكانىيىتىممۇ يوق. مەن ئۈچۈن بۇرۇن نېمە ئىش بولغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش تېخىمۇ قۇلايلىق ۋە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك. شۇنداق بولغاچقا، مەن ئۆزىنى بىر يارامىلىق لىدېر قىلىپ يېتىلدۈرۈشنى ئويلاۋاتقان، ئاشۇ يولدا ئىزدىنىۋاتقان، ياكى ئاشۇنداق بىر سالاھىيەت ئۈچۈن ئۆزىنى بىر كاندىدات دەپ ھېسابلاۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىغا پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن، ئۇشبۇ يازمامدا يېقىنقى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە ئىزدىنىپ ئىگىلىگەن داھىي

ۋە لىدېرلىق نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

لىدېرلىق ئىلمى غەرب ئەللىرىدە ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، غەرب ئەللىرىدە شىركەت-كارخانا، ئىدارە-مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبىرىي خادىملىرىنى لىدېرلىق بىلىمى ۋە لىدېرلىق ماھارىتى جەھەتتە مۇددەتلىك ھالدا تەربىيىلەپ تۇرۇش بىر ئادەتكە ئايلانغان. بىزنىڭ ئىدارىمۇ ھەر يىلى بۇ جەھەتتىكى كۇرسلاردىن بىر قانچىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن بۈگۈن پۈتۈن دۇنياغا ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان، ئىنتېرنېتتا كىتاب قاتارلىق ھەر خىل نەرسىلەرنى ساتىدىغان www.amazon.com تور بېتىگە «لىدېرلىق» (ئىنگلىزچە «leadership») دېگەن سۆزنى كىرگۈزۈپ ئىزدەپ باقسام، جەمئىي 324,387 نەتىجە چىقتى. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، لىدېرلىققا ئائىت كىتاب-ماتېرىياللار ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئىنگلىزچىدا leader دېگەن بىر سۆز بار. ئۇنىڭ يۇلغۇن لۇغىتىدىكى مەنىسى «داھىي، رەھبەر، باشلامچى» قاتارلىقلار بولۇپ، ئىنگلىزچە لۇغەتتىكى مەنىسى «يېتەكلەيدىغان ئادەم، بىر ئارمىيە، ھەرىكەت ياكى سىياسىي گۇرۇھنىڭ يول باشلامچىسى» دىن ئىبارەت ئىكەن. دېمەك، بۇ سۆز بىر رەسمىي رەھبىرىي ئورۇنغا ئىگە كىشىلەرگىمۇ، خەلق ئارىسىدىكى يېتەكلىگۈچى ۋە باشلامچى كىشىلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، «داھىي، يېتەكلىگۈچى، باشلىغۇچى، ۋە يول باشلامچى» قاتارلىق مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىر ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇ سۆزنى ئۇيغۇرچە «لىدېر» دەپمۇ ئېلىۋاتىدۇ. ئىنگلىزچىدا «ئۇلۇغ لىدېر» دېگەن سۆز «داھىي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، «ئۇلۇغ داھىي» دېگەن سۆز ئۈچۈن «ئۇلۇغ ئادەم» («great man» ياكى «great woman») دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ. تۆتىنچى ئەسىردە ياشىغان ھونلارنىڭ داھىيسى ئاتتىلا ۋە تۈركلەرنىڭ داھىيسى مۇستاپا كامال ئاتا تۈركلەر مانا شۇنداق «ئۇلۇغ داھىي» لارغا مىسال بولالايدۇ. «ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ستېۋېن كوۋېي (Stephen Covey) ئەپەندىنىڭ «سەككىزىنچى ئادەت» دېگەن، يۇقىرىقى كىتابتىن كېيىن نەشر قىلىنغان يەنە بىر كىتابى بار بولۇپ، ئۇ مۇشۇ كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ھازىرغىچە

پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان داھىي ۋە لىدېرلىق ھەققىدىكى ئىلمىي نەزەرىيىلەرنى خۇلاسىلەپ، بىر جەدۋەل قىلىپ تۈزۈپ چىققان. ئۇ جەدۋەلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيىنىڭ ئىسمى، مەزمۇنى، ۋاقتى، ۋە ئاپتورىنىڭ ئىسمى قاتارلىق ئۇچۇرلار بېرىلگەن بولۇپ، مەن بۇ يازمىدا ئاشۇ نەزەرىيىلەرنىڭ ئۆزۈم مۇھىم دەپ بىلگەن بىر قىسمىنى ئىمكانقەدەر ئەينەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇننى چۈشىنىپ ھەزىم قىلىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مەن ئىمكان قەدەر ھەر بىر نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئاپتورنىڭ ئىسمى ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىنى بۇ يازمامدا تىلغا ئالمايمەن.

## داھىي ۋە لىدېرلىق ھەققىدىكى نەزەرىيىلەر

1900-يىللىرىدىن بۇرۇن دۇنيادا «ئۇلۇغ ئادەم» نەزەرىيىسى دەۋر سۈرگەن ئىدى. 20-ئەسىر باشلىنىپ 1970-يىللىرىغا كەلگۈچە لىدېرلىقنىڭ مۇنداق 5 چوڭ نەزەرىيىسى ۋۇجۇدقا كەلدى:

- ئېرىتسىيىلىك ياكى تۇغما خاراكتېر نەزەرىيىسى (ئىنگلىزچە « trait theory»؛ داھىي ئاشۇنداق تۇغۇلغان، كېيىن يېتىشىپ چىققان ئەمەس)
- كىشىلىك ئىپادە نەزەرىيىسى (ئىنگلىزچە «behavioral theory»؛ داھىي كېيىن يېتىشىپ چىققان، ئاشۇنداق تۇغۇلغان ئەمەس)
- ھوقۇق ۋە تەسىر-كۈچى نەزەرىيىسى
- ئەھۋال-شارائىت نەزەرىيىسى ۋە بىرلەشتۈرۈش نەزەرىيىسى (ئىنگلىزچە «integrative»؛ كۆپ تەرەپلىمە ئېلېمېنتلارنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ۋە ماسلاشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بىر پۈتۈنلۈك نەزەرىيىسى)

1970-يىللىرىدىن كېيىن بولسا داھىي ۋە لىدېرلىق نەزەرىيىسى خۇسۇسىي ئادەم ۋە شەرت-شارائىت، پسىخولوگىيە ئانالىز، رولغا ئېرىشىش، ئۆزگىرىش، غايە ۋە ۋاقىتنىچە بىلىنمىگەن ئامىللار ۋە ئەھۋاللار بىلەن بولغان باغلىنىشى قاتارلىق بىر قاتار ئاساسىي نەزەرىيىلەر ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ كەلدى. تۆۋەندە مەن ئاشۇ نەزەرىيىلەرنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

### 1) ئۇلۇغ ئادەم نەزەرىيىسى

تارىخ ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلار ئۇلۇغ ئەر ۋە ئۇلۇغ ئاياللارنىڭ لىدېرلىقى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇنداق ئۇلۇغ كىشىلەردىن مۇسا پەيغەمبەر، مۇھەممەد پەيغەمبەر، جەئاننە دئارك (Jeanne d'Arc)، ۋاشىنگتون، گەندى، چېرچىل (Churchill) قاتارلىقلار بار (بۇ ئىسىملار كوۋېي ئەپەندىنىڭ كىتابىدا مۇشۇنداق تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، مەن ئۇلارنى ئەينەن يېزىپ قويدۇم). دوۋد (Dowd)نىڭ دېيىشىچە، دۇنيادا ئامموۋى لىدېرلىق دەيدىغان گەپ يوق. ھەر بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى ئەقىلگە، ھوقۇققا، ۋە مەنىۋى نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قانداق بىر يۆنىلىشكە ماگدۇرۇلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى چوقۇم يۇقىرى سۈپەتلىك بىر قانچە ئادەم يېتەكلىگەن بولىدۇ.

### 2) تۇغما خاراكتېر نەزەرىيىسى

داھىي ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭكىدىن پەرقلىق بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك تۇغما خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ياخشى لىدېر بولالايدىغان كىشىلەر يېتەرلىك دەرىجىدىكى ياخشى خاراكتېرلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇ نەزەرىيە ھەققىدىكى تەتقىقات ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان كىشىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مۇنداق ئىككى سوئالغا جاۋاب تاپتى: (1) قانداق تۇغما خاراكتېر داھىيلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ؟ (2) ئاشۇنداق پەرقلەرنىڭ دائىرىسى قانچىلىك؟ بۇ نەزەرىيىدىكى بىر قاراش شۇكى، ئەگەر باشقا ئادەملەرمۇ ئاشۇنداق تۇغما خاراكتېرلەرگە ئىگە بولىدىكەن، ئۇلارمۇ بىر ئۇلۇغ داھىي بولالايدۇ.

ستوگدىلل (Stogdill) ئەپەندى (1974) بىر داھىي ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان تۆۋەندىكى تۇغما كىشىلىك خاراكتېر بىلەن كىشىلىك قابىلىيەتلەرنى بايقىغان:

| كىشىلىك قابىلىيەت | تۇغما كىشىلىك خاراكتېر |
|---|---|
| • ئەقىللىق بولۇش<br>• ئۇقۇم جەھەتتىن ماھارەتلىك بولۇش | • يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشالايدىغان بولۇش<br>• ئىجتىمائىي مۇھىتقا نىسبەتەن قاتتىق سەزگۈر كېلىش |

| | |
|---|---|
| • بۈيۈك ئىرادىلىك ۋە نەتىجىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇش<br>• كەسكىن بولۇش<br>• باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىشقا قادىر بولۇش<br>• ئىشەنچلىك بولۇش<br>• باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولۇش<br>• ھەممە ئىشتا ئاكتىپ بولۇش<br>• ئىنچىل بولۇش<br>• ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى كۈچلۈك بولۇش<br>• بېسىمغا چىداملىق كېلىش<br>• مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا قادىر بولۇش | • يېقىنلىق يارىتىشقا قادىر بولۇش<br>• دىپلوماتىك ۋە ئۇسۇل-چارىگە باي بولۇش<br>• راۋان سۆزلەش ئىقتىدارى بولۇش<br>• گۇرۇھ ۋە زېپسىنى تولۇق چۈشىنىدىغان بولۇش<br>• ئىش قىلىشتا رەتلىك بولۇش<br>• باشقىلارنى قايىل قىلىشقا ماھىر بولۇش<br>• ئىجتىمائىي جەھەتتىن ماھارەتلىك بولۇش |

مىكال (McCall) بىلەن لومباردو (Lombardo) (1983) مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بىر لىدېرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان مۇنداق 4 كىشىلىك تۇغما خاراكتېرنى بايقىغان:

- ھېسسىيات جەھەتتىكى ئېغىر-بېسىقلىق ۋە سەۋر-تاقەتلىك: سالماق، ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى كۈچلۈك، ئالدىن-ئالا مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان بولۇش، بولۇپمۇ بېسىم ئاستىدا تېخىمۇ شۇنداق بولۇش.
- خاتالىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا قادىر بولۇش: خاتالىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ھەممە ئىشنى قىلىپ بېقىشقا ئۇرۇنماي، ئۇنى دادىللىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىش.
- كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ياخشى ئىقتىدارلارغا ئىگە بولۇش: سەلبىي ۋە ناچار تاكتىكىغا تايانماي تۇرۇپ، ئويلىغىنىنى باشقىلارغا تولۇق بىلدۈرەلەيدىغان ھەمدە باشقىلارنى قايىل قىلالايدىغان بولۇش.
- كەڭ دائىرىلىك بىلىمگە ئىگە بولۇش: بىر تار دائىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلا بولۇپ قالماي، ناھايىتى كەڭرى دائىرىدىكى ئىشلارنى چۈشىنىدىغان بولۇش.

### 3) ۋەزىيەت نەزەرىيىسى

داھىي ۋەزىيەت ئېھتىياجىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. بۇ نەزەرىيە بويىچە بولغاندا، كىمنىڭ بىر داھىي بولۇپ يېتىلىپ چىقىشىنى ئۇنىڭ خۇسۇسىي يادىكارلىقى ئەمەس، بەلكى ۋەزىيەتنىڭ ئامىللىرى بەلگىلەيدۇ. بىر ئۇلۇغ داھىينىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋاقىت، ماكان ۋە ۋەزىيەتنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

### 4) شەخسىي ۋە ۋەزىيەت نەزەرىيىسى

شەخسىي ۋە ۋەزىيەت نەزەرىيىسى ئۇلۇغ ئادەم، تۇغما خاراكتېر، ۋەزىيەت قاتارلىق يۇقىرىقى ئۈچ خىل نەزەرىيىنىڭ بىرىكمىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى لىدېرلىق ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ھېسسىيات، ئەقىل ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى تۇغما خاراكتېرنى، ھەمدە بىر شەخس ئىش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتىكى شەرت شارائىتنى ئۆز ئىچىگە ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) تۇغما كىشىلىك خاراكتېر، (2) گۇرۇھ ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ماھىيىتى، ۋە (3) ئاشۇ گۇرۇھ دۇچ كەلگەن ھەممە ئەھۋاللار.

### 5) پسىخولوگىيە ئانالىز نەزەرىيىسى

داھىي بىر دادىلىق رولىنى ئالغان بولىدۇ: بىر خىل مۇھەببەت ياكى ۋەھىمىنىڭ مەنبەسى، بىر دەرىجىدىن تاشقىرى تەكەببۇرلۇقنىڭ نامايەندىسى، ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئاچچىقلىنىشلىرى، قېيداشلىرى ۋە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى تاجاۋۇزلىرىنىڭ روھىي چىقىش ئىشىكى بولىدۇ.

### 6) ئىنسانپەرۋەرلىك نەزەرىيىسى

بۇ نەزەرىيە بىر ئادەمنىڭ ناھايىتى ئۈنۈملۈك ۋە ناھايىتى ئۇيۇشقان بىر تەشكىلاتنىڭ ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قارىتىلغان. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ھالدا ئۆز-ئۆزىنى مەلۇم بىر مەقسەت ئۈچۈن قوزغاتقان بولۇپ، تەشكىلاتلار بولسا تەبىئىي ھالدا مەلۇم تۈزۈلمە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە كونترول قىلىنغان بولىدۇ. لىدېرلارنىڭ رولى تەشكىلات ئىچىدىكى ھەر خىل چەكلىمىلەرنى ئۆزگەرتىپ، تەشكىلاتتىكى ھەر بىر ئادەمنى ئەركىنلىككە ئىگە

قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز تەشكىلاتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

### 7) لىدېرلىق رولى نەزەرىيىسى

ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى بىلەن ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىلىق بىر ياكى بىر قانچە ئادەم داھىي بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. گۇرۇھلار ئۇلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئۆز-ئارا ماسلىشىشى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر خىل رول ۋە ۋەزىپىلەر ئاساسىدا تەشكىللەنگەن بولىدۇ. لىدېرلىق پەرقلەندۈرۈلگەن روللارنىڭ بىرسى بولۇپ، بۇ رولنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشىدىن گۇرۇھتىكى باشقا كىشىلەرنىڭكىدىن پەرقلىق بولغان ئىشلارنى قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. لىدېرلار ئۆزىنىڭ رولىنى قانداق چۈشىنىدىغانلىقى ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن نېمىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىغا ئاساسەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. بەزىلەر تۆۋەندىكى لىدېرلىق رولىنى ئوتتۇرىغا قويغان: سىمۋول، باشلامچى، ئالاقىلەشكۈچى، كۆزەتكۈچى، تارقاتقۇچى، باياناتچى، كارخانىچى، قالايمىقانچىلىقنى بىر تەرەپ قىلغۇچى، مەبلەغنى تەقسىم قىلغۇچى، ۋە كېڭەشكۈچى.

### 8) يول-نىشان نەزەرىيىسى

لىدېرلار ئەگەشكۈچىلەرگە قانداق ئىشلارنى قىلغاندا مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. شۇنداقلا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ نىشانىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ياخشى ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. لىدېرلارنىڭ مۇشۇنداق يول-نىشان مەقسىتىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ئامىللىرى بەلگىلەيدۇ.

### 9) باغلىنىشلىق (Contingency) نەزەرىيىسى

لىدېرلىق ئۇسلۇبىنى شۇ ۋاقىتتىكى مۇھىت ۋە ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆزگىرىشچان ئامىللارغا قاراپ بېكىتىش كېرەك. چۈنكى بىر لىدېرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقى لىدېرلىق ئۇسلۇبى، ئەگەشكۈچىلەرنىڭ سۈپىتى، ۋە ئەھۋالنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرى قاتارلىق

بىر قانچە ئۆزگىرىشچان ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. مۇشۇ نەزەرىيىنى ئاساس قىلغان تەربىيىلەش كۇرسلىرى بىر لىدېرنىڭ قايسى تۈرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بايقىۋېلىشىغا ياردەم قىلىپ، ۋەزىيەتنىڭ پايدىلىق ياكى پايدىسىز تەرەپلىرىگە ئۆزىنى ئوبدانراق ماسلاشتۇرىدىغان قىلىدۇ.

**10) 20-ئەسىر ئۇلۇغ ئادەم نەزەرىيىسى**

داھىي دېگىنىمىز ئۆزىنىڭ سۆزى ۋە ئۈلگىلىك رولى ئارقىلىق ئۆزى بىلەن بىر قوشۇندا ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان ناھايىتى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتى، ئىدىيىسى ۋە ھېسسىياتىغا كۆرۈنەرلىك ھالدا تەسىر كۆرسىتىدىغان كىشىدىن ئىبارەت. لىدېر بىلەن ئەگەشكۈچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىنسانلارنىڭ قەلبىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنىش لىدېرلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى توغرا چۈشىنىشكە كېرەكلىك بولغان بىلىم بىلەن تەمىنلەيدۇ. كولىنس (Collins) ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىنىڭ يەكۈنى شۇكى، ئۇزۇن مۇددەتكىچە بۈيۈك نەتىجىلەرنى يارىتىدىغان تەشكىلاتلار بىلەن ئادەتتىكى تەشكىلاتنىڭ پەرقى، بۈيۈك تەشكىلاتلارنى كەمتەرلىك ۋە رەھىمسىزلىكتىن ئىبارەت ئۆز-ئارا زىددىيەتلىك بولغان ئىككى خىل ئۇسلۇبنى تەڭ ئىشلىتىپ ئىش ئېلىپ بارىدىغان لىدېرلار يېتەكلىگەن بولىدۇ.

**11) ھوقۇق ۋە تەسىر-كۈچى نەزەرىيىسى**

ھوقۇق ۋە تەسىر-كۈچى نەزەرىيىسى قاتناشقۇچى (participative) لىدېرلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نەزەرىيە بىر لىدېر قانچىلىك ھوقۇققا ئىگە ۋە ئۇ ھوقۇقنى قانچىلىك يۈرگۈزىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. قاتناشقۇچى لىدېرلىق بولسا ھوقۇقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ۋە ئەگەشكۈچىلەرگە ھوقۇق بېرىش ئىشلىرى توغرىسىدا بولىدۇ. گاردنەر نىڭ قارىشىچە لىدېرلىق باشقىلارنى سۆز بىلەن قايىل قىلىش ۋە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش جەريانى بولۇپ، بىر لىدېر ياكى بىر لىدېرلار گۇرۇھى مۇشۇنداق بىر جەريان ئارقىلىق ئەگەشكۈچىلەرنى يېتەكلەپ، لىدېر كۆزلىگەن ياكى لىدېر بىلەن ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئورتاق تىكلىگەن بىر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە لىدېرلىق دېگەن بىر ئادەم ئۆز ئۈستىگە ئالمىسا بولمايدىغان رول بولۇپ، لىدېرلار ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بىر سىستېما ئىچىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان

روللارنىڭ بىر قىسمىنى ئوينايدۇ. قاتناشقۇچى لىدېرلىق نەزەرىيىسىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئەڭ ياخشى لىدېرلىق ئۇسلۇبى باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق لىدېرلار ھەممە كىشىلەرنىڭ باشقۇرۇش جەريانىغا قاتنىشىشىنى ۋە تۆھپە قوشۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ھەمدە گۇرۇپپا ئەزالىرىغا ئۆزلىرىنىڭ قارار ئېلىش جەريانىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ بىرسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچىنى ئاتا قىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

### 12) بىرلەشتۈرۈش نەزەرىيىسى

لىدېرلار بىلەن ئەگەشكۈچىلەر بىر-بىرىنىڭ ئەخلاق ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ جەھەتتىكى دەرىجىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ. ئەگەشكۈچىلەر ئۆز گۇرۇھىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىدۇ، ئۇزۇن-مۇددەتلىك نىشاننى كۆزلەيدۇ، ھەمدە نىمىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ. ئۈنۈملۈك لىدېرلار مۇنداق ئۈچ فۇنكسىيىنى ئادا قىلىدۇ: توغرىلاش، بەرپا قىلىش ۋە ھوقۇق بېرىش. لىدېرلار ئادەم ۋە باشقا بايلىق مەنبەسىنى ئېھتىياجغا توغرىلاش ئارقىلىق تەشكىلاتنى ئۆزگەرتىدۇ، ھەممە ئادەم ئۆز پىكىرلىرىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بىر تەشكىلات مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىدۇ، ھەمدە باشقىلارغا ئۇلارنىڭ تەشكىلاتقا تۆھپە قوشۇشىغا زۆرۈر بولغان ھوقۇقلارنى بېرىدۇ. بەنىس ئەپەندى باشقۇرغۇچى بىلەن لىدېر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق جەھەتتىكى كۆز قارىشى بىلەن داڭ چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە لىدېرلار توغرا ئىشنى قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، باشقۇرغۇچىلار بولسا ئىشنى توغرا قىلىدىغان كىشىلەردىن ئىبارەتتۇر.

### 13) رىغبەتلەندۈرگۈچى لىدېرلىق

لىدېرلار ئەگەشكۈچىلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايدىغان كومپاسلىق رولىنى ئوينايدۇ. لىدېرلىق باشقىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بىر ئورتاق نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇرىدىغان ماھارەتتىن ئىبارەتتۇر. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بىر ئورتاق نىشان ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئارزۇسى بىلەن لىدېرلارنىڭ ئۇلارنى ئەمىلى ھەرىكەتكە ئاتلىنىشقا قوزغىيالايدىغان قابىلىيىتىدىن ئىبارەت.

لىدېرلار خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىغا جاۋاب قايتۇرىدۇ، يىراقنى كۆرەرلىك ئىدىيىلەرنى بەرپا قىلىدۇ، ۋە خىزمەتچىلىرىگە قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. لىدېرلىق دېگىنىمىز ئۇلۇغۋار غايىلەرنى ئېنىق ئىپادىلەش، قىممەت كۆز-قارىشىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھەمدە بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغان مۇھىتنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

### 14) باشقۇرغۇچى ۋە ئىستراتېگىيىلىك لىدېرلىق

لىدېرلىق تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتىكى قاتناشقۇچىلارنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنداق بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇنداق ئۈچ تەركىبى قىسمى بار: ئىقتىسادىي، ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى (performance) ۋە خۇسۇسىي تەركىبى قىسمى. لىدېرلار ئۆز تەشكىلاتى بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئىش بېجىرىش ئەھۋالىغا مەسئۇل بولىدۇ. لىدېرلارنىڭ ئۆزىگە خاس رولى ۋە خاراكتېرى بولىدۇ. لىدېرلار يىراقنى كۆرەرلىك پىلان ۋە يۆنىلىشنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ بېرىدۇ، كىشىلەرنى ئاشۇ نىشانغا توغرىلايدۇ، ھەمدە ئەگەشكۈچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارغا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، لىدېرلار ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۆز خەلقىنى ھوقۇقلاندۇرىدۇ. لىدېرلىق ئۇپچە تىرىشچانلىقنى توغرا مەقسەت ۋە ئەھمىيەتلىك يۆنىلىش ئاتا قىلىش، ھەمدە ئۆز رازىلىقى بىلەن كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقلارنى ئاشۇنداق مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەرىكىتى ئىچىگە ئېلىپ كېلىش جەريانىدۇر.

### 15) نەتىجىگە ئاساسلانغان لىدېرلىق

بۇ نەزەرىيە لىدېرلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان باشقىچە نەتىجىلەر توغرىسىدا بولۇپ، نەتىجىلەرنى كىشىلىك خاراكتېر بىلەن باغلايدۇ. لىدېرلار تېخنىكىلىق بىلىم ۋە ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇرىدىن باشقا يەنە ئەخلاقىي خاراكتېر، پۈتۈنلۈك (integrity) ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار تەشكىلاتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدىغان يۇقىرى ئىش ئۈنۈمىنىمۇ نامايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، لىدېرلارنىڭ نەتىجىسىنى ئۆلچىگىلى بولغاچقا، لىدېرلىقنى ئۆگەتكىلى ۋە ئۆگەنگىلىمۇ بولىدۇ. نوھرىئا (Nohria) قاتارلىق تەتقىقاتچىلار 200 دىن ئارتۇق باشقۇرۇش تۈرلىرىنى 10 يىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۈيۈك نەتىجىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان

ئامىللارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن تۆتى بار بولۇپ، ئۇلار ئىستراتېگىيە تۈزۈش، پىلاننى ئىجرا قىلىش (ئەمەلگە ئاشۇرۇش)، كارخانا مەدەنىيىتى ۋە كارخانا قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت. ئالاھىدە نەتىجىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن شىركەتلەر يەنە تۆۋەندىكى 4 خىل نەرسىدىن ئىككىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان: تالانت، يېڭىلىق يارىتىش، يېڭى مەھسۇلاتتا باشلامچى بولۇش، ۋە باشقا شىركەتلەر بىلەن بىرلىشىش ياكى ئۇلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش.

## 16) سېھرى كۈچكە ئىگە لىدېرلىق

بۇ نەزەرىيە بويىچە بولغاندا، قول ئاستىدىكى ئادەملەر لىدېرلارنى پەۋقۇلئاددە سۈپەتكە ئىگە، دەپ قارايدۇ. بىر لىدېرنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ ھوقۇقى ياكى ئەنئەنە ئاساسىدا بولماستىن، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ بۇ لىدېرنى قانداق چۈشىنىدىغانلىقى ئاساسىدا بولىدۇ.

## 17) ئوقۇتقۇچى لىدېرلىق

لىدېرلار ئوقۇتقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۆگەتكىلى بولىدىغان كۆز- قاراشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. لىدېرلىق دېگىنىمىز بۇرۇنقى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق باشقىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. لىدېرلىقنىڭ قانچىلىك ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئۆگىتىشنىڭ قانچىلىك ئۈنۈملۈك بولۇشى بەلگىلەيدۇ.

## 18) خىزمەتچى لىدېرلىق

لىدېرلار ئاساسىي جەھەتتىن باشقىلار ئۈچۈن، يەنى ئۆز خىزمەتچىلىرى، ئۆز خېرىدارلىرى ۋە ئۆز گۇرۇھى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنى يېتەكلەيدۇ. خىزمەتچى لىدېرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولىدۇ: باشقىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىش، باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش، باشقىلارغا تەسەللى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى كۆڭۈل ئازابىدىن قۇتقۇزۇش، باشقىلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇش، باشقىلارنى قايىل قىلىش، باشقىلارغا چۈشەنچە بېرىش، كەلگۈسىنى توغرا مۆلچەرلەپ بېرىش، ھەر خىل ئىشلارغا مەسئۇل بولۇش، باشقىلارنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ياردەم قىلىش ۋە شارائىت ھازىرلاپ بېرىش، ۋە بىر ساغلام مۇھىت بەرپا قىلىش.

### 19) روھىي لىدېرلىق

بۇنداق لىدېرلار باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلماي، ئۇلارنىڭ روھىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. لىدېرلىق باشقىلار بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەت باغلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر لىدېر باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلگەندە، ئۇلارنىڭ روھىيىتىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. بىر لىدېرنىڭ تەسىرى ئۆز تەشكىلاتىنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرۈپ-ئادىتى، قىممەت قارىشى ۋە ئەنئەنىسى توغرىسىدىكى بىلىمى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## ئاخىرقى سۆز

بىر ئائىلە، بىر كارخانا، بىر ئىدارە، بىر تەشكىلات، بىر جەمئىيەت ۋە بىر مىللەت ئۆز ئىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىشتا بىر ياكى بىر قانچە لىدېرلارنىڭ يېتەكلەش رولىغا موھتاج. مەن ئۆزۈم ھازىرغىچە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن داھىي ۋە لىدېرلىق نەزەرىيىلىرى توغرىسىدا بىر قىسىم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش، ھەمدە مۇشۇ يولدا ئىزدىنىۋاتقان ياكى بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدىنىدىغان ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئازراق ياردەم قىلىش مەقسىتىدە، ئۇشبۇ يازمامدا ئۆزۈم ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ چىقتىم. مەن پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىيال كوۋېي ئەپەندىنىڭ «سەككىزىنچى ئادەت» دېگەن كىتابى بولدى.

كوۋېي ئەپەندى «سەككىزىنچى ئادەت» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ئەقىل-پاراسەت (wisdom) دېگىنىمىز ھازىرغىچە توپلانغان بىلىملەردىن ئۆزىمىزگە پايدا يەتكۈزىدىغان تەرىقىدە پايدىلىنىش بولۇپ، ئۇچۇر ۋە بىلىمنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەقسەت ۋە پرىنسىپلارغا سىڭىپ كىرىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئەقىل بىزگە ھەممە ئادەمگە ھۆرمەت قىلىشنى، ئادەملەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنى قۇتلۇقلاشنى، ۋە يالغۇز بىرلا ئەخلاق، يەنى شەخسىي مەنپەئەت چەمبىرىكى سىرتىدا تۇرۇپ باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەخلاقى تەرىپىدىن يېتەكلىنىشنى ئۆگىتىدۇ. مەنىۋى ھوقۇق خاراكتېر جەھەتتىكى نوپۇزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇلۇغلۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رەسمىي ھوقۇق (يەنى بىر تەشكىلات جەھەتتىن بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقى) بولسا خىزمەت ئورنى، بايلىق،

تالانت، ئابرۇي، ۋە نام-شۆھرەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇ قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇلۇغلۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەنىۋى جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھوقۇق بىلەن مەنىۋى ئۈستۈنلۈك كەمتەرلىكتىن كېلىدىغان بولۇپ، ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم ئەتراپىدىكى باشقا بارلىق ئادەملەرنىڭ خىزمەتچىسىگە ئايلىنىدۇ. مەنىۋى ھوقۇق ياكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇلۇغلۇققا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى باشقىلارغا ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھەقىقىي بۈيۈك تەشكىلاتلارنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى كىشىلەر خىزمەتچى لىدېرلاردىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار ئەڭ كەمتەر، ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئەڭ ئوچۇق-ئاشكارا، ئەڭ ئۆگەتكىلى بولىدىغان، باشقىلارغا ئەڭ كۆڭۈل بولىدىغان كىشىلەردۇر.

« ‹ياخشى› لىقتىن ‹ئۇلۇغ› لۇققىچە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى جىم كولىنس (Jim Collins) ئەپەندى «بىر تەشكىلاتنى ‹يامان ئەمەس› دېگەن سەۋىيىدىن ‹ھەقىقىي ئۇلۇغ› دېگەن سەۋىيىگە يەتكۈزىدىغان نەرسە نېمە؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە 5 يىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ «5-دەرىجىلىك لىدېرلىق» ئىكەنلىكىنى خۇلاسىلەپ چىققان. يەنى ئۇ بىر تەشكىلاتتىكى كىشىلەرنى مۇنداق 5 دەرىجىگە ئايرىغان بولۇپ، «ياخشى» لىقتىن «ئۇلۇغ» لۇققا ئۆتۈشتە 5-دەرىجىلىك لىدېرلار ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بايقىغان: (1) قولىدىن ناھايىتى ئىش كېلىدىغان شەخسلەر: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تالانتى، بىلىمى، قابىلىيىتى، ۋە ياخشى خىزمەت ئادىتى ئارقىلىق يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن تۆھپە يارىتىدۇ. (2) تۆھپىكار گۇرۇپپا باشلىقلىرى: ئۇلار ئۆز گۇرۇپپىلىرىدىكى باشقا كىشىلەر بىلەن ئۈنۈملۈك ئىش ئېلىپ بېرىپ، ئۆز گۇرۇپپىلىرىنىڭ خىزمەت نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تۆھپە قوشىدۇ. (3) ھەر خىل ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان باشلىقلار: ئادەملەرنى ۋە ۋاستە-بايلىقلارنى بۇرۇن قارار قىلىنغان نىشانلارنى ئۈنۈملۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توغرىلاپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. (4) ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى لىدېرلار: بىر ئېنىق ۋە توغرا نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا پۇختا قەدەملەر بىلەن ئىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، ھەمدە گۇرۇپپىلارنى يۇقىرى ئىش ئۈنۈمى ئۆلچىمىگە يەتكۈزىدۇ. (5) ئەڭ يۇقىرى ئورۇندىكى ئەمەل ئەھلىلىرى (executive): كەمتەرلىك ۋە كەسپىي غايىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇزۇن-مۇددەتلىك سىناقلارغا بەرداشلىق

بېرەلەيدىغان ئۇلۇغلۇقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

مەن ئۇشبۇ يازمامنى ئامېرىكىلىق گرېگ ئاندېرسون (Greg Anderson) ئەپەندىنىڭ مۇنداق ئىككى جۈملە سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇراي: «ئىشلار بۇنىڭدىن كېيىن باشقىچە بولىدۇ، دېگەن ئەقىلسىز ئۈمىدنى تاشلايلى. نېمە ئۈچۈن بىزدە ئۆزىمىز ئىستىگەن نەرسىلەرنىڭ يوقلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ۋاقتى ھەمدە ھېسسىي ۋە مەنىۋى ئېنېرگىيىسىنى ئىسراپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىشنىڭ باشقا ئاماللىرىنى ئىزدەشكە باشلايلى.»

## ياردەمگە موھتاج

ۋەتەن بىلەن بولغان ئىنتېرنېت ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن، مېنىڭ ماقالىلىرىمنى تەھرىرلەپ بېرىدىغان ئىش ھازىر www.meripet.org نىڭ باشقۇرغۇچىسىدىن ئىبارەت پەقەت بىرلا تونۇشۇمغا قالدى. شۇڭلاشقا ئەگەر مېنىڭ ماقالىلىرىمنىڭ ئىملاسىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تەھرىرلەپ بېرىشنى خالايدىغان قېرىنداشلار بولسا مەن بىلەنerkinsidiq@gmail.com ئارقىلىق ئالاقىلىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن. رەخمەت. ئەركىن سىدىق

# ھونلارنىڭ داھىيسى ئاتتىلا ۋە ئاتتىلائىزم

2010 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

مېنىڭ قىزىم دىلنارە ئامېرىكىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا بىر قېتىم لىدېرلىق ھەققىدە دەرس ئۆتۈلدى. بۇ دەرستە ئوقۇتقۇچى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى 3 كىشىلىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، گۇرۇپپىلار بويىچە تاپشۇرۇق بەردى. بۇ تاپشۇرۇقتا ھەر بىر گۇرۇپپىدىكى 3 كىشىنىڭ بىرسى يالغاندىن ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولۇشنى، قالغان ئىككى ئوقۇغۇچى بولسا مالىيە مىنىستىرى بىلەن ئەمگەك مىنىستىرى بولۇشنى، ئاندىن مۇشۇ 3 كىشى بىرلىكتە ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىنى ھازىرقىدىن ياخشىراق قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر پىلان تۈزۈپ چىقىشنى تاپشۇردى. ھەممە ھەممە ئوقۇغۇچىلارغا بىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى تىزىملىكىنى تارقىتىپ بەردى. مەن قارىسام بۇ تىزىملىكنىڭ ئىچىدە ھونلارنىڭ داھىيسى ئاتتىلا توغرىسىدىكى بىر كىتابمۇ بار ئىكەن. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھونلار بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتىنى بىلگىلى خېلى ئۇزۇن بولغان بولۇپ، بىز شەھەر كۇتۇپخانىسىدىن بۇ كىتابنى ئارىيەت ئېلىپ ئەكەلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزۈم بىر قېتىم باشتىن ـ ئاخىرغىچە ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتىم. شۇ چاغدا ئاتتىلانىڭ دۇنيادا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر داھىيلارنىڭ بىرسى ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە ئۆتۈلىدىغان باشقۇرۇش ئىلمىغا ئائىت دەرسلەردە ئاتتىلانىڭ لىدېرلىق سىرلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەت سىرلىرى ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «ئاتتىلا» دېگەن كىنونى بىر قانچە قېتىم كۆرۈپ چىقتىم، ھەممە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆز تونۇشلىرىمغا ئىزچىل تۈردە ئاشۇ كىنونى تەشەببۇس قىلىپ كەلدىم. ئاتتىلانىڭ رولىنى ئالغان كىنو ئارتىسى رەگ روگەرس (Reg Rogers)نى شۇنىڭدىن باشلاپ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قېلىپ، ھەر قېتىم ئۇنى باشقا كىنولاردا كۆرسەم، ئايالىم ئامانگۈلگە «ئاۋۇ كىشى ئاتتىلانىڭ رولىنى ئالغان ئارتىس شۇ ئىكەن»

دەپ قويىدىغان بولدۇم. («ئاتتىلا» دېگەن كىنونىڭ You-tube دىكى ئادرېسىنى مۇشۇ ماقالىنىڭ ئەڭ ئاستىغا يېزىپ قويدۇم).

بۇ قېتىم داھىي ۋە لىدېرلىق ھەققىدە ئىزدىنىشىمنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، مەن ئاتتىلا ھەققىدىكى كىتابتىن بىرنى قايتا ئوقۇپ بېقىشنى قارار قىلدىم. ئامازون تور بېتىدىن «ھون ئاتتىلا» (ئىنگلىزچە « Attila the Hun») دەپ ئىزدىسەم، جەمئىي 242 نەتىجە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن مەن 1987-يىلى نەشر قىلىنغان ۋېس روبېرتس (Wess Roberts)نىڭ «ھون ئاتتىلانىڭ لىدېرلىق سىرلىرى» (ئىنگلىزچە « Leadership Secrets of Attila the Hun») دېگەن كىتابىنى سېتىۋالدىم. بۇ كىتابنىڭ ئوقۇرمەنلىرى بۇ كىتاب ھەققىدە ناھايىتى ياخشى ئىنكاسلارنى قايتۇرغان. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى «ئومۇمىي ئاپتوموبىل» (ئىنگلىزچە « General Motors, GM») دېگەن بۈيۈك شىركەتنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى پائۇل زالەچكى (Zalecki) مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ كىتابنى ئون نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىققان بولۇپ، ھەر قېتىم ئوقۇغىنىمدا ئۇ مېنىڭ نەزەر دائىرەمنى تېخىمۇ بەك كېڭەيتتى. مېنىڭچە بۇ ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان بىر كىتاب بولۇپ، بىر چوڭ ئادەم توپىغا مەسئۇل بولغان ھەر قانداق بىر كىشى بۇ كىتابنى چوقۇم ئوقۇپ چىقىشى كېرەك ئىكەن». «ئامېرىكا ئاۋئاتسىيە شىركىتى» نىڭ پرېزىدېنتى ۋە رەئىسى كراندال (Crandall) مۇنداق دېگەن: «بۇ كىتاب لىدېرلىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى يېڭى چۈشەنچىلەر بىلەن لىق تولغان. ئۇ ئەقەللىي يولىيورۇقلارنىڭ كارامەت ئىجادچانلىق بىلەن بايان قىلىنىشى بولۇپ، مەن ھەممە كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئوقۇپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن». 1992-يىلى چوڭ بۇش ۋە كلىنتون بىلەن ئامېرىكا پرېزىدېنتلىقىنى تالاشقان روس پېروت ئەپەندى ئامېرىكىدىكى «ئومۇمىي ئاپتوموبىل» شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، ئۇشبۇ كىتابنىڭ 1985-يىلىدىكى 1-نەشرىلىك نۇسخىسىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكىدىن، بۇ كىتابتىن 700 پارچىنى سېتىۋېلىپ، شىركەتنىڭ بارلىق چوڭ-كىچىك باشلىقلىرىغا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە دوستلىرىغا بىردىن تەقدىم قىلغان ئىكەن. مەن يېقىندا كۆرگەن، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن بىر كىنودىمۇ، خۇسۇسىي رازۋېدكىچى بولۇپ ئاساسلىق رول ئالغان ئادەمنىڭ بىر كۇتۇپخانىدا ئاتتىلا ھەققىدە ئاشۇ كىتابنى

ۋاراقلاۋاتقان بىر كۆرۈنۈشنى كۆردۈم. يەنى، بۇ كىتاب ئامېرىكا جەمئىيىتىگە خېلى چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپتۇ.

مەن ئۇشبۇ يازمامدا، «هون ئاتتىلانىڭ لىدېرلىق سىرلىرى» دېگەن كىتابتىكى ئاتتىلانىڭ هاياتى ۋە ئۇنىڭ لىدېرلىق ئىدىيىسى — ئاتتىلائىزم توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. مەن بىر كىتابتىكى مەزمۇننى بىر قىسقا ماقالە قىلىپ تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ماقالىدا كىتابتىكى ئەسلى مەزمۇنلارنى ئۆزۈم مۇۋاپىق كۆرگەن دائىرە ئىچىدە قىسقارتتىم ۋە قايتىدىن رەتلىدىم. لېكىن ئۇ مەزمۇنلارنىڭ مەنىسىنى ئەينەن بايان قىلدىم. بولۇپمۇ بۇ ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارىخىي تەسۋىرلەر يۇقىرىقى كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئۆز كۆز-قارىشى بولۇپ، ئۇلار هەرگىزمۇ مېنىڭ كۆز قارىشىم ئەمەس. يۇقىرىدا ئازراق تىلغا ئېلىنغىنىدەك، پۈتۈن ئامېرىكا جەمئىيىتى ئاتتىلانىڭ لىدېرلىق ئىدىيىسىگە ئاجايىپ يۇقىرى دەرىجىدە ئەهمىيەت بېرىدىكەن. لېكىن مېنىڭ پەرىزىمچە ئۇيغۇر جەمئىيىتى بولسا ئاتتىلاغا ئائىت نەرسىلەردىن ئاساسەن خەۋەرسىز. شۇنداق بولغاچقا مەن هەر بىر ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۆزىنى بۇرۇنقى، هازىرقى ياكى كەلگۈسىدىكى ئۇيغۇر لىدېرلىرىدىن بىرى دەپ سانايدىغان هەر بىر كىشىدىن ئۇشبۇ يازمىنى كەم دېگەندە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشىنى تەشەببۇس قىلىمەن. ئۇيغۇر دىيارىدىكى قېرىنداشلاردىن بولسا، «هون ئاتتىلانىڭ لىدېرلىق سىرلىرى» دېگەن كىتابنى ئىنگلىزچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ كىتابنىڭ تىلى ناهايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئۇنچىۋالا قىيىن ئەمەس، دەپ ئويلايمەن. ئەگەر بۇ ئىشنى قىلىدىغانلار بولسا مەن ئۇ قېرىنداشىمىزغا بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچىسىنى سېتىۋېلىپ ئەۋەتىپ بېرىشنى خالايمەن.

## 1. ئاتتىلانىڭ قىسقىچە تەرجىمىهالى

هونلار كۆچمەن يۇرىدىغان، كۆپ خىلدىكى تىللارنى ئىشلىتىدىغان، كۆپ خىلدىكى مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان قەبىلىلەرنىڭ بىرلەشمىسىدىن ئىبارەتتۇر. روبېتس (Robet) نىڭ كىتابىدا دېيىلىشىچە، هونلار ئەسلىدە ئۇراننىڭ ياۋروپا تەرىپىدىكى كىشىلەردىن پەيدا بولغانمۇ ياكى تۈرك ياكى ئاسىيالىق كىشىلەردىن پەيدا بولغانمۇ، دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى ئاغزاكى

تارىخلاردا ئاساسەن خاتىرىلەنمىگەن، ياكى بولمىسا بۇ سوئالغا بەزىدە قالايمىقان جاۋاب بېرىلگەن. لېكىن، مەن يېقىندا هونلار ۋە ئاتتىلا توغرىسىدا بىر قانچە تور بەتلىرىنى كۆرۈپ باقتىم. «هونلار كالېندارى» دېگەن بىر تور بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە، باتۇر تەڭرىقۇت (Mao_tun)نىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىلەن هونلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200_يىللىرى بايقال كۆلى بىلەن شەرقىي-جەنۇبىي موڭغۇلىيە ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلانباتۇرنىڭ قېشىدىكى لوڭچېڭنى پايتەخت قىلغان. ھەمدە هونلار مىلادىيىدىن كېيىنكى 469_يىلى ئاخىرقى پادىشاھى دەڭزىكنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن دۇنيادىن غايىپ بولغان. ئاتتىلا مىلادىيىدىن كېيىنكى 395_يىللىرى دانۇبە جىلغىسىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە تۇغۇلغان (دانۇبە جىلغىسىنىڭ نەگە جايلاشقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئىنتېرنېتتىن ئىزدەپ، بۇ ئىسمىنىڭ بىر قانچە دۆلەتتە بارلىقىنى بايقىدىم. مېنىڭ پەرىزىمچە، ئاتتىلا تۇغۇلغىنى ئاۋستىرىيەدىكىسى بولۇشى مۇمكىن). ئاتتىلانىڭ دادىسى مۇندزۇك پادىشاھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە تارىخىنى 32 ئەۋلادقىچە تاپقىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئۆز ئادەم توپىنىڭ بىرلىكىنى ئەڭ ياخشى ساقلىغان بىر ئائىلە بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئاتتىلا دەسلەپتە قويغا مىنىشنى ئۆگەنگەن بولۇپ، كېيىنچە ئات مىنىش ماھارىتىدىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. ھەمدە ئوقيا، نەيزە، ئارغامچا، قىلىچ ۋە قامچا ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ كامالەتكە يەتكەن. بۇلار ئاتتىلا دەۋرىدىكى هونلارنىڭ ئەنئەنىۋى ماھارەتلىرى بولۇپ، بىر ئاقسۆڭەكلىك دەرىجىسىدىكى كىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ماھارەتلەر ئىدى. ئاتتىلا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، ۋە ئىقتىدارسىزلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك كەمسىتىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرگەن. ھەمدە ئۆز ماھارىتىنى ناھايىتى خەتەرلىك ئوۋ-ئوۋلاش پائالىيەتلىرىدىكى باتۇرلۇقى بىلەن خەلق-ئاممىسى ئالدىدا نامايان قىلغان. مەسىلەن، ئۇ بۆرە ۋە ئېيىقلارنى تورغا چۈشۈرۈپ تۇتۇۋېلىپ، ئاندىن بىر قىسقا پىچاق بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ-قارنىنى ئېلىۋەتكەن. ئاتتىلا دادىسى بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇنداق مۇناسىۋەت پادىشاھ مۇندزۇكنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئاتتىلا ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىلا ئاياغلاشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دادىسىنىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان تاغىسى رۇگىلانىڭ

قولىدا قالغان.

رۇگىلا ئۆزىنىڭ ئادەم توپى ئۈچۈن ھونلار ناھايىتى ئاسانلا يېڭەلەيدىغان چەت ئەللەرگە بېقىندى بولىدىغان سىياسەتلەرنى يولغا قويغان. ئاتتىلا بولسا بۇنداق سىياسەتلەرنى ئوچۇق-ئاشكارا ئەيىبلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاتتىلانىڭ بالىلىق تەقدىرى ناھايىتى تېزلا ئۆزگىرىشكە باشلىغان. ئاتتىلا 12 ياشقا كىرگەندە، رۇگىلا ئۇنى رىم پادىشاھى خونورىيۇس (Honorius) نىڭ ئوردىسىغا گۆرۈگە ئېلىنغۇچى قىلىپ ماڭدۇرغان. بۇنىڭ ئۈچۈن رىملىقلار ئەتراپلىق پىلانلاش ئارقىلىق رۇگىلاغا ئۆزىنىڭ ئېيتىيۇس (Aetius) ئىسىملىك بىر ياش ئادىمىنى گۆرۈگە بەرگەن. مۇشۇ ئارقىلىق رىم پادىشاھى بىر تەرەپتىن ئۆز ئوردىسىغا گۆرۈگە كەلگەن كىشىلەرگە رىملىقلارنىڭ ئۆرۈپ-ئادىتى، ئەنئەنىسى ۋە ھەشەمەتلىك ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش، ئاندىن ئۇلارنى ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى باشقا دۆلەتلەرگە كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، باشقىلارنىڭ دۆلەتلىرىگە گۆرۈگە قويغان كىشى سۈپىتىدە ماڭدۇرغان كىشىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جاسۇسلۇق ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

رىملىقلار ئاتتىلانىڭ كۆڭلىنى باشقىچە پروگراممىلاشقا ئۇرۇنغاندا، ئاتتىلا ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، رىملىقلارنىڭ ھېچقانداق نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلمىغان ھەمدە گۆرۈگە ئېلىنغان باشقا بالىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرگەن. ئۇ ئىككى قېتىم قېچىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىغان. قېچىپ ئەركىنلىككە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن رىم پادىشاھلىقىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشقان. ئۇ رىمنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلار سىياسىتىنى، ھەربىي ئىشلىرىنى، ۋە رىم ئەسكەرلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئاجىزلىقىنى تەتقىق قىلغان. ئۇلارنىڭ چەت ئەل مىنىستىرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن دىپلوماتىك يىغىنلىرىنى يوشۇرۇن ھالدا كۆزەتكەن. لىدېرلىقنى، تاشقى ئىشلار مۇراسىمىنى ۋە باشقا كەلگۈسىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ۋە دىپلوماتلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەر خىل ماھارەتلەرنى ئۆگەنگەن ھەمدە شۇ جەرياندا دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭ پىلانلىرى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە توغرا تۈزۈلگەن.

ئاتتىلا رىمدىن دۇنابە جىلغىسىغا قايتۇرۇلغاندا، ئۇ يەردىكى ھونلار قەبىلىسىدە يەنىلا بىر مەركىزىي سىياسىي ۋە ھەربىي باشقۇرۇش ئورگىنى بولمىغان. ئوخشىمىغان ھون تەبىقىلىرىنى ئوخشىمىغان تەبىقە باشلىقلىرى (chieftain) باشقۇرىدىغان بولۇپ، بۇ باشلىقلار بىرەر ھون پادىشاھىغا تەۋە بولمىغان. ئاتتىلا رىمنى يېڭىش ئۈچۈن چوقۇم ھەممە ھون تەبىقىلىرىنى بىرلەشتۈرمىسە بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ھون تېررىتورىيىسىگە كۆپ قېتىملاپ ئوۋ ئوۋلاش سەپىرى قىلىپ، ھەممە تەبىقە باشلىقلىرى بىلەن ئايرىم-ئايرىم مۇناسىۋەت ئورناتقان. ھەمدە بۇ تەبىقە باشلىقلىرىغا تەسىرلىك مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى قولغا كەلتۈرگەن. پۇختا تەييارلىق قىلىپ، توغرا پەيتنى كۈتۈپ، ئىنىسى بلەدا بىر قېتىملىق ئوۋچىلىق جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئاتتىلا دۇنابە جىلغىسىدىكى ھون قەبىلىسىگە پادىشاھ بولغان (بەزىلەر ئىنىسى بلەدانى ئاتتىلا ئۆزى ئاشۇ قېتىملىق ئوۋچىلىق جەريانىدا قەستلەپ ئۆلتۈرگەنمۇ دەيدىكەن -ئاپتور). ھەمدە ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى دەرىجىلىك داھىيلىق قابىلىيىتى بىلەن باشقا ھون تەبىقىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر تەڭداشسىز ھون ئارمىيىسىنى قۇرۇپ چىققان. ئەڭ كۈچەيگەن ۋاقتىدا، ھونلار قوشۇنىنىڭ ئەسكەر سانى 700 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

ئاتتىلا ناھايىتى كەمتەر بولۇپ، ئۆزى ھونلارنىڭ پادىشاھى بولسىمۇ ناھايىتى ئاددىي-ساددا ياشىغان. ھەمدە ھەممە ئىشلارنى ئىنتايىن ئادىللىق بىلەن سورىغان. لېكىن، ئۆزىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن تەبىقە باشلىقلىرىنى يىغىپ ئوپچە ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ قىلچىمۇ ئالدىراقسانلىق قىلماي، ھونلارغا گېرمان بىلەن سلاۋ مەملىكەتلىرىنى ئۆز كونتروللۇقى ئاستىغا كىرگۈزۈش، ۋە رىم بىلەن كونستانتىنپول (Constantinople) نى ئىگىلەش، ئاندىن پۈتۈن ئاسىيا ۋە ئافرىقىغا ھۇجۇم باشلاش قاتارلىق مىللىي نىشانىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەرگەن. ئاتتىلانىڭ پىلانى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بۇنى ئۇنىڭ باللىق چېغىدىكى ئارزۇلىرى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، ياشلىق دەۋرىدە كۆرگەن ئىشلىرى ئارقىلىق پۇختا تاۋلانغان. ئۇ ئۆز پىلانىنى قەدەممۇ-قەدەم ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشقان. ئۇ ھېچقانداق ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلمىغان، ھېچقانداق ئىشتا تەۋرەنمىگەن ۋە باشقىلارغا باش ئەگمىگەن. باشقىلارنىڭ تەكلىپلىرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سالغان، ئەتراپىدىكى ھەممە ئىشلارنى

ئەستايىدىل كۆزەتكەن، ھەممە بىر ئىشنى قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى يېتىپ كەلگۈچە سەۋرى-تاقەتلىك بىلەن ساقلىغان.

ئاتتىلانىڭ قوشۇنى شۇنچە چوڭ ۋە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇلار مەقسەتتە بىردەك بولغان. ئۇلارنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان، ھەممە ھەممە ۋاقىت ناھايىتى جاسارەتلىك بولغان. ھون قوشۇنى يېڭى تېررىتورىيىلەرگە يۈرۈش قىلغاندا بەزىدە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمايلا غەلىبە قازانغان. نۇرغۇن كەنتلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھون ئارمىيىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان ئۆي-ماكانىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن.

خۇددى ئاتتىلا رىمدا رىم پادىشاھلىقىنىڭ ئىلغار نەرسىلىرى ھەممە ئۇرۇش ۋە ئەسكەر تېخنىكىلىرىنى ئۆگەنگەنگە ئوخشاش، ئېيتىيۇسمۇ ھونلار يۇرتىدا ھونلارنىڭ ئۆرۈپ-ئادىتى، ئىش بېجىرىش ئۇسۇلى ۋە جەڭ قىلىش تېخنىكا-ماھارەتلىرىنى ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رىمنىڭ ھەربىي قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئاتتىلانىڭ قوماندانلىقىدىكى ھون قوشۇنىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە بىر قېتىم قاتتىق توسقۇنلۇق قىلغان. يەنى مىلادىيىدىن كېيىنكى 451-يىلى شالون (Chalons) دىكى بىر ئۇرۇشتا ئېيتىيۇس ئوقيا بىلەن ئاتلىق ئۇرۇش قىلىشقا ئادەتلەنگەن ھون قوشۇنلىرىنى پىيادە ئۇرۇش قىلىشقا قىستاپ، 162-300 مىڭدەك ھون ئەسكەرلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان. بۇ ئاتتىلا ئۈچۈن تۇنجى قېتىملىق يېڭىلىش بولۇپ، ئۇ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرگەن. ھەممە ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنيانى سوراش ئارزۇسى مۇشۇ قېتىم بىر ئاز ئاجىزلىغان.

ئاتتىلا قوشۇننى دۇنابە جىلغىسىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆز قوشۇنىنى قايتىدىن رەتكە سالغان. ئۆز قوشۇنىنىڭ كىيىنىشى، ئۇرۇش تېخنىكىسى، ماھارىتى ۋە ئۇرۇش قورallىرى قاتارلىق ھەممە جەھەتتە تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغان. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، ھون قوشۇنى ئاتتىلانىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا رىمغا قاراپ قايتا يۈرۈش قىلىپ، ئىتالىيە قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، رىمغا يېقىنلاشقان. رىم پادىشاھى بۇ تەڭداشسىز قوشۇننىڭ قۇدرىتىدىن قورقۇپ، قاتتىق ۋەھىمە ئىچىگە پاتقان. ئۇلار دەسلەپتە ئاتتىلانى ئالتۇن بىلەن سېتىۋېلىشنى ئويلاشقان، لېكىن رىمنى ئاسانلا قولغا چۈشۈرەلەيدىغان ئاتتىلانىڭ بۇ سودىغا كۆنمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن. رىم پادىشاھى ۋالەنتىنىيان (Valentinian) ئۆزىنىڭ سىڭلىسى

خونوريا (Honoria) نى ئاتتىلاغا خوتۇن قىلىپ تەقدىم قىلىشنىمۇ ئويلىغان. لېكىن ئۆزىنىڭ 300 دىن خوتۇنى بار ئاتتىلانىڭ بۇ ئىشقىمۇ كۆنمەسلىكىدىن ئەنسىرىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا ئامال تاپالمىغاندىن كېيىن، رىم پاپاسى لىيو (Leo I) نى ئاتتىلا بىلەن مەسلىھەتلىششكە ماڭدۇرغان. بۇ پاپا بىلەن ئاتتىلا ئوتتۇرىسىدا نېمە گەپ ـ سۆزلەر بولۇنغانلىقى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىغان بىر سىر بولۇپ، ئۇلار كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئاتتىلا رىمغا ھۇجۇم قىلماي، باشقا ئۇرۇشمۇ ئېلىپ بارماي، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دۇنيانى سوراش خىيالىدىنمۇ بارا ـ بارا ۋاز كېچىپ، ھەممە ئىشنى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئارقىلىق قىلىشقا ئۆزگەرگەن. ئۇ ئۆزىنى ھونلارنىڭ پادىشاھى دەپ قايتىدىن جاكارلاپ، ئۆزگە قارشى چىققان تەبىقە باشلىقلىرىنى داۋاملىق تۇردە پۇتۇنلەي ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ئاتتىلاغا قارشى چىققان ئاشۇنداق تەبىقە باشلىقلىرىدىن بىرىنىڭ ناھايىتى گۈزەل كەلگەن بىر قىزى ئاتتىلانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن دادىسىنى ئۆلتۈرمەسلىكىنى تىلىگەن. لېكىن، ئاتتىلا ئۇ باشلىقنى يەنىلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئەمما ئاتتىلانىڭ كۆزى ئىلدىكو (Ildico) ئىسىملىك بۇ گۈزەل قىزغا چۈشۈپ، ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالىدىغان بولغان. ھونلار بۇ تويىنى بىر ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى، دەپ ئويلىغان. ئۇلار ئاتتىلا ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى، ئۈمىدسىزلىكلىرىنى ۋە باشقا مەسىلىلىرىنى ئۇنتۇپ، پۈتۈن دۇنيانى ئۆز قولىغا ئېلىش يۈرۈشىنى يېڭى ئىرادە بىلەن باشلايدۇ، دەپ ئويلىغان. داغدۇغۇلۇق ۋە خۇشاللىق ئىچىدە يېرىم كېچىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن تويدىن كېيىن، بۇ يېڭى توي قىلغان ئەر ـ خوتۇن ئۆز ھۇزۇرىغا قايتقان. لېكىن ئەتىسى ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىدىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىغان. قايتا ـ قايتا چەككەن ئىشىككىمۇ ھېچ كىم جاۋاب بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆز پادىشاھىدىن ئەنسىرىگەن قوغدىغۇچىلار ئاتتىلا ھۇزۇرىنىڭ ئىشىكىنى چېقىپ ئېچىپ كىرگىنىدە، قانغا مىلىنىپ يالىڭاچ ياتقان ئاتتىلانىڭ ئۆلۈكىنى كۆرگەن. بەزىلەر ئىلدىكو ئاتتىلانى ئىنتىقام ئېلىش مەقسىتىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن، دېيىشىدۇ. لېكىن ئاتتىلانىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق زەخىملەنگەن يەر يوق. بەزىلەر ئاتتىلانى ئۇنىڭ يېڭى زېمىنغا ئېرىشەلمەي دادىسىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ يۈرگەن 6 ئوغلى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، دېيىشىدۇ (ئاتتىلا رىمنى قولغا چۈشۈرمەي قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ 6 ئوغلى قاتتىق نارازى بولغان). يەنە بەزىلەر ئاتتىلانى توي جەريانىدا قاتتىق ھېرىپ كېتىپ،

تەبىئىي سەۋەبلەر بىلەن ئۆلگەن، دېيىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 453-يىلى ئاتتىلا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئاتتىلا ئۆز ئوغۇللىرىغا ئىشەنمەي، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىزباسار قىلىپ تاللىمىغان. ھەمدە ئىزباسارنى ۋاقتى كەلگەندە ئاسانلا تاللىغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، باشقا بىرەيلەننى ئىزباسارلىققا بېكىتىپمۇ قويمىغان. 454-يىلى ئاتتىلانىڭ ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ پادىشاھلىقىنى تالىشىپ ئۆز-ئارا سوقۇشۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا، گېرمان قەبىلىلىرى قوزغىلاڭ قىلىپ، ھونلارنى گۇمران قىلغان.

ھونلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن بولغان ۋېنگىرىيىلىك قاتارلىق خەلق ئاتتىلانى ھازىرمۇ ناھايىتى پەخىرلىنىش ئىچىدە ئېسىدە ساقلايدۇ. گەرچە غەربلىكلەر ئاتتىلانى دېگەندەك بىلىپ كەتمىسىمۇ، ئۇ تارىختىكى ئەڭ مۇھىم كىشىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇ بىر ئەقىللىق مەدەنىيەت تارقاتقۇچى بولۇش، ئىش قىلىشتا ئوچۇق-ئاشكارا بولۇش، ۋە يېڭى ئوي-پىكىرگە باي بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلۇغ ئالېكساندېر (the Great Alexander) ۋە سىسار (Caesar) قاتارلىق كىشىلەردىن كۆپ ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئەسىرلەردىن بۇرۇنقى كىشىلىك خاراكتېرى، قىممەت قارىشى ۋە پرىنسىپلىرى يېتەكلىگۈچىلەر بىلەن ئەگەشكۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ لىدېرلىق سىرلىرى بۈگۈنگىدىن كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بىر قىممەتلىك ئۆگىنىش ماتېرىيالى بولۇپ ماڭىدۇ.

## 2. ئاتتىلانىڭ لىدېرلىق توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەمدە لىدېرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر «ھون ئاتتىلانىڭ لىدېرلىق سىرلىرى» دېگەن كىتابقا ئىنتايىن قىزىقىدىكەن ۋە ئۇنى ناھايىتى قەدىرلەيدىكەن. ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۈگۈنگىدىن 1600 يىل بۇرۇن ياشىغان بىر ھوننىڭ لىدېرلىق ئىدىيىسىگە ۋە ئۇنىڭ ھونلارغا قىلغان سۆزلىرىگە ئۇلار ئاشۇنداق يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ؟ ئەگەر سىز ئۇشبۇ كىتابنى ئوقۇپ باقسىڭىز، ئۇنىڭدا ئېيتىلغان نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگىمۇ ئىنتايىن ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. مەن

شۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە، «ئاتتىلائىزم» ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، ئۇشبۇ كىتابتىكى ئاتتىلانىڭ لىدېرلىق ھەققىدىكى سۆزلىرى كىرگۈزۈلگەن بىر بابتىكى مەزمۇننى مۇشۇ يەردە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن. كىتابتىكى مەزمۇن ئاتتىلانىڭ ئۆز ئاغزىدىن چىققان سۆز شەكلىدە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، مەنمۇ ئاشۇ شەكىلنى قوللىنىمەن. تۆۋەندىكىسى ئاتىللانىڭ ئېيتقانلىرى.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ لىدېرلىقى لىدېر بولۇپ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىشقا چۇشلۇق چوڭ-چوڭ پىلانى يوق، جاسارىتى كەمچىل ۋە ئىقتىدارى تۆۋەن شاھزادىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. مۇشۇنداق قىزىقماسلىق، قورقۇنچاقلىق، ۋە ئالغان ۋەزىپىسگە چۇشلۇق قابىلىيەتلەرنىڭ بولماسلىقى ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئىش-ھەرىكىتىدە نامايان بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاشۇنداق لىدېرلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىنى بوشىتىپ، ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ، دۈشمەننى كۈچلەندۈرۈۋېتىدۇ.

باشقىلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىستىكىنى ھەقىقي تۈردە ئىسپاتلىغان قەبىلە باشلىقلىرىنى تاللاپ ئۆزلىرىگە لىدېر قىلىش ۋە ئۇلارغا ئەگىشىش بارلىق ھونلارنىڭ مەسئۇلىيىتى. بۇنداق لىدېرلار بىرىكمە خاراكتېرگە ئىگە بولمايدۇ. ئۇلار خۇددى ھونلار بىر-بىرسىدىن پەرقلىق بولغىنىدەك بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن لىق تولغان بولمايدۇ. ئۇلار نۇقسانسىز خاراكتېرگە ھەم ئىگە بولمايدۇ. ئەمما، لىدېرلىققا ھەقىقي تۈردە ئىنتىلگەن ۋە ھەقىقي تۈردە ئىرادە باغلىغان، باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايدىغان لىدېرلارنى ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراستى، سەمىمىيىتى، مېھرىبانلىقى، ئابرۇيى ۋە ئىرادىسىگە قاراپ تولۇق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئۇلار ئىنسانلىق سۈپەتكە ئىگە بولىدۇ، ھەمدە ئۆزلىرى ئېلىپ بارماقچى بولغان ئىشقا ۋە ئۆزلىرى يېتەكلىمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا نىسبەتەن كۈچلۈك سادىقلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى بولىدۇ.

بەزىلىرىڭلار ھازىر مەندىن مۇنداق سورىشىڭلار مۇمكىن: «ئاتتىلا، مەندە بىر تەبىقە باشلىقى بولۇشقا نىسبەتەن ئۆزۈمدە يېتەرلىك ئىنتىلىش بار-يوقلۇقىنى مەن قانداق بىلەلەيمەن؟» مەندىن مۇشۇنداق بىر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەت ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارغا مەن تۆۋەندىكى ئىدىيىلىرىمنى سوۋغا قىلىمەن:

- باشلىق بولۇشنى ئىستەيدىغان ئادەمدە چوقۇم باشقىلار

تەرىپىدىن ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە ئېتىراپ قىلىنىش ھەمدە ئاشۇنداق بىر ھالەتنى پەقەت ئادىللىق بىلەنلا قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت تۇغما ئىستەك بولۇش كېرەك. بۇنداق تۇغما خاراكتېر باشقا بارلىق كىشىلىك خاراكتېرىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

● سەندە خۇسۇسىي تەلەيسىزلىك، ئۈمىدسىزلەندۈرۈش، ئېتىراپ قىلىنماسلىق ۋە ئۈمىدسىزلىنىش قاتارلىقلارنى يېڭەلەيدىغان ئىقتىدارلار بولۇشى كېرەك.

● سەندە قول ئاستىڭدىكى كىشىلەرگە ياخشى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارغا ياخشى يول كۆرسىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە ئۆز مەسئۇلىيىتىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان جاسارەت، يېڭىلىق يارىتىشچانلىق ۋە چىداملىق بولۇشى كېرەك.

● مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىشىڭ ۋە قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك: سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭ سېنىڭ چېكىگە يەتكەن مىجەزىڭ ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.

● سېنىڭ باشلىق بولۇش ئىستىكىڭ چېكىدىن ئاشقان ئىنتىزارلىق ياكى تاقەتسىزلىك شەكلىنى ئالمىسۇن. ئۇنداق بولمايدىكەن سەن نۇرغۇن كىشىلەرگە مەغلۇبىيەت ئېلىپ كېلىسەن. سەن چوقۇم ئۆزۈڭنىڭ باشلىق بولۇش ئارزۇسىنى تەييارلىق، تەجرىبە-ساۋاق ۋە پۇرسەت ئارقىلىق پۇختىلاپ تۇرۇشنى خالايدىغان بول.

● شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، سېنىڭ ئۆز خىزمەت ئورنۇڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقىڭ سېنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ۋە ئىزچىل تۈردە قاتتىق ئىشلەشنى خالاش-خالىماسلىقىڭغا باغلىق.

● باشقىلارنىڭ قارشىلىقىغا ۋە ئۆزۈڭگە جەڭ ئېلان قىلىشىغا ئۇچرىغان ۋاقىتتىمۇ قىلىۋاتقان ئىشىڭنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدىغان ئىرادىگە ئىگە بول.

● مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى كەڭ-كۆلەملىك ئەقەللىي ساۋاتلار ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئىرادىسىگە ئىگە بول.

● باشقا قابىلىيەتلىك تەڭتۇشلىرىڭ ياكى قول ئاستىڭدىكى قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە بولغان تەھدىت، دەپ ھېسابلىما. ئۇنىڭ ئورنىغا، قابىلىيەتلىك قەبىلە باشلىقلىرىنى تاللاپ، ئۇلارنى

پەقەت قول ئاستىدىكى كىشىلەر ناھايىتى كۈچلۈك بولغان تەبىقە باشلىقلىرىلا قىلالايدىغان ئىشلارغا سېلىش ئەقىلگە ئىگە بول.

- سەن ئۆزۈڭ خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە ئۆزۈڭ يېتەكلەۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن باشقىلار تونۇپ يەتمىسىمۇ ۋە تەشەككۈر ئېيتمىسىمۇ ئۆزۈڭ شەخسىي بەدەل تۆلەشكە رازى بول.
- سەندە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىلىش (passion) بولسۇن. بۇ ئىنتىلىش ئۆزۈڭنى ۋە سەن يېتەكلەۋاتقان ھونلارنى ھەممە ئىشنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ياخشى قىلىدىغان قىلىپ چېنىقتۇرىدىغان بولسۇن.
- سەن ئۆزۈڭگە يۈكلەنگەن خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش يولىدا يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشنى، باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنى ۋە ئۆزۈڭنىڭ چۈشەنچىسى ۋە ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالايدىغان بول. كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇنداق مەقسەتكە ئىنتايىن قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي تۇرۇپ ۋە ئۆز مەنپەئەتىنى قۇربان قىلماي تۇرۇپ يەتكىلى بولمايدۇ.
- سەن ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆزۈڭنىڭ تەبىئىي ھالىتىنى ساقلاپ، باشقىلارغا ياردەم قىلىشتا ساختا ئېپتىخارلىقنى نامايان قىلما.
- سەن مۇنداق بىر ئاددىي ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك: سېنىڭمۇ يېتەرسىزلىكىڭ بار بولۇپ، تۈنۈگۈنكىدىن ياخشىراق تەبىقە باشلىقى بولۇش ئۈچۈن سەن ھەر كۈنى تىرىشمىساڭ بولمايدۇ.

ئاخىرىدا مەن ساڭا مۇنداق بىر نەسىھەتنى بېرىمەن: ئەگەردە سەن مەلۇم بىر خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بەدەلنى تۆلەشنى خالىمىساڭ، ئۇنداق خىزمەت ۋەزىپىسىنى ھەرگىز قوبۇل قىلما.

## 3. ئاتتىلائىزم: ئاتتىلانىڭ بىر قىسىم ئىدىيىلىرى

«ھون ئاتتىلانىڭ لىدېرلىق سىرلىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئاتتىلانىڭ بىر قىسىم ئىدىيىلىرىنى يىغىپ، ئۇنى كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر باب قىلىپ يازغان. مەن بۇ يەردە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزۈم لايىق كۆرگەن

مەزمۇنلارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ئەينى ۋاقىتتا ئاتتىلا ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى باشلىقلارنى «تەبىقە باشلىقى» (chieftain) دەپ ئاتاپ، ئادەتتىكى پۇقرالارنى بولسا «هون» ياكى «هونلار» دەپ ئاتىغان. يۇقىرىقى كىتابنىڭ ئاپتورىمۇ بۇ ئاتالغۇلارنى شۇ پېتىچە ئىشلەتكەن بولۇپ، مەنمۇ كىتابتىكى ئاتالغۇلارنى ئەينەن قوللىنىمەن.

نەسىھەت ۋە مەسلىھەت (Advice and Counsel)

يېزىلغان دوكلاتنى پادىشاھ ئوقۇغاندىلا ئاندىن ئۇ مەلۇم قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.

پادىشاھنىڭ پىكرىگە داۋاملىق «قوشۇلىمەن» دەپ تۇرىدىغان تەبىقە باشلىقلىرى ئۇ پادىشاھقا پەقەت ئادەتتىكى ئادەملەردەكلا مەسلىھەت بېرەلەيدۇ.

ئەقىللىق تەبىقە باشلىقى ھەرگىز ئۆزىگە بىر يامان خەۋەرنى يەتكۈزگەن هوننى ئۆلتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەقىللىق باشلىق ئۆزىگە بىر يامان خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان هوننى ئۆلتۈرىدۇ.

خاتا سوئالنى سورايدىغان تەبىقە باشلىقى پەقەت خاتا جاۋابقىلا ئېرىشىدۇ.

ئەقىللىق تەبىقە باشلىقى ھەرگىزمۇ بىر جاۋابنى ئاڭلاشنى خالىمايدىغان سوئالنى سورىمايدۇ.

خاراكتېر (Character)

بىر هوننىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ.

ئۆز نېرۋىسىنى يوقاتقان تەبىقە باشلىقى غەلىبە قازىنالمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىشى ۋە ئۆز-ئۆزىگە تايىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلسا ئۇ يېڭىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىدۇ.

غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن بىر تەبىقە باشلىقى ناھايىتى ئەقىللىق بولمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا چوقۇم قەتئىي قانائەتلەنمەيدىغان غەلىبە تەشنالىقى، ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشقا نىسبەتەن قەتئىي ئىشەنچى، ۋە ئۆزىنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەكچى بولغانلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان يېڭىلمەس ئىرادىسى

بولۇشى كېرەك.

ئۆزىنى مەركەز قىلغان، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، ۋە ئۆز-ئۆزىنى مەدھىيىلەيدىغان تەبىقە باشلىقلىرى ئاساسەن ئۇلۇغ لىدېرلاردىن بولالمايدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆز-ئۆزىگە ناھايىتى كۈچلۈك دەرىجىدە چوقۇنغۇچىلاردۇر.

ئۇلۇغ تەبىقە باشلىقلىرى ھەرگىزمۇ ئۆزىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇۋالمايدۇ.

ئەقىللىق تەبىقە باشلىقى مۇھىتقا ماسلىشىدۇ، ئەمما ھەرگىزمۇ مۇرەسسە قىلمايدۇ.

ھونلار بىلەن بىللە ئىچىشىدىغان تەبىقە باشلىقى ئاشۇ ھونلارنىڭ بىرسى بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ «تەبىقە باشلىقى» دېگەن سالاھىيىتىنى يوقىتىدۇ.

ئىقتىدارسىز تەبىقە باشلىقلىرى ئۆز ئەتراپىغا ئىقتىدارسىز ھونلارنى يىغىۋالىدۇ. ئىقتىدارلىق تەبىقە باشلىقلىرى بولسا ئۆز ئەتراپىغا ئىقتىدارلىق ھونلارنى توپلايدۇ.

بىر تەبىقە باشلىقى چوڭ-چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنسېرى، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھەسەتخورلۇقىمۇ كۈچىيىپ ماڭىدۇ.

جاسارەت (Courage)

ھونلار جاپا-مۇشەققەتنى يېڭىپ ئىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئېرىشكەن تەجرىبە-ساۋاق ئۇلارنىڭ قالغان ئۆمرىنىڭ ھەممىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەتلىك ھونلار كېلىشمەسلىككە قانداق تاقابىل تۇرۇش ۋە خاتالىقلارنى قانداق يېڭىشنى ئۆگىنىۋالالايدۇ.

ھەر بىر ھون ئۆزى تېگىشلىك بەدەلنى تۆلەشنى خالايدىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدۇ. رىقابەت ھوقۇق بالدىقىنىڭ يۇقىرىسىغا چىققانسېرى ئاجىزلىشىپ ماڭىدۇ.

قارار قىلىش

ھەر بىر قارارنىڭ تەۋەككۈلچىلىكى بولىدۇ.

سالاھىيىتى توشمايدىغان ئادەمنى ھۆكۈم چىقىرىشقا ۋە قارار قىلىشقا قويغاندا، تۈپ خاتالىقلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

بىر تەبىقە باشلىقىنىڭ قارار چىقىرىشتىكى ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئۇنى ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى دېيىش ئارقىلىق ئۆز ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈشتىن ساقلايدۇ.

ئەگەر غەلىبە قىلىشتىن ئۈمىد بولمىسا، تەبىقە باشلىقى ھونلارنى ئۇنداق جەڭنى قىلىشقا بۇيرۇماسلىقى كېرەك.
ناھايىتى قىيىن قارارلارنى چىقىرىش ئىقتىدارى بىر تەبىقە باشلىقىنى باشقا ھونلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ.

باشقىلارغا ھوقۇق ۋە فۇنكسىيە بېرىش (Delegation)

بىر ئەقىللىق تەبىقە باشلىقى ھونلارنى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى بەكرەك نامايان بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئەھۋالنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويمايدۇ.
ياخشى ھونلار ئادەتتە تەبىقە باشلىقى ئۆزىدىن ئۈمىد قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ.
بىر ئەقىللىق تەبىقە باشلىقى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ھونلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئۆز ئەقلى ۋە چۈشەنچىسى دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنى قىلىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ.
بىر ئەقىللىق تەبىقە باشلىقى ئەڭ قىيىن ۋەزىپىلەرنى پەقەت ئاشۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ھونلارغىلا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.
ئىستېپا بېرىش ھەرگىزمۇ ھوقۇقنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئەمەس. ئۇ ئاجىزلىقنىڭ بىر ئىپادىسى. باشقىلارغا ھوقۇق بېرىش بولسا كۈچلۈكلۈكنىڭ بىر ئىپادىسى.

تەبىقە باشلىقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

كۈچلۈك تەبىقە باشلىقلىرىنىڭ دائىم چوڭ ئاجىزلىقلىرى بولىدۇ. تەبىقە باشلىقلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىش ۋە يەنىمۇ ئۆستۈرۈش پادىشاھنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.
ھونلارنىڭ مەغلۇبىيەتتىن ئۆگىنىدىغان نەرسىلىرى مۇۋەپپەقىيەتتىن ئۆگىنىدىغان نەرسىلىرىدىن كۆپ بولىدۇ.
ھونلار كېلىشمەسلىككە دۇچ كەلگەندە تېخىمۇ تېز ئۆگىنەلەيدۇ.
ياخشى تەبىقە باشلىقى بىر تەجرىبىسىز ھونغا ئۇنىڭ لىدېرلىق قابىلىيىتىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ھوقۇق بېرىشتەك تەۋەككۈلچىلىكنى قىلالايدۇ.
ھونلارغا تەدرىجىي ھالدا بۇرۇنقىدىن يۇقىرىراق سەۋىيىدىكى

مەسئۇلىيەتنى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى بىر تەبىقە باشلىقى بولۇشقا تەربىيىلىگىلى بولىدۇ.

ئەگەر تەبىقە باشلىقى بولۇش بىر ئاسان ئىش بولغان بولسا، ھەممە ھونلار شۇنداق بولغان بولاتتى.

قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلمايدىكەن، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى مەڭگۈ ئەمەلىيەتتە جارى قىلدۇرالمايدۇ.

مۇۋاپىق دەرىجىدىكى بېسىم بىر تەبىقە باشلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ.

## دىپلوماتىيە ۋە سىياسەتشۇناسلىق

سىياسىي جەڭگە كىرگەن ۋاقىتتا، ئادەم ئۆزىنىڭ ئارقىسىنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇشى كېرەك.

ھونلار غەلىبىسىنىڭ مۇھىم ئامىلى «قەيەردە؟» ۋە «قاچان؟» دېگەن سوئاللارنىڭ جاۋابىدا بولىدۇ.

ھونلار پەقەت ئۆزلىرى ئۇتالايدىغان جەڭگىلا كىرىشى كېرەك.

ھونلار دىپلوماتىيىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئۇرۇشقا كىرىشى مۇمكىن. ئەمما، دىپلوماتىيىنى باشلاش ئۈچۈن بىر ئۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ھونلار ئۈچۈن توقۇنۇش بىر تەبىئىي ھالەت.

ھونلار پەقەت مەلۇم مەقسەت ئۈچۈنلا ئۆزىگە دۈشمەن تىكلەيدۇ.

ھونلار دىپلوماتىيە ئارقىلىق قولغا چۈشۈرەلەيدىغان نەرسىنى ھەرگىزمۇ ئۇرۇش بىلەن ئالمايدۇ.

شۇ نەرسە تەبىقە باشلىقلىرىنىڭ ئېسىدە بولسۇنكى، مېھماندوستلۇق، ئىللىقلىق ۋە ئەدەپ-ئەخلاقلىق ئەڭ قەبىھ رەقىبىنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەبىقە باشلىقلىرىغا ئۆزى ئەڭ ئىشەنگەن ئادەملەر خائىنلىق قىلىدۇ.

## نىشان

يۈزەكى نىشان ئادەمگە يۈزەكى نەتىجە ئېلىپ كېلىدۇ.

بىز بىر دۆلەت بولغانكەنمىز، ھونلار پەقەت مىللىي نىشانلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خۇددى خۇسۇسىي نىشانلاردەك مۇھىم كۆرگەندىلا، بىز ئاندىن تېخىمۇ

زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

بىر ئادەمنىڭ نىشانلىرى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرىغا ئەرزىيدىغان بولۇشى كېرەك.

مەقسىتى يوق بىر ئادەم ئۆز مەقسىتىگە قاچان يەتكەنلىكىنى مەڭگۈ بىلەلمەيدۇ.

بىر ئادەم كوماندىغا بويسۇنۇش بىلەنلا كۈتكەن نەتىجىگە داۋاملىق ئېرىشەلمەيدۇ.

تەبىقە باشلىقلىرى داۋاملىق يۇقىرى پەللىنى كۆزلىشى، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بىخەتەر يولىدا مېڭىشىنى ئەمەس، ھەقىقىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدىغان ئىشلارنى قوغلىشىشى كېرەك.

لىدېرلار ۋە لىدېرلىق

پادىشاھ بىر ئادەمنىڭ ھازىرقى ئورنىدا قانچىلىك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ھەر دائىم ئەڭ ياخشى ھونلارنى تەبىقە باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك.

ھەرگىز مۇۋەققەت تەبىقە باشلىقى تۇرغۇزما. ئەڭ قابىلىيەتلىك ھوننى رەھبىرىي ئورۇنغا قوي، ئۇنىڭغا مەسئۇلىيەت ۋە ھوقۇق بەر، ئاندىن ئۇنى قىلغان ۋە قىلىدىغان ئىشلىرى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارت.

ئەقىللىق تەبىقە باشلىقى ھەرگىزمۇ تەلەيگە يۆلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا، ياخشى ئىستىقبالغا ئېرىشىشتە قاتتىق تىرىشچانلىق، چىدامچانلىق، باش ئەگمەسلىك ۋە ئىجابىي پوزىتسىيىگە ئىگە بولۇش قاتارلىقلارغا تايىنىدۇ.

بىر ئەقىللىق تەبىقە باشلىقى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ھونلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ھەمدە ئاشۇ تەرىقىدە ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

ھونلارنىڭ بىر لىدېرى بولۇش كۆپىنچە ئەھۋالدا بىر يالغۇزلۇق ھېس قىلىدىغان خىزمەت.

بىر ھەرىكەت ئۈچۈن ئاتلانغاندىن كېيىن، تەبىقە باشلىقلىرى چوقۇم مات بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، ھەرگىز مۇرەسسە قىلماسلىقى كېرەك.

خەتەرلىك ئىشلارنى بىللە ئېلىپ بېرىش تەبىقە باشلىقى بىلەن ھونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدۇ.

كۆچلۈك تەبىقە باشلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھونلىرىنى ياخشى ئىشلەشكە قوزغىيالايدۇ ۋە ئىلھاملاندۇرالايدۇ.

ئەڭ ياخشى تەبىقە باشلىقلىرى مۇۋاپىق پەيتتە توغرا سوئالنى سوراش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

ئەگەر بىر تەبىقە باشلىقى ئۆزىنىڭ ئادەم توپىنىڭ ئەڭ ئارقىسىدا ماڭىدىكەن، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەيدۇ.

چۈشىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش (Perceptions and Publicity)

ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە مۇھىم ئورۇنغا قويىدىغان ئادەم توغرا ھۆكۈم نەزىرىدىن ئايرىلغان بولىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ چۈشەنچىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر رېئاللىق بولىدۇ.

داۋاملىق ئالدىراش كۆرۈنگەن ئادەم ئەمەلىيەتتە ئۇنچىۋالا ئىشلەپ كەتمەيدۇ.

سىنىڭ دوستۇڭ ۋە رەقىبىڭ سىنىڭ ياخشى گېپىڭنى قىلسا، بۇ ناھايىتىمۇ ياخشى ئىش. ئەمما ئۇلارنىڭ سەن توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىگىنىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ سەن توغرۇلۇق يامان گەپلەرنى قىلغىنى جىق ياخشى. ئەگەر بىر ئادەم توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ تاپقىلى بولمىسا، بۇ ئادەم چوقۇم ھېچقانداق نەتىجە ياراتمىغان بولىدۇ.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەبىقە باشلىقلىرىنىڭ ئويلىغىنىغا قارىمۇ-قارشى ھالدا، كىشىلەر سىنى بۇرۇن قىلغان ئىشىڭ ئاساسىدا ئېسىدە ساقلىمايدۇ، بەلكى سەن قىلغان ئىشلار توغرىسىدىكى ئۆز چۈشەنچىسى ئاساسىدا ئېسىدە ساقلايدۇ.

كىشىلىك تۆھپە (Personal Achievement)

بىر ناچار تەبىقە باشلىقى بولغانغا قارىغاندا، بىر ياخشى ھون بولۇش تېخىمۇ شەرەپلىك.

ئەگەر ھەممە ھونلار قارغۇ بولسا، بىر-كۆزلۈك بىر جەڭچى پادىشاھ بولالايدۇ.

ئۇلۇغ تەبىقە باشلىقلىرى تېخىمۇ مۇھىم ئىشلارنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن بەزى ئانچە مۇھىم بولمىغان ئىشلاردىكى مەغلۇبىيەتكە شۈكرى قىلىدۇ.

ھەر بىر ھون ئۆز ھاياتىدىكى ئەھۋاللارنى ۋە ئىشلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشقا توغرىلاپ ئۆزگەرتىشكە ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. بىر ھون ئۆزى ئۈچۈن قىلىشتىن ۋاز كەچكەن ئىشلارنى باشقا ھونلار ياكى رىملىقلار ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىپ بەرمەيدۇ.

مەسلىلەر ۋە يېشىملەر

ھونلارنى ئۆز دىققىتىنى ساقلانغان مەسلىلەرگە ئەمەس ئالدىغا كەلگەن پۇرسەتلەرگە مەركەزلەشتۈرىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك.

بەزى ھونلاردا مەۋجۇد ئەمەس مەسلىلەرنىڭ يېشىمى بار.

مۈكاپاتلاش ۋە جازالاش

ئۆز ھوقۇقىغا چۇشلۇق ئىقتىدارى يوق بىر تەبىقە باشلىقى ئۆز خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغاندا، بىز ئۇ تاللىغان ۋە ئۆزىدىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئادەمنى ئۇنىڭ ئورنىغا ئاساسەن دەسسەتمەيمىز. چۈنكى بىر تەبىقە باشلىقى مەغلۇپ بولغاندا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك لىدېرلارمۇ ئوخشاشلا مەغلۇپ بولىدۇ.

ئەگەر بىر ھون ئىشنى ياخشى قىلمىغاندا سەن ئۇنى «ئىشنى ياخشى قىلدىڭ» دەپ ماختىساڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىماس بولىدۇ. ئۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، سەن ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ماختىغان ۋاقتىڭدىمۇ ئۇ ساڭا ئىشەنمەس بولىدۇ.

سەۋرچانلىق

ھەر بىر ھوننىڭ قىممىتى بار. بىر ناچار ئەھۋالنىڭ مىسالى بولۇپ قالغاندىمۇ ھەم شۇنداق.

تەبىقە باشلىقلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ بەزى ئاجىزلىقلىرىغا يول قويۇشىمىز كېرەك.

ساڭا سادىق ئادەتتىكى ھونلارنى قوبۇل ئەت. لېكىن ئىقتىدارلىق ئەمما ساڭا ساداقىتى يوق ھونلارنى قوبۇل ئەتمە.

## 4. ھونلار كالېندارى

مەن ئۇشبۇ يازما ئۇچۇن ئىزدىنىش جەريانىدا، «هونلار كالېندارى» ( A time-line of the Barbars--Huns) دېگەن بىر ئىنگلىزچە تور بېتىنى ئۇچۇرتۇپ قالدىم. هونلار تارىخىدىن ئانچە خەۋىرى يوق ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەن بۇ يەردە ئاشۇ تور بېتىدىكى ئۇچۇرنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ قويدۇم.

● مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200-يىلى: ماۋ-تۇن هونلار ( the Huns, Xiongnu, Hsiung-nu) نى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بايقال كۆلى ۋە شەرقىي-جەنۇبىي موڭغۇلىيە رايونلىرىدا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلانباتۇرنىڭ قېشىدىكى لوڭچېڭنى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلدى.

● مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 176-يىلى: هونلار شەرقىي جۇڭگوغا هۇجۇم قىلدى.

● مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 140-يىلى: خەن پادىشاھى خەن ۋۇدى هونلارغا قارشى هۇجۇم باشلىدى.

● مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 121-يىلى: جۇڭگو هونلارنى يەڭدى.

● مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 51-يىلى: هونلار ئىككى توپقا بۆلۈنۈپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي توپى جۇڭگونىڭ هۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

● مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 50-يىلى: غەربىي هونلار توپى ۋولگاغىچە كېڭەيدى.

● مىلادىيىدىن كېيىنكى 48-يىلى: هون پادىشاھلىقى خەنلەر تەرىپىدىن يېڭىلىپ، تارقىلىپ كەتتى.

● 337-يىلى: رىم پادىشاھى كونستانتىن (Constantine) ۋاپات بولۇپ، رىم ئىمپېراتورلۇقى شەرقىي كونستانتىنپول (Costantinople) ۋە غەربىي رىم (Rome) ئىمپېراتورلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

● 350-يىلى: هونلار شەرقىي-جەنۇبىي ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى.

● 376-يىلى: ئۇلدىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە، هونلار قارا دېڭىز ۋە دانۇبې (Danube) گە يېتىپ كېلىپ، شەرقىي گوس (Goths) نى بېسىۋالدى.

● 395-يىلى: هونلار ئارمېنىيەگە هۇجۇم قىلدى.

● 408-يىلى: ئۇلدىنىنىڭ قوشۇنلىرى دانۇبې دەرياسىنى كېسىپ ئۆتتى، ئەمما رىم تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.

- 408-يىلى: هونلار رىم جەمەتىگە تەۋە ئېيتىيۇس (Aetius) نى تۇتۇۋالدى.
- 412-يىلى: هونلارنىڭ لىدېرى دوناتۇس رىملىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چاراتو (Charato, Karaton) چىقتى، ھەمدە ئۇ پۈتۈن غەربىي ھونلارنى بىرلىككە كەلتۈردى.
- 425-يىلى: بىر قېتىملىق سىياسىي كرىزىس جەريانىدا، ھونلار رىملىق گېنېرال ئېيتىيۇس تەرىپىدىن ئىتالىيىدە ئۇرۇش قىلىشقا ياللاندى.
- 430-يىلى: ھونلارنىڭ لىدېرى رۇگىدا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن بىر تىنچلىق كېلىشىمى تۈزدى. رۇگىدا ئۆلارغا تىنچلىق بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يىللىق مائاشقا ئېرىشتى.
- 433-يىلى: رۇگىدا غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن پاننونىيا نى ھونلارغا بېرىش، ئۇنىڭ ئورنىغا ھونلار غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىگە ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش كېلىشىمى تۈزدى.
- 433-يىلى: ئېيتىيۇس غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھۆكۈمدارى بولدى.
- 434-يىلى: رۇگىدا ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاتتىلا بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى بلەدا چىقتى. ئۇ چاغدا ئاتتىلا ئېيتىيۇسنىڭ دوستى ئىدى.
- 435-يىلى: ئېيتىيۇس ھونلارنى ياللاپ، ۋاندالسلار («Vandals»، گېرمانلىقلارنىڭ بىر قىسمى) ۋە فرانكىسلار («Franks»، گېرمانلىقلارنىڭ بىر قىسمى) بىلەن ئۇرۇش قىلدى.
- ئېيتىيۇس بىلەن ھونلار بېرگاندىلىقلارنى ۋەيران قىلدى.
- 439-يىلى: ئاتتىلا ئېيتىيۇسقا ياردەم بەردى.
- 441-يىلى: ھونلار شەرقىي رىمنىڭ دانۇبې دەرياسى بويىدىكى چەت ياقا جايلىرىغا ھۇجۇم قىلدى.
- 441-يىلى: ھونلار شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن بىر تىنچلىق كېلىشىمى تۈزدى.
- 445-يىلى: ئۆزىنىڭ ئىنىسنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاتتىلا ھونلارنىڭ بىردىن-بىر لىدېرىغا ئايلاندى. ئۇ چاغدا ھونلار ۋېنگرىيە (پاننونىيا) نى مەركەز قىلغان ئىدى.

● 447-يىلى: هونلار بىلەن ۋالامىر (Valamer) نىڭ گوسلىرى («Goths» ، گېرمانلىقلارنىڭ بىر تۈرى) بالقان رايونلىرىدا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، كونستانتىنپول (Constantinople) غا يېتىپ باردى.

● 449-يىلى: ئاتتىلا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن بىر يېڭى كېلىشىم تۈزدى.

● 450-يىلى: شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يېڭى پادىشاھى مارشىيان (Marcian) ھون-رىم كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلدى.

● 451-يىلى: ھونلار پاننونىيادىن گائۇلغا سەپەر قىلىپ بېرىپ، گائۇلغا ھۇجۇم قىلدى، بىراق ئېيتىيۇس بىلەن ۋىسگوس («Visigoths» ، گوسلارنىڭ بىر قىسمى) لار ھونلارنى مەغلۇپ قىلدى.

● 452-يىلى: ھونلار ئالپسنى كېسىپ ئۆتتى، بىراق ئاپەتكە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئىتالىيىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ۋاز كەچتى. ئاتتىلا پاپا لىيو (Pope Leo) بىلەن تىنچلىق ئورناتتى.

● 453-يىلى: ئاتتىلا ۋاپات بولدى.

● 454-يىلى: گوسلار ھونلارنى پاننونىيادىن قوغلاپ چىقاردى.

● 454-يىلى: ئېيتىيۇس ئۆزىنىڭ پادىشاھى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

● 461-يىلى: ھونلار پارىژنى قورشىۋالدى.

● 469-يىلى: ھونلارنىڭ پادىشاھى دەنگىزىك ۋاپات بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ھونلار يوقاپ كەتتى.

## ئاخىرقى سۆز

مەن ئۆزۈمنىڭ 2008-يىلى يازغان «ۋاقىتنى مۇۋاپىق باشقۇرۇش» دېگەن ماقالىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى «مىللىي ساپانى ئۆستۈرۈش، مىللىي روھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ۋە مىللىي كىملىكنى ساقلاپ قېلىش»تىن ئىبارەت ئۈچ ئىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. مىللىي ساپانى ئۆستۈرۈشنى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ «كەسپىي تەرەققىياتى» بىلەن «كىشىلىك تەرەققىياتى» ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مەن ئۇشبۇ يازمامدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن مەزمۇنلار لىدېرلارنىڭ كەسپىي تەرەققىياتى بىلەن كىشىلىك تەرەققىياتى،

شۇنداقلا ھەر بىر پۇقرانىڭ كىشىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بىلىملەردىن ئىبارەتتۇر. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشلارنى دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكۈزمەكچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن ئۆزىنى ھازىرقى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇشى شەرت. ئۇنىڭدىن باشقا ئاسان يول يوق. ئۇنىڭدىن باشقا قىسقا يول يوق. مېنىڭ ئۇشبۇ ماقالىدا تونۇشتۇرغىنىم ئەنە شۇنداق بىلىملەرنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ بىلىملەر خۇددى بىر ئەينەككە ئوخشايدۇ. بىز ئاشۇ ئەينەككە قاراش، ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۇشبۇ يازمىدا تونۇشتۇرۇلغان مەزمۇنلار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بىزدە قايسى بىلىم، چۈشەنچە ۋە قابىلىيەتنىڭ بارلىقىنى، ھەمدە قايسى بىلىم، چۈشەنچە ۋە قابىلىيەتنىڭ كەملىكىنى بايقىيالايمىز. شۇ ئاساستا ئۆزىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تىرىشىش نىشانىسىنى بەلگىلىيەلەيمىز. بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، ئەگەر بىزنىڭ ئەينەكتە كۆرۈنگەن چىرايىمىز چىرايلىق بولمايدىكەن، بىز گۇناھنى ئەينەكتىن كۆرمەسلىكىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئورنىغا، بىز ئۆزىمىز قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنى بۇنىڭدىن كېيىن چىرايلىق قىلىشقا، ئۆزىمىزنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشقىنىمىز كۆپ ئەلا.

مەن ئۇشبۇ يازمامنى ئاتىلانىڭ «ساداقەتمەنلىك» ھەققىدىكى مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇراي: «ھەممىدىن مۇھىمى، ھەر بىر ھوندا ساداقەتمەنلىك بولۇشى كېرەك. پىكىر ئىختىلاپىنىڭ ھەممىسى ساداقەتسىزلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەگەر بىر ھون ئۆز تەبىقىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنپەئەتى ئۈچۈن سېنىڭ پىكرىڭگە قوشۇلمايدىكەن، سەن ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشىڭ كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر بىر ھون ئۆز تەبىقىسىنىڭ مەنپەئەتىگە قارىمۇ-قارشى بولغان ئىشلارغا ئاكتىپ ھالدا قاتنىشىدىكەن ياكى باشقىلارنى ئاشۇنداق قىلىشقا ئۈندەيدىكەن، بۇ ساداقەتسىزلىك بولىدۇ. بۇنداق ھونلار، مەيلى ئۇلار جەڭچى بولسۇن ياكى تەبىقە باشلىقى بولسۇن، ئەڭ تېز سۈرئەتتە يوقىتىلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ساداقەتمەن ھونلارغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشىتىش ئىقتىدارى بىر خىل يۇقما كېسەلگە ئوخشايدۇ. ساداقەتسىز ھەرىكەتلەر ۋە

پوزىتسىيىلەرنى ئۆزگەرتكىلى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىچىمىزدىكى بىز قىلىۋاتقان ئىشلارغا نىسبەتەن ‹ھېچ بىر قىممىتى يوق ئىشلار› دېگەن پوزىتسىيىدە بولىدىغان ھەمدە ئۇ ئىشلارنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى ئويلايدىغان ئادەملەرنى قاتتىق چارە بىلەن كۆزىمىزدىن غايىپ قىلىشىمىز كېرەك.»

## بېغىشلىما

مەن ئۇشبۇ ماقالىنى تەييارلاشنى باشلاپ، ئۇنى پۈتتۈرگۈچە بولغان ئارىلىقتا، يەنى 2010ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 4ـ كۈنى، مېنىڭ ئاپام پاتەم ئەرشىدىن كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاقسۇدىكى ئۆيىدە ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ ۋەجىدىن مەن ئۇشبۇ ماقالەمنى رەھمەتلىك ئاپامغا بېغىشلايمەن.

## بۇ ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تور ئادرېسلىرى:

«ئاتتىلا» دېگەن كىنونىڭ Youtube دىكى نۇسخىسى:

http://www.youtube.com/watch?v=_yAmtD3IWiw

ئامازون تور بېتى:

http://www.amazon.com

«ھونلار كالېندارى» (A time_line of the Barbars):

http://www.scaruffi.com/politics/barbars.html

«ۋاقىتنى مۇۋاپىق باشقۇرۇش»

http://www.meripet.com/Sohbet1/Erkinb9_waqit.htm

**قوشۇمچە**

# ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى

- 1958: ئاقسۇدا تۇغۇلغان
- 1965 ـ 1971: ئاقسۇ شەھەرلىك 4 ـ باشلانغۇچتا ئوقۇغان
- 1971 ـ 1976: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان
- 1976 ـ 1978: ئونسۇ ناھىيىسىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان
- 1978 ـ 1983: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋۇرلۇقتا ئوقۇغان
- 1983 ـ 1984: شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان
- 1984 ـ 1985: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان
- 1985 ـ 1988: ياپونىيەدە ئوقۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان
- 1988 ـ 1990: ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان
- 1990 ـ 1995: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Davis) تە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان
- 1995 ـ 1997: كالىفورنىيەدىكى «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دا دوكتور ـ ئاشتى بولغان
- 1997 ـ 2004: كالىفورنىيە كىرىمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ شىركەتتە ئىشلىگەن
- 2004 ـ ھازىرغىچە: كالىفورنىيە لوس ئانژېلىس رايونىدىكى NASA مەركىزى JPL دە ئىشلەۋاتىدۇ

ERKİN SİDİQ YAZILARI
KİŞİSEL GELİŞİM YAZILARI 1. KİTAP

**ERKİN SİDİQ (AMERİKA/NASA JPL)**
erkinsidiq@gmail.com

**Editör**: Abdulaziz BEŞTOĞRAK
**Kapak & Mizanpaj:** Kemal Yoldash & Pidakar

**Baskı ve Mücellit:** Murat Yalçınkaya
Davutpaşa Cad. Güven Sanayi Sitesi. B/Blok
313-314-315 / Zeytinburnu / İstanbul

**ISBN:** 978-605-9078-63-4

**1 Baskı:** Ekim, 2015

**Tedbir Dış Ticaret Danışmanlık**
**Tercüme Eğitim Hizmetleri ve Turizm Limited Şirketi**

Mecidiyeköy, Kervangeçmez sk.2,
Kuzuoğlu iş merkezi, 8.kat, Ofis #70, Şişli, İstanbul, Türkiye
Web: www.tedbirltd.com
Tel/Fax: +90 212 347 5039
GSM: +90 537 811 2235
Email: tedbirltd@gmail.com
Skype: tedbirltd



مەن بۇ كىتابنى مىللىتىمنىڭ غېمىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىدا پاك يۈرەك بىلەن توختاۋسىز، ئۈن-تىنسىز ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.

ئەركىن سىدىق

ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى

2015- يىلى 10- سېنتەبىر

ISBN 978-605-9078-63-4
9 786059 078634
tedbir yayınları